ئابدۇراخمان قاھار

# ۋاپا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئابدۇراخمان قاھار

# ۋابا

(ھېكايىلەر)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

恩情：维吾尔文/ 阿布都热合曼·卡哈尔著 ：— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.4
ISBN 978-7-228-14245-3

Ⅰ.①恩... Ⅱ.①阿... Ⅲ.①短篇小说 — 小说集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第061222号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 孜来汗·艾则孜 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔·依不拉音，阿达来提·买合苏提 |
| 特约校对 | 米娜瓦尔 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 封面绘画 | 阿布都热合曼·阿布力孜 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32开本 |
| 印　　张 | 13.5 |
| 版　　次 | 2011年9月第1版 |
| 印　　次 | 2011年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 38.00 元 |



يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار

# نەشرياتتىن

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1945 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىغا كىرىپ بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1956 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى دارىلمۇئەللىمىنلەردە ۋە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1988 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئابدۇراخمان قاھار 1953 ـ يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «بەختىمىز كۆلدى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە قوشۇلغان. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، رومان ۋە ئەدەبىي خاتىرە ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ۋاپا» (ھېكايىلەر توپلىمى)، «ئاھ، ياشلىقىم» (پوۋېستلار توپلىمى)، «ئىلى دولقۇنلىرى» (ئىككى قىسىملىق رومان)، «ھايات سىرى» (رومان)، «كۆكۆل» (رومان)،

«ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» (رومان) قاتارلىق يىگىرمە پارچىگە يېقىن كىتابى نەشر قىلىنغان. «ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» ناملىق رومانى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

# مۇندەرىجە


كېلىن ........................................ 1
ئىرادە ........................................ 31
قىز قەلبى ........................................ 43
ئۈچ قېتىم دۇدۇقلىغاندىن كېيىن ........................ 57
رۇستەم ........................................ 61
سازەندە دېھقان ................................ 67
مۇنار ........................................ 82
ئاكا ـ ئۇكىلار ................................ 89
پەلتو ئېلىش ھەققىدە ھېكايە .......................... 102
ۋاپا ........................................ 111
نەۋايى ھەيكىلى ئالدىدا ............................ 136
ئانا خاراكتېرى ................................ 159
كىچىك يول باشلىغۇچى ............................ 185
ئىككى قىزنىڭ تەقدىرى ............................ 200
قانلىق داغ ........................................ 221
ئارزۇ ........................................ 241
غەزەپ ........................................ 260
كېمىچى ........................................ 276
چىمەنگۈل ........................................ 311
قىزنىڭ كۆڭلى ................................ 342
ئوتى كۈچلۈك خەت ................................ 357
ئەمەتھاجى ........................................ 369
ھاسىلىق ئادەمنىڭ پۇلى ............................ 385
ئەسلەش ........................................ 395
شۇنداق شائىر ئۆلمەيدۇ ............................ 414

# كېلىن

## 1

بۇ ئۈچ كىشىلىك ئائىلىدە ھەممىدىن بۇرۇن يېڭى كېلىن — جۆھەر ئويغىناتتى. ئۇ يەرگە يورۇق چۈشۈشى بىلەنلا ئېرىنىڭ يېنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كىيىملىرىنى كىيەتتى - دە، ھويلىغا چىقاتتى. باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. باھار سەھەرنىڭ پەيزىگە نېمە تەڭ كەلسۇن؟! سۈزۈك ئاسمان، ئارامبەخش سەھەر شامىلى، ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى تارقالغان مەزگىلدە مەستلىكىگە قانمىغان بۇلبۇللار - نىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرىنى ئاڭلاش نېمىدېگەن راھەت ... شەھەر ۋاڭ - چۇڭلىرى باشلانمىغان، ئاشۇ سۈزۈك ئاسمانغا تېخى چاڭ - توزان كۆتۈرۈلمىگەندە، ساپ ھاۋانى سۈمۈرۈش بەدەن - بەدەنلىرىڭگە ئاجايىپ يېقىملىق ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالغۇچى گۈزەللىكنى، ئېيتقۇسىز يېقىملىق كۈينى كىم خالىمايدۇ؟! ... جۆھەر بۇلبۇللارنىڭ سايرىشىغا مەھلىيا بولۇپ، قىسما - قىسما گۈللەر جۇلالىنىپ ئېچىلىپ كەتكەن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالغانىدى. ھويلىغا چىققان قېيىنئانا جۆھەرنى شۇ ھالدا كۆرۈپ تەرى تۇرۇلدى.

— نېمانداق سەۋدايى ئادەمدەك تۇرىسىز؟! — دېدى ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ.

— بۇلبۇللار سەۋدايى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، قارىسىلا، ئاپا، بېسىلماي سايرىشىنى ...

— قۇلىقىڭىز ئاڭلاۋېرىدۇ، ئىشىڭىزنى قىلىڭ.

جوھەر ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىپ، تورۇبىنىڭ جومىكىنى بوراپ بىر چېلەك سۇ ئالدى ـ دە، نوگاي بىلەن ھويلىغا سۇ چېچىشقا باشلىدى.

— شالاقلاتماي چېچىڭ.

— ماقۇل، ئاپا.

ئۇ تەكشى سۇ چېچىپ بولغاندىن كېيىن ھويلىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى.

— بېسىپ ـ بېسىپ سۈپۈرۈڭ.

— ماقۇل.

بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايراۋاتاتتى. تېخى توي قىلغىلى ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغان ياش كېلىن بۈگۈن باشقىچە ھېسسىياتچان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ سادا كېلىۋاتقان تەرەپكە قۇلاق سېلىپ، ھويلا سۈپۈرۈشتىن توختاپ قالاتتى. «مۇشۇ چاغقىچە نۇرغۇن ناخشا ـ سازلارنى ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، — ھېچقايسىسى بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىغا يەتمەيدىكەن. بۇنىڭدەك يېقىملىق، نازۇك، سېھىرلىك سادا بارمىدۇ ؟... ياق، يوق». جوھەرنىڭ قېيىنئانىسى ئۆزىچە غودۇڭشىپ گۈللەرگە سۇ پۈركۈۋاتاتتى: «چۈچۈمىگەن مايدا ئەتكەن تاماق كۆڭۈلگە تەگكەندەك، بۇنداق سۇ گۈللەرگە ياقامدۇ، تورۇبا سۈيى دېگىنى قۇرۇسۇن». جوھەر ھويلىنى سۈپۈرۈپ چىنىدەك پاكىز قىلىۋەتتى ـ دە، ئەتىرگۈلدىن بىر تال ئۈزۈپ قۇلىقىغا قىستى. قېيىنئانىسى ئۇنىڭغا ئالىيىپ تۇرۇپ بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىپ ئېغىزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئاڭغىچە ئۇ تېخىچە ئۇخلاۋاتقان شاۋكەتنى ئويغىتىش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— ھەي، شاۋكەت، تۇرۇڭ، چاي قايناپ كەتتى.

— ھە، ھە ... مانا ـ مانا، — شاۋكەت ئۇيقۇچىلىقتا شۇنداق دېدى ـ دە، ئۇياققا ئۆرۈلۈۋالدى.

— تۇرۇڭ دەيمەن، — دېدى جوھەر ئۇنىڭ مورىسىدىن

تۇتۇپ، — سەھەر قوپمىغان ئادەمگە ئاپامنىڭ قانداق ئاچچىقلىنىدىغانلىقىنى بىلىسىزغۇ، ھېلى كۆرىسىز جۇمۇ.

شاۋكەت كۆزىنى تەسلىكتە ئېچىپ، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆرە ئولتۇردى. جۆھەر كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنى چىمدىپ تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.

— ماڭا قاراڭا، چىرايلىق بولۇپ كېتىپتىمەنمۇ ؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— پاھۇي، گۈللىرىڭىزنى ... قالتىس چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، بىراق چىرايىڭىز گۈلنى خىجالەت قىلىپ تۇرۇپتۇ، جۇمۇ.

نېپىز لەۋلىرىدە يېقىملىق كۈلكە جىلۋىلەنگەن جۆھەر شاۋكەتنىڭ مەڭزىگە يېنىككىنە سۆيۈپ قويدى. كېلىنى چىقمىغاندىن كېيىن ئىشىك تۈۋىگە كەلگەن ئانا شۇ ھالنى كۆرۈپ قالدى ۋە غەزەپتىن بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى: «ئاشۇنداق ئەركىلەپ، ئوغلۇمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان ـ دە، بۇ نايناق» دەپ ئويلاپ كەينىگە ياندى.

شاۋكەت بىلەن جۆھەر مۇرىلىرىنى بىر ـ بىرىگە تىرەپ دېگۈدەك يېقىن مېڭىشىپ ھويلىغا چىقتى.

— پاھ، ئاپا، قارىغىنا، — دېدى ئوغلى ھاياجاندىن غۇلاچلىرىنى كېرىپ، — بۇلبۇللىرىڭ چاڭىلدىشىپ سايرىشىۋاتقان، گۈللىرىڭ ئېچىلىپ كەتكەن، نېمىدېگەن پەيزى سەھەر بۇ ... جانلىرىڭ سۆيۈنۈپ كەتكەندۇ ...

— ھە، سۆيۈنۈپ كېتىمدۇ، گۈلنى ئۈزۈپ قۇلاققا قىسىۋەرسە، بۇلبۇللىرىڭ تازا سايرايدۇ، — دېدى ئۇ تەنە بىلەن. ئوغلى ئاپىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال چۈشىنىپ كۈلدى.

— قىزىق ئىكەنسەن ئاپا، گۈل دېگەن چاقناپ تۇرىدىغان چىرايلىق نەرسە، ئۇلارنى قۇلاققا قىسىشقا ياراتقان، ياشلار قىسىدۇ ـ دە، سەنمۇ ياش ۋاقتىڭدا قىسقان بولغىيدىڭ ...

— سەنمۇ قىس، ئىككى قۇلىقىڭغا ئىككىنى قىسىۋال، ئاۋۇنى بېشىڭغا قىسىۋال!

شوخ پەدىگە چېلىنىۋاتقان دۇتارنىڭ تارى ئۈزۈلگەندەك، هويلىنى بىردىنلا ئېغىر جىمجىتلىق باستى. شاۋكەت بىلەن جۆهەر بىر - بىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىپ قويىدى. «توۋا، — دەپ ئويلىدى شاۋكەت، — ئاپامنىڭ زەهەردەك سۆزلىرى قاچان بېسىلار؟ ئۆچلۈكى تۈگەيدىغان چاغمۇ كېلەرمۇ؟ ...»

## 2

شاۋكەتنىڭ ئاپىسىنىڭ جۆهەرگە ئۆچلۈكىنىڭ سەۋەبى بار.

شاۋكەت رۇخسارىخاننىڭ ئەتىۋارلىق بىر تاللا ئوغلى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن يىلى دادىسى تۈگەپ كەتكەچكە، رۇخسارىخان ئېرىنىڭ سودا ئىشلىرىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنى دۇكانغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى.

جۆهەر تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىهان بەرگەن بولسىمۇ ئۆتەلمىگەن، ئىككىنچى يىلى تەييارلىق قىلىپ ئىمتىهان بېرىپ يەنە ئۆتەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن تېپىشىپ قېلىشىغا قىزىق ۋەقەلەر، هادىسىلەرمۇ سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بىر كۈنى جۆهەر ئىچى پۇشۇپ، كۆڭلىگە ئارام ئىزدەپ يازلىق كىنوخانىغا كىرىدۇ. كىنو تۈگەي دېگەندە يامغۇر تامچىلاشقا باشلاپ، كىشىلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كىنوخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇ كىنونى ئاخىرىغىچە كۆرمەكچى بولۇپ ئولتۇرىۋېرىدۇ. ئەمما، يامغۇر بىردىنلا شارقىراپ يېغىپ كېتىدۇ. كىشىلەر خۇددى بۆرىدىن ئۈركۈگەن قويدەك دۈكۈرلىشىپ قېچىشقا باشلايدۇ. كىيىملىرى چۆپ - چۆپ بولۇپ كەتكەن جۆهەر كىنوخانىدىن

يۇگۇرۇپ چىققىنىچە، بىر ماگىزىننىڭ لەمپىسى ئاستىغا ئارانلا بېرىۋالىدۇ. بۇ يەردە جۆھەردىن بۇرۇن، يامغۇردىن قېچىپ كىرىۋالغان يەنە بىرى بار ئىدى. جۆھەر ياندىن قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان ئېلېكتىر يورۇقىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇنىڭ ياش بالا ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. بۇ يىگىت يامغۇر يېڭىلا تامچىلاشقا باشلىغاندا، كىنوخانىدىن يېنىپ چىقىپ يامغۇرنىڭ سوغۇق شامال بىلەن ئارىلاش يېغىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كېتىدۇ، شارقىراپ ياغقان يامغۇر تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ بۇ يەرگە كىرىۋالغاچقا، كىيىملىرى ھۆل بولمىغانىدى. سوغۇق شامال ئارىلاش يېغىۋاتقان يامغۇر ئەدەپ، جۆھەر بارغانسېرى مۇزلاپ تىترىمەكتە ئىدى. ھاۋامۇ قاتتىق گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلىۋاتاتتى.

— تىترەپ كەتتىڭىز، چاپىنىمنى يېپىپ قوياي، — دېدى يىگىت ۋە قىزنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يالاڭ چاپىنىنى سېلىپ، قىزنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپ قويىدى. قىز قارشىلىق قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى، ئەمما ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالدى.

— شۇنچە ياغقان يامغۇردا چاپىنىڭىز ئەجەب قۇرۇق تۇرۇپتۇ؟

— مەن دېگەن يامغۇر يېڭىلا تامچىلاشقا باشلىغاندا، بۇ يەرگە قېچىپ كىرىۋالغان تۇرسام ...

جۆھەر يەنىلا جالاقلاپ تىترەۋاتاتتى.

— بولدى ئېلىۋېلىڭ، چاپىنىڭىزمۇ مېنى ئىسسىتالمىدى، — دېدى قىز يىگىتكە قايرىلىپ قاراپ.

— كۆڭلىكىڭىز چۆپ - چۆپ ھۆل تۇرسا، قانداق ئىسسىتسۇن؟ ... سېلىپ سىقىۋېتىڭ.

— ۋىيەي، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، ساراڭدەك گەپ قىلىپ ...

— مېنىڭ يامان نىيىتىم يوق، ئەتۇر قاراپ تۇراي.

— توۋا دەڭ.

جۆھەر ئۇنىڭ سۆزىگە بىر تۇرۇپ ئاچچىقلىنىپ، بىر تۇرۇپ ھەيران بولۇپ ئەتۇر قاراپ تۇردى. ئەمما، ئۇنى خىيالسىز

تۇرۇۋاتىدۇ دېگىلى بولمايتتى. خىيالنىڭ ياخشى يېرى شۇ: كۆپ چاغلاردا ئادەمدە ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ. ئۇ راستىنا ئايلىنىپمۇ قالىدۇ. بىرئازدىن كېيىن ئىككىسىنىڭ جىمىپ قالغىنىدەك، ھاۋامۇ جىمىپ، يامغۇر پەسلەپ قالغانىدى. لېكىن، جۆھەر قوزغالمىدى، نېمىشقا قوزغالمايۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەيتتى. ياخشى خىيال ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ قويسا كېرەك.

— خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

جۆھەر چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى، يىگىت شۇنداق دېدى ـ دە، لەمپە ئاستىدىن چىقىپ، پاتقاقلىق يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپمۇ قويمىدى. بۇ ھال ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، كۆڭلىدە يېڭىلا پەيدا بولغان ئۈمىدنى ئۆلغايتىۋەتتى.

— توختاڭا، — دېدى جۆھەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن قاراپ، — كوچىدا بىرىمۇ ئادەم قالماپتۇ، قورقۇۋاتىمەن، مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويالارسىزمۇ؟.

— مېنىڭدىن قورقمامسىز؟

— سىز قورققۇدەك ئادەممىتىڭىز؟

ئىككىسى بىللە مېڭىپ چوڭ كوچىغا چىقىشتى. شارقىراپ ياغقان يامغۇردا كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەل ـ دەرەخلەر، ئاسفالت يول پاكىز يۇيۇلغانىدى، ئارامبەخش سالقىن، ساپ ھاۋا، رەڭگارەڭ ئېلېكتىر نۇرلىرى ۋە يوپۇرماقلار ئارىسىدىن يولغا تاشلانغان ئالا كۆلەڭگىلەر جۆھەرنى ئاجايىپ لىرىك تۇيغۇلارغا چۆمدۈردى. ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېتىپ بارغان ناتونۇش يىگىتكە كۆلۈمسىرەپ «لىپ ـ لىپ» قىلىپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى، چىراي ـ شەكلىنى بايقاشقىمۇ ئۈلگۈردى. ئۇ ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئادەمگە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان بالا ئىدى.

ئۇلار جۆھەرنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە بىر ـ بىرىنىڭ ئىسىملىرىنى، كىملەرنىڭ بالىۋاقىسى ئىكەنلىكىنى، ئوقۇش تارىخىنى، ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقلىرىنى سوراپ

بىلىشتى: «ماڭا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش نېسىپ بولمىدى، ئىككى قېتىم ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمىدىم. ئەمدى كۈنلىرىمنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى قىياس قىلالمايمەن ... بىراق ئۆزۈمنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلىمەن» دېدى قىز. شاۋكەت جوھەرنىڭ چىقىشقاق، يېقىملىق، ئاق كۆڭۈل قىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. جوھەرمۇ شاۋكەتنىڭ يامان بالا ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ كېلىۋېتىپ كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردەك: ياشلار ئۆزىنى باشقۇرۇشنى بىلسە، مۇشۇ مەزگىلدە قەدىمىنى بايقاپ باسسا، كېيىنكى ئۆمرىنى پۇشايمان قىلماي ئۆتكۈزىدۇ، دېگەن گېپىدىن، ئابايىقى خالىي يەردىمۇ ئۆزىگە قىلىقسىز چاقچاق قىلمىغانلىقىدىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭلىدە ئىشەنچ ھەم قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

يامغۇرلۇق كېچىدىكى ئۇچرىشىش ھەر ئىككىسىگە ياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ يۈرىدىغان دوستلاردىن بولۇپ قېلىشتى. بۇ دوستلۇق ئىككى ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن ھەر ئىككىسىدە مۇھەببەت ئويغاتتى. شۇنداق قىلىپ شاۋكەت بىلەن جوھەرنىڭ مىجەز - خۇلقى بىر - بىرىگە يېقىپ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشقا ۋەدىلەشتى.

شاۋكەتنىڭ ئانىسى رۇخسارىخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خۇشال بولدى: «خۇدايىم تىلىگەن كۈنلىرىمگە يەتكۈزىدىغان بولدى، — دەپ ئويلىدى ئانا، — ئوغلۇمنى ئۆيلىنىۋالسام ئارمىنىم يوق، بولغۇسى قۇدىلىرىمنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقۇپ باقاي، دىلىدا ئىمانى بار بولسىلا بولدى». رۇخسارىخاننىڭ دىلى يايراپ، نېمىلا ئىش قىلسا خۇشاللىق ھېس قىلىدىغان، ئۆي، ھويلا - ئاران، گۈل - چېچەك ھەتتا ئېغىلدىكى تاغىل كالىنىڭ مۆلايىم قاراشلىرىدىنمۇ قانداقتۇر بىر خىل ئىللىقلىقنىڭ ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەندەك بولۇپ قالدى. ئۇ شۇنداق ھاياجان ئىچىدە قىزنىڭ ئاتا -

ئانىسىنى سۇرۇشتۇرۇپ كۆردى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى: «ۋاي خۇدايىمەي، قانداق قىلارمەن، مەن بىلمەيدىغان تۇردى مەستمىدى ئۇ، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئاپپاق ساقىلىغا تۇكۇرۇپ، كوچا ـ كوچىلاردا ئىشتانلىرىنى چۆپ ـ چۆپ قىلىپ يېتىپ قالىدىغان هاياسىز شۇ ئەمەسمۇ، خۇدانى ئۇنتۇغان، قېرىغىنىنى تۇيمايدىغان رەسۋانى قانداقمۇ قۇدام دېگىلى بولسۇن؟! ئاشۇنىڭ قىزى قانچىلىك قىز بولماقچىدى؟! ...»

رۇخسارىخان شاۋكەتنىڭ ئاغىنىلىرىگە دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى دېدى. ئۇ ئۆزىنى بىلمەيدىغان ھاراقكەشنىڭ قىزىنى ئوغلىغا ئۆلسىمۇ ئېلىپ بەرمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، ئانا ـ بالىلىقتىن كېچىدىغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتى، ئوغلى بىرقانچە كۈنگىچە شۈكلەپ چىرايىنى ئاچماي يۈردى ۋە جۆھەرنى ئىزدەپمۇ بارمىدى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئۇياقتا تارتسا ئات ئۆلىدۇ، بۇياقتا تارتسا ھارۋا سۇنىدۇ، دېگەندەك ئارىسالدىچىلىقتا قىينالدى، گاڭگىرىدى ... ئەمما قەلبىدە سېغىنىشنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، جۆھەرنى كۆرمىسە زادىلا چىدىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپمۇ قالدى. مۇھەببەت قارشىلىقتا ئۇچرىغانسېرى چىڭىيدىكەن، چوڭقۇرلىشىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خۇددى بىرى جۆھەرنى تارتىپ كېتىۋاتقاندەك بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئازابلاندى ... ھىجران ئازابى جۆھەر بىلەن بىللە بېسىپ ئۆتكەن كوچىلارنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېنىق ئەسلەتتى. مەيلىنى تارتتى ... شاۋكەت ئاخىر جۆھەرنى ئىزدەش قارارىغا كەلدى، ئاۋۋالقىدىنمۇ كۆپ ئىزدەيدىغان، كەچلىك سەيلىلەرگە تېخىمۇ كۆپ چىقىدىغان بولدى. بىرقانچە كۈن خاتىرجەم يۈرگەن ئانىسى ھازىر شۇنى بىلىپ قالدىكى، شاۋكەت بۇرۇن ھەپتىدە بىرەر قېتىم كىنوغا بارىمەن دەپ كەچتە ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى، ھازىر بىرنەچچە قېتىم چىقىپ كېتىدىغان بولدى. تېخى بەزىدە ئانىسىغا دەپمۇ قويمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇخسارىخان بايىلا

مەھەللىدىكى قىزلاردىن شاۋكەتنىڭ ھېلىقى ھاراقكەشنىڭ قىزى بىلەن يەنىلا كىنو ـ تىياتىرخانىلاردا، باغچىلاردا قولتۇقلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى سىيلىپ، تاپىسىدىلا سۇلتىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئالىقىنىنى پېشانىسىغا تىرەپ خىيالغا كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەسرەت، خاپىلىق، غەزەپ يېغىپ تۇراتتى: «توختا، ئۆزۈملا سۆزلەشمەمدىم بۇ ئەقىلسىز بىلەن، ــ دەپ شىۋىرلىدى ئۇ، ــ گېپىمنى ئەمدى ئاڭلىماي باقسۇنچۇ ... بۇ ئۆيدە يا ئۇ تۇرىدۇ، يا مەن ...»

رۇخسارىخان كەچلىك تاماقتىن كېيىن، سىرتقا چىقىشقا تەمشىلىپ تۇرغان ئوغلىغا ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

ــ يەنە ئۆزۈڭ بىلگەن سەنەمگە دەسسىگىلى تۇردۇڭغۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا ئانىنىڭ گېپىنىڭ قىلچە ئېتىبارى يوقمۇ ؟

ــ سەنمۇ مېنىڭ تەلىپىمنى ئېتىبارغا ئېلىشىڭ كېرەك ـ دە، ئاپا.

ــ ئۇ گېپىڭنى قوي، بالام، ساڭا بىر قىز تېپىپ قويىدۇم، ئىشەنمىسەڭ كۆرۈپ باق.

ــ مەن ئۇ قىزىڭنى تونۇمىسام، ئۇ مالمۇ، بىر كۆرۈپلا ئالىدىغان ... بولدى، كۆرۈشۈشنىمۇ خالىمايمەن.

ــ ئاتا ـ ئانىسىمۇ شۇنداق ئەھلى ...

ــ شۇنداقتۇر.

رۇخسارىخانىنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى:

ــ ھوي يوغان باش، سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ باشقۇرىدىغان بولۇپ كەتتىڭمۇ؟! ئاناڭ ساڭا يامان گەپ قىلىۋاتامدۇ ؟

ــ بەزىدە خاتا گەپ قىلىپمۇ قويىدۇ، ئاپا.

ــ خاتا ؟ ... ئېيتە، قايسى گېپىم خاتا ئىكەن ؟ ...

ــ ھەي، جېنىم ئاپا، ــ جىلە بولۇپ سۆزلەپ كەتتى شاۋكەت، ــ قولۇمدا قىزىلگۈل تۇرسا، سەن ئۇنى تاشلا، ماۋۇ چىغىرتماقگۈلنى پۇرا، دەۋاتىسەنغۇ، بۇ گېپىڭ خاتا بولماي نېمە ؟ ! ... چىغىرتماقگۈل قانداقمۇ قىزىلگۈلگە يەتسۇن؟!

روخسارىخان غەزەپ، ئەلەمدىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتى:

— ئەمدى يۈزۈڭگە دەي، ئۆلسەممۇ ساڭا ئۇ قىزنى ئېلىپ بەرمەيمەن، مەن ئۇ هاراقكەشنى قانداقمۇ قۇدام، دەپ يۈرىمەن ؟ چىلىك تۇرۇۋالسام، ئېلىپ بېرەمدىكىن دەپ خام خىيال قىلما، ئۇخلاپ چۈشۈڭ ئۇ ! ... قىزىلگۈل بىلەن چىغىرتماقگۈلنى ئايرىيالمىغان ۋۇي ئەقلى بولغانغان دۆت ! ... مەستىنىڭ ئۆيىدە تەربىيە كۆرمەي، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمەي هاياسىز چوڭ بولغان قىز ئەخلاق، ئىنساب، ۋاپا، كۆيۈمچانلىق دېگەنلەرنى بىلەمدۇ ؟ تېخى قىزىلگۈل دەپ يۈرىسىنا، بىلىپ قوي، ئۇ دېگەن ئازغان، بۇيا، كەهرى !

شاۋكەت ئۆز مۇهەببىتىنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىغا چىدىيالماي ئازابلاندى، تولغاندى ... بىراق مۇهەببەت كۈچلۈك يالقۇن، ئۇ ئادەمدىكى قورقۇنچ، جۈرئەتسىزلىكنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

— ئاخىرقى گېپىمنى ئېيتاي، — دېدى ئۇمۇ غەزەپتىن تىترەپ، — مەن ئۆينى ئۇ هاراقكەش بىلەن تۇتمايمەن، ئۆزۈم ياقتۇرغان، ياخشى كۆرگەن، مەن ئۇچۇن تەڭداشسىز سۆيۈملۈك بولغان ئۇنىڭ قىزى بىلەن تۇتىمەن. سەنمۇ بىلىپ قوي ئاپا، ئۇ قىز — گۈل، مەن — بۇلبۇل !

— ۋۇي كۆڭلى قارا، هاياسىز ! — دېدى روخسارىخان يېنىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا تىكىلىپ، — سەنمۇ ئۇ هاياسىزنىڭ كەينىگە كىرىپ هاياسىز بوپسەن ـ دە، — ئۇ ئېتتىك كەلگىنىچە شاۋكەتنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى، — سېنىڭدەك بالام يوق، يوقال ئۆيدىن !

كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتكەن شاۋكەت قىزارغان مەڭزىنى سىلاپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ئاق سىرىق يۈزى تاتىرىپ، قاپقارا قاشلىرى تىكەنلىشىپ كەتكەنىدى.

— ماقۇل ئاپا ... يوقىلاي ... ئەمما كېيىن مەندىن ئايرىلىپ قالغىنىڭغا ... پۇشايمان قىلىپ يۈرمە ...

شاۋكەت شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆيدىن شامالدەك تېز چىقىپ

كـەتتى. بـىـراق، ئـارىدىـن بـىـرەر سائـەت ئـۆتـەر ـ ئۆتـمـەيـلا رۇخسارىخان ئەندىشىدە قالدى: مەندىن ئايرىلىپ قالما دېگىنى نېمـە دېگـىـنـىدۇ ؟ ... ئۇ ئـاللاقـزادىلـىـككـە چۇشـۇپ، ئۆيدىن هـويلـىـغـا، هـويلـىدىـن ئۆيگە كـىـرىپ چىـقـاتـتـى، ئـۆزىـنى بـېـسىـپ بـىـردەم ئولـتـۇرۇۋېلـىشقا چامـى كـەلـمـەيـتتى. ئـۇنـىـڭ يادىـغـا بىـردىـنـلا مەهەلـلـىـسـىـدىـن بىر نـەچچە يـىـل بۇرۇن ئۆزىـنـى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان بىر قىز كەلدى. ئۇ قىز ئـۆز سۆيگـىـنـىگە تـېگەلـمـەي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورى بىلەن باشقا بىرىگە ياتلىق قىلىنىدىغـان چاغدا ئۆزىنى دەرياغـا تاشلـىـۋالغانـىـدى. رۇخسارىخـان قارا باسقـا ئادەمدەك قـورقۇپ چۆچۈپ كـەتتى. كۆڭـلـىنى تـىـنـدۇرۇپ ئـۆيـدە بـىـردەم ئـولتـۇرالـمـىدى. ۋۇجـۇدىـنـى ئەنـدىـشـە ئـىـسـكـەنجـىـگـە ئېلـىـۋېلـىپ، ئۇنـىڭـغا هېچ ئـارام بەرمىدى. ئـاللـىـقـاچان قاراڭـغـۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئـۇ ئېغـىـر ۋەهىمە ئـىـچىدە قـالدى: «يائالـلا خۇدايىم، يـالغۇز ئـوغـلـۇمدىـن ئـايرىـلـىـپ قالارمەنـمـۇ؟ نەگـىـمـۇ كـەتـكەندۇ ؟ ... قـانـداقمۇ قـىـلارمەن؟ ... ئۇ قـىـز بىلـەن تـوي قىلىشقا قوشۇلسامـمۇ بوپتىكەن، راست ئەمەسمۇ، ئۆيىنى دادىسى بىلەن تۇتاتتىمۇ ...»

ئۇ كوچىغا چىقىپ، باشقىلارغا بالامنى ئـىـزدىشـىـپ بېرىڭـلار دېيـىـشـتـىـن ئـىـزا تارتـتـى ـ دە، ئۆزى يالـغـۇز ئىزدەپ مـاڭـدى. بارمىغان يېرى قالمىدى، كىنوخانىلار، مـەيدانلار، ئويـۇنخانـىـلار، باغچىلارنى ئارىلىدى، لېكىن ئۇنى هېچ يەردىن تاپالمىدى. ئەگـەر يېنـىـدا بىرەر هـەمراھ بولغـان بولسـا، دەريـا بويـىـغـىـمۇ بـارغـان بولاتتى. كىشىلەر كىنودىن قايتىپ بولـغاندا، ئۇ ئـۆيگە كەلـدى، بىـراق بـالـىـسـىـنىڭ قـارىـسى كۆرۈنـمـەيتـتـى. ئـۇ يا كـىـرىـپ ئۇخلاشنى، يا يەنە ئىزدەشنى مۇقىملاشتۇرالماي قـيـنـىلاتتـى ... ئەندىشىنىڭ ئادەمنـى بەكلا خاتىرجەمسىزلەندۈرىدىغانلىقىنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم هېس قىلدى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاۋكەت خۇدىنى بىلمىگۇدەك دەرىجىـدە مەست هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ دەلدەڭشىپ ئاران ـ ئاران

ماڭاتتى. رۇخسارىخان تا ھازىرغىچە ئوغلىنىڭ ھاراق ئىچكىنىنى كۆرمىگەن ھەم سەزمىگەن. دېمىسىمۇ شاۋكەتنىڭ بۇ بىرىنچى قېتىم ھاراق ئىچىشى ھەم مەست بولۇشى ئىدى. ئانا يىغلاپ كەتتى:

— ۋاي جېنىم بالام ... راستتىنلا سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالماي يەنە!

شۇ ئىش ئۆتۈپ بىر ئايدىن كېيىن رۇخسارىخان ئوغلىغا ھېلىقى ھاراقكەشنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى. بىراق، كۆڭلىدە ئۇ ئائىلىگە ۋە شۇ ئائىلىدىن كەلگەن كېلىن — جۆھەرگە ئۆچمەنلىكى ساقلىنىپ قالدى.

## 3

ئىش قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەم بىردەم بىكار تۇرسا ئىچى پۇشىدۇ. جۆھەر كۈنبويى تىنىم تاپمايدۇ. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن كالىنىڭ ئاستىنى تازىلايدۇ، قاچا - قومۇچلارنى يۇيىدۇ، قازانبېشىنى سىرىق توپىدا ئەتكەن سۇيۇق لايدا سۇۋاپ ئاقارتىدۇ، ھويلىدىكى ھەربىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئاستىنى سۇپۇرىدۇ، گۈللەرنىڭ تېگىنى يۇمشىتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى.

جۆھەر بۈگۈن كۈنلۈك ئادىتى بويىچە ئىشلارنى تېز تۈگىتىپ كىر يۇيۇشقا ئولتۇردى. ئۆيدە بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىپ چىققان رۇخسارىخان گۈللەرگە قاراپ، قاپىقى سېلىنىدى - دە، كېلىنىگە ۋارقىرىدى:

— نېمانچىلا يۇلۇۋەتتىڭىز؟

— ئۆزلىرى گۈللەر قويۇق ئىكەن دېگەنتىلە، بىر ئاز شالاڭلىتىۋەتتىم، ئاپا.

— شالاڭلىتىڭ دېسەم، مۇنداقمۇ يۇلغان بارمۇ توخۇ تۈكىنى يۇڭدىغاندەك ...

— ئۇنچىلىك ئەمەس، ئاپا، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىنلا شالاڭلاتتىم.
— ئۇ يەر ـ بۇ يەر ئىمىش ... ئىچى كۆيمەسنىڭ ئادەمگە ياقىدىغان ئىشى بولمايدۇ ـ دە، — روخسارىخان ئۆز ـ ئۆزىگە غودۇڭشىپ چايخانىدا كىر يۇيۇۋاتقان كېلىنىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە داسقا قاراپ بىردىنلا غەزەپى ئۆرلىدى:
— ۋاي خۇدايىمەي، نېمە ئىش بۇ؟ ... بۇلغاپسىزغۇ ؟
نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي هاڭ ـ تاڭ قالغان جۆهەرنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى:
— نېمە بولدى ئاپا ؟
— دەۋاتقان گېپىنى ... كۆڭلەك ـ ئىشتانلارنى قوشۇپ يۇغان نەدە بار ؟
— كۆڭلەكلەرگە شاۋكەتنىڭ ئىككى بۇرۇلكىسىنى قوشقان شۇ، ئىچ كىيىملەرنى ئايرىم يۇيىمەن، ئاپا.
— مەن باشقا خەقلەردەك ئەمەس، دىلىمدا ئىمانىم بار، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان خوتۇنمەن، — روخسارىخان داسنى جۆهەرنىڭ قولىدىن يۇلۇۋالدى ـ دە، يۇندىسىنى تۆكۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىككى كۆڭلىكىنى باشقىدىن داسقا چىلاپ ئايرىم يۇيۇشقا ئولتۇردى.
— ئەكەلسىلە، مەن يۇيۇپ بېرەي، مۇنداق قاتتىق هەرىكەت قىلسىلا يۇرەكلىرى سېلىپ كېتەرمىكىن ...
— يۇرىكىم سالىدۇ، دەپ كىيىملىرىمنى بۇلغايدىكەنمەن ـ دە، — ئۇ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى، — دادىڭىزنىڭغۇ مۇنداق ئىشلارنى بىلگۈچىلىكى يوق، ئاپىڭىزمۇ بىلمەيدىكەن ـ دە، ئاپىڭىزنىڭمۇ بارى شۇنچىلىك ـ دە، تاي دېگەن ئاتنىڭ ئىزىدا ماڭىدۇ دېگەن راست.
جۆهەر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، قېيىنئانىسىنىڭ قولىدىن كىرنى ئېلىۋېلىشتىن ئەيمىنەتتى، ئۆيگە كىرىپ كېتەي دېسە، ئۇنىڭ بىرنېمە دەپ قويۇشىدىن — كۆڭلىنى تېخىمۇ ئاغرىتىۋېلىشتىن ئەندىشە

قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا خۇشاللىق، كۆڭۈل ئازادىلىكىدىن يۈرەكئالدى بولۇش، ئېھتىيات قىلىش، ۋەھىمە، ئەندىشە كۆپرەك ئىدى. ئەمما، نېمىلا ئىش بولسا «بوپتۇلا» دەيتتى. قېيىنئانىسىنىڭ ئاشۇنداق گەپلىرىگىمۇ گەپ ياندۇرمايتتى، باشقىلارغىمۇ بۇ ھەقتە چىش يېرىپ بىرنېمە دېمەيتتى.

ئۇ قېيىنئانىسى ئۆز كۆڭلىكىنى ئۆزى يۇيۇپ، يېيىپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا كىرىنى يۇيۇشقا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قوللىرى داس ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى تېز، قوپال، قاتتىق ھەرىكەت قىلاتتى، يۇندىنىڭ يۈزلىرىگە چاچراۋاتقانلىقىغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. لېكىن قېيىنئانىسىنىڭ بايىلا دېگەن گەپلىرى ھازىرمۇ داستىكى يۇندىدەك يۈزىگە تاراسلاپ تېگىۋاتقانلىقىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇ كىرنى يۇيۇپ بولۇپ، ئوچاققا ئوت يېقىۋەتتى ــ دە، ئۆكسۈگەن كۆڭلىنى بېسىۋالالماي، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، ئۆپكىلەپ يىغلىدى ... تۇرمۇشتا مۇشۇنداق كىشى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ يەتمىگەن نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن ــ دە، ئەگەر ئادەملەر تۇرمۇش يولىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بەزىبىر ئىشلارنى ئالدىن بىلەلىگەن بولسا قەدىمىنى بايقاپ باسقان بولار ئىدى. بىراق، ھازىر ئۇنداق ئويلاشقا بالدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ باسقان قەدىمىدىن يەنىلا پۇشايمان قىلغىنى يوق، ئۇنداق ئويلارنى ھەرقاچان كۆڭلىدىن نېرى قىلىپ تۇرىدۇ. سېنىڭ باسقان كونا ــ يېڭى ئىزلىرىڭدىن گۈل ئۈنەمدۇ، تىكەنمۇ، ئۇنى كېيىن بىلىسەن. شۇنىسى ئېنىقكى، كۈلكە بىلەن يىغا، شادلىق بىلەن قايغۇ ھامان بىر ــ بىرىگە ھەمراھ بولىدۇ ... بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ ئەزەلدىن شۇنداققۇ ... جۆھەر شۇلارنى ئويلىدى ــ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان چۆگۈندىن ئوچۇمىغا سۇ قۇيۇپ، يۈز ــ كۆزىنى ئالدىرىماي يۇيۇپ لۆڭگە بىلەن ئېرتقاندىن كېيىن ئەينەككە قارىدى، يىغلىغانلىقى

چانىمغۇدەك ھالغا كەلگەندىلا ھويلىغا چىقتى.
شاۋكەت ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى دۈكىنىنى ئېتىپ، تاماققا دەل ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كېلەتتى، بۈگۈن ئۇ سەل بۇرۇنراق كەلدى. ھويلىدا، ئانىسى بىلەن جۆھەر لەڭمەن سوزۇپ ئولتۇراتتى.
— بۈگۈن تاماقنى بۇرۇنراق ئېتىپتىكەنمىز، — دېدى جۆھەر شاۋكەتكە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قاراپ، — دېگەنبىلەن ۋاقتىدا كەلدىڭىز، مەيەرگە كېلىڭ، ئاپامنىڭ يېنىدا كۆرپىدە ئولتۇرۇڭ.
رۇخسارىخان كېلىنىگە ئالىيىپ قارىدى. جۆھەرنىڭ ئۇماق لەۋلىرىدە ھەر كۈندىكىدەك كۈلكە ـ شادلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قايغۇرۇشنى، خاپا بولۇشنى بىلمەيدىغاندەكلا قىلاتتى. رۇخسارىخان ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئېچىلىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ «تازىمۇ داۋىخور، داپشاق ئىكەن بۇ، ئاباينىقى گەپلىرىم ئېغىرمۇ كەلمەپتۇ بۇنىڭغا ... بارى شۇ ـ دە ...» دەپ ئويلىدى.
— تاماقنى بۇرۇنراق ئەتكىنىڭلار ياخشى بوپتۇ، بۈگۈن سىزگە ئويۇننىڭ بېلىتىنى ئەكەلدىم، — دېدى شاۋكەت.
— ئەجەب ياخشى قىپسىز، سائەت قانچىنىڭ ؟ — جۆھەر تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى.
— يەتتىنىڭ.
شاۋكەت ئاپىسىنىڭ قاپىقىنىڭ سىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، جۆھەرگە ئىشارەتلىك قارىدى. جۆھەر «تاڭەي» دېگەندەك قىلىپ مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى.
— ئاپا، جۆھەر ئىككىڭلار بېرىپ كېلەمسىلەر يا ؟ — دېدى ئۇ.
— شۇنداق قىلايلى، ئاپا، شاۋكەت بۈگۈن ئۆيى ساقلاپ تۇرسۇن، — دېدى جۆھەرمۇ.
— ئۆزۈڭلار بېرىڭلار ... مېنىڭ ئويۇنغا بارىدىغان

ۋاقىتلىرىم ئۆتۈپ كەتكەن.
تاماق يېيىلىپ بولدى، جۆھەر قاچا ـ قۇچىلارنى تېز ـ تېز يۇيۇپ، ئۆز جايىغا قويدى.
ــ بولۇڭ، كىيىملىرىڭىزنى يۆتكەڭ، كەچ قالىمىز.
رۇخسارىخان ئوغلىغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.
ــ نېمانداق ئۆزۈڭنى بىلمەيدىغان بالىسەن، قاچانغىچە «سىز ـ سىز» دەيسەن، ــ دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن، ــ ئەر كىشىنىڭ ئايالىنى «سىز»لىگىنىنى سەن نەدە كۆرگەن؟ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇقمايدىغان ئەخمەق!
ــ قىزىق ـ دە، سەن ئاپا، كىم نېمە دېسە ئۆز ئىختىيارى ئەمەسمۇ، «سەن»، «سىز» دېگەنلىك يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكنى يا بولمىسا ھۆرمەت ـ ھۆرمەتسىزلىكنى بەلگىلەپ بېرەتتىمۇ؟!
ــ ئەمىسە بېشىڭغا چىقىرىۋال، ئۆز ئىختىيارىڭ شۇكەنغۇ!
جۆھەر ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك شاۋكەتكە قاراپ:
ــ يۈرۈڭ، سىزمۇ كىيىملىرىڭىزنى يۆتكىۋېلىڭ، ــ دېدى.
شاۋكەت ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەيۈس تۇرۇپ قالدى. جۆھەر ھەش ـ پەش دېگۈچە پەقەت تويىدا بىر قېتىملا كىيگەن بېغىررەڭ كاستۇم ـ يوپكىسىنى كىيىپ، بېشىغا قىزىل گاز ياغلىقىنى ئارتىپ، خۇددى چوغدەك چاقناپ ئۆيدىن چىقتى.
ــ مېنى ئالدىرىتىپ قويۇپ ئۆزىڭىز تۇرىۋىزغۇ، ــ دېدى ئۇ شاۋكەتنىڭ قولىدىن تارتىپ، ــ يۈرۈڭ، كىيىملىرىڭىزنى يۆتكەڭ، يۆتكىمىسىڭىز بارمايمەن، ــ ئۇ شاۋكەتنى قولىدىن تارتىپ مەجبۇرىي دېگۈدەك ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى ـ دە، بىردەمدىلا خورما رەڭلىك كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىنى كىيدۈرۈپ ئېلىپ چىقتى.
ــ ئاپا، بىز كەتتۇق، ــ دېدى جۆھەر خۇشخۇيلۇق بىلەن.
ــ ئويۇننىڭ ئېتىنى ئاڭلىسىڭىز ھەممىنى ئۇنتۇپ، قۇشتەك ئۇچىدىكەنسىز ـ دە، كالىچۇ؟ ... كالىنى سېغىۋېتىپ مېڭىڭ.

— ۋىيەي، ئېسىمدىن چىقىپتۇ، سىغىۋېتەي، — ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن، ئاۋازىدىن سەممىيلىك، مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى.

— ھەي ئاپا، كەچ قالىمىز دەۋاتىمەنغۇ، — دېدى شاۋكەت ھەم يېلىنىش، ھەم ئاچچىق بىلەن، — نېمانداق قىلىسەن، بىرەر قېتىم سىغىپ تۇرساڭ نېمە بولىدۇ؟! سەن قىلمىغان ئىشمۇ ئۇ.

ئىككىسى قاتارلىشىپ ماڭدى. خۇشاللىقى يۈزىگە ئوقچۇپ چىققان جۆھەرنىڭ شاۋكەت بىلەن يۈرۈۋاتقان چاغلىرى يادىغا يەتتىمۇ ياكى خۇشاللىقىنى بېسىۋالالماي قالدىمۇ، ئۇنىڭ بىلىكىگە قولىنى سېلىۋالدى. بىراق، شۇ ھامان ئۆزىنىڭ ھويلىدا — قېيىنئانىسىنىڭ كۆزىدە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، خۇددى چوغ تۇتۇۋالغاندەك، دەرھال قولىنى تارتىۋالدى ۋە ئىچىدە پىخىلداپ كۈلدى. چايخانىدا ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەپسېلىپ ئولتۇرغان رۇخسارىخاننىڭ كىچىك كۆزلىرى ئالىيىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى ...

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، رۇخسارىخان ئېغىر چامداپ ئۆيگە كىردى - دە، بېشىغا ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ يېتىپ كېلىنىنىڭ ئابايىقى ھالىتىنى ئويلاپ، تېرىكتى: «توۋا قىلدىم، كىچىككىنە تۇرۇپ نەلەردە قاغدىلىپ كەتكەندۇ بۇ ھاراقكەشنىڭ قىزى، — ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، — ھېيلىسىنىڭ جىقلىقى، قېلىنلىقى، ياسالما قىلىقلارغا ئۇستىلىقچۇ تېخى ... قوشنىلار ‹كېلىنلىرى ئەجەب ياخشى، ئادەمگە يېقىشلىق، ھەممىنى ھۆرمەتلەپ تۇرغان، ئەجەبمۇ ئىناق سىلەر، كېلىنىدىن تەلەيلىرى بار ئىكەن› دەيدۇ. باشقىلار ئۇنىڭ قۇۋ، نايناقلىقىنى بىلمەيدۇ ... ئاشۇنداق نايناقلاپ يۈرۈپ بالامنىڭ بېشىنى قايدۇرىدۇ، ئانىسىدىن ئايىنتىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بەزدۇرىدۇ. ھازىر مۇنداق قىلىپ يۈرگەن بىلەن بىر - ئىككىنى تۇغۇپ، ئۆزىنى ئوبدانراق پاتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىلمەن تېخى، ئىشچانلىقى،

ھۆرمىتىنى تاختىبېشىغا ئېلىپ قويىدۇ ـ دە، بېشىمىزغا چىقىپ ياڭاق چاقىدۇ ...» بىرنەچچە سائەتكىچە ئاشۇنداق كۆڭۈلسىز خىياللارنى قىلىپ، ئۆزىچە تىت ـ تىت بولۇپ، يۈرەك ئاغرىقى قوزغىلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ نېمىشقىدۇر ئەتەي دورىسىنى ئىچمىدى. ھاسىراپ، قىينىلىپ، بىئارام بولۇپ تورۇسقا تىكىلىپ قوزغالماي خېلىغىچە ياتتى. ئاخىر بولمىغاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ دورىسىنى ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا شاۋكەت بىلەن جۆھەر ئويۇندىن قايتىپ كېلىپ قالدى. بىرىنچى بولۇپ ئۆيگە كىرگەن شاۋكەت (ھەرقاچان ئۆيگە ئاۋۋال جۆھەر كىرىپ قالسا، رۇخسارىخان خاپا بولۇپ قالاتتى) ئانىسىنىڭ بېشىغا كەلدى ـ دە، دەرھال سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ، ئاپا ؟

— ئاغرىقىم قوزغىلىپ قالدى.

— دورىنى ئىچتىڭمۇ ؟

— ياق.

جۆھەر ئۇستەل ئۈستىدىن قېيىنئانىسىنىڭ ئاغرىقى قوزغىلىپ قالسا دائىم ئىچىدىغان دورىسىنى ئالدى ـ دە، بىر چىنە قايناق سۇ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. رۇخسارىخان دورىسىنى ئىچىپ، خېلىغىچە كۆزىنى يۇمۇپ ياتتى. ھەر ئىككىلىسى ئانىغا تىكىلىپ، دورا ئىچىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈۋەتكەنلىكىگە ئۆكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. بۇنداق ئىشلار — ئاغرىقى قوزغىلىپ قېلىش، دورا ئىچىش، ئوڭشىنىپ قېلىش داۋامىدا يۈز بېرىپ تۇراتتى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇلار ئەنسىرەپ قېلىشقانىدى.

رۇخسارىخان ئاستا كۆزىنى ئاچتى.

— قانداقراق، ئاپا ؟

— ئابايىقىدىن ياخشى.

ئۇلار ئانىنىڭ قېشىدا يېرىم سائەتتەك ئولتۇردى. كۆرگەن ئويۇننىڭ قىزىقلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپمۇ بېرىشتى. ھەر

ئىككىسىنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. رۇخسارىخان پۇتۇنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىسى ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ئاۋۋال شاۋكەت ئورنىدىن قوزغالدى.

— بىزمۇ چىقايلى، ئاپا، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— خوش، ياخشى چۈش كۆرسىلە، — دېدى جۆھەرمۇ ئارقىدىنلا.

— نېمىگە ئالدىرايسەن ؟ ... بۈگۈن مىجەزىم يوق ... يېنىمدا يات، — دېدى رۇخسارىخان ئوغلىغا قاپىقىنىمۇ ئاچماي.

شاۋكەت جۆھەرگە يالت قىلىپ قارىدى، جۆھەر مۆلايىملىق بىلەن يەرگە تىكىلدى. تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئەر - ئاياللارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان، كىشىلەر ئاڭلىسىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلارنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى پەقەت زېرەك ئادەملەرلا چۈشىنەلەيدۇ. بولمىسا، «ھە، بۇ ئادەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشقۇ» دەپلا قارايدۇ. ئەمما، جۆھەر مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، شاۋكەتكە دېدى:

— مەيلى، سىز ئاپامغا ھەمراھ بولۇپ يېتىڭ، قارا بېسىپ قالمىسۇن يەنە.

— سىز قورقماسىز، يالغۇز ئۆيدە ...

جۆھەر جاۋاب بەرگۈچە، ئانىسى:

— نېمىدىن قورقىدۇ، جىن يەيتتىمۇ ! — دېدى قەھرى بىلەن.

## 4

جۆھەر بۇ ھويلىنى يەنىلا ئانا قۇچىقىدەك مېھرىلىك سېزىدۇ، ئۆزىنى ھويلىدا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەردەك بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ھەرقانداق ئېغىر ئىشلاردىن قىلچە زارلانمايدۇ، ھەمىشە بىر خىل — چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان

ھالدا تېتىك، روھلۇق يۈرىدۇ. كىشى ئۆزىگە مۇھەببەت ئاتا
قىلغۇچى ئادەمدىن ئازار يېمىسە ... كۆڭلى سۇ ئىچسە، باشقا
ھەرقانچە قىيىنچىلىق، توسالغۇلارنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ.
جۆھەرنىڭ يىغلىغان، ئۆكسۈگەن چاغلىرىمۇ بولغان، لېكىن
ئۇنىڭ بىردەملىك، ھېسسىيات دېگەن يا خۇشاللىقتىن، يا
قايغۇرۇشتىن پەيدا بولىدۇ، نەق شۇ چاغدا شۇ خىل ھېسسىياتنى
بېسىۋېلىش كەلكۈننى توسۇۋېلىشتىنمۇ تەس. مۇھىمى ئۇ
قايغۇلۇق، ئازابلىق ھېسلارغا بېرىلىپ كەتمىدى. ئەگەر شۇنداق
ھېسلارغا بېرىلىپ كەتسە، ئۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرسە،
ئۇنىڭدىن قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇ
ئاللىقاچان ئويلاپ يەتكەن. ئۇنىڭ ئويلىرى ئېنىق: دۇنيادا
خىلمۇخىل ئىشلار بولىدۇ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىجەز -
خۇلقلۇق ئادەملەر ياشايدۇ. بىرلىرى بىرىگە ئۆچ بولۇپ قالسا،
ئۇنىڭ بالىلىرىغىمۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىمۇ ئۆچلۈك قىلىدۇ،
ئۆچلۈك قىلغىنىدىن ئۇ قانداق ئازابلارغا قېلىۋاتقىنىنى
ئويلىمايدۇ. ئۆزى يامان كۆرۈپ قالغان ئادەم ئەسلىدە ياخشى
ئادەم بولسىمۇ، ئۇنى يامانلاشقا، ياخشى ئىشىنى يوققا چىقىرىشقا
ئۇرۇنىدۇ، قۇسۇر تاپىدۇ، شۇنداق قىلمىسا كۆڭلىمۇ ئەمىن
تاپمايدۇ. بەزىلەر خورلۇققا ئۇچرىسا، غوۋغا كۆتۈرۈپ، ئەزۋەيلەپ
سۆزلەپ، پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا چاپىنىنى ئوتقا سېلىپ
كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنداق ئىشلارنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى،
سەۋر قىلسىلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ ياكى
ئاشۇنداق ئىشلارنى تىرىشىپ يېڭىشنى، ئۇنتۇپ كېتىشنى
خالىمايدۇ، ئىرادە قىلسا ئۇنتۇپ كەتكىلىمۇ، تىرىشىپ
يەڭگىلىمۇ بولىدۇغۇ ...

ياز كىرگەندىن بۇيان جۆھەر قېيىنئانىسىغا باغنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى باراقسان ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىغا بىر
كىشىلىك بۇگلۇك (كارىۋات) ياساپ بەردى. رۇخسارىخان
كۈندۈزلىرى ھاۋا تونۇردەك قىزىدۇرۇشقا باشلىغاندا، شۇ يەردە

يانپاشلاپ يېتىپ ئارام ئالىدۇ، راھەتلىنىدۇ. ئالما دەرىخىنىڭ ئاستى نەم، سالقىن بولىدۇ، جۆھەر يەنە ئۇ يەرنى سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ تېخىمۇ سالقىنلاشتۇرىدۇ. قېيىنئانىسىنىڭ يېنىغا كۈندۈزى مۇزدەك سوغۇق چاينى چىنىگە قويۇپ قويىدۇ. ھويلىدا قىش - ياز باغلاقلىق كالا بولغاچقا، چىۋىندىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. موماي ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇ قىل يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چىۋىننى قورۇيدۇ. رۇخسارىخان بەزىدە جۆھەرنىڭ چىۋىن قورۇۋاتقىنىنى تويۇپ تۇرسىمۇ، تۇيمىغاندەك كۆزىنى ئاچماي يېتىۋالىدۇ.

«ئۆتتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمگە ھەمىشە كۈلۈپ قاراۋەرمەيدۇ، — دەپ ئويلايدۇ جۆھەر، — ئۇنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنلىرىمۇ، دەھشەتلىك بورانلىرىمۇ، ئاچچىق شىۋىرغانلىرىمۇ بولىدۇ، تۇرمۇشمۇ باشتىن - ئاياغ لەززەتلىك، يېقىملىق، تەملىك ئۆتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكى، بەدەنگە سانجىلىدىغان تىكىنى، يۈرەكنى ئازابلايدىغان ھەسرىتى بولىدۇ، بۇنى چۈشەنمەسلىك نادانلىق. تۇرمۇشتا بىر مەزگىل خۇشال بولساڭ، بىر مەزگىل خاپا بولۇپ قالىسەن، دائىملا كۆڭۈل يايراپ يۈرىدىغان ئىش يوق. چۈشىنىش كېرەككى، بۇمۇ تۇرمۇش قانۇنىيىتى. ساڭا ياققان ئادىمىڭنىڭ يېنىدا سېنى ئازابلايدىغان ئادەممۇ بولىدۇ، ئۇنى نېرى تۇر دېسەڭ، سەن ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭمۇ، مىڭ تەسلىكتە تىزغان چاڭگاڭنى بۇزۇۋېلىشىڭمۇ مۇمكىن. نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ يولدا ماڭغان، زىيان تارتقان ...» ئۇنىڭ مەيۈسلىنىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇزاققا بارمايدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئۇنى ئىچىگە ئېلىپ كەتمەي، ئۆز ھۇجرىسىدا شاۋكەت بىلەن قىلىشىدىغان كۆڭۈللۈك پاراڭلىرى، مۇھەببەتلىك بېقىشلىرى، قىزىق چاقچاقلىرى، ئوقۇغان كىتابلىرى ۋە قىلىشىدىغان تالاش - تارتىشلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، كۆڭۈلسىز چاغلارنى ئۇنتۇيدۇ، ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولغانلىقى يۈزى،

كۆزلىرى ھەتتا لەۋلىرىگىچە ئوقچۇپ چىقىپ، خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان روھىي ھالەت ئۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، شاۋكەت ئۆز ئىشىغا — سودىسىغا ماڭدى. جۆھەر قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ تۇرۇشىغا رۇخسارىخان ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئاشۇ كالىغا ئۇۋال بولدىغۇ، — دېدى ئۇ، — يازدىمۇ قۇرۇق سامان يەۋاتىدۇ، تىلى بولمىغىنى بىلەن ئۇنىڭمۇ خۇداسى بار ئەمەسمۇ؟ ...

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— سىز ئۆيدە بىكار بولغاندىكىن بېقىپ كەلمەمسىز؟

— قەيەردە باقىمەن، ئاپا؟

— قەيەردە؟ ... باقىدىغان يەر جىقىقۇ، مازارلىقتا باقسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھاشىم داڭگالنىڭ بېدىلىكىنىڭ چۆرىسى، ئېرىق ياقىلىرىدا باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. كەچكىچە قۇرۇق كىتاب ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ قورساق تويىدىغان ئىشنى قىلسىڭىز ياخشى بولار ... — ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كېلىنىگە قاراپ قويدى.

جۆھەر ئىشلىرىنى تېزلىكتە تۈگىتىپ، ئېغىلدىن تاغىل كالىنى يېتىلەپ چىقتى. ئەمما، رۇخسارىخاننىڭ كېلىنىگە قاراپلا يەنە ئۆچلۈكى قوزغالدى.

— قولتۇقىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟

— بۇ ... كىتاب.

— يەنە كىتابمۇ؟ ... كىتاب ئوقۇيمەن دەپ كالا خەقنىڭ بېدىلىكىگە كىرىپ كەتسۇن - ھە. قورسىقى كۆپۈپ ئۆلسە، ئۇنىڭدىن بىراقلا قۇتۇلسام دەۋاتامسىز؟ ...

جۆھەر كۈلۈمسىرىدى:

— ئۇنداق ئەمەس ئاپا، كالىنى ئارقانداپ قويىمەن، زېرىكسەم ئوقارمەن دەپ ئېلىۋالدىم.

— كىر يايىدىغان ئارقاننى رەسۋا قىلىسىزكەن - دە ...

سىزنىڭغۇ پايدىڭىز تەگمەيدۇ! — رۇخسارىخان ئالايغىنىچە قاراپ قالدى، جۆھەر كالىنى يېتىلەپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ هويلىغا كېلىن بولۇپ كەلگىنىگە ئەمدىلا ئۈچ ئاي بولغان جۆھەر هەر كۈنى چۈشكىچە كالا بېقىپ كېلىدىغان بولدى. ئارىدىن تۆت ـ بەش كۈن ئۆتۈپ رۇخسارىخان: «قۇرۇق قولىڭىزنى سىلىپ كەلگۈچە چۆپ ئورۇغاچ كەلسىڭىز بولمامدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن جۆھەر هەر كۈنى بىر باغ چۆپ ئورۇغاچ كېلىدىغان بولدى. لېكىن، بۇ قىلمىشلاتقان ئىشلىرىنى شاۋكەتتىن يوشۇرۇپ يۈردى. شاۋكەتكە دېسە، ئۇنىڭ خاپا بولىدىغانلىقىنى، ئۆزى بىلەنمۇ، ئانىسى بىلەنمۇ ئۇرۇشىدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قېيىنئانىسىنى چاققانمۇ بولۇپ قالاتتى.

مەھەللىدە سۆز ـ چۆچەك كۆپىنچە بىكارچى خوتۇنلاردىن تېرىلىدۇ. غەيۋەت قىلمىسا يېگەن ـ ئىچكىنى چىرايىغا چىقمايدىغان خوتۇنلار ئەرلىرى ئىشتىن يېنىپ كەلگۈچە تامىقىنى ئۈلگۈرتەلمىسە مەيلىكى، ئۇ دەرۋازا ـ بۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشىپ غەيۋەت قىلىشتىن قالمايدۇ. جۆھەر كالىنى يېتىلەپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، توپلىق يولدا كالىنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ بېسىلماي تۇرۇپلا ئاشۇ خوتۇنلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى باشلىنىدۇ:

— رۇخسارىخېنىمنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، تېخى كەلگىلى ئۈچ ئاي بولمىغان جۆھەرگە كالا باقتۇرۇپ ... توۋا، كېلىنىگىمۇ كالا باقتۇرىدىكەن ـ هە ...

— ياۋاشنى تاپسام بېشىغا نۇقتىنى سالسام، دېگەن شۇ ...

— ئۇنداق دېگىنىڭلار بىلەن ئوغلىنىڭ ئوقىتى سۇغا چىلاشقان ئوخشايدۇ ...

— شۇ ... شاۋكەتنىڭ هەپتىدە بىرەر قېتىم تۆت سەر يېرىم جىڭ گۆشنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى كۆرمەيدىغان بولۇپ قېلىشۇدۇق ...

— بىز سودىگەر دېگەندەك قىلىپ، كىچىك ماشىنىلاردا قىز كۆچۈرۈپ قەۋەتلا تاراقلاپ كېتىۋىدى، تۇمشۇقى يەر تىرەپ قاپتۇ ـ دە ...

بەزى خوتۇنلار مۇنداق گەپلەرنى جۆھەرنىڭ يۈزىگە دېدى:

— كېلىن بالىغىمۇ كالا باقتۇرامدۇ، تۇۋا قىلدىم ... قېيىنئانىڭىزنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ ؟ ...

— ئاپامغۇ ئۇنىمىغان، ئۆزۈم ئۆيدە زېرىكىپ ئولتۇرغۇچە دەپ بېقىۋاتىمەن.

— ۋىيەي ... ۋىيەي ... قويۇڭ مۇنداق سەت ئىشنى ...

— ھاۋالىق يەرگە كالىنى قويۇۋېتىپ ئولتۇرىمەن، كەچكىچە كەتمەن چاپىدىغان ئىش بولمىغاندىكىن ...

جۆھەردىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان خوتۇنلار باشقىچە مەنىدىكى گەپ ـ سۆزلەرگىمۇ كۆچەتتى:

— رۇخسارىخېنىمنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرىدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى بولاي دەيدىغاندۇ ...

— ئۇنداق ئەمەس، مەھەللىنىڭ قىزلىرى جۆھەر بۇۋىنى شوخ قىز ئىكەن، دېيىشىۋاتاتتى، بەلكىم بۇرۇنقى ئاشنىلىرى بىلەن شۇ يەردە ئۇچرىشامدۇ تېخى ...

— شۇڭا ھاشىم داڭگالنىڭ بېدىلىكىگە ئامراق ئىكەن ـ دە، ھى ... ھى ... ھى ...

بىراق، شاۋكەت ئۇنىڭ كالا بېقىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ قالدى: جۆھەر دەرس تەييارلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، چۈش بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ بىر باغ چۆپ ئورۇدى ـ دە، ئۇنى قولتۇقلاپ، كالىنى ھەيدەپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ھەر كۈنى چۈشلۈكى ئۆيگە كەلمەيدىغان شاۋكەت بۈگۈن ساندۇقتىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئىتتىك كەلگەنىدى. جۆھەرنىڭ شۇ ھالدا ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى:

— نېمە ئىش بۇ ! ... بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ...

— نېمە ئىش بولاتتى، — دېدى جۆھەر ئىللىقلىقنى كۆلۈمسىرەپ، — كالىنى بېقىپ كەلدىم، شۇ ...
— ئاپا، سەن ھېلى ئۇنى قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتتى دېۋىدىڭ، بۇ مۇنداق ئىشكەنغۇ !
— بىكارچىلىقتا ئۆزى بېقىپ يۈرىدۇ، بالام.
— بىكارچىلىقتا ؟ ... نەدە بىكار بولىدۇ، كادىرلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇغۇ، بىكار ۋاقىت نەدىكەن؟
— ھەي شاۋكەت، بولدى، تېرىكمەڭە، — دېدى جۆھەر، — كالا باققاچ دەرسكىمۇ قاراۋاتىمەن.
— سىزنى كىم كالا باق دېدى ؟
— ھېچكىم.
— ھېچكىم ؟ ... — شاۋكەت تىتىلداپ بوغۇلۇپ كەتتى.
— ئۆيدە لاغايلاپ يۈرگۈچە، باقسا نېمە بوپتۇ ؟ — رۇخسارىخاننىڭ ياپما قاپاق ئاستىدىكى كىچىك كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتتى، — كالا بېقىش گۇناھمۇ يا نومۇس ئىشمۇ ؟ نېمانچىلا ئەزۋەيلەپ كېتىسەن ؟
— ئەزۋەيلىمىسەم، قوشنىلارنىڭمۇ كالىلىرىنى بېقىپ بەرسۇن، پادىچىلىق قىلسۇن ! ... كېلىن كالا باققان نەدە بار؟ خەقلەر سۆز - چۆچەك تېرىمامدۇ ؟ كېلىننى باقالماي كالا باقتۇرۇۋاتىدۇ، دېمەمدۇ ؟ ئەھلىمەھەللە، ئەل - ئاغىنىلىرىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلمەمدۇ ؟ ئويلىۋىدىم سەن قىلدۇرۇۋاتقان ئىش دەپ.
— مەن باقتۇردۇم، قانداق قىلىسەن، ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مونچاقمىدى ... ئەل قىلمىغاننى قىلىپ ئۇنى «سىز»دىن «سىزگە» سىلىپ يۈرسەڭ، قېيىنئاتاڭ ئاپپاق ساقىلى بىلەن كوچىلاردا مەست يۈرسە، يۈزۈڭ تۆكۈلمەيدۇ - دە ... ئەمدى كادىر قىلىپ تېخىمۇ بېشىڭغا چىقىرىۋالارسەن !

شاۋكەتنىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، بېشى پىررىدە پىرقىراپ دەلدەڭشىپ قالدى ... ئەگەر بۇ سۆزلەرنى ئاپىسىدىن باشقا ئادەم ئېيتقان بولسا، ئىش باشقىچە بولار ئىدى.

— سەن قانداق ئاپا ... ئېيتقىنا، سەن قانداق ئاپا؟ ئانىنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا زىددىيەت سالىدىغان سۆز چىقامدۇ ؟ بىز شۇنداق دېيىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، سېنىڭ بىزنى ئىناقلىققا دالالەت قىلىدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان يولۇڭ يوقمۇ، ئېيتقىنا، ھەي ئاپا ! ...

رۇخسارىخان شاۋكەتنىڭ غەزەپلىنىپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدىمۇ ياكى كېلىنىنىڭ ئالدىدا ئوغلىنىڭ شۇنچە ۋارقىراپ كېتىشلىرىگە ئاچچىقى كەلدىمۇ، ئوغلىغا بىر قارىدى - دە، يانغا بۇرۇلۇپ جىم تۇرۇۋالدى. ئاچچىقىنى بېسىۋالالمىغان شاۋكەت شۇ ئاچچىقتا يەنە نېمىلەرنى دېيىشنى بىلمەي، ئىككى ئوتتۇرىدا تەڭقىسلىقتا قالغان، ئاھانەتتىن يىغلاپ كېتەي دېگەن جەۋھەر ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ماجىرامۇ بېسىلىپ قالدى. ئاخشىمى ياتار چاغدا:

— بولدى، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى تېخىچە ئاچچىقى بېسىلمىغان شاۋكەت.

بۇنى ئاڭلاپ جەۋھەر چۆچۈپ كەتتى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئاپىڭىزنى يالغۇز تاشلاپمۇ ...

— راسخوتىنى يەتكۈزۈپ بەرسەك بولمامدىمۇ ... سادىر سوققان جان يوق - دە، يۈرەكلەرنى خۇن قىلىپ بولدىغۇ !

جەۋھەر مۇلايىملىق بىلەن شاۋكەتكە قارىدى. ئۇنىڭ سۈزۈك يۈزىدە، چىرايلىق كۆزلىرىدە دومسىيىش - رەنجىشتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى.

— بىز ئاپىڭىزنىڭ ئاشۇ تەرەپلىرىنى يەڭمىسەك ئۆيىمىز

ئۆي بولمايدۇ، شاۋكەت، — دېدى جۆھەر تەمكىنلىك بىلەن، — نۇرغۇن ئادەملەر، ئىناق ئائىلىلەر ئاشۇنداق مىجەزلەرنى يېڭەلمەي بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ھەرقانداق ياخشى ئادەمدىمۇ بىر ئەسكى خۇي بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

— ئاپام ئىككىمىزنىڭ ياخشى ئۆتۈۋاتقانىمىزدىن خۇش بولسا بولاتتى، يا سىز ئاپامغا قاتتىق - يىرىك گەپ قىلمىسىڭىز، ئاپام سىزگە زەھەردەك گەپ قىلسىمۇ مەيلى دەۋاتسىڭىز ... يا مەن كۆڭلىنى رەنجىتمىسەم، بۇ قانداق ئانا ... قېنى، سىز ئېيتىپ بېقىڭا، يا مەن خاتا گەپ قىلىۋاتامدىم؟ ...

— شۇنداق بولسىمۇ خەق نېمە دەيدۇ؟ ئاپىسىنىڭ مىجەزى ئەسكى ئىكەن دەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق دېمەيدۇ، ئەكسىچە بالىلىرى ۋاپاسىز - كۆيۈمسىز ئىكەن، دەيدۇ.

— نېمە دېسە دېمەمدۇ!

— ياق، ئۇنداق دېمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئىش توغرا بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئاپىڭىزنى يامانلايدىغان گەپلەرنى قىلماڭ، سىز ئاپىڭىزنى يامان دېسىڭىز، ھېچكىم سىزگە ياخشى ئاپىسىنى بەرمەيدۇ، ئۇ — ئانا، بىز — بالا، ئانىنىڭ ئۇنچىلىك جاپاسىنى تارتمىساق بىز قانداق بالا بولىمىز؟ ... بىز قانداق مىجەزلىك قېرىيمىز، كىم بىلىدۇ؟!

شاۋكەت بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، جۆھەرگە تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ ھاياجاندىن لەۋلىرى تىترەپ، تىلى گەپكە قولاشماي قالدى.

## 5

ئىككى كۈندىن كېيىن رۇخسارىخان سالقىنلاپ ھاۋالىنىپ كېلەي دەپ، يىراق يېزىدىكى ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ چىگىچ خىياللىرىنىڭ باش - ئايىغىغا يېتەلمەي، بىردەم ئوغلىغا

گۇناھ قويسا، بىردەم كېلىنىڭگە گۇناھ قويۇپ كېتىپ باراتتى، بولۇنغان ئىشلارنىڭ قايسىسىنى ھەدىسىگە دېيىش، قايسىسىنى دېمەسلىكنى ئويلايتتى. ھەدىسى ئۆتكەن قېتىم كىرگىنىدە: ئىككىسى ياخشى بولغاندىكىن، قالغان تەرەپلىرىنى ئويلاپ كەتمە، دېگەنىدى. بىراق ئۇ چاغلاردا مۇنداق قاتتىق ـ يىرىك گەپلەر بولۇنمىغان. نۇرغۇن ئوي ـ خىياللاردىن كېيىن ئۇ «قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەندەك، ئوغلىنىڭ ئۆزىگە گۇركىرەپ گەپ ياندۇرۇشلىرىنى، كۆزلىرىنى ئالايتىشلىرىنى كېلىنىدىن كۆردى: ئاشۇ نايناق بېشىنى ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ، بۇرۇن نەدە مۇنداق ئىش بولغان ؟ گېپىمدىن، سىزغان سىزىقىمدىن قىلچە چىقمايتتى ... ھازىر ھەدېسىلا ماڭا ياندىغان، قاپاق تۇرىدىغان بولۇۋالدى. ھەممىسى ئاشۇ قاغدالمىدىن ! كۇلگەن ئادەمدىن قورقسا بولىدۇ، دېگەن راست، ئالدىمدا قول قوۋۇشتۇرۇپ، ھىجىيىپ تۇرغان بىلەن، كەينىمدە شاۋكەتكە نېمە شۇملۇقلارنى ئۆگىتىۋاتىدۇ كىم بىلىدۇ ؟ ... دانالار: «كېلىن كەلدى، بالا كەلدى، ھەم كۆڭلى ئالا كەلدى. كۇندۇزى پۇتەر كەلدى، ئاخشىمى سۇنار كەلدى» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ماڭا ئوخشاش بېشىغا كەلگەنلەر ئېيتقان ـ دە. بىز بۇرۇن قانداق ئىناق ئانا ـ بالا ئىدۇق ؟ ! ... كېلىن دېگەن نېمىلەرنى تىلىمەيدۇ، ئۇنىڭچە بولسا، ئاغرىپ قوپالماس بولۇپ يېتىپ قالسام، تېخى ئۆلۇپ بەرسەم، نەچچە ئېغىز ئۆي، باغلىق ھويلا ئۆزىگە ئوڭچە قالسا ... پاھ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ ـ دە ... ۋۇي جۇۋاينىمەك !

ئۇ يولدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەپ، يېرىم سائەت يول يۇرگەندىن كېيىن، ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، كېلىپلا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. تۈگىمەس ئېغىر خىياللار ئۇنىڭ يۇرەك ئاغرىقىنى قوزغاپ قويغانىدى. چىرايىمۇ كىشى قورققۇدەك ئۆزگىرىپلا

كەتتى. ئۆيئىچىدىكىلەر ئۆكسۈلى ئۆچۈپ، پايپېتەك بولۇشۇپ، دوختۇرغا ئاپىرىش ئۈچۈن ھارۋا ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە چاپتى. ئۆيئىچىنى ئېغىر ۋەھىمە باستى.

سۇنايلىنىپ يېتىپ قالغان رۇخسارىخان كۆزىنى ئاچماي پەس ئاۋاز بىلەن:

— دورامنى ئەجەب ئۇنتۇپتىمەن ... بولدى، ئاۋارە بولماڭلار، ماڭا ئارام بېرىڭلار ... — دېدى. ئەمما، قىمىرلاپمۇ قويمىدى، ئورنىدىن تۇرغۇچىلىك ھالىمۇ يوق ئىدى، ھاسىرايتتى، يۈرەك سوقۇشىنىڭ ئىتتىكلىكىدىن پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى، چىرايى بىردەم تاتىرىپ، بىردەم ئەسلىگە كېلەتتى ...

ئۆيئىچىدە ئەنسىزلىك، ۋەھىمە، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغاندا، ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، جوھەر ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە كىرىپ كەلدى:

— جوھەر بۇۋى !

— جوھەر بۇۋى كەپتۇ !

رۇخسارىخان كۆزىنى ئېچىپ، كېلىنىگە تىكىلىپ بىر قارىدى - دە، يەنە يۇمۇۋالدى.

— ئاپام دورىسىنى ئۇنتۇپ قاپتىكەن، شۇنى ئېلىپ چىقىشىم، ئاپام بۇ دورىدىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ، يەنە قوزغىلىپتىكەن - دە، — ئۇ قېيىنئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، — ئاپا، دورىلىرىنى ئەكەلدىم، ئىچىۋالسىلا، — ئۆكسۈلى ئۆچكەن جوھەر قېيىنئانىسىنىڭ يېنىغا تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلدى - دە، ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ دورىنى ئىچۈردى، — ئۇھ ... ئەمدى قورقماڭلار، ھازىرلا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، بۇ دورا شۇنداق تېز تەسىر قىلىدۇ.

— ۋاي جېنىم بالام، بىر جېنىڭىزغا مىڭ جان بەرسۇن بالام، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز، — دېدى رۇخسارىخاننىڭ ھەدىسى كۆزىگە ياش ئېلىپ، — بۇ جاننى قۇتقۇزىدىغان نەرسە قانداقمۇ ئېسىڭىزگە كەلگەندۇ ؟

— ئاپام بۇ ياققا ماڭغاندىن كېيىن ئۆيلەرنى بېسىقتۇرۇۋېتەي دەپ سارايى ئۆيگە كىرسەم دورا ئۈستەل ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالاقزادە بولۇپ، دورىنى ئالدىم ـ دە، سائەت ئونىنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئۈلگۈرەي دەپ چاپتىم، شاۋكەتكە دەپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم.

راست دېگەندەك يېرىم سائەتكە قالماي رۇخسارىخان ئوڭلىنىپ قالدى ۋە بىر ئۇھ تارتىپ كۆزىنى ئاستا ئاچتى ـ دە، بېشىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان جەۋھەرنى كۆردى.

— ئاغرىق قويۇپ بەردى، — دېدى رۇخسارىخان. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەنىدى.

— جېنىم بالام، — دېدى جەۋھەرگە قولىنى سۇنۇپ، — ئەجەب قېپتىمەن ... سىز راستتىنلا گۈل ئىكەنسىز ... — ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىسسىق ياش تامچىلىرى بىلەن تولدى، لەۋلىرى تىترىدى.

بۇ رۇخسارىخانىنىڭ جەۋھەر كېلىن بولۇپ كەلگەندىن بېرى ئۇنى بىرىنچى قېتىم «بالام» دېيىشى ھەم ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىم چىن دىلىدىن ئىللىق قارىشى ئىدى.

قېيىنئانىسىنىڭ سەمىمىي سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جەۋھەرنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىسسىق ياشقا تولدى.

1989 ـ يىلى، غۇلجا

# ئىرادە

گۈلباھارغا مەھەللىدىكى ھەممە يىگىتلەرنىڭ دىگۈدەك كۆزى چۈشەتتى. «بويتاقنىڭ ئەقلى ئىككى كۆزىدە» دىگەندەك، يىگىتلەرنىڭ ئۇنىڭ ئويناق قارا كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغۇسى، قىزارغان مەڭزىلىرىگە ۋە مەڭزىدىكى بىر تال خالىغا زوقى كېلەتتى. ئوغۇل چوڭ قىلغان ئانىلارمۇ: «ئايشەمخاننىڭ قىزى ئەجەب پاكىز بالا بولدى ـ دە، ئادەمگە نىمىدىگەن يۇقۇشلۇق ـ ھە ! شۇنداق ئىشچان، شۇنداق نومۇسچان، خۇدايىم شۇنداق كېلىنلىك قىلسا كىشىنى ...» دىيىشەتتى.

ياقۇتخان گۈلباھارنى كېلىن قىلىش ئارزۇسىدا يۈرگەن ئانىلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى گۈلباھارنىڭ ئانىسى ئايشەمخاندىن: «بۇ ئۆمۈر سودىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ بىرنىمە دەي» دىگەن جاۋابنى ئېلىپ قايتتى. ئەلچىلەر ئىككىنچى قېتىم ئالاھىدە تەزىم بىلەن ئۆيگە كىرگەندە، ئايشەمخاننىڭ سالپىيىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. چۈنكى، گۈلباھارنىڭ قايسى كۈنى ئەلچى كەلگەندىن كېيىن بەرگەن قەتئىي جاۋابى ئانىنى بىرنىمە دىيىشتە ئىككىلەندۈرۈپ قويغانىدى. نېرى ـ بېرى گەپلەردىن كېيىن، ئەلچىلەرنىڭ بىرى ئايشەمخانغا يېقىن ئولتۇرۇپ:

— تولا كاجلىق قىلمىسىلا، ئايشەمخان، بولغۇسى قۇدىلىرىنىڭ بېلى چىڭ، قىزلىرىغا تولغىما ئالتۇن بىلەزۈك سالىمەن، دەپ ئات چېپىپ يۈرىدۇ، — دىدى.

— ھە، ئالتۇن بىلەزۈك ؟ !

— شۇنداق، — دېدى ئەلچى غادىيىپ، — ياقۇتخان ئوقەتكە ئېپى بار، قول ئىلكىدە بار ئايال، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلى مەتكېرىم ئوقەت قىلىشتا ئانىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ. پۇلنى پۇلغا چاقىدۇ، قىزلىرىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلسىلا ئۆمۈرۋايەت خاتىرجەم بولىدىلا ئەمەسمۇ.

ئالتۇن بىلەزۈككە مەست بولغان ئانا قىزىنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا ئەلچىلەرگە ماقۇللۇق بېرىۋەتتى. تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەت ئۇنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى. ئەلچىلەرنى چاي بىلەنلا يولغا سېلىپ، ئالدىراپ ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. قايسى كۈنى ھەدىسى بىلەن بۇ خۇسۇستا ئۆزئارا كېلىشكەنىدى.

گۈلباھارنىڭ پىكىر - خىيالى باشقىچە ئىدى. ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگىتىپ ئۆز يېزىسىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغانىدى. ئۇ: «ھازىر ئىلگىرىكىدەك ئەپلەپ - سەپلەپ ئوقۇشقا كىرىدىغان چاغ ئەمەس، شۇڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ، ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پارلاق يولى ئېچىلدى. مەدەنىيەت نامراتلىقى بىزنى قانچىلىك بوزەك ئەتمىدى ؟... مەن ئوقۇيمەن، چوقۇم ئوقۇيمەن، ئالىي مەكتەپكە بارىمەن، ئىلىم - پەن ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىمەن ...» دەپ ئويلايتتى.

ئايشەمخان ھەدىسىنى باشلاپ ئۆيگە كىرگەندە، گۈلباھار ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈستەلنى قويۇۋېلىپ، ماتېماتىكا ھېسابلىرىنى ئىشلەۋاتاتتى.

— ئوقۇ، ئوقۇ كىتابىڭنى، ئون يىل ئوقۇپمۇ ئولتۇرۇشۇڭ مۇشۇ، — دېدى چوڭ ئاپىسى تەنە قىلىپ. ئايشەمخان كۆرپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. گۈلباھار كىتاب - دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇردى - دە، ئۈستەلگە داستىخان سالدى.

تەبىئىيكى، گۈلباھارنى ئوقۇشتىن سوۋۇتۇش چاي ئۈستىدىكى گەپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. گۈلباھارغىمۇ

ئىككىسىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى ئايان ئىدى. ئاخىر چوڭ ئاپىسى ئالتۇن بىلەزۈكنىڭ گېپىنى چىقاردى. گۈلباھار كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مېنى ئالتۇن بىلەزۈك تەلەيلىك قىلالمايدۇ، ئەگەر مېنى بەختلىك، تەلەيلىك بولسۇن دېسەڭلار ئوقۇشۇمنى ئوقۇغىلى قويۇپ بېرىڭلار ، — دېدى.

— ئادەمنىڭ قولىغا بەخت قۇشى بىرلا قېتىم قونىدۇ، — دېدى چوڭ ئاپىسى، — بەخت قۇشى قولۇڭغا قونۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، غەنىيمەت بىل، ئۇنى ئۇچۇرۇۋەتمە قىزىم.

— ياق، بۇ بەخت قۇشى ئەمەس، — قىزنىڭ قارا كۆزلىرى جىددىي تۇس ئالدى، — بۇ مېنىڭ پۇت - قولۇمنى چۇشەيدىغان، نادانلىقتا قالدۇرىدىغان ئاپەت قۇشى، ئۇنداق قۇشنى قەتئىي ئۇچۇرۇۋېتىمەن !

ئايشەمخانىنىڭ ئاق سېرىق يۈزىنى غەم قورۇقلىرى قاپلىدى. ئۇ قىزىنىڭ جاۋابىدىن قوقاستا پۇچىلانغاندەك تولغاندى، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇنداق قىلما بالام، بالا دېگەن ئاتا - ئانىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان.

— ياق، ئوقۇيمەن دېدىم ئوقۇيمەن.

چوڭ ئاپىسىمۇ كۆندۈرۈشكە كىرىشتى:

— ھەرقانچە ئوقۇساڭمۇ، مەرۇپ مەزىنىنىڭ بالىسىچىلىك ئوقارسەن، بۇ يەر تۇرماق، بېيجىڭدىمۇ ئوقۇدى، ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپىدۇ دېگەندەك، ئايلىنىپ كېلىپ يەنە ئېتىزنى تاپتى.

— بۇ گەپلىرىڭ كونىراپ قالدى، چوڭ ئاپا.

— شۇنچە ئوقۇدۇڭ، مۇشۇ يەرلەردىمۇ ساڭا تۇشلۇق ئەپەندىچىلىك چىقىپ قالار.

قىزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ چىرايى جىددىي تۇس ئالدى - دە،

زەردە قىلىپ دېدى:
— ئەپەندىچىلىك دېگەنچۇ قارا، يۇگۇرۇپ قوپۇپلا قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭغا بىلىم كېرەك، بىلىم!
چوڭ ئاپىسىنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى، شۇنچە سۆزلەپ قىلچە گېپىنى يېگۈزەلمىگەنلىكى ھار كەلدى. ئەلەمدىن چىرايى تاتىرىپ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى.
— قېنى ئوقۇپ باققىنىڭنى كۆرەي، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — پارتىيە ئاتا - ئانىسى رازى بولمىسىمۇ ئوقۇسۇن، دەپ ئېيتقانمۇ؟
— ھەئە، پارتىيە ياخشى ئوقۇپ، نادانلىققا قارشى كۈرەش قىلسۇن دېگەن!
— ئاغزىڭنى يۇم!
گۈلباھار ئەمدى جاۋاب ياندۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، تالاغا چىقىپ كەتتى.
— كۆردۈڭمۇ ھەدە، بۇنىڭ ئەلپازىنى، — دېدى ئايشەمخان غەزەپتىن ئېغىر تىنىپ، — پەيلىدىن ھەر بالا كېلىدۇ بۇنىڭ، بالا ئەمەس، بالانى تۇغۇپتىمەن.
— ئەجەب ساددا ئىكەنسەن، — دېدى ھەدىسى ئايشەمخاننىڭ ئېسىگە بىر ئىشنى سېلىپ، — ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئۆزۈڭنى باھارنىڭ دادىسىغا بېرىدىغان چاغدا: «تەگمەيمەن، قېرىغا تېگەتتىممۇ، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن ...» دەپ بىزگە سالمىغان كۈنلەرنى سېلىپ كەتكەنىدىڭ، رايىڭغا قارىماي تويۇڭنى قىلىپ قويدۇق، كۆندۈڭغۇ، تەييارلىقىڭنى قىلىۋەر، گەپكە كىرمەمدۇ؟ «نىكاھنىڭ مېھرى ئىسسىق» دېگەن گەپ بار، نىكاھ قىلىپ قويساقلا ئۆي بولۇپ كېتىدۇ، جېدەل قىلىشتىن قورقما، بۇ ئۇنىڭ ھەيۋە قىلىپ قويغىنى، تېرە تاراقشىتىپ قانداق قىلالايتتى؟!

※ ※ ※

هازىر بۇ ئائىلىدە ئىككى ئىش ئۇستىدە جىددىي تەييارلىق قىلىنىۋاتاتتى. بىرى، ئايشەمخاننىڭ قىزىنى تالالىق قىلىش تەييارلىقى، يەنە بىرى گۈلباھارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش تەييارلىقى. تويدا قىز تەرەپتىن بولىدىغان چىقىملارنىڭ ئورنىنى قىلىش ئايشەمخاننىڭ بېشىنى قانچىلىك قاتۇرغان بولسا، ئىمتىھان تەييارلىقىدا دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش گۈلباھارنى شۇنچە گاڭگىرىتىپ قويدى. ئايشەمخان چاي ئىچۇرىدىغان كۈنى قۇدىلىرىغا نېمىلەرنى ئاپىرىش توغرىسىدا ھەدىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش ئۈچۈن قوزغالغاندا، گۈلباھارمۇ بۇ يەردىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۆڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىدە كونسۇلتاتسىيە ئاڭلاش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقتى.

ئانىسىنىڭ تەييارلىقىدىن ئەلۋەتتە گۈلباھارنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئەمما، ئۇنى توختىتىپ قېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ دەرسىنى جىددىي تەييارلاۋەردى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئايشەمخان ئويغىنىپ كېتىپ چىراغنىڭ تېخى ئۆچمىگەنلىكىنى، گۈلباھارنىڭ كىتابقا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ جۇدەپ سارغىيىپ كەتكەن يۈزلىرىگە قاراپ ئىچى سىيرىلدى ـ دە، قىزىنىڭ ماڭلىيىغا چۈشكەن قاپقارا چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ ھەسرەتلىنىپ پىچىرلىدى: «بىچارە قىزىم، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىمەن دەپ ئورۇقلاپ قورايغىلا ئوخشاپ قالدىڭ. ئىمتىھاندىن ئۆتسەڭ، ئاناڭ سېنى ئۇ ئالىي مەكتەپكە يولغا سالالاتتىمۇ ؟ تويىنىڭ پولۇسى دەم يەپ قالدى، ئۆيۈڭنى تۇتۇپ، ئېرىڭنىڭ تېپىپ بەرگىنىنى يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتۈشنىڭ كويىدا بولساڭچۇ !»

※ ※ ※

بولغۇسى تويىنىڭ «رەھمەت - تەزىمى» ئۆتۈپ، «چاي ئىچۈرۈش» ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى. گۈلباھارمۇ تەييارلىقىنى تۈگىتىپ، ئىمتىھان ئېلىنىدىغان كۈننى كۈتۈپ قالغانىدى. كۈنلەر بىردەم ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن، بىردەم سۆرەلمىلىك بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى.

ئايشەمخان ۋە ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ ئەندىشىلىك كۈنلىرى باشلاندى. «رەھمەت - تەزىمگۇ تىپتىنچلا ئۆتۈپ كەتتى، چاي ئىچۈرۈلىدىغان كۈنى گۈلباھار چاتاق چىقىرىپ، مەھەللە - يۇرت ئالدىدا بىزنى ئوسال قىلمىسىلا بولاتتىغۇ ...» دېگەن ئەندىشە ئۇلارنى بىئارام قىلاتتى.

— ھەرھالدا ئالدىدىن بىر ئۆتكۈزۈۋېتەيلى، ھەدە، — دېدى ئايشەمخان ھەدىسىگە مەسلىھەت سېلىپ، — ئادەم دېگەن خام سۈت ئېمىپ چوڭ بولىدىغان نېمە، نادانلىق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ئايشەمخان ھەدىسى بىلەن ئۆيگە كىرگەندە، گۈلباھار يەنە ئۈستەل ئۈستىگە كىتاب - دەپتەرلىرىنى يېيىپ بىرنېمىلەرنى يېزىپ ئولتۇراتتى.

— تېخىچىلا مۇشۇ كويدىمۇ سەن، جېنىم بالام، — دېدى ئۇ، — بولدى قىل، خىياللىرىڭنى يىغىشتۇر، ئەمدى قۇدىلار چاي ئىچۈرۈشكە كەلمەكچى.

گۈلباھار ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەرە چاققاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— قاچان ؟ — ۋارقىرىدى ئۇ.

— ئالدىمىزدىكى سەيشەنبە كۈنى، قىزىم، — دېدى چوڭ ئاپىسى.

— ئالدىمىزدىكى سەيشەنبە، — دەپ پىچىرلىدى قىز. ئۇنىڭ

ئورۇقلاپ سارغايغان چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈسكە كىردى:
— نېمە قىلساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، ئەمدى مەن بىلەن مەسلىھەت قىلماڭلار، سەيشەنبە كۈنى مەن بۇ يەردە بولمايمەن، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن قولىنى سىلكىپ.
— شۈنداق، قىزىم، — دېدى ئانىسى يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ، — چاي ئىچۈرگەن كۈنى قۇدىلار سېنى كۆرسە، ئەجەب قېلىن قىز ئىكەن دەپ قالمامدۇ!
— ناھىيەگە، سالامەتلەرنىڭكىگە كېتىمەن.
— ئۇنداق قىلساڭ تېخى ياخشى، تولا كىتاب ئوقۇپ ئىچىڭ پۇشۇپمۇ كەتكەندۇ، بىر - ئىككى كۈن دوستلىرىڭنىڭكىدە ئويناپ، ئىچ - قارنىڭنى بوشىتىپ كەل.
سەيشەنبە كۈنى ياقۇتخان ئىككى ھارۋىغا چۈشكەن ئاياللار بىلەن چاي ئىچۈرۈشكە كەلدى. چاي ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزۈلدى. ئەكەلگەن نەرسىلىرى شۈنداق كۆپ ئىدى، ھويلا خۇددى توي بولغاندەك قىزىپ كەتكەنىدى ...
لېكىن، ئايشەمخان «تۇنۇگۈن گۈلباھار ئۆيدىن ئاچچىقلىنىپ چىقىپ كەتكەن، ‹تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى› دېگەندەك، جاھىل قىز ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە بىزنى بىر ياقىغا قايرىپ قويۇپ، يۈرتنىڭ ئالدىدا شەرمەندىچىلىككە قويمىغىيدى ...» دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي ھەدىسىنى بىر چەتكە تارتىپ ئۆز ئەندىشىسىنى ئېيتتى:
— ھەدە، شۇنداق ياخشى ئىشلارغۇ بولۇۋاتىدۇ، بىراق گۈلباھارنىڭ بىرەر ئېزىتقۇسى بولسا ...
— ئەجەب دەككە - دۈككىگە چۈشىدىكەنسەن، گۈلباھار ئەقىللىك قىز، ئۇنداق قىلمايدۇ، خاتىرجەم بولغىن، — دېدى ئۇ.
چاي ئىچۈرۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە مۇنداق ئىشلار بولۇپ ئۆتتى: گۈلباھار كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى ھەلىمە مۇئەللىمگە ئوقۇشقا بېرىشقا ئانىسىنىڭ

كاجلىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ، ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.
— بولدى، يىغلىماڭ، مەن بۇ ئىشقا ئارىلىشاي، — دېدى ھەلىمە مۇئەللىم قىزغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، — ئانىڭىز ئوقۇمىغان ئايال، بەلكىم نادانلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ.
ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئايشەمخان بىلەن ئاۋۋال گۈلشىي مائارىپ كادىرى، ئاندىن ئايال لار مۇدىرى سۆھبەتلەشتى. لېكىن، ئايشەمخان زادى گەپ يېمىدى. ئاخىر ھەلىمە مۇئەللىم ئۆزى بېرىپ سۆزلەشتى. سۆھبەت دەسلەپتە سىلىق بولدى، كېيىن يىرىكلىشىشكە ئۆتتى:
— قىز چوڭ قىلغان ئادەم ئوقۇتامدۇ، ئەرگە بېرەمدۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، — دېدى ئايشەمخان زەردە بىلەن، — سىلەرنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىدىغان نېمە ھەققىڭلار بار ؟!
— بىز ئارىلىشىپ يامان ئىش قىلمىدۇق، گۈلباھار ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇسا، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا يارامىلىق كىشى بولۇپ يېتىشىدۇ، ئۇ چاغدا كىمنىڭ قىزى دېسە، سىلىگىمۇ شان - شەرەپ ئەمەسمۇ!
بۇ گەپمۇ ئايشەمخاننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى:
— بولدى، سىز ئارىلىشىپ ئاۋارە بولماڭ، ئۇنداق شان - شەرەپتىن قىزىمنىڭ ئالدىمدا تۇرغىنى مىڭ ئەلا!
شۇ ئەسنادا پەيدا بولغان ئايشەمخاننىڭ ھەدىسى قايناپ كەتتى:
— گۈلباھارنى كىم سوۋۇتۇۋاتىدىكىن دېسەك، سۇ بېشىدىن لاي ئىكەن - دە، سىلەر قىزىمىزنى ئاتا - ئانىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىما، دەپ ئوقۇتۇپتىكەنسىلەر - دە!
ھەلىمە مۇئەللىم گۈلباھار بىلەن باشقىچە سۆزلىشىشنىڭ لازىملىقىنى، ئەمدى بۇلارغا گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ياندى.
— گۈلباھار، — دېدى ئوقۇتقۇچىسى ئەتىسى، — پارتىيە

سىزگە ئوخشاش زېرەك ياشلارنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە چاقىرىۋاتىدۇ، ئىككىلەنمەي ئىمتىھانغا تەييارلىنىۋېرىڭ، مەن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەنلەر بىلەن سۆزلىشىمەن، ئىمتىھاندىن ئۆتسىڭىزلا بۇنى ئاشكارا ئېلان قىلمايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن چاي ئىچىۋېلىشنى، ئىمتىھان بېرىشنىڭ تەييارلىقى تەڭلا ئېلىپ بېرىلدى.

مانا ئەمدى گۈلباھارنى توي خېتى ئېلىشقا قىستاش باشلاندى.

— مەن سېنى نى - نى ئارمانلار بىلەن بېقىپ چوڭ قىلدىم، — دەيتتى ئايشەمخان كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، — تولا كاجلىق قىلماي ماقۇل دېگىن، ئانا قارغىشىنى ئالساڭ ئىلگىرى باسمايسەن، قىزىم.

— بىلگىنىڭلارنى قىلىڭلار، — قىز يۈزىنى ئۆرۈدى.

— ماقۇل دېگىن، بالام، مەن سېنىڭدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي، بىز سېنى يامان كۈن كۆرسۇن دەيمىزمۇ ؟ !

گۈلباھار بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، چوڭ ئاپىسى:

— ھوي، نېمە بولدى ساڭا، تاڭگا چىشلىۋالدىڭمۇ، گەپ قىلساڭچۇ ! — دېدى.

— ماقۇل !

ئايشەمخانمۇ، ھەدىسىمۇ شۇ سۆزنى ئاڭلاپ يەلكىسىدىن تاغ چۈشكەندەك خۇشال بولۇپ، تېرىسىگە سىغماي قالدى.

— ناۋاتتەك سۆزۈڭدىن ئايلىناي، ئالتۇن بالام، — دېدى ئانىسى خۇشاللىقىدا ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— ئەمما شەرتىم بار، — دېدى گۈلباھار جىددىي قىياپەتتە، — پۇلنى ئۆزۈم خەجلەيمەن، كىيىملىكنى ئۆزۈم ئېلىپ، ئۆزۈم

تىكتۈرىمەن !

— ئۇنداق قىلساڭ تېخى ياخشى، — دېدى چوڭ ئاپىسى ئېچىلىپ، — خالىغىنىڭچە بولسۇن ...

— كۆيۈ ئوغلۇڭلارغا تىكتۈرىدىغان كىيىمنىڭ پۇلىنىمۇ ماڭا بېرىسىلەر.

— ھە، مەيلى، ئىككىڭلارنىڭ كىيىمىنى ئوخشاش قىلىپ تىكتۈرسەڭ تېخىمۇ ياخشى.

※ ※ ※

گۇلباھار شەھەردە دۇكان ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ يانچۇقلىرى ياقۇتخانىنىڭ تويلۇق كىيىم - كېچەكلەر ئۈچۈن، ئانىسى ئايشەمخانىنىڭ بولغۇسى كۆيۈ ئوغلىنىڭ كىيىمى ئۈچۈن بەرگەن پۇللىرى بىلەن تولغانىدى. قىز بىر ماگىزىندىن چامادان ئېلىپ يەنە بىر ماگىزىنغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا مەتكېرىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. قىز نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، تۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالغانىدى.

— سودىڭىز قۇتلۇق بولسۇن، گۇلباھارخان، — دېدى مەتكېرىم ۋە قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ھىجايدى، — ئەكېلىڭ چامادانىنى، مەن كۆتۈرۈۋالاي، قىينىلىپ قالىسىز ...

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ.

ئۈچىنچى بېغىر رەڭ سوكنىدىن يالاڭ چاپان كىيىپ، بېشىغا يوغان چاقماقلىق قىزىل گەرىس ياغلىق تاڭغان قىز ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى بىر پارچە ئوت بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. مەتكېرىم قىزغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ:

— سودىنى بىللە قىلايلى، — دېدى.

— سىز ماڭا ئەگىشىۋالسىڭىز، قانداق سودىلىق قىلىمەن؟ — دېدى قىز قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— مەسلىھەتلىشىۋالايلىمىكىن دېگەنىدىم.
— مېنى ھېچنېمە ئالالمايدىغان دۆت دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ قورقماڭ، پۇلىڭىزنى ئاياپ خەجلەشنى بىلىمەن.
— ئۇنداق ئويلىمايمەن، بىراق سودىنى پۇختا قىلساق دەيمەن - دە.
— ئۇنداق بولسا باشقا بىرىنى تېپىپ پۇختا سودا قىلىۋېلىڭ، ئېلىڭ پۇلىڭىزنى، — گۈلباھار ئاچچىقلىنىپ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.
مەتكېرىم ئاران ماقۇل كەلتۇرگەن قىزنى يالتايتىپ قويماي دەپ ئويلىدى - دە، دەررۇ كەينىگە داجىدى:
— ياق، ياق، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — بولدى، ئۆزىڭىز ئېلىڭ، قاندىقىنى ئالسىڭىز مەيلى، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆز يولىغا ماڭدى. ئالتە - يەتتە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ:
— ھەرھالدا دىتلاپ ئېلىڭ، — دېدى.
شەھەرنى كەچكى شەپەقنىڭ گۈزەللىكى قاپلىدى. شەھەر ۋاڭ - چۇڭلىرى خېلىلا بېسىلغان بولۇپ، كىشىگە راھەت بېغىشلايدىغان سالقىنلىق يېيىلغانىدى. شەھەرنىڭ كەچلىك گۈزەل مەنزىرىسىگە مەستلىكى كەلگەن گۈلباھار ئۇزۇن كەتكەن ئاسفالتلىق يولنى بويلاپ كېلىپ، بىر يان كوچىغا بۇرۇلدى.
گۈلباھار تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە گۈلباھار ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىچىدە يۈزلىگەن ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە — ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭدى! نەق شۇ پەيتتە، پوچتالىيون گۈلباھارنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتىنى ۋە ياقۇتخاننىڭ پۇلىنى ئېلىپ يېزىغا ماڭدى.
گۈلباھارنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:
«قەدىرلىك ئاپا!

مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما، مەن ئۈرۈمچىگە — ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتىم. بىلسەڭ، بۇ ئەسلىدە خۇشال بولارلىق ئىش، پارتىيەمىز بىز ياشلارنى ئىلىم - پەن ئىگىلەپ، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش كۈرىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشقا چاقىردى. بۇنىڭغا ئاۋاز قوشماسلىق بىز ياشلار ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟! قىزىم تۈزكورلۇق قىلدى، مېنى يەرگە قاراتتى، دەپ يىغلىشىڭ مۇمكىن. بىراق ئاپا، سەن كەلگۈسىنى ئويلا، سەن مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان كۆيۈمچان ئانامسەن، مەن بۇنى بىلىمەن، مەنمۇ سېنىڭ مېھرىبان قىزىڭمەن. ئەمما، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشماي كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ!

ياقۇتخانلارنىڭ پۇلىنىمۇ قايتۇرۇۋەتتىم. ئاپا، پات يېقىندا مېنىڭ قىزىم ياخشى ئويلاپتىكەن، ئەجەب ئىرادىلىك قىز تۇغۇپتىكەنمەن دەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن!»

1987 - يىلى ئۆكتەبىر، غۇلجا

# قىز قەلبى

بۈگۈن مايسەم ئېيتقۇسىز خۇشال. چۈنكى، ئۇ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن بىر كىشىدىن ئۆمەرجاننىڭ يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ھاياجان ئىچىدە يۈرەكلىرى تىپچەكلەپ، خۇشاللىقىنى پۈتۈن يېزىدىكىلەرگە بىلدۈرگۈسى كەلدى. ئۇ تۆت ئايدىن بېرى ئۆمەرجاندىن بىر پارچىمۇ خەت تاپشۇرۇۋالمىغانىدى. «ئەسلىدە ئۇ كېلىدىغان بولغاچقا، خەت يازمىغانىكەن ـ دە»، مايسەم شۇنداق ئويلاپ، بۇ خۇش خەۋەرنى دوستى خاسىيەتكە ئېيتىشقا ئالدىرىدى.

ھازىر تازا بۇغداي پىشىشقى ۋاقتى، ئېتىزدا ئورما ئورۇش قىزىغان چاغ. مايسەم ھەيدىگەن كومبايىننىڭ دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان بۇغدايلىق ئىچىدە گۈپۈلدەپ مېڭىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ بارلىق خۇشاللىق، ھاياجانلىرىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

— ھارما، قىزىم ! — دېيىشتى كەنت باشلىقى مايسەمگە زوقلىنىپ قاراپ، — يېقىندىن بۇيانقى غەيرىتىڭگە ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ جۇمۇ، — مۇنداق چاغلاردا مايسەم ئۆز كۆڭلىدىكى سېغىنىش تۇيغۇلىرىنى باشقىلار تويۇپ قالغاندەك، ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتەتتى. قانداقلا بولسۇن ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈش مايسەمگە ئاسانغا چۈشمىدى. بۇ ئارىلىقتا مۇنۇ شېئىر ئۇنىڭ يادىغا پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى:

يىللارنى ئۆتكۈزدۈم لېۋىمنى تەمشىپ،
بىراق ئاي سانىماق تەس ئىكەن ئاندىن.
ھەپتە سانىغاندا خىيالچان بولۇپ،
كۈنلەرگە ئۆتكەندە ئۈيقۇدىن قالدىم.

ئۆمەرجان كەلگەن كۈنى مايسەم ئېتىزدىن كېلىپلا ئالدىراشلىق بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى، تېخى يېقىندىلا تىكتۈرگەن ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيىپ، بېشىغا ھاۋا رەڭ نېپىز ياغلىقىنى چىگدى - دە، ئەينەككىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆمرىدە ئەينەككە سانسىز رەت قارىغان، بىراق بۇگۈنكىدەك نازۇك تۇيغۇ، قىزىق ھېسسىياتتا قارىمىغانىدى. ئەينەكتىن ئاپتاپتا كۆيۈپ پىشقان يۈزىنى، قوي كۆزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان قېلىن كىرپىكلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە زوقلىنىپ ئىلللىقىنا كۈلۈپمۇ قويدى. خاسىيەت يېتىپ كېلىش بىلەن، ئۇلار خۇشال ھالدا ئۆمەرجانلارنىڭكىگە قاراپ ماڭدى.

مايسەم بىلەن خاسىيەت ھويلىغا كىرگەندە، پەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئەمدى ئۈزۈلگەن بولۇپ، ئۆمەرجان كاۋا بارىڭى ئاستىدا ھاردۇق ئېشى ئىچىۋاتاتتى. ئۇ ھودۇقۇپ - تەمتىرەپ قىزلارنى قارشى ئالدى.

— ئولتۇرۇڭلار قىزلىرىم، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئۆمەرجاننىڭ ئانىسى باھارخان پايپېتەك بولۇپ، — بىر چىرايلىق كەپسىلەر، ئۆمەرجانغا ھاردۇق ئېشى ئەتكەنىدىم، ئېغىز تېگىڭلار.

— خوش - خوش، بىزمۇ ئاش ئۈستىدىلا كەلدۇق، — دېدى قىزلار. باھارخان بۇلتۇر ئۆمەرجان كېلىپ، مايسەم كۆرۈشكىلى كەلگەندىمۇ مۇشۇنداق خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۆمەرجاننىڭ ھازىرقى بىر قىسما سوغۇق قارشى مايسەمنىڭ كۆڭلىگە تەگدى. ئارىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

قىزلار بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، نېمە دېيىشنىمۇ بىلەلمەي سالپىيىپ يېنىشتى. مايسەم بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئازابلىق خىياللار بىلەن ئاستا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆمەرجاننى مۇنداق قىياپەتتە كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۆمەرجاننىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئۈچ كۈندىن

بىرىقى خۇشاللىقى، ئوتتەك ھېسسىياتى مانا ئەمدى ئۇلتۇرۇۋاتقان ئايدەك ئاستا ـ ئاستا يوقىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— نېمە بولدۇڭ مايسەم، بېشىڭ چۇشۇپلا كەتتىغۇ؟ — دېدى خاسىيەت.

— كۆرمىدىڭمۇ، قاپىقىنى ئاچمىغىنىنى ...

— ئاپىسىدىن ئىزا تارتقاندۇ، ئايرىم كۆرۈشكەندە ئۇچۇق ـ يورۇق سۆزلىشىۋالارسىلەر.

— بولدى، كۆڭلۈمنى ياسىما.

دوستىنىڭ گەپلىرى مايسەمگە تەسەللى بولالمىدى.

تۈن ئۆزىنىڭ قارا پەردىسىنى پۈتۈن ئەتراپقا يايغان چاغدا، مايسەم ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەنكى ئىشلار بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

※ ※ ※

ئۆمەرجان بىلەن مايسەم بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، بىرىنچى سىنىپتىن تارتىپ ئۇچىنچى سىنىپقىچە بىللە ئوقۇغان. ئۇلار قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. ئاخىر بېرىپ بۇ قويۇق دوستلۇق ئىككىسىدە تەڭلا مۇھەببەت پەيدا قىلىشقا باشلىغان ... ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىنمۇ ئىككىلىسى ئۆتۈپ كېتىشكەندى.

بىر كۈنى ئۇلار مەھەللىنىڭ ئايغىدىكى يوغان بىر تۈپ سۆۋادان تۈۋىدىكى ئېرىق بويىدا يانمۇيان ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى.

— شۇنداق، — دېدى ئۆمەرجان، — بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئاخىرىغىچە بىللە بولسۇن، ئوقۇشنى تۈگىتىپ ...

مايسەمنىڭ يۈرىكى تېز ـ تېز سوقۇشقا باشلىدى.

— قانداق دەيسىز ؟ — دېدى ئۆمەرجان يەنە كۆزلىرىنى قىزغا تىكىپ تۇرۇپ، — مەن ئىككىمىزنىڭ مەڭگۈ بىللە

بولۇشىمىزنى خالايمەن ...
قىزنىڭ يۈزلىرى ھۆپپىدە ئوت ئېلىپ كەتتى. ئۆمەرجان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغانىدى. قىز قولىنى تارتىۋالماي، خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن نازلىنىپ قارىدى ـ دە، بېشىنى ئۆمەرجاننىڭ يەلكىسىگە قويدى ...
كۈنلەر ئالىي مەكتەپكە مېڭىش تەييارلىقى بىلەن ئۆتۈۋاتقان چاغدا، مايسەمنىڭ ئائىلىسىگە چوڭ بەختسىزلىك كەلدى: مايسەمنىڭ دادىسى ئاغرىپ قېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا قازا قىلدى. مايسەمنىڭ بىرنەچچە كۈنگىچە كۆز يېشى قۇرۇمىدى. مايسەم قانچىلىك قايغۇغا چۆمگەن بولسا، ئۆمەرجانمۇ شۇنچىلىك قايغۇغا چۆمۈپ، خۇددى ئۆز دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئازابلاندى.
ئەمدى مايسەمنىڭ ئوقۇشقا بېرىش ـ بارالماسلىقى بىر قانچىدىن ئايرىلغان بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. تىرىكچىلىك ئەمدى قانداق بولىدۇ ؟ ئانىسى ئاغرىقچان، ئىككى سىڭلىسى تېخى كىچىك، ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ ئوقۇشقا كېتىش مۇمكىنمۇ ؟ ئاخىر مايسەم ئوقۇشقا بولغان تەلپۈنۈشىنى زورغا بېسىپ، ئالىي مەكتەپكە بارماسلىق قارارىغا كەلدى. مايسەمنىڭ شۇنداق قارارغا كېلىشى ئۆمەرجانغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى، لېكىن نېمە چارە ؟
ئۆمەرجان ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا مايسەم بىلەن ھېلىقى سۆۋادان تۈۋىدە يەنە ئۇچراشتى.
ئاشلىقلار يىغىلىپ بولغان چاغ ئىدى. ئېڭىزلىقلاردا ماللار ئوتلاپ يۈرەتتى. قۇرۇقدىلىپ قالغان ئېتىزلار مايسەمگە ناھايىتى كۆڭۈلسىز كۆرۈنەتتى. ئەنە، ئىككىسى سۆزسىز ئولتۇرۇشىدۇ. ھەر ئىككىسى نېمىدەپ سۆز باشلاشنى بىلمەيدۇ. مايسەمنىڭ كۆزلىرىگە يىغا يامىشىپ تۇراتتى. شۇنداق جىمجىت ھالدا ئۇلار خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، مايسەم بېشىنى كۆتۈرمەستىن:

— شۇنداق قىلىپ ئەته ماڭىدىغان بولدۇڭلارمۇ ؟ — دېدى ئارانلا.

— مېنىڭغۇ سىزنى تاشلاپ ھەرگىز كەتكۈم يوق، بىراق ئوقۇش ئارزۇيىمىز ئاران ئەمەلگە ئاشقاندا بارغىنىم ياخشىمىكىن دەيمەن.

— شۇنداق، — دېدى مايسەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، — جانلا ئامان بولسا، ئۈچ - تۆت يىل دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس، سىز بولسىڭىزمۇ ئوقۇۋېلىڭ.

— ھەرھالدا ئېغىر ... — ئۆمەرجان گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يەرگە قارىۋالدى.

— ياخشى كۆڭلەر تېخى ئالدىمىزدا، خاتىرجەم ئوقۇپ كېلىڭ، — دېدى مايسەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بىراق چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ، مېنىڭدەك سەھرالىق قىزنى ئۇنتۇپ قالامسىزكىن ؟ ...

ئۆمەرجان ئىتتىك بۇرۇلۇپ قىزغا قارىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ بۇ گەپ ئاغزىڭىزدىن قانداق چىقتى ؟

— شۇنداق دېگۈم كېلىپ قالدى.

— مۇنداق ئويلارنى ھەرگىز ئويلىماڭ، مېنىڭ قەلبىمگە ۋاپاسىزلىق سىغمايدۇ، مەن سىزنى جېنىمدىن ئارتۇق كۆرىمەن، مايسەم !

مايسەمنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— ماڭا ئىشەنمەيدىغان ئوخشىمامسىز ؟

— ياق، ئۆمەرجان، سىزگە ئىشىنىمەن، ھەرھالدا مېنى ئۇنتۇپلا قالمىسىڭىز بولدى.

ئايرىلىش مىنۇتلىرى ئېغىر كەلدىمۇ ياكى ئوقۇشقا بارالماسلىق ئېغىر بىلىندىمۇ، ئەيتاۋۇر قىزنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ياش تامچىلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئەتىسى ئۆمەرجان بىرنەچچە ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتى. مايسەم ئۇلار چۈشكەن ماشىنا كۆزدىن غايىب

بولغۇچە پەرەڭ ياغلىقىنى سىلكىپ ئۆزىتىپ قالدى.

كۇنلەر ھەپتىلەرنى، ھەپتىلەر ئايلارنى قوغلاپ ئۆتىۋەردى. مايسەم كەنتنىڭ يارامىلىق ئەمگەك كۈچى بولۇپ قالدى. ئۆمەرجان كېتىپ بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ قول تىراكتورى ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدى. ئازراق بىكار ۋاقىت تاپسىلا گۇڭشې تىراكتور پونكىتىغا كىرىپ، ماشىنىلارنى رېمونت قىلىشقا ئۆزلۈكىدىن قاتناشتى. تولۇق ئوتتۇرىنى ياخشى نەتىجە بىلەن تۈگەتكەن بۇ قىز ئۇچۇن زاپچاسلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش ئانچە قىيىنغا چۈشمىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ماشىنىلارنىڭ تىلىنى خېلى ئوبدانلا بىلىۋالدى.

شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە، گۇڭشېغا يېڭىدىن ئىككى كومبايىن ئەكېلىندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مايسەم گۇڭشې پارتكومىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ:

— شۇجى، كومبايىننىڭ بىرىنى ماڭا بېرىڭلار، — دېدى قەتئىيلىك بىلەن.

— قىينىلىپ قالامسىزكىن ؟ — دېدى شۇجى كۈلۈمسىرەپ.

— نېمە؟ — مايسەم ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — مېنى ھەيدىيەلمەيدۇ دېمەكچىمۇ سىز، ئوغۇللار قىلالىغان ئىشنى قىزلار نېمىشقا قىلالمايدىكەن؟! مەن چوقۇم ھەيدىيەلەيمەن.

مايسەم كومبايىننىڭ رولىنى قولىغا ئېلىپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىر ياخشى كومبايىنچى بولۇپ قالدى. قىزغا ھەممىسىنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان بولدى.

«قىز بولسا شۇنداق بولسا، — دەيتتى كىشىلەر، — بەختىخانىنىڭ ھەقىقەتەن بەختى كەلدى، بەزى ئەرلەر قىلالمىغان ئىشنى شۇ قىز قىلىۋاتىدۇ. دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەيۋاتىدۇ ...» مەھەللىدە مايسەمنىڭ ھۆرمىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا ئىدى. شۇنداق ئىشچان، پەملىك قىزنى كېلىن قىلىۋېلىش ئارزۇسىغا چۈشكەن ئانىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئۆمەرجان ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن، مايسەم ئۇنىڭدىن قانائەتلەنگۈدەك خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۆمەرجان خەتلىرىدە، ئوقۇشىنىڭ تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇۋاتقانلىقى، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىڭ قايناق ـ جۇشقۇن ئۆتۈۋاتقانلىقى، بۇ كوللېكتىپ ھايات ئىچىدە مايسەمنىڭ يوقلۇقىغا بەكلا ئېچىنىدىغانلىقى، ئۇنى دائىم سېغىنىدىغانلىقى ھەققىدە يازاتتى. مايسەممۇ جاۋاب خەتلىرىدە، ئۆمەرجاننى تىرىشىپ ياخشى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئۆزىدىمۇ سېغىنىش ئوتلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقانلىقى ھەققىدە يازاتتى. بۇ چاغلاردا ھەر ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك ئىدى.

ھازىر مايسەمنىڭ دۈم يېتىۋېلىپ ئۆپكىلەپ يىغلاشلىرىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئىشلار ئەنە شۇ ئىدى.

ئۆمەرجان ھەر قېتىمقى خېتىدە: مەن سېنى سېغىندىم، ساڭا ئاخىرىغىچە سادىقمەن، ۋاپاسىزلىق قەلبىمگە سىغمايدۇ، دېگەن ئەمەسمىدى ؟ مايسەم بۈگۈن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆز مەشۇقىغا چىرايىنى ئاچماسلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئىشلار نېمىدۇ؟

※ ※ ※

ئۆمەرجان ئوقۇشقا كېلىپ، ئىككىنچى يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۆزى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ھۆرىيە دېگەن بىر ساۋاقدىشى قىزلار تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان بىر ئىش قىلدى. ھۆرىيە ئۆمەرجانغا ئۆز مۇھەببىتىنى ياپتا گەپلەر بىلەن بىلدۈرۈپ بىر پارچە خەت يازدى. ئۆمەرجان خەتنى ئېلىپ، ئۇنسىز خىيالغا پېتىپ يۈردى. ھۆرىيەنىڭ ئويناق كۆزلىرى، خۇش پىچىم بوي ـ بەستى، يارىشىملىق كىيىنىشلىرى بارغانسېرى ئۆمەرجاننىڭ قەلبىدە ئىشق ئوتى پەيدا قىلىشقا باشلىدى. كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئويلىماي بولمايتتى. «قانداق قىلسام بولار؟ ئوقۇشنى تۈگەتسەم، دۆلەت بىرەر چوڭ شەھەرگە

تەقسىم قىلسا، مايسەمنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغىلى بولارمۇ ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ كېلەڭسىز كومبايىنى بىلەن ئېتىزدىن باشقا قەيەرگىمۇ يارىشار؟ ئۇ چاغدا ئۆمرۇم شۇ دېھقان قىزى بىلەن ئۆتەرمۇ ؟ ھۆرىيەچۇ ؟ ئۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش ... قانداق قىلسام بولار ... »

ئۆمەرجان بىلەن ھۆرىيە مەكتەپ باغچىسىدا، رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان گۈللەر يېنىغا ئورنىتىلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. بۇ يەرگە ئۆمەرجان قىزنى باشلاپ چىقتىمۇ ياكى قىز ئۆمەرجاننى باشلاپ چىقتىمۇ ئۇنىسى بىزگە قاراڭغۇ. ھەرھالدا ئۆمەرجان بۈگۈن ھۆرىيەنىڭ ئۆزىگە يازغان ياپتا خېتىنىڭ مەنىسىنى، يەنى ھۆرىيەنىڭ مەيلىنى ئوچۇق ئۇقماقچىدى، ئۆمەرجان ئاخىر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، گەپ باشلىدى:

— سىز ئۇسسۇلنى ياخشى ئوينايدىكەنسىز، — دېدى ئۆمەرجان ھۆرىيەنىڭ قاچاندۇر بىر چاغدا ئوينىغان ئۇسسۇلىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— مېنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىمنى سىز قاچا كۆرگەن ؟ — دېدى قىز ھەيران بولۇپ.

— ھېلىقى كۆڭۈل ئېچىش كېچىسىدىچۇ.

ھۆرىيە بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇسسۇلنى ياخشى ئوينىغان بىلەن ... بىراق، بىز كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايمىز ـ دە ! ... — دېدى.

— قانداق كۆڭۈل ئىكەن ئۇ، شۇنداق چىرايلىق ئويىنىسىمۇ ئېرىمەيدىغان ؟

— ئۆزى بىلەر ...

ئۆمەرجان ئۆز مۇھەببىتىنى شۇنچە ئاشكارا بىلىندۈرۈپ تۇرغان ھۆرىيەنىڭ بۇ گەپلىرىگە قانائەت ھاسىل قىلماي يەنە گەپ تاشلىدى:

— مەن سىزنىڭ ئۇسسۇلىڭىزنى مەڭگۈ كۆرۈشنى خالايتتىم.

— مەيلىڭىز ...

ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرگە ھاجەت قالمىغانىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆمەرجان مايسەمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى ـ دە، ھۆرىيە بىلەن قەدىردان بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىمۇ ئاز قالدى.

※ ※ ※

شۇنداق قىلىپ، ئۆمەرجاننىڭ يېزىغا كېلىشى مايسەم ئۈچۈن ھېچقانداق خۇشاللىق ئېلىپ كەلمىدى. ئۇ ئۆمەرجان ئىككىسىنىڭ تالاي قېتىملىق شېرىن سۆھبەت ـ ۋەدىلىرىگە، ئىسسىق نەپەسلىرىگە گۇۋاھچى بولۇپ قالغان ھېلىقى بىر تۈپ سۇۋادان تۈۋىگە كېلىپ ئۇزاق يىغلىدى ...

ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن سۇۋادانغا باشتىن ـ ئاياغ تىكىلدى. خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش يەككە ـ يېگانە تۇرغان بۇ دەرەخ ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر مۇڭ بىلەن ھەسرەتلىنىپ شىۋىرلاۋاتقاندەك بىلىندى ...

مايسەم غەمكىن كۆزلىرىنى يىراقلاردىكى ئاقىرىپ كۆرۈنگەن تاغلارغا تىكتى. ئۇ مەيۈس ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈن ئەزايى بەدىنىنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى ۋە مەھەللە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قالدى: «ياق، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، — بۇنداق بوشىشىپ كەتكىنىم نېمىسى؟ مەن ئوي ـ خىياللىرىمنى نېمىگە سەرپ قىلىۋاتىمەن؟ ...»

مايسەم مەھەللىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ قەلبىدىكى ھەممە دەردلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن چىقىرىۋەتكەندەك قەدەملىرىنى يېنىك ئېلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ھاياتقا تەلپۈنۈشى، ئارزۇلىرى ھەسرەتلىرىدىن ئۈستۈن كەلگەنىدى. ئۇ بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى ئۆزىگە قەدىناس بولۇپ قالغان قىپقىزىل رەڭلىك

كومبايىنىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، رولىغا چەبدەسلىك بىلەن سەكرەپ چىقتى.

※ ※ ※

ئۆمەرجان ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ھۆرىيە بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ ۋاقىتنى چاغ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ھۆرىيە بىلەن بىر يەرگە خىزمەتكە چىقسا، ئۆز تۇرمۇشىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە ئىشەنچى كامىل ئىدى.

لېكىن، شۇ كۈنلەردە ئۆمەرجاننىڭ دادىسىنىڭ تارىخىدا مەسىلىسى بارلىقى ئېنىقلانغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر مەكتەپكە يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى داۋالغۇتۇۋەتتى. كۈتمىگەندە پەيدا بولغان بۇ خەۋەر ھۆرىيەنى قاتتىق ئويغا سېلىپ قويدى. كەلگۈسىنى ئويلىغانسېرى قىزنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆمەرجاننىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى غۇۋالىشىشقا باشلاپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولدى. ئۇ ھەر خىل ئوي ـ خىياللار بىلەن بىر ھەپتىنى گاڭگىراپ ئۆتكۈزدى. باشقىلاردىن قايتا ـ قايتا سۈرۈشتۈرگەندە، ئۆمەرجاننىڭ دادىسىنىڭ تارىخىي جىنايىتى ئېنىقلىنىپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەنلىكى راست بولۇپ چىقتى. «بىر ئىشپىيوننىڭ ئوغلى بىلەن ئۆتكۈزگەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرى نېمە بولار ؟ — دەپ ئويلىدى قىز، — گۈلدەك ياشلىقىمنى ئۆزۈم خازان قىلايمۇ ... شۇكۇر، ھېلىمۇ ياخشى بۇرۇنراق بىلىپ قالغىنىم ...» ھۆرىيە ئاخىرقى قارارغا كەلدى ـ دە، ئۆمەرجانغا ئىككىلىك خەت يازدى:

«ئۆمەرجان !

سىزنىڭ ئائىلىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئىككىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇشىمىزغا كۆلەڭگە سېلىپ قويدى. مەن سىزدىن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزۈش قارارىغا كەلدىم. مەندىن رەنجىمەڭ!

— ھۆرىيە»

مەكتەپتە ئۆمەرجاننىڭ دادىسى توغرۇلۇق گەپ ـ سۆزلەر تارقىلىپ، ئۆمەرجانغا بولغان قاراشلارمۇ ئۆزگىرىپ قالدى. ئۆمەرجان دادىسىنىڭ تارىختا شۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى زادى ئاڭلىمىغان، «راست شۇنداقمىدۇ، ـــ دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىشەنگۈسى كەلمەي، ـــ ئۇنىڭ دادىسى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئەمەسمىدى، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىپ بارىدۇ ـ ھە ؟»

«كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، دادىسى توغرىسىدىكى ئىشلار ئۇنىڭغا قانچىلىك ئېغىر بىلىنگەن بولسا، كۈتمىگەندە قىزدىن ئالغان خەت ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بىلىندى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئېغىر قايغۇغا چۆكتى. قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرسۇنمۇ ؟ ياق، ئېغىر كۈنلەردە يۈز ئۆرۈگەن قىز ساڭا قانداقمۇ ئاخىرىغىچە ھەمراھ بولالىسۇن ؟ !

ئۆمەرجان ئەلەم ئوتىدا كۆيۈپ تولغاندى، بىر ـ ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا جۇدەپ سارغىيىپ كەتتى. لېكىن، ئۆمەرجاننىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويدى. ئۇ ۋاپاسىزلىقنىڭ قانچىلىك قاتتىق دەرد ـ ئەلەملەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ كەلگۈسىدە ماڭا بەخت ئاتا قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ھۆرىيە ھازىر ئۇنىڭ كۆزىچىلا باشقا يىگىتلەرگە سۈركىشىپ يۈرەتتى. «نومۇسسىز» دەيتتى ئۇ ئىچىدە ھۆرىيەگە قاراپ. بىراق ئۇنىڭ ئۆزىچۇ ؟ مايسەممۇ ئۇنى «نومۇسسىز» دەپ ھەقلىق رەۋىشتە تىللىغان بولغىيدى ... ئۆمەرجان كېچىلىرى خىيالغا چۆككەندە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېزىسى، يېزىدىن ئېتىزلارغا كەتكەن يوللار ۋە ھېلىقى بىر تۈپ قەدىردان سۆۋادان كېلىدىغان بولدى ...

※ ※ ※

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپمۇ كەتتى.

ناھەقچىلىكتىن پاجىئە ۋە دەرد ـ ئەلەملەرگە ئۇچرىغان مىڭلىغان ـ مىليونلىغان ئائىلىلەرگە خۇشاللىق خەۋەرلىرى

كېيىنى - كەيىنىدىن كېلىشكە باشلىدى. كىشىلەر كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشتى. ئۆمەرجاننىڭ ئائىلىسىگىمۇ شۇنداق خەۋەر كەلگەنىدى.

ئۆمەرجاننىڭ دادىسى ئاقلىنىپ، ئۆز خىزمىتىگە قايتىپ كىرىشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ئۆمەرجان يەلكىسىدىن ئېغىر تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىك ھېس قىلدى. ئوقۇشلار تۈگەپ، ئۆمەرجان يۇرتىغا قايتتى.

ناھىيەگە كەلگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىدارىسى ئۇنى ئۆز گۇڭشېسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلدى. ئۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ گۇڭشېغا قاراپ يولغا چىقتى. تونۇش يەرلەر ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنچە ئىللىق كۆرۈنەتتى. ئۇ يول بويى ئۈزۈلمەس خىياللار بىلەن كەلمەكتە ئىدى: «... داۋالغۇلۇق يىللاردا مېنىڭمۇ ھاياتىم داۋالغۇپ ئۆتتى، كۆڭلۈمدە ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغان ئاجايىپ ئىشلارمۇ بولدى ... ئەمدى شۇنىسى يامانكى، مايسەم بىلەن يەنە بىر يەردە ياشايدىغان بولدۇق. ئۇنىڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ؟ باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتسەم بولارمۇ ؟ تېخى ئىشلىمەي تۇرۇپلا، شۇنداق تەلەپلەرنى قويۇش قىيىن - دە ... ياق، ئالدىغا بارسام، خاتالىقىمنى بوينۇمغا ئالسام، نېرى تۇر دېمەس، ھەرھالدا قىز بالىغۇ ...»

شۇنداق ئازابلىق خىياللار بىلەن ئۇ گۇڭشې تىراكتور پونكىتىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى.

ئۆمەرجاننىڭ كۆزى بىردىنلا ئۆزىدىن خېلى يىراقلىقتىكى ئانىسى بىلەن مايسەمگە چۈشۈپ قالدى - دە، كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. مايسەم چېلەكلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن پۈشۈلداپ كەتكەن ئۆمەرجاننىڭ ئانىسىنىڭ مۈرىسىدىن ئەپكەشنى ئېلىۋاتاتتى.

ئۆمەرجان «مايسەم مېنى كۆرسە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، يۈزۈمگە تۈكۈرەر، ھەتتا بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرگە قاراپمۇ قويماس ...» دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئاغرىقچان ئانىسىغا كۆيۈنۈپ،

مۇرىسىدىن ئەپكەشنى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن خىجالەت بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن باشقىچە قاراشقىمۇ كېلىپ قالدى.

ئۆمەرجان ئىككى ھەپتىدىن بېرى، ئاللىقاچان ئۈزۈلگەن مۇھەببەت رىشتىسىنى باغلاش ئۈچۈن تەمشىلىپ يۈرەتتى، قايسى كۈنى ئانىسىمۇ ئەتەي ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «كېلىن قىلسا، شۇنداق قىزنى كېلىن قىلسا، كىشىدە نە ئارمان؟! بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن چاغدىمۇ مۇئامىلىسى ئوخشاشلا بولدى، نېمىدېگەن تەمكىن قىز ئۇ» دېگەنىدى.

ئاخىر ئۆمەرجاننىڭ تەكلىپى بىلەن مايسەم ھېلىقى سۇۋادىننىڭ تۈۋىگە كەلدى. قىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ئۆمەرجاندا ئېنىق ھالدا بىر ئۈمىدنى پەيدا قىلىپمۇ قويدى.

— شۇنداق مايسەم، — دېدى ئۆمەرجان سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ، — مېنى ئەپۇ قىلىڭ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ناھايىتى خىجىلمەن.

قىز كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالدى ـ دە، ئۆمەرجانغا نەشتەردەك تىكىلدى، لېكىن گەپ قىلمىدى.

— بىز بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى بىلىدىغان، مىجەز ـ خۇلقىمىزمۇ بىر ـ بىرىمىزگە ياقىدىغان قەدىناسلاردىن ئىدۇق، شۇڭا بۇرۇنقى ئوتلار ئۆچمىگەندۇ، دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئۆمەرجان، — مېنىڭ باسقان قەدەملىرىم ...

— بولدى، — دېدى قىز دەرھال، — ئۆتكەن ئىشلاردىن تولۇق خەۋىرىم بار، ئەمدى كونا دەردلەرنى قوزغىماڭ، مەن سىزنىمۇ، ئۆتكەن ئىشلارنىمۇ تولۇق ئۇنتۇدۇم.

ئۆمەرجان تولغىنىپ كەتتى. كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز يەرگە تىكتى. ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى قاراڭغۇلۇققا كىرىپ، ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ، غايىب بولۇپ ئۆچمەكتە ئىدى. ئۇ خىجىللىقتىن بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى:

— مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىشلار بولۇپ قالىدىغۇ ؟ !

— سىز مۇھەببەتنى بىلەمسىز، ئۆمەرجان، — دېدى مايسەم ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — مەن بۇ يەرگە ئوتتۇرىمىزدىكى ئۈزۈلگەن مۇھەببەت رىشتىسىنى قايتا باغلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىزگە ئاخىرقى بىر - ئىككى ئېغىز سۆزۈمنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈنلا كەلدىم. ئۆز ۋاقتىدا مەن سىزنى ھەرقانداق ئادەمگە تەڭلەشتۈرمەيتتىم. مۇھەببەت نازۇك ھەم ساپ نەرسە، ۋاپاسىزلىق ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالامدۇ ؟ ئۇجمە كۆچۈل بولۇپ، شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرۈش — ھەرقانداق ئادەمنى پەسلەشتۈرىدۇ، ئېيتىڭا، ئۇنداق ئادەم بىلەن ئۆمۈرلۈك بولۇشنى كۆڭۈل كۆتۈرەرمۇ ؟ ! ... لاي سۇلار ئېقىپ تۈگىدى، ئۆمەرجان، ئەمدى ئاقالمايدۇ !

ئۆمەرجاننىڭ يۈزى خۇددى ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك قارىيىپ كەتتى ۋە پۈتۈن ئەزايى بەدىنى بوشىشىپ، تۇرغان ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپلا قالدى.

مايسەم تېز - تېز قەدەم تاشلاپ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتتى.

مايسەم ئاخىرقى قېتىم تۇنجى ساپ مۇھەببىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ھېلىقى قەدىردان سۇۋادانغا كۆز تاشلىغانىدى، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ يېنىك ئۇرۇلۇۋاتقان شامالدا ئاستا - ئاستا تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ...

1990 - يىلى، غۇلجا

# ئۈچ قېتىم دۇدۇقلىغاندىن كېيىن ...

ئىدارە بويىچە خاتا دېلو، ئۇۋال قىلىنغان دېلو، يالغان دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشتا، ھازىرغىچە ئىشلەنمەي كېلىۋاتقان دېلو بار. بۇ دېلونى بۆلۈم باشلىقى ئاتاۋۇللا تۇرغۇزغان، ئۇ چاغدا ئۇ بۆلۈم باشلىقى ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى بۆلۈم ئەزاسى ئىدى. مۇشۇنداق دېلولار تۇرغۇزۇلۇپ كۆپ ئۆتمەي ئۇ بۆلۈم باشلىقلىققا كۆتۈرۈلگەن.

ئىدارە باشلىقى بىر كۈنى ئاتاۋۇللانى چاقىرىپ:

— بۇ دېلونى ئۆز ۋاقتىدا سىز تۇرغۇزغانىكەنسىز، ئەمدى قۇرۇق گەپلەرگە ئىشىنىپ كەتمەي، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، تېز ئارىدا بىر ياقلىق قىلىۋېتىڭ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئاتاۋۇللا ئۆزى ئىشلەپ پۈتكۈزگەن بۇ دېلونى يەنە قولىغا ئالدى.

تۈنۈگۈن ئىدارە باشلىقى بۇ خىزمەتنى ئاتاۋۇللاغا تاپشۇرغاندا، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. بۈگۈن بۇ دېلونى ۋاراقلاپ قايتىدىن كۆرۈۋاتقان چاغدا قوللىرى تىترەشكە باشلىدى، ھېلىمۇ ياخشى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، بۇ كىشىنىڭ ئاساسىي سىياسىي جىنايەتلىرىدىن باشقا يەنە «جىددىي مەسىلىلەر»مۇ چىقىپ قالدى.

«خۇداغا شۈكۈر، — دەپ ئويلىدى ئۇ خۇددى يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان تاغ ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ، — ھېلىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالىغۇدەك ئىش چىقىپ قالدى، بولمىسا قانداقمۇ قىلاتتىم ؟» ئۇ پېشانىسىدىن پۇرقىراپ چىققان سوغۇق تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— بۇ دېلونى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدىكەن، — دېدى خۇددى گۆھەر تېپىۋالغان ئادەمدەك خۇشال بولۇپ.
— قېنى، قانداق ؟
— بۇ كىشىنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرى ئاغدۇرۇلۇپ تۇرمىدىن بوشىتىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىكەن.
ئىدارە باشلىقى قولىدىكى قەلەم بىلەن ئۇستەلنى ئاستا چېكىپ، ئويلانغان ھالدا سورىدى:
— قانداق جىنايەتلەر بىلەن خىزمىتىدىن ھەيدىلىپ تۇرمىگە ئېلىنغان ؟
ئاتاۋۇللا دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:
— سىياسىي مەسىلىلىرى ھەم باشقا مەسىلىلىرى بىلەن.
— سىز مېنىڭ گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز ؟
— مەن ... مەن تەپسىلىي كۆردۈم.
— ئۇنىڭ تۇرمىدىن چىقىش - چىقماسلىقى، خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىش - كەلمەسلىكى توغرىسىدا ھازىرچە ئويلانماڭ، بۇ پارتىيەنىڭ سىياسىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.
— باشقا مەسىلىلىرىنىمۇ بوش چاغلاشقا بولمايدىكەن، — دېدى ئاتاۋۇللا يەنە.
— قېنى ئەكېلىڭە، مەن كۆرۈپ باقاي.
ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ قولىدىن دېلونى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئاتاۋۇللا ئۇنىڭدىن ئۆز كۆڭلىگە ياققۇدەك سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئىدارە باشلىقى دېلودىكى بىرىنچى مەسىلىنى كۆرۈۋېتىپ سورىدى:
— «قايتۇرما ھېساب ئالغۇچى ئۇنسۇر» دېگىنىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە ؟
— ئۇ دادىسىدىن قالغان قورۇ - جاينىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە قارشى چىققان، قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.
— ئۇنىڭ مىراسقا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى يوقمىكەن ؟

ئاتاۋۇللا دۇدۇقلاپ قالدى.

— خوش، مۇنۇ ئىككىنچى مەسىلە «ئىستىلدا چىرىك» دېگىنىڭىزچۇ ؟

— ئۇ، كېچىسى بىر ئايالنىڭ دېرىزىسىنى چەككەن.

— چەككەندە نېمە ئىش بولغان ؟

— نېمە بولغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ئۇلگۇرەلمەي قالغان، لېكىن ئۇنىڭ ئۇستىدە گۇمانلار كۆپ ئىدى.

— سىزچە، ئۇنى گۇمان بىلەن بىر ياقىلىق قىلىۋەتسە بولارمۇ ؟

ئۇ يەنە دۇدۇقلاپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، مۇنۇ ئۇچىنچى مەسىلە «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن قانداق ئىش ؟

— ئۇ چەت ئەل بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشقان.

— قانداق خەت ؟ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق خېتىمۇ ياكى ئاخبارات خاراكتېرىدىكى خەتمۇ ؟

ئاتاۋۇللا بۇ قېتىممۇ دۇدۇقلاپ قالدى، لېكىن تەن بەرمەي سۆزلەشكە تەمشەلدى:

— ئۇ چاغدىكى ئالدىراشلىقتا بۇ مەسىلىنىمۇ ئېنىقلاشقا ئۇلگۇرەلمەي ...

— بولدى قويۇڭ، — دېدى ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇزۇپ ۋە غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىز مۇشۇنداق قاراشلىرىڭىز بىلەن بۇ دېلونى بىر ياقىلىق قىلالمايدىكەنسىز، بولدى، بۇنى باشقا ئادەم ئىشلەيدۇ !

ئاتاۋۇللا تالاغا چىققاندا پۇتۇن ئەزايى بەدىنىنىڭ تەرلەپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى ۋە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى - دە، خىيالغا چۆكتى: «مېنى ھوقۇقتا، ئابرۇيغا ئىگە قىلغان ئاشۇنداق دېلولار ئەمەسمىدى؟ ! ئەمدى بۇلار ئاغدۇرۇلۇپ كەتسە، مېنىڭ ھوقۇق - ئىناۋىتىم پۇت تىرەپ تۇرالامدۇ ؟ ... ئاھ ! ... خۇدا !»

ئۇ يوغان تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پۈرلىشىپ كەتكەن يۈزىنى، ياشقا تولۇپ مۆلدۈرلىگەن كۆزىنى، ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى ئارىسىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەر تامچىلىرىنى كۆردى ... ئۇ قولىغا قونغان بەخت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ كېتىپ بارغانلىقىغا تولغىنىپ، ئەلەملىك ئوتلار ئىچىدە قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

1980 ـ يىلى فېۋرال، غۇلجا

# روستەم

يۈزگە يېقىن ئادەمدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا قارىماي، كۆزلىرىدە غەلىبە ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان باتالىيون كوماندىرى يېزىۋاتقان خېتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى.

«... ئۇ پەقەت ئەسىرگە ئوخشىمايدۇ. شۇنچىلىك چىدامىلىق ۋە روھلۇقكى، ئىككى سائەتلىك قىيناش، سوراق قىلىش جەريانىدا زادىلا باش ئەگمىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ ئالتە ئوغرىنىڭ مۇھىم ئادىمى بولسا كېرەك. ھۆرمەتلىك قوماندان، سىزنىڭ ‹قانچىلىك چىقىم تارتساڭلارمۇ ئوغرىلارنىڭ بىرەر ئادىمىنى بولسىمۇ تىرىك قولغا چۈشۈرۈڭلار› دېگەن يوليورۇقىڭىز بويىچە، بۇ ئوغرىنى ئۆزۈم قولغا چۈشۈردۈم. بۇنىڭ پوچىلىقىنى قارىماسىز، بىز ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن قاپساپ، شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇ باشقا ئادەملىرىنى چېكىندۈرۈۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز بىز بىلەن ئېلىشتى. مەن قوشۇنغا ئۇنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ، تىرىك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇم ـ دە، ئۆزۈم بىر گۇرۇپپا ئادەم بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئۇنى پەم بىلەن تىرىك تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم ... ئەسىرنى ئالدىمغا سېلىپ سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىغا كەلگىنىمدە، باشقا ئوفىتسېرلار مېنى تەبرىكلىشىپ: ‹بەختىڭ بار ئىكەن، بەختىڭ. تېخىمۇ شان ـ شەرەپكە ئىگە بولىدىغان بولدۇڭ› دېيىشىپ كەتتى. ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنىڭ تېزرەك قولغا كېلىشى ئۈچۈن ئەسىرنى دەرھال ئالدىڭىزغا يوللىدىم ...»

ئۇ يازغان خېتىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى نېرىراق سۈرۈپ قويدى ـ دە، خوتۇنىغا خەت

يېزىشقا كىرىشتى ۋە خېتىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق تۈگەتتى.
« ... چىرايلىقىم، مەن ئۇرۇشقا ماڭىدىغان چاغدا مېنى ھەشەمەتلىك ئۇزىتىشقىنى ئېسىڭدىدۇ ؟ زىياپەتتە قوماندان قولىغا قەدەھ ئېلىپ، ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا بېقىپ، ئەگەر ئۇرۇشتا غالىب بولۇپ قايتسىڭىز، ھېچبولمىغاندا ئوغرىلارنىڭ بىرەر ئادىمىنى تىرىك قولغا چۈشۈرسىڭىز، مەرتىۋىڭىزنىڭ يەنە قانچىلىك ئۆسىدىغانلىقىنى يادىڭىزدىن چىقارماڭ، دېگەن ئەمەسمىدى ؟ مەن قوماندانىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشنى قىلالىدىم. مېنى تەبرىكلە، ئوغرىلارنىڭ مۇھىم بىر ئادىمىنى قولغا تىرىك چۈشۈردۈم. ئەمدى مېنىڭدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ. پات ـ يېقىندا باشقىلارنىڭ ئىچىنى ئادىتىپ، پولكوۋنىك ئۇنۋانىنى تاقاپ، داغدۇغا بىلەن قايتىدىغان ئېرىڭنى كۈتۈۋېلىشقا ئوبدان تەييارلىق قىل ! ...»
1944 ـ يىلى كەچ كۈزدە چوڭ قاراسۇدا بولغان ئۇرۇشتا نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ رۇستەم ئىسىملىك جەڭچىسىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ باتالىيون كوماندىرى ئىلى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانىغا ۋە خوتۇنىغا غەلىبە مەستلىكى ئىچىدە يازغان خېتىنى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ ئىككى پارچە خەتنى چىرايلىق قاتلاپ ئىككى كونۋېرتقا سالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى.
قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايغى بېسىلغاندىن كېيىن ئىشىك ئالدىغا بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى. ماشىنىغا لىق يۈك بېسىلغانىدى. قولى باغلانغان رۇستەمنى ماشىنىدىكى يۈكنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇشتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا مىلتىق تۇتقان ئىككى ئەسكەر جايلاشتى. ماشىنا گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى. ھېلىقى باتالىيون كوماندىرى شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوفىتسېرنى يېنىغا تارتىپ:
—— مەن ئېيتقان سۆزلەرنى ئۇنتۇپ قالما، قوماندانغا: بۇ ئوغرىنى باتالىيون كوماندىرى ئۆزى ئەسىرگە ئالدى، دېگىن.

خەتنى ئوبدان ساقلاپ يەتكۈز، ئۇقتۇڭمۇ ! پەخەس بولۇڭلار، يوللاردىمۇ ئوغرىلارنىڭ ئادەملىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئالدىڭلارنى توسۇپ قالسا، بوشاڭلىق قىلماي، دەسسىتىپ ئۆتۈپ كېتىڭلار ... ـــ دېدى.

ماشىنا گۇرۇلدەپ مېڭىپ قىزىل كۆتەلدىن چىقتى ـ دە، تۆۋەنگە ـــ دۆڭمازار تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى نەشتەردەك سانجىلاتتى. رۇستەم ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال بىلەن كېتىپ باراتتى. «مېنى نەگە ئېلىپ بارار ؟ ... ئەلۋەتتە، ئىلى قوماندانلىق ئىشتابىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە دەرھال سوراق قىلىدۇ. مېنىڭدىن جاۋاب ئالمەن دەپ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشمە. ھېلىغۇ ئۇرۇپ باشلىرىمنى ياردىڭ، بەدەنلىرىمنى قىيما ـ چىيما قىلىشساڭمۇ باش ئەگمەيمەن، ھامان بىر ئۆلۈم. لېكىن، ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىم بەك ئاز بولۇپ قالدى ـ دە، ئىسىت ! ...»

ماشىنا دۆڭمازاردىن ئۇزاپ چىققاندا، رۇستەمنىڭ سول تەرىپىدىكى ئەسكەر مىلتىقىنى تۇتقىنىچە ئۇخلاپ قالدى. ئوڭ تەرىپىدىكى ئەسكەر بولسا كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە ئەتراپقا قاراپ ئولتۇراتتى. ماشىنا كاتاڭلاردىن سىلكىنىپ ئۆتۈپ بارغانسېرى ئىتتىكلەپ كېتىپ باراتتى، رۇستەمنىڭ خىياللىرى داۋاملاشماقتا ئىدى. «... شەھەرگىمۇ ئاز قالدۇق. بىكاردىنلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ ؟ ھېچ بولمىغاندا يەنە بىرىنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى ...»

رۇستەم قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن يەتتە دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن ئارمانلىرى ئىشقا ئاشماستىن، زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىپ تۈگەتمەستىنلا قولى باغلىنىپ قالغانىغا بەكمۇ تىت ـ تىت بولاتتى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېزىسى، يالغۇز ئانىسى كەلدى. نىلقا

تاغلىرى ئارىسىدىكى پارتىزانلارغا يېزىدىن ئۇلار بەش كىشى كېلىپ قوشۇلغانىدى. «ھېچ بولمىسا بەشىمىزدىن بىر ـ ئىككى كىشى ساق قالار، ـــ دەپ ئويلايتتى رۇستەم، ـــ ئاپام بۇ يەردىكى ئىشلىرىمدىن خەۋەر تاپار، ئوغلۇم ئەجرىمنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىپتۇ، دەپ رازى بولار، خەير، ئاپا ... ئاخىرقى قېتىم مۇنۇ يېنىمدىكى مەخلۇقنى گەۋدەم بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ ئاندىن ئۆلەي، شۇنداق قىلىشقا نىمىشقا بولمايدىكەن ...»

ماشىنىنىڭ ئۈستىدىن بىر قۇش ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. رۇستەم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ يەنە خىيالغا پاتتى. «تۇندە ئۇچقان يالغۇز قۇش ئۆز توپۇڭدىن نېمىشقىمۇ ئايرىلىپ قالغانسەن ؟ يېگانە ھالدا قەيەرگە سەپەر قىلغانسەن ؟ ئېھتىمال ساڭا بىرەر پالاكەت كەلگەندۇ ياكى يالغۇز ئۇچۇشنى خالايدىغانسەن ؟ مەنچۇ ؟ مەنمۇ ئۆز سېپىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. سەپداشلىرىمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىيما ـ چىيما بولۇشقا رازى بولۇپ كېتىپ بارىمەن ...»

ماشىنا گۈرۈلدەپ يۈرمەكتە ئىدى. رۇستەم ئىككى يېنىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ ـ قاراپ قويىاتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەسكەرنىڭ بىرى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، يەنە بىرى تېخىچىلا ئويغاق ئىدى. ماشىنا ئۇنىيارىيۇزى ئەتراپىغا كېلىپ، بىر كىچىك دۆڭگە يامىشىپ، سۈرئىتى ئاستىلىغاندا، رۇستەم مۈگدەپ ئولتۇرغان ئەسكەرنى كۈچەپ بىر مۈرىدىدە ـ دە، ئىككىسى بىراقلا ماشىنىدىن دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

رۇستەم ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ئۈستىگىلا چۈشكەنىدى. «ۋاي !» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن دۈشمەننى ئۇ قاتتىق دىسلىدى. بوينىنى ئىككى پۇتى ئارىسىغا ئېلىپ قاتتىق قىسىشقا باشلىدى. ئەسكەر پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ تېپىرلايتتى، بىردەملىك قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن، ھېلىقى مەخلۇق خارقىراپ سۇنايلىنىپ ياتتى ... رۇستەم ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى يالغۇز قۇش قايتىپ كېلىدىغاندەك يەنە ئاسمانغا قارىدى. ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار

جىمىرلايتتى.

بۇ چوڭ يولدىن يەنە گومىنداڭ ھەربىي ماشىنىلىرى ئۆتۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاباپىقى ماشىنىدىكى ئۇخلاپ قالغان ئەسكەر ئويغىنىپ قالسىمۇ، چۇقان سېلىپ ماشىنىنى ئارقىغا قايتۇرۇپ يېتىپ كېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

رۇستەمنىڭ يانغان كۆزلىرى يولنىڭ چېتىدىكى يالغۇز دەرەخكە چۈشتى، دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ كەينىچە تۇردى ـ دە، قولى باغلانغان تاسمىنى دەرەخ قوۋزىقىغا كۈچ بىلەن سۈركەشكە باشلىدى. يەتتە ـ سەككىز مىنۇت ھەپىلەشكەندىن كېيىن، تاسما قىرقىلىپ ئۈزۈلدى. رۇستەم چوڭقۇر نەپەس ئالدى ـ دە، قولىنىڭ بېغىشلىرىنى ئۈۋۈلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئۇ پۈتىنى سۆرەپ مېڭىپ كېلىپ، ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋالدى، بېلىدىن ئوقدانلىرىنى يېشىۋېلىپ يولغا چىقتى. شۇ چاغدا شەھەر تەرەپتىن ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. رۇستەم تېزلىكتە يول بويىدىكى قوناقلىق ئىچىگە ئۆزىنى ئېلىپ، ماشىنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتتى.

ماشىنا ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى. كابىنكىدىن ھېلىقى ئوفىتسېر رەڭگى ئۆچكەن ھالدا ئالدىراپ چۈشتى. ماشىنا ئۈستىدە ئولتۇرغان ئەسكەرمۇ ئالاقزادىلىك بىلەن يەرگە سەكرىدى.

ئوفىتسېر ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ يېنىغا كېلىپ جىلە بولۇپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى بىرنەچچىنى تېپىۋەتتى ۋە ماشىنىدىن چۈشۈپ تىترەپ تۇرغان ئەسكەرگە قاراپ:

— ئىپلاس ! ... سەنلەرنىڭ نەرىڭ ئەسكەر ؟ ! ئەمدى باتالىيون كوماندىرىغا نېمە دەيمىز ؟ قوماندانىنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز ؟ ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ـ دە، ئاچچىقىدا ھېلىقى ئەسكەرنىڭ كاچىتىغا بىرنەچچىنى سالدى. تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ يەنە بېلىدىن تاپانچىسىنى

سوغۇرۇۋالدى.
چىرايىدا قان قالمىغان ئەسكەر تىزلاندى.
— ھۆرمەتلىك ئوفىتسېر ... خو ... خو ... خودا ھەققى ...
ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئەسكەرنى يىقىتتى. ئوفىتسېر يەرگە بىر تۈكۈردى ـ دە، ماشىنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدىن يىراقلىماي تۇرۇپلا دۈمبىسىدىن ئوق يېدى. قوماندان بىلەن باتالىيون كوماندىرىنىڭ ئايالىغا تاپشۇرىدىغان ئىككى پارچە خەتنى مىجىقلاپ تۇتقان ئوفىتسېر سەنتۈرۈلۈپ توختاپ، كەينىگە قارىغاندى، ئىككىنچى ئوق ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. كۆتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن ئالاقىزادىلىككە چۈشكەن شوپۇر ھېچنېمىگە قارىماي، ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ تىكىۋەتتى.
رۇستەم مىلتىقنى مەھكەم تۇتقان پېتى چوڭ يولغا چىقىپ، شوپۇر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ھەيدەپ كېتىپ بارغان ماشىنىغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئوفىتسېرنىڭ قولىدىكى ئاجايىپ تەنتەنە بىلەن يېزىلغان ئىككى پارچە خەتمۇ رۇستەمنىڭ خاتاسىز ئاتقان ئوقى تېگىپ پاختەكنىڭ تۈكىدەك توزۇپ كەتكەنىدى.

1983 ـ يىلى نويابىر، غۇلجا

# سازەندە دېھقان

## 1

سازەندە — ئۇلتۇرۇش، مەشرەپ، توي - تۆكۈنىنىڭ گۈلى. كىشىلەرنىڭ ناخشا - سازغا بولغان تەشنالىقىنى سازەندىنىڭ چالغان پەدىلىرى، ئېيتقان ناخشىلىرى قاندۇرىدۇ، شۇڭا كىشىلەر سازەندىلەرنى قەدىرلىشىدۇ.

بىزنىڭ ساۋۇتۇم ئەنە شۇنداق سازەندىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كەسپى دېھقان، بىراق ئائىلىسىنىڭ تىرىكچىلىكى شۇنىڭغا قارىغىنىغا باقماي، ئۇ ھەر كۈنى ئولتۇرۇش، مەشرەپلەردىن قالمايدۇ. بارماي قالسا ئىچى پۇشىدۇ. ئەگەر ئىككى - ئۈچ كۈندە بىرەر يەردىن باغاق كەلمەي قالسا، چىرايى تۇتۇلۇپ، ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن خوتۇن - بالىلىرىنى تىللايدۇ ياكى كېچىچە قۇرۇق يۆتىلىپ ئۇخلىيالماي چىقىدۇ.

ساۋۇتۇم تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز ئوغلى. ئۇ ئون بەش يېشىدىن تارتىپ ساز چېلىشقا خۇمار بولۇپ، دادىسىدىن قالغان بىر ئەسكى دۇتارنى چېلىپ چوڭ بولغان، ئانىسى ئوغلىنىڭ سازغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ بىر تەمبۇر ئېلىپ بەرگەن. ئۇ يىگىرمە ياشقا كىرگەندە كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرالايدىغان، كەيپىنى كۆتۈرەلەيدىغان ئۇستا سازەندە - ناخشىچى بولۇپ يېتىشكەن ۋە ئۇنىڭ نامى بۇ ئەتراپتىلا ئەمەس، شەھەرلەرگىمۇ تارقىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە ئىشنى تاشلاپ، ئويۇن - تاماشا، ناخشا - سازنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەندى.

بىر كۈنى ئۇنى ئانىسى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— بالام، داداڭنىڭ تۆككەن تۈگۈچى تۈگىدى، ياشلىقىدا ئوينىۋالسۇن دەپ قويۇپ بەردىم، ئەمدى تۆت بالاڭنى، بىزنى

ئويلا، ئوينىما دېمەيمەن، يولى بىلەن ئوينا، ئېتىزغا چىق، ئىشلە، ئۆيىمىزگە چاشقان كىرسە يامانلاپ كېتىدىغان ھالغا كېلىپ قالدۇق، — دېدى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ تەمبۇرنى قولتۇقلاپ ھويلىدىن چىققانىدى، ئۇنىڭغا يونۇغاندەك قوشنىسى قاسىم بوۋاي مۇنداق دېدى:

— «ئوينىساڭ تۇزۇك ئوينا، ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن» دەپ ناخشا ئېيتىسەنۇ، ئۆزۈڭ ئەمەل قىلمايسەن، ھېلىمۇ ياخشى ئىشچان قىز مېرۋانەمگە ئۆيلىنىپ قاپسەنكەن، بولمىسا ئاپاڭ ئاغزىڭغا چايناپ سېلىپ بېرىدىغان نانمۇ تاپالماي قالاتتىكەن، بالام ...

قاسىم بوۋاينىڭ سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك ئۆرۈلدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پۈتلىشىپ يىقىلغىلى تاس قالدى. پېشانىسىدىن پۈژۈلداپ سوغۇق تەر چىقتى، ئۇ قانداقتۇر تېز قوزغالغان روھىي ئازاب دولقۇنىدا تەۋرىنىپ، باشقا كوچىغا كىرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى ...

ئۇ ئولتۇرۇشقىمۇ بارماي ئۆيىگە ياندى.

ساۋۇتنىڭ ئازابلىنىپ ئۇخلىيالمىدى. ئانىسىنىڭ نەسىھەتى، قاسىم بوۋاينىڭ ئاچچىق سۆزى يۈرىكىنى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتۇردى. ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلدى، تولغاندى ... يېنىدا ياتقان خوتۇنى ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ياتاتتى. ئاخىر ئۇ خوتۇنىنى نوقۇدى:

— مېرۋان، مېرۋان ...

— ھە، نېمە دەيسىز، مەن ئويغاق.

— ماڭا قارا ...

ئۇ بولۇنغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ـ دە، ئاخىرىدا:

— بولدى، ھوشۇمنى تاپىمسام ... نومۇسقا قاپتىمەن، — دېدى ئاچچىق ئەلەمدە.

— مەنمۇ كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن دەپ ئاغرىتىپ

ئېيتمىدىم، قاسىم بوۋاينىڭ سۆزى ئاچچىق بولسىمۇ، سىزگە دورىدەك سۆز بوپتۇ، — دېدى مېرۋانەممۇ.
— ئەتىدىن باشلاپ ئولتۇرۇشقا بارمايمەن، ھەرقانچە يۈزلۈكى بولسىمۇ ...
— ۋىيەي ... ساز چېلىشنى تاشلىۋېتەتتىڭىزمۇ، يولى بىلەن بارسىڭىز بولىدىغۇ ...
— يولى بىلەن ؟ ... قوي !
يېزىدا ساۋۇتۇمنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىغا، يۈرەكنى تىترەتكۈچى سازىغا ئوت - كاۋاپ بولۇپ يۈرگەن قىزلار كۆپەيگەن ۋە بەزى ھېسسىياتچان قىزلار ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان كۈنى كېچىچە تولغىنىپ ئۇخلىيالمايدىغان چاغلاردا، شۇلارنىڭ ئىچىدىن مېرۋانەم ئۇنىڭ ئاشۇ ناخشا - سازىغا كۆيۈپ تۇرۇپ تەگكەنىدى. ئەگەر ساۋۇتۇم ساز چېلىشنى تاشلىۋېتىدىغان بولسا، ئاشىق قىزنىڭ بۇلبۇلنى قوندۇرغان نازۇك شېخى سۇنىدۇ - دە ! ...

## 2

ئولتۇرۇش، مەشرەپلەردىن قول ئۈزگەن ساۋۇتۇم بۇگۈن بىرىنچى قېتىم ئەزالار بىلەن ئىشقا چىقتى. بۇ يېڭىلىق ھەممىنى ھەيران قالدۇردى ۋە ئۆزئارا گۇدۇڭلىشىپ قىلىشقان پاراڭلار كۆپەيدى:
— داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرىدىغان نېمىگە ئەمگەك خۇشياقارمۇ ؟
— موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە ...
— كۆرىمىز، ئەتىلا قۇيرۇقىنى خادا قىلىدۇ بۇ شىلدىر - شىلدىر يارەي ...
راسا ئورما ۋاقتى ئىدى. ساۋۇتۇم بىرىنچى كۈنى بىر مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇدى، ئىككىنچى كۈنى بېلىنىڭ زىڭىلداپ

ئاغرىشلىرىغىمۇ چىداپ بىر يېرىم مو، ئۈچىنچى كۈنى ئىككى مو ئورۇدى. ئون كۈنگىچە بىر يېرىم مودىن چۈشمىدى. ئەزالار بىلەن بىللە ئىشلەشنىڭ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ قالدى. ناخشا ئېيتىپ، چاقچاق قىلىپ كۆڭۈللۈك ئىشلىدى. دەم ئېلىش ئارىلىقلىرىدا دورامچىلىق، قىزىقچىلىقلارنى قىلىپ كۆپچىلىكنى ھارغۇچە كۈلدۈردى. شۇنداق قىلىپ مەشرەپ - ئولتۇرۇشلارنىڭ گۈلى، ئېتىز ئىشىنىڭ ھۆرۈنى ئاتالغان ساۋۇتۇمغا كىشىلەرنىڭ مېھرى چۈشۈپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەمگىكىگە نومۇر بېرىش ۋاقتىدا بىر كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلدى. ئەسلىدە بەلگىلىمە بويىچە بىر يېرىم مو بۇغداي ئورۇغان ئادەمگە ئون نومۇر بېرىلەتتى، بىراق ساۋۇتۇمغا يەتتە نومۇر بېرىلدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى ھاڭ - تاڭ قالغان ساۋۇتۇم.

— بىرىنچىدىن، — دەپ چۈشەندۈردى گۇرۇپپا باشلىقى، — سەن ئورمىنى ئىنقىلاب ئۈچۈن ئورۇماي، تۆت بالاڭ ئۈچۈن ئورۇدۇڭ، ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ ئەمگىكىمىزنىڭ مەنىسىنى بۇراپ، كۈلكە - چاقچاقنى ئارىلاشتۇردۇڭ ...

— ئەمگەكنى تۇرمۇشۇمنى ياخشىلايمەن، بالىلىرىمنى باقىمەن دەپ قىلمىسا، شەيتاننى سەمرىتىمەن، دەپ قىلامدۇ!

ئەزالار پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى.

— مانا، مانا، — دېدى گۇرۇپپا باشلىقى، — ئىدىيەڭ تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. ھەرقانچە ياخشى ئىشلىگەن بىلەن ئىدىيەڭ توغرا بولمىسا، ئەمگىكىڭ بىر تىيىن ...

— ياخشى ئىشلىگەنلەر خارلىنىپ، بىلىنى سىلاپ يۈرگەنلەر ياشىرىدۇ، دېگىنە!

— بىز سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئىشلەيمىز.

— قۇرۇق گەپ بىلەن سوتسىيالىزم قۇرغىنىڭنى كۆرەي ...

قوي كۆزلىرى يېنىپ، سوزۇنچاق ئېڭىكى تىترەپ كەتكەن ساۋۇتۇم ئېرىق قىرىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كېتىۋەر، سېنىڭدىن كىم يامانلايتتى ئەخمەق، — دېدى گورۇپپا باشلىقى پەرۋاسىزلارچە.

«ئەخمەق» سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا ساۋۇتۇمنىڭ بەل ئاغرىقلىرى، خاپىلىقلىرى تارقاپ كەتتى ـ دە، مۇنۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى خۇددى تاپانچىنىڭ ئوقىدەك تاراسلىتىپ ئېتىۋەتتى:

— ئىشلىگەننى ئۆرۈۋېتىپ گەپ ساتقاننى يۆلىگەن ئەخمەق، يالغان ـ قۇرۇق گەپ بىلەن سوتسىيالىزم قۇرىمەن دېگەن ئەخمەق.

دېھقانلار تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كېتىشتى. شۇ سۆزلىرى بىلەن ساۋۇتۇمنىڭ ئون نەچچە كۈنلۈك ئەمگىكىنىڭ ھاردۇقى چىقتى ـ دە، ئۇدۇل ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

شۇ كۈنلەردە ئولتۇرۇشلارغا چاقىرىپ كەلگەن باغاقلارغا كۆز قىرىنىمۇ سالمايدىغان ساۋۇتۇم، بۇگۈنكى كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن كەچ كىرىشى بىلەنلا، تويپا بېسىپ تۇرغان تەمبۇرنى قولتۇقىغا قىستى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## 3

مانا ئەمدى ساۋۇتۇمنىڭ ئولتۇرۇشلارغا بارمايدىغان كۈنى قالمىدى. ئۇ ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە، ئىككى ـ ئۈچ كۈندە ئاران كېلەتتى. تويغا چاقىرىلسا، باش چۈشۈرگۈسىدىن تارتىپ، چىللاقلىرىنى تۆگىتىپ بىراقلا ياناتتى. شەھەرگە كىرىپ كەتسە مەھەللىدىن ـ مەھەللىگە يۆتكىلىپ ئۆيىگە بىرنەچچە كۈنگىچە قايتمايتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەھەردىن ئىككى ۋېلىسىپىتلىك يىگىت چىقتى ـ دە، بىرى ساۋۇتۇمنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ، يەنە بىرى تەمبۇرنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان

بوۋايلار ئۇنىڭ كەينىدىن گەپكە چۈشتى:
— دېھقانچىلىق قىلىدىغان نەرسە ئەمەس بۇ.
— ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالمايدۇ، دەپ بىكار ئېيتمىغان.
— «بۇقىنى كالام دېمەڭ، سازەندىنى بالام ...» دەپ تېپىپ ئېيتقان ـ دە.
— ئىشقىلىپ بىر ئوبدان كىرىشىپ قېلىۋىدى، ھەي، شۇلار ... مىرۋانەم مىڭ پالاقلىغان بىلەن قۇچاقتا بالىسى تۇرسا، قانچىلىك ئىش قىلالايدۇ، يامان بولدى، مۇشۇ بالىنىڭ يولىنى قىلىدىغان ئىشتى.
ساۋۇتۇمنىڭ يولىنى قىلىدىغان ئادەملەر چىقتى. ياش بوغالتىر ئەترەت باشلىقىغا بىر كۈنى مۇنداق دېدى:
— ساۋۇتۇمنىڭ يولىنى قىلىدىغان ئىشتى ؟
— يولىنى قىلغاننى كۆتۈرەلەيدىغان نېمىمۇ ئۇ.
— قويۇپ بەرسەڭ قەرزگە بوغۇلۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىزمۇ بىرەر چارە قوللانساق دەيمەن.
— خوش، نېمە چارە ؟
— كىمدىكىم ئۇنى چاقىرسا، ئەترەتكە بەش سوم تۆلىسۇن، بىز ئۇنى ئىككى گۇڭ ھېسابلىساق.
— ئۆزى ئۇنامدۇ ؟
— مەن ئۇنىتاي.
— مەيلى.
ساۋۇتۇم بۇ تەكلىپكە تەسلىكتە كۆندى. كۆنمىگەنمۇ بولاتتى. بوغالتىر: تەشكىل ساڭا كۆيۈنۈۋاتقاندىكىن، ئۇنىڭ قەدرىنى بىل، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.
ھاجىتى چۈشكەن كىشىلەر بەش سوم تۇرماق، ئون يۈەنگىمۇ تەييار ـ دە. مانا ئەمدى ئولتۇرۇشقا چاقىرىدىغانلار ساۋۇتۇمنىڭ رەڭگىرويىغا، كەيپىنىڭ خۇش ياكى خۇشى يوقلۇقىغا قارىمايدىغان بولدى. ئەترەتكە بەش سوم تۆلەپ ئۇنىڭ قەغىزىنى ئېلىۋالسىلا ئىش پۈتەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇتۇمنىڭ

ئىشكى ئالدىدىن ۋېلىسىپىت، ئېشەك ھارۋىلىرى ھەتتا ماشىنىلارمۇ ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئەترەت ئالدىدا يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى ساۋۇتۇم شەھەردىكى كاتتا بىر ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىندى. ئۇ دەسلەپتىلا «ئۆزھال» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى، مەشرىپىنى ۋە بەش داستان، مەرغۇللىرىنى چېلىپ تۈگەتتى. ئاندىن چاقچاق باشلىنىپ كەتتى. چاقچاق خېلى داۋاملىشىپ سۇسلىشىپ قېلىۋىدى، ئاق يۈزلۈك ياشقىنا بىر يىگىت ساۋۇتۇمنىڭ يېنىغا سىلجىپ كەلدى:

— مۇڭ ئاڭلايلى، مۇڭ، — دېدى ئۇ ساۋۇتۇمنىڭ قولىغا تەمبۇرنى تۇتقۇزۇپ، — چال، ساۋۇتۇم، بىكارغا چالمايسەن، ئاران بىر سوملۇق چالدىڭ تېخى، قورقما، جىقراق چالساڭ، ئوشۇقىنى بېرىمىز.

ساۋۇتۇمغا چاقچاق قىلغان يىگىتنىڭ لەقىمى «تۆشۈك» ئىدى. ساۋۇتۇم ئۇنىڭغا چاقچاق بىلەن جاۋاب ياندۇردى:

— تۆشۈكتىن توختىمىغان پۇللار جىق - دە.

ئولتۇرۇشتىكىلەر قاتتىق كۈلۈشتى. ساۋۇتۇم كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە چاقچاق قىلىۋەتتى:

— تۆشۈكۈكنى پۇل بىلەن يامىۋال !

— چاشقان كىرىپ پۇللىرىڭنى يەپ بولدىمۇ يا !

... ... ... ...

قىيقاس كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ھېلىقى يىگىت تېرىكىپ قالدى.

— چاقچىقىڭنى قوي، — دېدى ئۇ سەپرايى ئۆرلەپ، — بىز سېنى بەش سومغا چاقچاق قىلىدۇ، دەپ سېتىۋالمىغان، ساز چالىدۇ، دەپ سېتىۋالغان. بىلىپ قوي، سەن بەش سومنىڭ قۇلى، چالماي ھەددىڭ ئەمەس !

سورۇن بۇزۇلدى. بۇ گەپ ساۋۇتۇمغىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ ئېغىر كەلدى. ئولتۇرۇشتىكىلەر ياش يىگىتكە ھۇرپىيىشتى، خورلۇقتىن پۈتۈن ئەزايى تىترەپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن

ساۋۇتۇم، ئايالى تۇخۇم سېتىپ يىغىپ پايپاق ئالغاچ چىقىڭ، دەپ بەرگەن بەش سوم پۇلنى ئۇنىڭ بېشىغا قەھر بىلەن ئاتتى ـ دە، سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

## 4

شۇنىڭ بىلەن ئەترەتتىكىلەرنىڭ ساۋۇتۇمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش چارىسىمۇ بىكار بولدى. ئۇ ئىچىملىك ـ چېكىملىكلەرگە راسا بېرىلدى. تەمبۇردىن دائىملا مۇڭلۇق سادا، ئېغىزدىن ھەسرەتلىك ناخشا ئاڭلىنىدىغان بولدى. ئانىسىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان نەسىھەتلىرى بىلەن ئاچچىق ـ ئاچچىق سۆزلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. مېرۋانەمنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى پىلدىرلاپ، گىردە ناندەك قىزىل يۈزى ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك قارىداپ ـ كۆكىرىپ كەتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ: «سازەندىگە تەگمە بالام، دېسەك ئۇنىماي، خان زۆھرە بىلەن خان تاھىردەك ئاشىق ـ مەشۇق بولغىنىڭغا توي ئەمدى، مۇشۇ تارتقۇلۇقۇڭ بار ئىكەن ...» دېگەن تەنە ـ تاپىلىق سۆزىدىن قېچىپ، چوڭ ئۆيىگىمۇ بارمايدىغان بولدى. بىر كۈن توق بولسا، بىر كۈن ئاچ دېگۈدەك ئۆتىۋاتقان كۈنلىرىگە ۋە باللىرىنىڭ قىپيالىڭاچ ھالىغا ئېچىناتتى ـ دە، ھەممە دەردلىرىنى كۆز يېشى بىلەن چىقىرىۋالاتتى. لېكىن، ئۇ كۆز يېشىنى بىرىگە كۆرسەتكەن ۋە ئازابلىق كۈنلىرىدىن زارلانغان ئەمەس، ھەتتا قېيىنئانىسىغا چىش يېرىپ قاتتىق ـ يىرىك گەپمۇ قىلمىغان. شۇڭا، ساۋۇتۇمنىڭ ئانىسى كېلىنىدىن رازى ئىدى. «خۇدايىم مېنى ھېچنېمىدىن ئېيتمىسىمۇ، كېلىنىدىن ئېيتىپتىكەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەمىشە.

بۇ ئائىلىنىڭ پېشايۋانلىرىغا كەپتەرلەرمۇ كەلمەيدىغان، ئۆيلىرىگە قارلىغاچ ئۇۋىمۇ سالمايدىغان بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېيت كېلىپ قالدى. ھېيت ھەممە كىشى شاد ـ

خوْراملىققا چۈمىدىغان، ئوْروْق ـ توْغقان، ئاغىنە ـ بوْرادەرلەر بىر ـ بىرىنى يوقلايدىغان، ئارازلىشىپ قالغانلارموْ ئىناقلىشىپ قالىدىغان كوْن. بىراق، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېيت بىلەن تەڭلا بېشى قاتتى، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا، ئانىسى قاتتىق ئوْخلاۋاتقان ئوغلىنى ئويغاتتى:

— قوپ، بالام، — ئانىنىڭ غەمكىن كۆزلىرى ساۋۇتۇمغا تىكىلدى، — ئۆگۈنلۈككە ھېيت، قانداق قىلىمىز؟ بالىلىرىڭ يالىڭاچ، ئۆيدە بىر چىمدىم ئاق ئۇن، يە بىر تېمىم ماي يوق، رەھمەتلىك داداڭنىڭ روھىغا ئاتاپ يىتموْ سالالمايدىغان ئوخشايمىز ...

ئوْيقوْسىغا قانماي ئۆندەرەپ توْروْپ كەتكەن ساۋۇتۇم كۆزلىرىنى ئوْۋۇلاپ:

— ئەترەتتىن ھېيتلىق ماي، ئۇن بېرىدىكەن، دەپ ئاڭلىۋىدىمغۇ، — دېدى.

— بىزدەك قەرزدارلارغا ھېچنېمە بەرمەيدىكەن. توْنوْگوْن مىرۋانەم خالتىنى قوْروْق ياندوْروْپ كەلدى. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆلمەپتوْ، ئوْنىڭ بېرى بوپتوْ. توۋا قىلدىم، خوْدايىم، شوْنداقموْ كوْنلەرگە قالدىكەن كىشى.

ساۋۇتۇمنىڭ چىرايى كېسەل تارتقان كىشىدەك سارغىيىپ پوْروْشتى. ئوْ، ئانىسىنىڭ مەيوْس ۋە ئازاب ئوْچقوْنلىرى قاپلىغان يوْزىگە، بالا ئېمىتىپ يەرگە قاراپ ئوْنسىز ئولتوْرغان خوتوْنىغا، يىرتىق كىيىملىرىنىڭ يوچوْقىدىن بەدەنلىرى كۆروْنوْپ توْرغان بالىلىرىغا قارىدى. شوْ چاغدا يوْرىكىنىڭ قەيەردوْر بىر يەرلىرى خوْددى ئامبوْر بىلەن قىسقاندەك ئازابلىق ئاغرىدى. لېكىن، ئوْ بىر ئېغىزموْ گەپ قىلمىدى. ئاخىرىدا يەنە ئوْنى تەڭقىسلىقتىن ئانىسى قوْتوْلدوْردى. ئاخىرەتلىكى ئوْچوْن ئېلىپ قويغان ئون بەش مېتىر ئاق خەسىنى ساندوْقىدىن ئېلىپ ساۋۇتۇمغا ئوْزارتتى:

— مە، بالام، سېتىپ چىق ...

ساۋۇتۇمنىڭ بەدەنلىرى بوشىشىپ كەتتى، كۆزلىرىگە يىغا

ياماشتى:

— ئاپا، بولدى، تەمبۇرۇمنى ساتىمەن، مۇشۇ مەھەللىدىلا ئالىدىغانلار بار، — ئۇ قوزۇقتىكى تەمبۇرنى قولىغا ئالدى.

مېرۋانەم ئورنىدىن تۇردى:

— ياق، تەمبۇرنى ساتماڭ، ماۋۇ ئۈزۈكۈمنى سېتىڭ!

ساۋۇتۇمنىڭ يادىغا مېرۋانەم بىلەن يار بولۇشۇپ، سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە ئاشۇ ئۈزۈكنى ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويغان شېرىن خاتىرىلىك چاغلىرى كەلدى.

— ئۈزۈكنى ساتمايمەن، تەمبۇرنى ساتىمەن ...

— تەمبۇرنى ساتسىڭىز مەن بۇ ئۆيدىن كېتىمەن!

ساۋۇتۇمنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئۆيىنىڭ كەينىدىكى باغقا چىقتى - دە، ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇ شۇ چاغقىچە تەمبۇرنىڭ سېھىرلىك، مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن تالاي ئادەملەرنى يىغلىتىۋەتكەن، ئۆزى چالغان سازدىن قانچىلىك مۇڭلانغان، ھاياجانلانغان بولسىمۇ، بىر قېتىممۇ يىغلىمىغان. بۈگۈنچۇ؟ تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز قولى ياقىسىدىن قاتتىق بوغقاندا، ئۇ ئاشۇ يۈرەكنى تىترەتكۈچى ساداسىزمۇ يىغلىۋەتتى ... ھېيت — بالىلىرىغا يېپيېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرىدىغان، قوللىرىغا پۇل تۇتقۇزىدىغان شاد - خۇراملىق كۈن ئەمەسمىدى، باشقا بالىلار كوچىلاردا قىيغىتىپ ئويناپ يۈرسە، ساۋۇتۇمنىڭ بالىلىرى بويىنىنى قىسىپ شۈمشەرەپ تۇرسا، ئۇ قانداق چىدايدۇ؟

ساۋۇتۇم ئىلاجسىزلىقتىن مېرۋانەمنىڭ پۇلغا يارىغۇدەك ئەڭ ئاخىرقى نەرسىسى — ئۈزۈكنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

## 5

ھۇزۇر - ھالاۋەت ئۈچۈن تەر تۆكۈشنى راھەت بىلىدىغانلارنىڭ بەختى ئېچىلدى. يەرلەر دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى.

ساۋۇتۇمغا ئوزاقى يىلى ئىچىلغان يەردىن مەھەللىگە يىراق كۆتۈرمە ئېرىق ياقىسىدىن بىر پارچە يەر تەقسىم قىلىندى. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ دىمىقىدا ناخشا ئېيتىپ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قوشنىسى قاسىم بوۋاي ئۇنى توختاتتى:

— مەيەرگە كەل، بالام، — دېدى ئۇ، — قانچە مو يەر تەگدى ساڭا ؟

— يىگىرمە بەش مو.

— ھۇششەرە، ئاز يەر ئەمەس، مانا ئەمدى ناخشا ئېيتىپ ئىشلەپ، ئۇچار قۇشلارنى ئۇسسۇلغا سېلىۋەتسەڭمۇ بولىدىغان چاغ كەلدى، خوش، نېمە قىلماقنى ئويلاۋاتىسەن ؟

— يىگىرمە موسىغا بۇغداي، بەش موسىغا قوناق تېراي دەۋاتىمەن.

— دېھقان ئۇچۇن شۇنداق ياخشى زامانلار كەلگەندە، ئەمدى كۆتۈرۈلمىسەڭ، قاچان كۆتۈرۈلىسەن، ساڭا ئىككى ئېغىز مەسلىھەتىم بار ئاڭلامسەن ؟

— ئاڭلايمەن قاسىم بوۋا.

— ئۆيۈڭنىڭ كەينىدىكى بېغىڭ چامامدا ئۈچ مودىن ئاشىدۇ، ھېچنېمە چىقمايدىغان قارىياغاچلارنى نېمە قىلىسەن ؟ يىقىت، سات، پۇلىغا ياخشى ئىشەك بىلەن هارۋا كېلىدۇ. كىشىلەر يىراق دەپ قويىتاشقا بارمايدۇ، ھارۋا يولى يوق دەيدۇ. ئۇ يەردە تىنىپ ياتقان ئوغۇت بار. ئەتىگەنرەك ماڭساڭ، كۈنىگە بىر ھارۋا ئەكېلەلەيسەن، يېرىڭگە چاچ، بېغىڭغا تاۋۇز تەر، ئېرىنمەي ھەر پىلەكنىڭ يېنىغا يىگىرمە ـ ئوتتۇز قېتىم بار، شۇ چاغدا كۆرىسەن كارامەتنى.

ساۋۇتۇم بوۋاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئەتىسىلا سازغا ئامراق ئاغىنىلىرىدىن ئۈچ ـ تۆتنى باشلاپ كىردى ـ دە، بېغىنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ ـ كىچىك قارىياغاچلارنىڭ ھەممىسىنى كەستى. ئۈچ كۈنگىچە قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، كۆتەكلىرىنى قومۇرۇپ چىقاردى. كېسىلگەن ياغاچلارنى بازارغىمۇ ئەكىرمىدى،

مەھەللىدىلا خېرىدارى چىقتى، بىرى شوتىلىقتا، بىرى لاپاسقا، بىرى لىم ياغاچلىقتا ئالدى. ساۋۇتتۇم بۇ پۇلغا يارىتىپ تۇرۇپ ئېشەك ئالدى، ھارۋا ياساتتى ـ دە، يىراق يەردىن ئوغۇت توشۇشقا كىرىشتى.

ھايات زوقىنى قوزغايدىغان ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىپى باشلانغان چاغلاردا، ئۇ مايسا بولغان بۇغدايلىقنىڭ قىرىنى سوقتى، يان ئېرىقىنى ئالدى، بىرىنچى سۇدىن كېيىن مېرۋانەم بىلەن بېغىغا ئىشلەشكە كىرىشتى. تاڭ ئاتماستا — تورغايلار چۇۋۇلداپ سايراشقا باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ كەتمىنى گۇپۇلدەپ چېپىلىشقا باشلايتتى. شۇنداق قاتتىق ئىشلەپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندە تاۋۇزلۇقنىڭ چۆنەكلىرى تارتىلىپ بولدى.

ھېلىقى چاغلاردا ساۋۇتتۇمنى كايىغان، زاڭلىق قىلغان بوۋايلارنىڭ ئەمدى پاراڭلىرىمۇ ئۆزگىرىپ قالدى:

— قولىدا كەتمەن توختايدىكەن بۇنىڭمۇ.

— دېھقان بالىسى ـ دە ...

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر، ساۋۇتتۇم ئەمدى ساز چېلىشتىن، ئولتۇرۇشلارغا بېرىشتىن ۋاز كەچتىمۇ، دەپ سورارسىلەر. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە قانداق قارارغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەي:

بىر كۈنى ساۋۇتتۇم پۇچاقلىرىنى تۇرۇۋېتىپ، بۇغدايلىقىغا دان سۈيى تۇتۇۋاتاتتى. مەھەللە تەرەپتىن بىر جىپ ماشىنا كۆرۈندى ـ دە، توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇدۇل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن بىرى ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان، يەنە بىرى پاخما چاچلىق ئىككى يىگىت چۈشتى. ئۇلار ساۋۇتتۇمنى شەھەردىكى بىر ئولتۇرۇشقا چاقىرىپ چىققانلىقىنى ئېيتتى.

— رەھمەت، ئولتۇرۇشقا بارالمايمەن، — دېدى ساۋۇتتۇم كەتمەن سېپىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، — ئىشىم ئالدىراش.

— جۇرۇ ھوي ... ئىش دېگەن ئۆلگەندە تۈگەيدۇ، ئالايتەن كىچىك ماشىنا ئېلىپ چىقتۇق ساڭا.

— ئايروپىلان ئېلىپ چىقساڭلارمۇ بارالمايمەن.
— مانىڭ يوغانچى بولۇپ كەتكىنىنى.
ساۋۇتۇم سىلىق گەپ بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى:
— مەن نېنىمنى دېھقانچىلىقتىن تېپىپ يەيمەن، ئاغىنىلەر، ئۆزۈمنىڭ ھەۋىسى، ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن شەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنى ئولتۇرۇشقا بارالمايمەن.
— بىزمۇ شەنبە قىلايلى دېگەن، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانىنىڭ ئىشى ئالدىراش ئىكەن.
— مېھمانىنىڭ ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارايسىلەر - يۇ، مېنىڭكىگە قارىمامسىلەر؟ مەن مېھمانغا ساز چېلىپ بەرسەم، ئۇ مېنىڭ سۈيۈمنى تۇتۇپ بەرمەيدۇ - دە.
— نېمانچىۋالا قىلىسەن، بىزنىڭمۇ سېنى رازى قىلغۇچىلىكىمىز بار.
ساۋۇتۇمنىڭ سارغۇچ چاچ - ساقاللىرى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك تىك - تىك بولۇپ، قوي كۆزلىرى ياندى:
— بىلىپ قوي، ھازىر مەن بەش سومنىڭ قۇلى ئەمەس، يىگىرمە بەش مو يەرنىڭ خوجايىنى ! ...
ئۇ دولىسىغا كەتمەننى سالغان پېتى، سۈنى شالاقلىتىپ كېچىپ كېتىپ قالدى.

## 6

ساۋۇتۇم كەچلىك تاماقنى ئالدىراش يېيىشكە باشلىدى. چۈنكى، قاسىم بوۋاينىڭكىگە كېچىكىپ قالسا، ئەلۋەتتە ئۇيات - دە، شۇ چاغدا ئوتتۇرانچى ئوغلى تالادىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئايىغى بىلەن بىر پاتمان لايىنى سۆرەپ كىرگەندى.
— قارىغىنا، بەتىنكەڭنى، يەرنىڭ ئەركەك - چىشىسىغا قارىماي مېڭىپ، — دېدى ساۋۇتۇم، — ھە، نەگە باردىڭ ؟
— مومام ھەسەل ئەكېلىپ بەر، دېگەن. ماگىزىنىنىڭ ئالدى

پاتقاق ئىكەن.
— موماڭ ھەسىلىدىن بىرەمدۇ ساڭا ؟
— بىرىدۇ.
— ۋاييەي ... مومىسىنىڭ سىرىق مىيىنىمۇ تەڭ يەۋاتىدۇ بۇ، — دېدى مىرۋانەم گەپ قىستۇرۇپ.
ساۋۇتۇم ئوغلىغا:
— ماڭ، موماڭنى چاقىر، — دېدى.
ئانىسى كىردى.
— قارا، ئاپا، — دېدى ساۋۇتۇم، — قوناق سەككىز يۈز ئەللىك جىڭدىن ئايلىنىپتۇ، ئىككى توننا ئۆتكۈزدۈم، بۇ تۆت يۈزسوم دېگەن گەپ، قانچىلىك كىرىم بوپتۇ، مىرۋان ؟
— توققۇز يۈز سومغا بۇغداي ساتتۇق، ئالتە يۈز ئەللىك سومغا تاۋۇز ساتتۇق، ھەممە چىقىمنى چىقىرىۋەتسەك، بىر مىڭ بەش يۈز سوم كىرىم بوپتۇ. ئۈرۈقلۇق، ئوزۇقلۇقلىرىمىزنى ئېلىپ قويدۇق. تاۋۇزدىن يەنە ئازراق بار. ھە راست، تۆت ھارۋا سامان ساتتۇق.
ساۋۇتۇم تامقىنى يەپ بولۇپ، قوزۇقتىن تەمبۇرنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى - دە، ئالدىراپ قاسىم بوۋاينىڭ ھويلىسىغا كىردى. قاسىم بوۋاي ئۇنى نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويىنىڭ كەچكى ئولتۇرۇشىغا چاقىرغانىدى.
— سېنىڭ شەنبەڭگە قاراپ، ئولتۇرۇشنى ئۈچ كۈن كېچىكتۈردۈم. نەغمە - ناۋاسىز ئولتۇرۇش — گۆشى يوق لەڭمەندەك بىرنېمە، بالام، — دېدى ئۇ ساۋۇتۇمغا.
— سېنىڭكىگە شەنبە بولمىسىمۇ كىرىۋېرەتتىم.
— ياق، ياق، ھەرگىز شەرتىڭنى بۇزغۇچى بولما. ئاشۇ شەرتىڭ، تىرىشچانلىقىڭ قازىنىڭنىمۇ، چۆمۈچۈڭنىمۇ ماي قىلىدۇ ئەمەسمۇ، بالام.
قاسىم بوۋاينىڭ ئۆيىدىن يېرىم كېچىگىچە نەغمە - ناۋا بىلەن چاقچاق ئاۋازى ئۈزۈلمىدى.

مېرۋانەم بۈگۈن قاسىم بوۋاينىڭ تامىقىغا ياردەملەشكىلى كىرگەنىدى. ئۇ ئېرىنىڭ سازى بىلەن ناخشىسىنى كۆڭلى يايرىغان هالدا ئاڭلىدى. بولۇپمۇ «يار سېنىڭ دەردىڭ»، «ئالتۇنۇم»، «گۈل مەشۇق» ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئەسلەشتىن قالغان، ئەمما شۇ ناخشىلار بىلەن يۈرىكىگە ئوت چۈشۈپ، تالاي كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزگەن ئۆزىنىڭ قىزلىق مەزگىلى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، ۋۇجۇدى شادلىققا چۆمدى.

# مۇنار

## 1

مۇنارنىڭ يېزا ياشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى — «مۇنار تولۇق»، «مۇنار سەرىمەس»، «مۇنار بۇدۇمەت» دېگەن لەقەملەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. لېكىن، ئۇنىڭ ياخشى يېرى بۇ لەقەملەرگە تېرىكمەيتتى. يېزىدىكى بەزى قىزىقچى ئادەملەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ تېرىكىشنىمۇ بىلمەس ئىدى. ئۇ پادا باقاتتى. ئەتىگەندە قاپىقىنى سېلىپ، پادىلىرىنى مەھەللىدىن قانداق ھەيدەپ چىقىپ كەتسە، كەچقۇرۇنلۇقىمۇ شۇنداقلا قاپىقىنى سېلىپ قايتىپ كېلەتتى.

بۇ يېزىنىڭ ياشلىرى ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مەسچىت ئالدىدىكى قۇچاق يەتمەيدىغان باراقسان سېدە ئاستىغا توپلىشىۋېلىپ، تا يېرىم كېچىگىچە پاراڭ - چاقچاقلار بىلەن، قىزىقچىلىقلار بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. چىراغلار ئۆچكەندىن كېيىن، بەزىلىرى تام ياقىلاپ دېرىزىلەرنى مارىشاتتى، بەزىلىرى نان ياققان ھويلىلارغا چۈشۈپ، تونۇرغا كۆمۈپ قويغان كاۋىلارنى ئوغرىلاپ كېلىشەتتى.

بىزنىڭ مۇنار بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق ئىدى. ئۆيىدىن چىقمايتتى ياكى كىتابخۇمار تاغىسىنىڭكىگە كېتىپ خەت ئۆگىنەتتى، ھېكايە ئاڭلايتتى. بەزىدە تاغىسى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن سۆزلەپ بېرىپ، ئۆيدە قاتتىق كۈلكە - قىيقاس كۆتۈرۈۋەتكەندە، مۇنار ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك قاراپلا ئولتۇراتتى ياكى مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. شۇڭا يېزا ياشلىرى: «مۇنارنىڭمۇ ئارزۇ - ئارمىنى بارمىدۇ؟ دېسە،

ئانىسىمۇ: ئوغلۇمنىڭ كۆڭلى ئېرىپدىغان كۈنمۇ كېلەرمۇ ؟» دەپ ئارمان قىلاتتى.
خەيرىيەت، شۇ يىلى ئون بىرىنچى ئايدا ئىلىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاب پارتلىدى. ئىنقىلابچىلار گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى قوماندانلىق ئىشتابىنى ئالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى مۇنار پادا بېقىشنى تاشلاپ، يېزىسىدىن بىرىنچى بولۇپ شەھەرگە كىردى. ئۆزىنى ھەربىيلىككە تىزىملىتىپ، قولىغا بەشئاتار ئالدى. شۇ چاغقىچە مىجەزىنى ھېچكىم بىلىپ يەتمىگەن مۇنارغا كىشىلەر ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتۇشتى:
— توۋا، مۇناردا شۇنچىلىك جۈرئەت بار ئىكەن ـ دە ! ...
— ھە، ئەمدى بىلدۇق، بۇدۇمەتنىڭ مۇڭگۈزى ئىچىدە ئىكەن ئەمەسمۇ ! ...
— خۇدا ئۇنىڭ دىلىغا شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئىشنى سالپتىكەن ـ دە ! ...
تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ ۋە مەلۇم ئىش ئۇستىدىكى مۆلچەرىمۇ بەزى ھاللاردا ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ.
مۇنار غۇلجىدىكى ئېغىر ـ يېنىك ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشىپ، كۆكسىگە «پىدائىي»لىق ئوردېنىنى ئاسقان پېتى 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆز پولكى بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ شەرققە يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كىشىلەر چۈشىنىپ بولمايدىغان كۆڭلىگە يەنە قانداق سىرلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ !

## 2

بىرەر ئورۇن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆيلىرىگە خەت يېزىشش جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار ئىچىدە ئادەتكە ئايلانغان. ئەنە،

بىرلىرى ئاتا ـ ئانىسىغا: ئانا، سېنىڭ بەرگەن ئاق سۈتۈڭنى ئاقلاۋاتىمەن، دەپ؛ بىرلىرى خوتۇنىغا: مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىلىندۈرمەي، بالىلارغا ياخشى قارا، دەپ؛ بىرلىرى سېغىنغان يارىغا: جانغا تاقىلىۋاتقان ئۇرۇش ئىچىدىمۇ، سەن كۆز ئالدىمدىن كەتمىدىڭ، دەپ خەت يېزىشىۋاتىدۇ.

ھەممىسى خەتلىرىنى يېزىپ بولۇشتى، پەقەت ئىككىلا ئادەم يېزىپ بولالمىدى. بۇ خەتلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم ئىدى. بىرى مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاددىي جەڭچىسى نۇرمۇھەممەت، يەنە بىرى گومىنداڭنىڭ «يوغان باش گېنېرال» دەپ ئاتىلىدىغان ياڭ فامىلىلىك گېنېرالى. بۇلارنىڭ ئوخشايدىغان يېرى ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايى مەيۈس ۋە غەمكىن.

نۇرمۇھەممەت قولىغا قەلەمنى ئېلىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى ... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئىس ـ تۈتەكلەر قاپلىغان ئۇرۇش مەيدانى — جىڭنى ئېلىش ئۈچۈن باشلانغان ئۇرۇش بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ دەل 1945 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يېرىملاشقان خېتىنى داۋاملاشتۇردى:

«بىزدىن قۇربان بېرىشلەر كۆپ بولدى، ئالدىمىزدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان قەۋەتلىك پوتەي تۆشۈكىدىن ئەجەل ئوقلىرى توختىماي ئۈچۈپ كېلەتتى. پوتەينى پارتلىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىرقانچە جەڭچىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن قۇربان بولدى، ئاخىر كوماندىرىمىز ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپىنى ئەۋەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەن ۋە سىلەرنىڭ ئەزىز ئوغلۇڭلار مۇنارمۇ بار ئىدى. بىز يەر بېغىرلاپ ئالغا سىلجىيتتۇق. پوتەيگە يېقىن بېرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن قىسىملىرىمىز پوتەيگە قارىتىپ ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئاتماقتا ئىدى. ھەربىر مىنۇتتا ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان مۇشۇنداق جىددىي

پەيتتە، بىر چامدام ئالغا ئىلگىرىلەش زور غەلىبە ھېسابلىناتتى.

بىز ئالتىمىز شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىپ بارغىنىمىزدا ئارىمىزدىن بىرىگە ئوق تېگىپ، ئورنىدىلا يېتىپ قالدى. بەشىمىز ئىلگىرىلىدۇق ... تۆتىمىز ئىلگىرىلىدۇق ... ئاخىرىدا مۇنار ئىككىمىز قالدۇق. ئاستىمىز قۇم، يولىمىز يۇلغۇنلار ئارىسى ... بىز كىچىك ـ كىچىك قۇم بارخانلىرى ۋە يۇلغۇنلار دالدىسىدا ئىلگىرىلەۋاتىمىز. قەيەرگە ئىلگىرىلەپ بارساق، شۇ يەردىكى قۇمنى قىسقا ساپلىق گۈرجەكلىرىمىزدە قېزىپ، كىچىككىنە ئاكوپ ياساپ ئۆزىمىزنى پاناھلايتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىر كىچىك قۇم دۆڭنىڭ كەينىگە ئۇلاشتۇق، بومبا ئاتساق پوتەيگە يەتمەيدۇ. يەتكەن تەقدىردىمۇ، بىر ـ ئىككى بومبا بىلەن پوتەينى بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بىر قەۋەتلىك گۈمبەزلۈپ چۈشسە، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتلىرى ئوخشاشلا ئىشلەۋېرىدۇ. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، مۇنار ماڭا كەسكىن قىلىپ:

— نۇرمۇھەممەت، نۇرغۇن سەپداشلىرىمىز قۇربان بولدى، مەن جېنىمنى ئاتىدىم، ئاشۇ پوتەينى پارتلاتمىغۇچە قايتمايمەن، ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئەھۋالىمنى ئاتا ـ ئانامغا ئېيتىپ قوي ... — دېدى.

— مۇنار، نېمە بولساق، ئىككىمىز تەڭ بولايلى، بىللە ئىلگىرىلەيلى، — دېدىم مەن.

بۇ جىددىي پەيتتە ھەقىقەتەنمۇ تالىشىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز ئىدى. مۇنار مەندىن ئۈچ بومبا ئالدى، ئۆزىنىڭكىنى قوشۇپ، سەككىز بومبىنى ئوڭدا يېتىۋېلىپ قورسىقىغا تاڭدى.

— قېنى، بومبا تاشلاپ چاڭ ـ توزان كۆتۈر، ئاپتوماتىڭنى توختاتماي سايرات، مەن كەتتىم، — مۇنارنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئالغا سىلجىدى، مەنمۇ دەرھال غەزەپ بىلەن ئىككى بومبىنى تاشلاپ، پوتەي ئالدىدىن قويۇق چاڭ ـ توزان

كۆتۈرۈۋەتتىم ۋە ئاپتوماتىمنى تاراسلىتىپ قويۇپ بەردىم. مۇنارنىڭ ماڭا دېگەن سۆزىنى كەينىمىزدە تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان پۇتۇن جەڭچىلەرمۇ ئاڭلىغانىدەك، ئۇ ئىلگىرىلەش بىلەن تەڭلا، خۇددى تاراسلاپ يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇردەك پوتەيگە ئوق ياغدۇرۇۋەتتى.

مۇنار تېز ئىلگىرىلەپ پوتەينىڭ يېنىغا باردى ـ دە، تۆشۈكتىن ئۇچى چىقىپ توختىماي ئېتىلىپ تۇرغان پىلىموتنىڭ ئىستوۋۇلىنى تۇتتى ! ... يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەي دېدى. مەن ئۇنى مۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدىم. ئۇ ئىستوۋۇلىنى تۇتقىنىچە چوغدەك قىزىپ كەتكەن ئېغىزىنى قورسىقىغا تىرەپ تۇرۇۋالدى. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي، ئىككى كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. كۈچلۈك پارتلاش ساداسى يەر ـ زېمىننى تىترىتىۋەتتى ... كۆزۈمنى ئاچسام، جاھىللىق بىلەن قاقشاپ ئوت ئېچىۋاتقان پوتەي پۈتۈنلەي گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەنىدى.

بىزنىڭ قىسىم ھۇجۇمغا ئۆتتى.

بىز يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ، پەستە پىلىموت ئىستوۋۇلىدىن ئاجرالمىغان ئىككى قولنى كۆردۇق. بۇ، مۇنارنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئىدى. پىلىموتنىڭمۇ ئۇ تۇتۇپ قالغان ئىستوۋۇلىدىن باشقا بۆلەكلىرى يوق ئىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە: مۇنار ئىككىمىز بىللە پادا باقاتتۇق. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنار ماڭا: «نۇر، بىزنىڭ ئۆمرىمىز پادا بېقىش، كالا تېزىكىگە مىلىنىپ، ئەرزىمەس ئىشلار بىلەنلا ئۆتەمدۇ، قولىمىزدىن نېمىشقا چوڭ ـ چوڭ ئىشلار كەلمەيدۇ ؟ ... شۇنچىلىك چوڭ ئاق ئۆستەڭنى چاپتۇرغانىمۇ چورۇق ھېكىم ئاتلىق بىر ئاددىي ئادەم ئىكەنغۇ، قايسى كۈنى تاغام ئوقۇپ بەرگەن ‹بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى› دېگەن شېئىرنى يازغانمۇ كىچىكلا بالا ئىكەنغۇ. نۇزۇگۇم قىز بالا تۇرۇپمۇ قالتىس جەڭلەرنى قىپتىكەنغۇ ...» دېگەنىدى. شۇ چاغدا

مەن يېزىمىزدا «بۇدۇمەت»، «سەرىمەس» ئاتالغان مۇناردىن شۇنچىلىك گەپنىڭ چىققانلىقىغا غەلىتىلىك ھېس قىلغانىدىم. مانا بۈگۈن شۇ مۇنار شۇلاردەك قالتىس ئىش قىلدى، بەلكى ئۇلاردىنمۇ قالتىسراق ئىش قىلدى! بۇ ئىشنى بىزنىڭ يۇرتتىن، سىلەرنىڭ ئائىلىدىن چىققان مۇنار قىلدى. مەن مۇنار بىلەن پەخىرلىنىمەن، سىلەرمۇ پەخىرلىنىڭلار، يۇرتىمىز پەخىرلەنسۇن! ھازىر پۈتۈن قىسىمىمىز، پۈتۈن مىللىي ئارمىيە پەخىرلەنمەكتە!... قىلغان ئىشىدىن كىشىلەردە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ياندۇرۇش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ۋەتەن، خەلق قايغۇسىنى، ئارزۇ ـ تىلىكىنى، ئىرادىسىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن كىشىلا، ئاشۇنداق ھەممە كىشى پەخىرلەنگۈدەك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالايدۇ. مەردلىك، خەلق ئازادلىق يولىدىكى جان پىدالىق — مۇنارنىڭ تا ھازىرغىچە يېزىمىزدىكىلەر بىلىپ يەتمىگەن مىجەزى، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇلۇغ مىجەز بولامدۇ؟!»

نۇرمۇھەممەت خېتىنى توختاتتى ۋە ھاياجاندىن سىلكىنگەن كۆكسىگە قولىنى قويدى. مەردلىك بىلەن قۇربان بولغان سەپدىشىڭنى ئەسلەش — ھەم پەخىرلەنگۈدەك، ھەم مەيۈسلەنگۈدەك ئىش ئىدى.

يوغان باش گېنېرالمۇ پۈشۈلداپ ئولتۇرۇپ يېزىۋاتقان خېتىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتاتتى:

«... شۇنداق قىلىپ، جىڭدىلا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم. نېمىلا بولسۇن، ھەرھالدا بۇلار ھەربىي قائىدە ـ قانۇنىنى بىلىدىكەن. مېنى ئۆلتۈرمىدى، تېخى كۆتۈۋاتىدۇ. مەن، غۇلجىنى يەتتە كۈندە ئالىمەن، دەپ ئاتلىنىپ چىققاندا، ئۆزىنى مۇنداق مەردلىك بىلەن پىلىموت ئېغىزىغا تۇتۇپ بېرىدىغان ئەزىمەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، ئەگەر بۇلارنىڭ ھەربىر ئادىمى مۇشۇنداق مەردلىك، جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان بولسا، ھېلىغۇ مەن ئىكەنمەن، مەنلا ئەمەس،

ھەتتا بىزنىڭ ئۇرۇشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئۇرۇمچىدىكى باش قوماندانىمىز جۇ شاۋلياڭمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.»

نۇرمۇھەممەتنىڭ چىرايىدا غەمكىنلىك، مەيۇسلۇك ئەكس ئېتىپ تۇرسىمۇ، يېزىۋاتقان خەتلىرىدىن پەخىرلىنىش ۋە ئىشەنچ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ خېتىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:

«سىلەر مەرھۇم دوستۇم مۇنارغا ئىسىم قويغان چاغدا، ئۇنىڭ خاتىرە مۇنارىسى تىكلەنگۈدەك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشىنى ئويلىمىغان بولغىيدىڭلار، مانا مۇنار شۇنداق ئۇلۇغ ئىش قىلدىكى، يېقىن كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ يىقىلماس خاتىرە مۇنارىسى تىكلىنىدۇ!»

1984 ـ يىلى نويابىر، غۇلجا

# ئاكا - ئۇكىلار

بۇ ئاكا - ئىنى ئۈچەيلەننىڭ جېدىلى دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىدىن باشلانغان. بۈگۈن توپتوغرا يىگىرمە كۈن بولدى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئىنسابىنى، ئىزا - نومۇسنى، قېرىنداشلىقنى قايرىپ قويدى. بولۇپمۇ چوڭ ئوغۇل رەخمىتۇللانىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن كىشىلەر «توۋا» دېيىشىپ ياقىسىنى تۇتۇشتى:

— يائاللا خۇدايىم، ئادەم نەپسانىيەتچى بولۇپ كەتسە، ھەرقانداق رەسۋاچىلىقتىن يانمايدىكەن - دە !

— بىر ئەمچەكنى تەڭ تالىشىپ ئېمىپ چوڭ بولغان بالىلار بىر پارچە يەر ئۈچۈن بىرى ئىتقا، بىرى مۈشۈككە ئايلاندى - ھە ! ...

— بۇلارغا ئاتا - ئانىسىدىن قورۇ - جاي ئەمەس، بالايىئاپەت مىراس قاپتىكەن ...

بۈگۈنكى جېدەل ئاۋۋال ئۆيدە باشلانغان، ئاندىن قورۇغا، قورۇدىن كوچىغا چىقتى. جېدەلدىن پۈتۈن مەھەللە تەۋرەپ كەتتى. رەخمىتۇللا كىچىك ئىنىسى ئەبەيدۇللانى قورۇدىن قوغلاپ چىقىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇتۇۋالدى ۋە يوغان مۇشتلىرى بىلەن گالاچىلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەربىر مۇشتى ئىنىسىنىڭ مەيدىسىگە، ئاچ بىقىنلىرىغا بازغاندەك ئېغىر تېگەتتى:

— مانا ماۋۇ مەن ئۈچۈن، ماۋۇ سەيدۇللام ئۈچۈن ! ... ماۋۇ نەپسىڭ ئۈچۈن !

ئەبەيدۇللام چىرقىراپ كەتتى:

— بولدى، جېنىم ئاكا، مىراسىمدىن كەچتىم، ساڭا ئۆتۈندۈم ... قويۇۋەت مېنى ...

ئەبەيدۇللانىڭ ئورۇق، قارىقۇمچاق ئايالى ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى:

— ۋۇي ئاكا ! ... نېمانچە ئۇرىسىز، دۇمباقمۇ بۇ ! ...

— يوقال، كۆسەي !

— ئاتا - ئانىڭىزنىڭ سۆيىدە ئاقتىم، ئوتىدا كۆيدۇم، كۆسەي بولساممۇ بولغاندىمەن.

— چىغ پاچاقنىڭ گېپىنى تېخى، سېنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىدىغان ھەققىڭ يوق !

— ئاتا - ئانىڭىزنى سىز باقالمىدىڭىز، مەن باقتىم، ئۆلەر چېغىدا، سىزنىڭ بوغما پاچاق خوتۇنىڭىز ئاغزىغا بىر تېمىم سۇ تېمىتىشقا يارىمىدىغۇ !

رەخمىتۇللا ئىنىسىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ، ئايالىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ھۇرپىيىپ، چوڭ كۆزلىرى دەھشەتلىك يانغانىدى.

— سەن تېخى مېنى سوراقىقا تارتماقچىمۇ ؟ — ئۇ ئىنىسىنىڭ ئايالىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى، — مانا ئەمىسە !

ئولاشقان ئادەملەر ئەبەيدۇللانىڭ يىغلامسىراپ تۇرغان ھالىتىگە ئېچىنىشتى. ئۆز ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىلىك ئالمىغان، ئىنىسىغا شەپقەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ياۋايىلارچە ۋەھشىيلىك، زورلۇق قىلىۋاتقان بۇنداق ئاكىغا لەنەتلەر بىلدۈرۈشتى. ئاخىر مەھەللە ئاقساقاللىرى ئارىغا چۈشۈپ جېدەلنى بېسىپ قويدى.

ئەتىسى ئوغۇللارنىڭ كەنجىسى ئەبەيدۇللا مەھەللە مۆتىۋەرلىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. چوڭ ئاكىسى بىلەن ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىمۇ چاقىرتىپ كەلدى. ئۇ ھازىرغىچە بىر ياقلىق قىلىنمىغان جېدەلنىڭ سەۋەبىنى يۇرت ئەھلى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، يېڭىباشتىن يەنە ئوتتۇرىغا قويدى.

يۇرت ئەھلىلىرى جىمجىتلىققا چۆكۈپ، ئۇن - تىنسىز

ئولتۇرۇپ كېتىشتى. بۇلارنىڭ مۇنداق ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىدى. ئاكا ـ ئىنى ئۇچەيلەن دادىسىدىن مىراس قالغان قورۇ ـ جايىنى تالىشىپ، يىگىرمە كۈندىن بېرى جېدەل قىلىشتى، قورۇنى، مەھەللىنى بېشىغا كىيىشىپ ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈشتى، تىللاشتى، مۇشتلاشتى ... كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ ئېيتقان نى ـ نى ياخشى گەپلىرى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. بولۇپمۇ چوڭ ئوغۇلنى پەيلىدىن ياندۇرالمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە دېيىش كېرەك ؟ جېدەل چىقىرىۋاتقانلار كىچىك باللار ئەمەس، ئوغۇللارنىڭ چوڭى رەخمىتۇللا ئەللىك ياش، ئوتتۇرانچىسى سەيدۇللا قىرىق بەش ياش، كەنجىسى ئەبەيدۇللا قىرىق ياش.

ئاخىر، ئېغىر تەڭلىكتىن كېيىن، ئاقساقاللارنىڭ بىرى مۇنداق دېدى:

— بىز سىلەرنىڭ ئىناق، ياخشى ئۆتۈشۈشۈڭلارنى تىلەيمىز، داداڭلار ئابدىرىماخۇننىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىشىڭلارنى دالالەت قىلىمىز.

ئابدىرىماخۇن ۋاپات بولۇشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى مۇشۇ ئولتۇرغان يۇرت چوڭلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغان: «ئەمدى ئۆرە بولالمايدىغان ئوخشايمەن، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ۋەسىيەت قىلىۋېتەي، چوڭ ئوغلۇمنى ئۆزۈم ئۆيلەپ، بىر قۇر جابدۇق بىلەن چىقىرىۋەتكەن، رازى قىلغان. ئوتتۇرانچىسىنىمۇ شۇنداق قىلغان، كەنجىسىنى بولسا، قولۇم قىسقا بولۇپ قېلىپ ئۆيلىيەلمىگەن. ئۇ ئۆزى پۇل تېپىپ ئۆزى ئۆيلەندى. ئۇنىڭغا كەلگەندە ئاتىلىق قەرزىمنى ئادا قىلالمىدىم. باللارنىڭ ئانىسى تۈگەپ كەتكىلى بىر يىل بولدى، يىگىرمە يىلدىن بېرى بىز بوۋاي بىلەن مومايىنى كەنجى ئوغلۇم ئەبەيدۇللام ئوبدان باقتى، كۈتتى، ئۇنىڭدىن رازىمەن. قالغان ئىككىسىنىڭ بىز قېرىلارغا قولى يەتمىدى. يىگىرمە يىلدىن بېرى بېشىمىزغا چۈشكەن ئاپتاپقا بىر قېتىممۇ سايىۋەن

بولالمىدى. ھەي ئاتىلار، باللارغا قانات قېقىپ، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغان ئاتىلار، بالىلىرىمىز ئىچ كۆيەرلىكىمىزنى، مېھرىمىزنى بىلىسچۇ كاشكى ... قۇشقاچقا قاراڭلار، بالىسىنى تۇتۇۋالساق، قانچىلىك ئازابلىنىپ ۋىچىرلاپ كېتىدۇ ؟ ... بوپتۇ، ئادەممىز، ئاتىمىز، يەنىلا باللارنى ئەپۇ قىلىمىز. لېكىن، يۇرت چوڭلىرى ئاڭلاپ قېلىڭلار: قورۇ ـ جاي ئەبەيدۇللامغا قالىدۇ، بۇ قورۇ ـ جاينى ئۆز پېشانە ـ تەرىمدىن بىنا قىلغان، ئاتىلىق سۈيىتىم بىلەن ئەبەيدۇللامغا ئاتا قىلدىم، مۇبادا باشقىلىرى مەندىن كېيىن دەۋا قىلسا، دەۋاسى باتىل بولغاي».

— بۇ قورۇ ـ جاينى رەھمەتلىك ئابدىرىماخۇننىڭ ئۆزى سالغانلىقى راست، — دېدى ئارىدىكى ئېغىر جىملىقنى بۇزۇپ ئولتۇرغانلاردىن بىر بوۋاي، — ئۇنىڭ ئەبەيدۇللامغا ئاتا قىلغانلىقىمۇ راست. شۇنداق ئىكەن، قالغان ئىككىڭلارنىڭ ئۇنى تالىشىدىغان ھەققىڭلارمۇ يوق.

رەخمىتۇللانىڭ يۈزى تاتىرىپ، چېكە تومۇرلىرى لېپىلداپ كەتتى.

— دادام ۋەسىيەت قىلغان يەردە مەن يوق، — دېدى ئۇ بوۋايغا ئالىيىپ.

— سەن بولمىساڭ بىز بار، ئىككى ئىنىڭ بار. ئىككى ئىنىڭغا ئىشەنمىسەڭ، بىزگىمۇ ئىشىنەرسەن ؟ ! بىز خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەق گەپنى قىلدۇق. گەپ قىلساڭچۇ، سەيدۇللام، — دېدى بوۋاي ئوتتۇرانچى ئوغۇلغا قاراپ، — شۇ يەردە سەنمۇ بار ئىدىڭغۇ ؟

بوۋاينىڭ سوئاللىرى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ يۈرىكىگە زىختەك سانجىلىۋاتاتتى.

— مەنغۇ بار، بىراق دادامنىڭ شۇنداق دېگىنىنى ھېچ ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن، — دېدى سەيدۇللا يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي.

— ياﺋاللا ! — ياقىسنى تۇتتى سورۇندىكىلەر، — ئۇ دېگەن دادا، بىز دېگەن بالا دېۋىدىڭغۇ ؟

سەيدۇللا بېشىنى كۆتۈردى، يۈزىدىن، مۆلدۈرلەپ تۆرغان كۆزىدىن ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. تامىقىنى زورغا قىرىپ قويۇپ، نىيىتىنىڭ نەق ئۆزىنىلا ئېيتتى:

— مىراسقا ھەممىمىزنىڭ تەڭ ئىگە بولۇشىمىز قانۇنلۇق ئىش، ئۇ چاغدىكى ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىسىلەر؟ نەق ئىشنى دېسەكلا بولىدۇغۇ ...

ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن سوئاللار يېغىپ كەتتى:

— ئاتا - ئانىغا قاراشمۇ قانۇنىي ئىش ئەمەسمۇ ؟

— سەن تېنىۋالغان بىلەن جاماﺋەتنىڭ ھەممىسى گۇۋاھ بولالمامدۇ ؟ ...

— ئۇنداق قىلماڭلار، بالىلىرىم، — دېدى ھېلىقى بوۋاي، — سىلەر ئاكا - ئۇكىلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىگە ئىگە بولىدىغان ئادەملەر، ھەر ئىككىڭلارنىڭ قورۇ - جايى بار، ئەبەيدۇللام ئاتا - ئاناڭلارنى باقمەن، كۈتمەن دەپ ...

رەخمىتۇللا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، زەھەرلىك كۈلدى - دە، بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— بىز قورۇ - جايىنى پېشانە تەرىمىز بىلەن قىلغان، باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىغا ھەققى يوق !

ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان سەكسەن ياشلىق تام قوشنا بوۋاي ئاكا - ئۇكىلارنىڭ قىلىقلىرىغا بىر تەرەپتىن غەزەپلەندى، بىر تەرەپتىن ئېچىندى ئەتىمالىم:

— ماڭا قاراڭلار، بالىلىرىم، — دېدى ئۇ رەخمىتۇللا بىلەن سەيدۇللاغا قاراپ، — راستىنى راست دېمىسەك يامان بولىدۇ، مانا مەن سىلەرنىڭ ئەللىك يىللىق تام قوشناڭلار، ھەممە ئىشلاردىن خەۋىرىم بار، يىگىرمە يىلدىن بېرى ئەبەيدۇللام ئاتا - ئاناڭلارنى ئاز باقتىمۇ ؟ ... ھېيت - ئايەم كەلسە، ئۆزى

كىمىسىمۇ بوۋاي بىلەن مومايغا يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قوياتتى، ئاپا، دادا، كۆڭلۈڭلار نېمىنى تارتىدۇ، دەپ سوراپ تۇراتتى. ئەبەيدۇللام دان توشۇپ بەرگۈچى كەپتەر، ئۇلار گويا باچكا ئىدى ... دۇنيادا ئاتا ـ ئانىغا كۆيىدىغان بۇنىڭدىن ئارتۇق بالا بولماس، ئالدىڭلاردىلا دەي: سىلەر ئىككىڭلار نېمە قىلدىڭلار؟ ئابدىرىماخۇن سىلەرنىمۇ ئىزدەپ باقىدىمۇ ؟ ! يىگىرمە يىلدىن بېرى داداڭلارنىڭ بېشىغا بىر شاپاق بۇك، ئاپاڭلارنىڭ ئۇچىسىغا بىر چىت كۆڭلەك كىيدۈرۈپ قويالىدىڭلارمۇ ؟ ...

— باققان بولسا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى باقتى، بىزگە نېمە راپاۋەتچىلىك قىپتىكەن ؟ — دېدى رەخمىتۇللا كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ.

— سىلەرنىڭمۇ ئۆز ئاتا ـ ئاناڭلار ئەمەسمۇ !

ئەبەيدۇللانىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى كۆيۈنۈپ، ھۆرمەتلەپ باققانلىقى راست. نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئۇ باللار ئۇچۇن ئۈلگە قىلىنىپ تىلغا ئېلىناتتى ۋە شۇ خىسلىتى، ئەجرى بىلەن مەھەللىدە ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. باياتىن بېرى ئۇ ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئاكىلىرى تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمىغىنىغا كۆڭلى ئېزىلىپ، ئاران چىداپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھازىر چوڭ ئاكىسىنىڭ «بىزگە نېمە راپاۋەتچىلىك قىپتىكەن» دېگەن سۆزىگە چىداپ تۇرالمىدى:

— ھەي، رەخىم ئاكا، — دېدى ئۇ غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، — مەن ساڭا راپاۋەتچىلىك قىلمىدىممۇ ؟ قېرىنداشلىقنى يەتكۈزەلمىدىممۇ ؟ ھېلىقى يىلى ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغىنىڭدا سېنى ئۈچ ئايغىچە باقمىدىممۇ؟ سەن ئۈچۈن قانچىلىك سەدپارە بولۇپ كەتتىم، كېسەل كارىۋىتىڭنىڭ ئاستىدا داق يەردە يېتىپ، كېچە ـ كېچىلەپ ساڭا قارىمىدىممۇ ؟ سەن ئۈچۈن قان ـ قان يىغلاپ كەتمىگەنمىدىم ؟ ... بالىلىرىم ھەر كۈنى ئۆيۈمدىن تاماق توشۇمىدىمۇ ؟ قارا قوزامنى سويۇپ تېرىسىگە ئالمىدىممۇ ؟ تولا

يېتىپ يانپاشلىرىنىڭ تېشىلىپ كەتكەندە، كېچىلەپ باياندايغا چىقىپ، بىر پۈت تېرىقنى ئۆشنەمگە ئارتىپ ئەكېلىپ، ئاستىڭغا سېلىپ بەرمىدىمۇ ؟ ... مۇشۇ ئىشلارنى بويىغا يېتىپ قالغان باللىرىڭ قىلالىدىمۇ ؟ ساڭا كۆيۈنۈپقىنا قارىيالىدىمۇ؟ ... بۇلار يۈزىدىن بىرى تېخى ... — ئۇنىڭ غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاچرىغان كۆزى ئوتتۇرانچى ئاكىسىغا تىكىلدى، — ھەي، سەيدى ئاكا، سەن جاي سالغاندا، قىرىق كۈن ئىشلەپ بەرمىگەنمىدىم ؟ كۈنلۈكچىلىرىڭگە ھەر كۈنلۈكى بىر ۋاخ تاماق مېنىڭ ئۆيۈمدىن بولمىغانمىدى ؟ سەككىز تال لىم ياغىچىڭنى جاغىستايدىن ئېشەك ھارۋام بىلەن تۆت كۈن توشۇمىغانمىدىم ؟ ... مېنى مىننەت قىلدى دەپ قالماڭلار، دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم، مۇشۇلار راپاۋەتچىلىك ئەمەسمىكەن ! ...

ئەبەيدۇللانىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ئاچچىق ياشلار تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئەمما، ئىككىسىنىڭ بۇنىڭغا كۆڭلى ئېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە غەزىپى ئۆرلەپ، كۆزلىرىدىن نەپرەتلىك ئۇچقۇنلار چاچرىدى. ئۇنىڭ شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا ئاكىلىرىنى سۆكۈشى بولۇپمۇ رەخمىتۇللانىڭ ئوغۇسىنى تېخىمۇ قايىنىتىۋەتتى. ئۇ ئىنىسىنى ئېزىق چىشىغا ئېلىپ چايناپ پۇركۇۋەتكۈسى ياكى دەسسەپ چەيلىۋەتكۈسى كەلدى. ئامال قانچە، ئۆي كىشىلەر بىلەن لىق تولغان. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ ئىنىسىنى قايسى كۈندىكىدەك كوچىغا سۆرەپ چىقىپ راسا دۇمبالىغان بولاتتى - دە. «خەپ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن ساڭا ئاتا يولۇق ئاكا ئەمەسمىدىم، نېمانچىۋالا ئەزۋەيلەپ كېتىسەن ۋۇي ئەقلىنى نەپسىگە مىنگەشتۈرگەن ھارىمى ...»

— بولدى، — دېدى ئابايىقى بوۋاي كەسكىن ھالدا، — ئابدىرىماخۇننىڭ ۋەسىيىتى ئىناۋەتلىك، قورۇ - جاي ئەبەيدۇللاغا تەئەللۇق !

سورۇن ئەھلى ئاتا ۋەسىيىتىنىڭ ئىناۋەتى ئۈچۈن

قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، بىراق بۇ گەپ رەخمىتۇللانىڭ گۇرەنلىرىنى كۆپتۈردى، چوڭ كۆزلىرىنى ئالايتتى، قوللىرىدا ۋەھشىي كۈچ پەيدا قىلدى، قېرىنداشلىقنى ئۇنتۇدى ۋە ئاخىرىدا دادىسىنى ھاقارەتلەتكۈزدى:

— ئادەم قېرىغاندا ئالجىىپ، قالايمىقان ۋەسىيەتلەرنى قىلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئىناۋىتى بولسۇن ! — دېدى ئۇ قولىنى كۈچ بىلەن پۇلاڭلىتىپ.

— يائاللا ! ...

سورۇن ئەھلى ھەيران بولۇشۇپ، ئىككىنچى قېتىم ياقىسىنى تۇتۇشتى.

رەخمىتۇللا بىلەن سەيدۇللانىڭ ئۆز دادىسىنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىشىغا سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزى يەتمىدى. ئىككى سائەتتىن بېرى قىلىنغان تاشنى ئېرىتكۈدەك ياخشى سۆزلەر، دالالەتلەر، شۇنچە ئېنىق دەلىل - ئىسپاتلار ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سورۇن ئەھلىدىن ياشراق بىرى رەخمىتۇللا بىلەن سەيدۇللاغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئىككىڭلارنىڭ ئۆز داداڭلارنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلماسلىقىڭلار، بىزنى مۇنداق ھېساب - كىتاب قىلىشقا مەجبۇر قىلدى: يىگىرمە يىلدىن بېرى ئەبەيدۇللانىڭ بوۋاي بىلەن موماينى باققانلىقى راست. شۇڭا، ئالدى بىلەن بېقىش ھەققىنى ھېسابلايمىز، ئەڭ كەم ھېسابلىغاندا، يىلىغا ئۈچ يۈز سوم راسخوت قىلىندى دېسەك، يىگىرمە يىلدا قانچە بولىدۇ ؟

— ئالتە مىڭ سوم، — دېدى قاتاردىكىلەردىن بىرى ئۈنلۈك ۋارقىراپ.

— مۇشۇ ئالتە مىڭ سوم ئۈچۈن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قورۇ - جاينىڭ قالغان قىسمى ئەبەيدۇللامغا تەئەللۇق بولماسمۇ ؟

سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزلىرى رەخمىتۇللا بىلەن سەيدۇللاغا

تىكىلدى. بۇ ئۆتكۈر تىكىلىشلەردىن: ئەمدى نېمە دەيسىلەر ؟ بۇنىڭدىنغۇ تېنىۋالغىلى بولماس، بۇنىڭدىن ئارتۇق لەت بولۇشمۇ بولماس، دېگەن مەنىلەر چىچىلاتتى. ئارىغا بىردەم جىمىلىق چۆكتى. قۇشقاچ تىلىدەك قىسقا يۆتىلىشلەر باشلاندى. لېكىن، رەخمىتۇللا بۇ غەزەپلىك تىكىلىشلەرگە پىسەنتمۇ قىلماي، ئاۋازىنى قويۇپ بەردى:

— مۇنداق ھېساب - كىتابنى بىزمۇ قىلالايمىز، بىر ئېغىز ئۆينىڭ يىللىقىنى يۈز سومدىن ئىجارىگە قويسا، يىگىرمە يىلدا قانچە بولىدۇ ؟

— ئىككى مىڭ سوم بولىدۇ، ئاكا، — دېدى سەيدۇللا جانلىنىپ ۋە ئاكىسىنىڭ ئويلاپ تاپقان ئەقلىگە قايىل بولۇپ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— يەنە بار، — دېدى رەخمىتۇللا تېخىمۇ كۈچەپ، — ھويلىدا يىگىرمە تۈپ ئالما بار، ھەربىر تۈپ ئالمىنىڭ مېۋىسىنى كەم دېگەندە ئون بەش سومدىن ساتقان بولسا يىگىرمە يىلدا قانچە بولىدۇ ؟

سەيدۇللا بۇنىمۇ دەرھال ھېسابلاپ بولدى:

— يىگىرمە يىلدا ئالتە مىڭ سوم بولىدۇ، ئاكا. جەمئىي سەككىز مىڭ سوم بولدى، — دېدى ئۇ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ.

چوڭ ئاكىسى تېخىمۇ جانلاندى - دە، ئەبەيدۇللاغا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— ئىككى مىڭ سومنى قاچان قايتۇرىسەن ؟ — دېدى.

سورۇندىكىلەر ئۇچىنچى قېتىم ياقىسىنى تۇتۇشتى ۋە تەرەپ - تەرەپتىن ئىككىسىنىڭ يۈرىكىگە ئاچچىق ۋە تەنىلىك سۆزلەرنى نەشتەردەك سانجىشقا باشلىدى:

— بىز شۇ چاغقىچە ئەبەيدۇللامنىڭ ھويلىدىكى ئالمىنى ساتقىنىنى كۆرمىگەن ...

— ھەر يىلى كۈزدە باغنىڭ ئالمىسىدىن سىلەرمۇ سېۋەت - سېۋەتلەپ ئېلىپ كېتەتتىڭلارغۇ، يا سىلەرگىمۇ ساتقانمۇ ؟ ...

— ئاۋۇ بەش يىللىق كۆچەتلەردىن نېمە چىقار ؟ ...

تېخى ئۈچ يىل بولدى، بىر ئېغىز ئۆيىنى يۈز سومدىن ئىجارىگە قويغىلى ...

— رەھمەتلىك ئابدىرىماخۇن ئۆز ئۆيىنى ئەبەيدۇللامدىن ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ـ دە ! ...

تاپسىدا شۇمشىيىپ ئولتۇرغان ئەبەيدۇللا ئاكىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئويلاپ قالدى: قايسىبىر يىلى ئاكىسى ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنى قىلغاندا، ئۇ ئالتە ياشلىق بىر قوي، ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىگە بىر قۇردىن كىيىملىك ئېلىپ چىققان؛ كېيىن ئۆزى ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنى ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا، يەڭگىسى: ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىنى، ئاندىن ئاكا ـ ھەدىنى رازى قىلغۇلۇق، رەسىم ـ قائىدە شۇنداق، دەپ تاپىلىغان. شۇ بويىچە ئۇ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىگە يەنە بىر قۇردىن كىيىملىك قويغان. يەنە بىر يىلى ئاياغ كىيىم قىس بولۇپ كېتىپ، ئەبەيدۇللا ئاكىسىغا تېرە زاۋۇتىدىن تونۇشلار ئارقىلىق بىر ئۆتۈك ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، ئاكىسى ئادەتتىكى يىگىرمە ئىككى سوملۇق ئۆتۈكنى، چەت ئەلدە ئىشلەنگىنىدىن ئالدىم، دەپ ئوتتۇز بەش سومغا ئۆتكۈزگەن. يەنە بىر يىلى ئاكىسى ئۇنىڭ بىر توخۇسىنى بېقىپ بېرەي دەپ ئەكېتىپ، «ئوغرى ئالدى» دەپ سويۇپ يەۋالغان، بۇ ئىشلارنى ئۇ باشقىلاردىن بىلىپ قالغان.

مۇشۇنداق تالاي ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئەبەيدۇللا قېرىنداشلىقنى ئەلا بىلىپ، ئۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمىگەن، لېكىن ئۇلار سۈرۈشتۈرۈۋاتىدۇ، يېپىدىن يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتۈرۈۋاتىدۇ ... قېنى، ئاتا يۇللۇق ئاكا بولغىنى، قېنى سەن ئۈچۈن ئۆپكىسىنى قېقىۋاتقىنى، قېرىنداشلىق قايرىلىپ قالدىغۇ، ئاتا ۋەسىيىتى ئىلىك ئېلىنمىدىغۇ ! ...

قورۇ ـ جاي ماجىراسى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىنمىدى.

بۇنى شۇنداقلا تاشلاپ قويۇشقىمۇ بولمايتتى. چۈنكى، ماجىرا بارغانسېرى چوڭىيىشى، ھەتتا ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، يۇرت - جامائەت قورۇ - جاينى بۆلۈش قارارىغا كېلىشتى. ئاردىن بىرى ئەبەيدۇللاغا مۇنداق دېدى:

— بوپتۇ بالام، كۆكسى - قارنىڭنى كەڭ تۇت، سەن يەنە كۆكلەيسەن، دۇنيادا ئاتا - ئانىنى باققاندىنمۇ ئۇلۇغ ئىش يوق، پۈتۈن يۇرت - جامائەت سېنىڭدىن رازى. لېكىن، ئاتا - ئانىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلىماي، ۋىجدان، نومۇس ئازابىغا، كىشىلەر ئالدىدا لەنەتكە قېلىپ دۇنيادىن ئۆتكەنلەرمۇ بولغان. تىرىكلىكتە بىر كۈنمۇ ياشايدۇ، قاغا - قۇزغۇنمۇ ياشايدۇ، بىراق قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ، قېنى، جاينى بۆلەيلى.

«بۆلۈش» سۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا رەخمىتۇللانىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. نۇرغۇن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن قورۇ - جاي ئۈچكە بۆلۈندى. ئۆيلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ پۈڭ يەر ئەبەيدۇللاغا، ئالتە پۈڭلۈقتىن باغ يېرى رەخمىتۇللا بىلەن سەيدۇللاغا تەگدى. خەت - توختام قىلىندى. دۇئا قىلىنىپ يۇرت - جامائەت تارقاپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن يىگىرمە كۈن داۋام قىلغان جېدەل بېسىلىپ، مەھەللە ئىچى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. بىراق، رەخمىتۇللا ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قالغان ئىنىسىغا قاراپ:

— ئەمدى نەپسىڭگە قاندىڭمۇ، تويمىغۇر ھارىمى؟ — دەپ تىللاپ چىقىپ كەتتى.

خەيرىيەت، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يەرنىڭ سودىسى قىلىندى. ھەر ئىككىسىنىڭ باغلىق يېرى ئىككى مىڭ سومغا توختالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەبەيدۇللا: «مەن قەپەسكە سولانغاندەك تارچىلىق ئىچىدە قالدىم، ئاكىلىرىم يەرنى ماڭا بەرسۇن، پۇلنى نەق بېرەي» دەپ ئادەم ئەۋەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەر ئىككىسىنىڭ باشقىدىنلا ئوغىسى قاينىدى. رەخمىتۇللا:

— يەرنى ئەبەيگە ساتقۇچە، ئىتقا قىشلىق ساراي سالدۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سەيدۇللامۇ:

— يەرنى ئۇنىڭغا بەرگۇچە، ئېشەكلەرگە بەزمىخانا قۇرۇپ بېرىمەن! — دېدى.

بىرىنچى تام سوقۇلۇشقا باشلىدى. رەخمىتۇللا يېرىملاشقان تامنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ تاش ئۇرۇۋاتاتتى. سەيدۇللا بولسا توپا تاشلاپ بېرىۋاتاتتى، ئەبەيدۇللا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئاكا، — دېدى ئۇ مىسكىن ئاۋاز بىلەن، — تام مۇشۇ بىر توپ ئالمىغا توغرا كېلىپ قالدى ...

— هە، توغرا كېلىپ قالسا قانداق قىلاي؟

— يېرىم غېرىچ نېرىراق سوقساڭ، مۇشۇ ئالما ساق قالسا، دادام ئۆز قولى بىلەن قويغان يىگىرمە يىللىق كۆچەت ئىدى.

— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دەپ باققىنا؟ — ئاكىسىنىڭ كۆزلىرى دەهشەتلىك ئالىيىپ كەتتى، — قۇيرۇقۇڭنى ئىتتەك شىپپاڭلىتىپ يەنە كەلدىڭمۇ تويمىغۇر هارىمى! — ئۇ تام ئۈستىدىن سەكرەپلا چۈشتى، ئىنىسى خۇددى كىچىك بالىدەك قاچتى. پۈتۈن ئەزايى بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ كەتكەن رەخمىتۇللا ئىنىسىنى كوچىغىچە سۈرۈپ چىقتى. شۇ ئاچچىقى بىلەن قورۇغا قايتىپ كىردى ـ دە، ئابايىقى يىگىرمە يىللىق باراقسان ئالمىنى پالتا بىلەن چاناپ يىقىتىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئەبەيدۇللانىڭ ئىككى ئاكىسى ئالتە پۈشلۇقتىن يېرىنى باشقىلارغا سېتىۋەتتى. ئەبەيدۇللا دەسلەپتە تار هويلىدا نەپەس ئالالمايۋاتقان ئادەمدەك قىينالدى. لېكىن، ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپمۇ قالدى. ئادەم هەممە نېمىگە كۆنىدۇ، كۆنمەي نېمە ئىلاج؟ بېشىنى سىلاش — ئۇنىڭ مېهرىبان ئاتا ـ ئانىسى بىلەن پۈتكەنىكەن.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئېھتىمال، سىز بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار قېرىنداشلىقتىن كېچىپ، ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتتىمۇ؟ دەپ

سورارسىز. مىراس ماجىراسى تۈگەپ، ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى:

بىر كۈنى ئەبەيدۇللا چوڭ ئاكىسى رەخمىتۇللانىڭ تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە شۇ هامان ئۆيىگە چاپتى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرگەندە، خوتۇنى هويلىدا كىر يۇيۇپ ئولتۇراتتى.

— كىرىڭنى قوي، ئاكام يەنە دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ، — دېدى ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ئەبەيدۇللا.

— هېچ ئاغرىمايدىغاندەك، تۇغقان كېرەك بولمايدىغاندەك قىلىۋاتاتتى، يەنە ئاغرىپتۇ - دە.

— بول چاپسان، شورپا سېلىپ بەر، يوقلاپ كېلەي.

خوتۇنى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئېرىگە «پالللىدە» قارىدى.

— قارايسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ خوتۇنىغا ئالىيىپ.

— هە، ماڭىلا ئالىيىڭ، تاياقنى ئاكىڭىزدىن يەپ ...

ئەبەيدۇللا ئۇششاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى:

— قانداق قىلىمىز، تاياقنى سەنمۇ يېدىڭغۇ، ئاكا ئەمەسمۇ، قېرىنداشلىقتىن كېچىپ كەتكىلى بولامدۇ؟ مەن ئاكامنى يامان دېسەم، باشقىلار ياخشى ئاكىسىنى بەرمەيدۇ - دە، ئۇ هەرقانچە قارا كۆڭۈل بولسىمۇ، مېنىڭ قېرىندىشىم!

— ئاپارغان تامىقىڭىزنى بېشىڭىزغا ئاتسىچۇ؟

— يەنە ئاپىرىمىز، قېرىنداشنىڭ راهىتىنىلا كۆرمەيسەن، جاپاسىنىمۇ تارتىسەن، ئۇنىڭ دەردىنى تارتمىسام، مېنىڭ قېرىنداشلىقىم نەدە قالىدۇ؟

1984 - يىلى، غۇلجا

# پەلتو ئېلىش ھەققىدە ھېكايە

قىشنىڭ ئاپتاپلىق بىر كۈنى ئىدى. قوتانغا كىرىپ قويلىرىغا ئوت - چۆپ چېچىپ چىققان ھېيتباقى پېشايۋاندا زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە، شالاڭ بۇرۇتلىرىنى ئۇچ تال بارمىقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئويناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىردەم جانلىنىش، بىردەم مەيۇسلىنىش روھىي ھالىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. لەۋلىرى چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى پىچىرلايتتى. شۇ ھالەتتە ئۇ خوتۇنى ئاڭلىسىمۇ ھەيران قالغۇدەك خىياللارغا بېرىلىپ كەتكەنىدى:

«ئەمدى پەلتو كىيىمەن، دېھقانغا پەلتو ياراشمامدىكەن ؟ داداممۇ دېھقان تۇرۇپ قىشتا پەلتو، يازدا كاستۇم كىيەتتىغۇ؟ كىشىلەر مېنى داداڭغا قالتىس ئوخشايسەن، دېيىشىدۇ. راست ئەمەسمۇ، ئات يۈزلۈكلۈكۈم، چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىم، يارىشىملىق بۇرۇتلىرىم، قىڭراقتەك قاڭشارلىرىم، تېخى كۆلكە، يۆتەللىرىمگىچە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايمەن. ئاكاممۇ، ئىنىلىرىممۇ قىلچە ئوخشىمايدۇ، خۇدايا توۋا، تۆت ئوغۇلنىڭ ئىچىدە مەنلا ئەينەن دادامنىڭ ئۆزى بوپتىمەن. روزا تۇتۇشلىرىمىزنىڭ ئوخشاشلىقىچۇ تېخى. دادام زوغا قوپاتتى، نىيەت قىلاتتى - يۇ، چۈشلۈكى ئامبارغا كىرىپ، قېتىقتا نان چىلاپ يەۋالاتتى. كەچتە مەھەللە ئاقساقاللىرىغا قوشۇلۇپ ئىپتارغا ئېيتقان يەرلەرگە بېرىۋېرەتتى. بامدات، خۇپتەن نامىزىغا — مەسچىتكە چىقمايتتى، يا ئۆيدە ئوقۇمايتتى، مۇنداقمۇ ئوخشاشلىق بولىدىكەن - ھە ؟ بىراق تاپقان - تەرگىنىنى مەكتەپكىلا بېرەتتى، مۇشۇ ئىشلا ماڭا ئوخشىمايدۇ. ئەمما، دىراپتىن پەلتو كىيىۋالىدىغان بولسام، دادامنىڭ ئۆزىلا

بولمەن ـ دە، كۆرگەنلەر ھېيتباقىنىڭ دادىسى تىرىلىپ كەلگەنمۇ نېمە دېيىشىپ كېتەر ...»

يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ھېيتباقىنىڭ خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئۆيىدىن ئايالى چىقىپ قالدى ـ دە، كايىدى:

— ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئادەمدەك نېمانچە خىيال بۇ ؟

— خىيال دېگەنمۇ لەززەتلىك نەرسە خوتۇن، تاماكىدەك خۇمارى تۇتىدۇ، سەن ئەخمەق ئۇنىڭ لەززىتىنى بىلەمسەن ؟ — دېدى ئۇ خوتۇنىغا سىگار يان قاراپ، — بىراق، ئۇنىڭ مەنىلىكى، مەنىسىزى بولىدۇ، مېنىڭ خىياللىرىمنى ئۇقساڭ، ئەقلىڭنى ئەمدى تېپىپسەن، دەپ يايراپ كېتىسەن.

— پاھ ـ ھا، ئىلىنىڭ يايلاقلىرىنى قولغا ئاپتىلا ـ دە، خىياللىرىدا قويلارنى نەچچە تۈمەنگە يەتكۈزۈۋەتتىلىمۇ نېمە ؟

— بۇگۈن يەتمىسە ئەتە يېتىدۇ، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دەپتىكەن، قوينى ئەللىككە يەتكۈزۈپ قويۇۋۇدۇق، مەيدىمىزگە گۈل تاقىدى. كوڭكىدەك چىپىۋېرىدىغان بولساق، تېخى ئاسماندىمۇ ئۇچۇرىدۇ، دېگىنە !

گۈلشەرىخان كۈلۈپ كەتتى ـ دە، بىگىز قولى بىلەن ئېرىنىڭ بېشىنى نوقۇپ قويۇپ:

— راستىنلا مەنىلىك خىيال سۇرۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ، نېمە قىلاي دەۋاتىلا ؟ — دېدى.

ھېيتباقى شالاڭ بۇرۇتلىرىنى چىمدىپ بۇراپ، چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتتى ـ دە، گۈلشەرىخاننىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ ئاستا دېدى:

— دىراپتىن پەلتو كىيەي دەۋاتىمەن.

— نېمە ؟ ... — خوتۇنى چۆچۈپ كەتتى، — نېمە دەيدۇ بۇ ئادەم ...

گۈلشەرىخان ئورنىدىن تۇرۇپ، قاقاقلاپ شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، ھېيتباقىنىڭ ئۆزىمۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا دانلاپ يۈرگەن

توخۇلارمۇ، پېشايۋاندا بويۇنلىرىنى كۆپتۈرۈپ بۇقۇلداۋاتقان كەپتەرلەرمۇ چۆچۈپ كەتتى.

— سىلى پەلتو كىيسىلە، ياغاچ ئادەمگە دۇردۇن – تاۋار كىيدۈرۈپ قويغاندەك مەھەللىدە قىيقاس چىقىپ كېتەر ...

گۇلشەرىخاننىڭ يۈرەككە سانجىلىۋاتقان كۆلكىسى تېخىچە بېسىلمىغانىدى. ھېيتباقىنىڭ بۇرۇتلىرى تىكەنلىشىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى قېلىن كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى – دە، ئورنىدىن تۇرۇپ خوتۇنىغا گۆلەيدى:

— نېمانچە ناينىاقلايسەن قېرى ئالۋاستى ! ماڭا مەھەللىدە قانچىلىك ھۆرمەت، ئىززەت – ئىكراملارنىڭ قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن ؟ توي – تۆكۈن، نەزىر – چىراغلاردا مەن بارمىغۇچە داستىخان سېلىنمايدۇ؛ مەھەللىدە جىنازا چىقسا، مەن يېتىپ بارمىغۇچە پاكار مەزىنمۇ «سالات جىنازا» دەپ ۋارقىرىمايدۇ ھازىر ...

خوتۇنى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ياشىنىپ قالدى دەيدىغاندۇ ؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن دۆت دەيمەن – دە سېنى، مېنىڭدىنمۇ ياشانغانلار بارغۇ؟ مەرتىۋەمگە يارىشا ئىش كۆرمىسەم بولامدۇ ؟ دادام پەلتو كىيگەندە كىم كۈلگەن ؟ بىلىمەن، مەن پەلتو كىيسەم سەن كۈلىسەن.

گۇلشەرىخان ئېرىنىڭ تېرىكىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، نېمىشقا كۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر – بىرلەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — سىلى كەچكىچە قويلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرىدىغان ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاڭغا كۆمۈرگە چىقامدىلا، يەم – بوغۇز، ئوت – چۆپ توشۇمامدىلا، مۈرىلىرىگە تاغار ئالمامدىلا ؟ ...

— بولدى، بولدى، — دېدى ھېيتباقى خوتۇنىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ۋە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — مەن ئۇنى ئۈچامغا ھەمىشە

ئارتىۋالاتتىمۇ؟ يولىدا، ئورنى كەلگەندە كىيمەمدىم، كىم ساڭا كۆمۈر توشۇغاندا، تاغار كۆتۈرگەندە، قويلارغا يەم بەرگەندە، چۆپ چاپقاندا كىيمەن، دەپتۇ ؟ !

— مۇنداق دىسىلە، گۈلگە گۈل، خىلىغا خىل كەلتۈرىمەن دىسىلە، «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دىگەن گەپ بار. كىيگەنگە يىتەمدۇ، قولىمىزنى قاياققا سوزساق، شۇ ياققا يىتىدىغان بولۇپ قالدۇق، كىيسىلە.

گۈلشەرىخان ئاۋۋالقى گەپلىرىدىن يىنىپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھىيتباقى خۇمارى تۇتۇۋاتقانلىقىنى سىزىپ، تاماكا يۆگەپ چەكتى ۋە بۇرۇتلىرىنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئىلىپ يەنە ئويناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا توخۇلىرى دانلاپ يۈرەتتى. چار خوراز ھىيتباقى خوتۇنىنىڭ مەسخىرىسىنى بىرلا گۈلىيىپ يەڭگەندەك، مىكىيانلارغا قانات سۆرەپ، مەغرۇرلىنىپ تۆتۆتلىسە، پىشايۋاندىكى كەپتەرلەر ئۇنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىگە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك بۇقۇلدايتتى.

ھىيتباقى پىشايۋاندا لەززەتلىك ئوي ـ خىياللارنى سۈرۈپ يەنە خىلى ۋاقىتقىچە ئولتۇردى. بالىسى تاماق تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلمىغان بولسا، ئۇ تاتلىق خىيالىنى بۇزمىغان بولاتتى. ئۇ ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇردى ۋە ئاۋۋال قوتانغا كىرىپ بورداۋاتقان قويلىرىغا يەنە ئوت ـ چۆپ چاچتى، ئاندىن قويلىرىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ ھىجىيىپ قويدى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ھىيتباقى ئائىلىسى — تۆت يىلدىن بىرى قوي بورداپ، كۈندىن ـ كۈنگە روناق تىپىۋاتقان بىردىنبىر ئائىلە ئىدى. ئۇ بىرىنچى يىلى يىگىرمە قوي بوردىغانىدى، ئوبدانلا تاپاۋەت قىلدى. «پۇلنى پۇل تاپىدۇ» دىگەندەك، تاپاۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇدى. ئۇ بۇ يىل ئەللىك قوي بورداۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر ئىككى ئات ھارۋىسى، ئىككى نەسىللىك، ئىككى يەرلىك — تۆت

مـوزايلىق سـىيرى، يـۈزدىن ئوشـۇق تـوخۇسى بار؛ ئـوتتـۇرانچـى ئوغلىغا يېزا ماگىزىنىنىڭ بىقىنىدىن ئېچىپ بەرگەن بىر بوتكا دۇكـانمۇ بار؛ كـىچىـك ئـوغلى ھـەر كـۈنى سەھـەردە مـەكتەپكـە مېڭىشتىن بۇرۇن ئون بەش ـ ئون ئالتە سوملۇق سۈت سېتىپ كېلىدۇ؛ گۈلشـەرىخان يوغـان قەۋەتلىـك كاتەكتـىن ھەر كـۈنى ئېتىكىگە يەتمىش ـ سەكسەن تۇخۇم سېلىپ چىقىدۇ ...

مـانـا، شۇنىـڭ بىـلـەن ئـۇ يـېزىـدا «ۋاي ھـېيـتبـاقـى، ۋاي ھېيتباقى» بولۇپ قالدى. كىشىلەر «پۇلنى پۇل تاپىدۇ» دېسە، ئۇ ھازىـر «ياق، پۇلـنـى ئەقىل تـاپىدۇ، پۇل تـاپقان ئادەم ئـەقىلـلـمـۇ تاپىدۇ، يېنىڭدا ئون سوم بولسا، ئون سومغا تۇشلۇقـلا ئەقلىـڭ بولىدۇ، ئەگەر يېنىڭدا مىڭ سوم پۇلۇڭ بولىدىغان بـولسا، ساڭـا مىڭ سومدىن نەچچە ھەسسە ئۇستۇن ئـەقىل تولـىدۇ» دەيدىغـان بولدى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇ ئۆز بايلىقىغا، «ۋاي ھېيتباقى» بولۇپ قالغانلىقىغا مۇناسىپ ھالدا پەلتو كىيىش قارارىغا كـەلگەنـىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پەلتو كـيـىش ئارزۇسـى، مۇھىمـى، كىشلەرنىڭ مۇنۇ دەۋەتلىرىدىن كـېيـىن پـەيدا بولغـانىدى. بىـر كۈنى بىر سورۇندا بىرى:

— ھېيتباقـى، بېيىپ قالدىڭ، بىزنىڭ يېزىدىنمۇ پەلتـو كـيـىدىغان دېھقـان چىقسـۇن، بىز پـەلـتو كـيـەيلى دېسـەك، قولىمىز قىسقىلىق قىلىدۇ، — دېگەنىدى. ھېيـتباقى ئۇنىڭغا دەرھاللا جاۋاب بەردى:

— بىزگە پـەلتو كـيـيشنـى كىم قويـۇپتۇ؟ كـەچكىچـە كـالا تېزىكى، قوي مايىقىنىڭ ئارىسىدا يۈرسەك.

— داداڭ رەھمەتلىـك ئاسـىباخۇنكـام قىشـتـا پەلتـو، يـازدا كاستۇم كىيىپ يۈرەتتى، شۇ ئادەممۇ دېھقان ئىدىغۇ ؟

— پەلتو دېگەننى ئەمدى بالىلىرىمىز كىيسە يارىشىدۇ. بىـز پەلتو كىيسەك، قىرچاڭغۇ ئاتقا گۈللۈك يوپۇق ياپقاندەك بىـر ئىش بولار ! ؟

يەنە بىر دېھقان گەپكە ئارىلاشتى:

— قىرچاڭغۇ دەمسىنا، ئۇستىدە تۇخۇم توختىغۇدەك دېگىنە، بۇرۇتلىرىڭ مايلىشىپ پارقىراپ كەتتى، سەن كىيمەي كىم كىيدۇ ؟ بايلىقتا داداڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ، داداڭ قىلغاننى سەن نېمىشقا قىلالمايسەن ؟

— قويۇڭلار، سۆلەتۋازلىقنى دالالەت قىلماي ...

ھېيتباقى ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ شۇنچە كۈچەپ بەرگەن تەكلىپلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا كۆنمىدى. بىراق، بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى دالالەتلەرنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى ـ دە، پەلتو كىيىپ يۇرۇشكە قىزىقىپ قالدى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ توغرۇلۇق ئۇ خوتۇنى گۈلشەرىخان بىلەن بىرمۇنچە دەتالاش قىلدى.

※ ※ ※

ھېيتباقى ئىرگىلو ھارۋىسىنى ھەيدەپ شەھەرگە ماڭدى. ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى چىقىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، سوغۇق تېخى بوشىمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇرۇتلىرىنى، قاش ـ كىرپىكلىرىنى، تۇمشۇقىنى ئورىۋالغان دىكا تاشلىق ئۇزۇن جۇۋىسىنىڭ قېلىن يۇڭلىرىنى ئاپپاق قىروۋ باغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاتلىرىنى «دىرت، چۇ ...» دەپ قوياتتى ـ دە، يەنىلا ئويلايتتى: ئىچىم مايلاشقان بىلەن تېشىم تېخى پارقىرىمىدى، تېخىچىلا كۇرەك جۇۋىلىق، كۆتەك ھارۋىلىق دېھقانمەن، قانچە قىلسامۇ زامانغا لايىقلىشالمىدىم. ئەمدى خادىك ھارۋا قىلىشىم كېرەك، ئۇنىڭغا مۇنۇ يۇرۇشلۇك جەدە قاشقىنى قاتسام، بوينىغا قوڭغۇراق ئاسسام ... مانا، گۈلگە گۈل كەلدى دېگەن شۇ. خادىكنىڭ ئوقىغا لىسور بېكىتەيمىكىن ؟ خادىك ئۈستىگە كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان ھېلىقى قىزىل گىلەمنى سالغىنىم ياخشىمۇ ياكى ھازىرچە تېكىمەت كىگىز سېلىپ تۇرسام بولامدۇ؟ پەلتو كىيگەن ئادەم كۆتەك ھارۋىدا ئولتۇرسا،

تاز گۇل قىسىۋالغاندەك بىر ئىش بولار ...
ئۇيلىغانلىرىڭ كۆڭلۈڭگە ياقسا، ئۇنىڭ لەززىتى تەڭداشسىز بولىدۇ. ھېيتىباقى شۇنداق لەززەتلىك خىياللار بىلەن شەھەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۇ ھارۋىسىنى دەڭگە قويۇپ، ئاتلىرىغا بوغۇز ۋە چۆپ بەرگەندىن كېيىن ماگىزىن ئارىلاشقا ماڭدى. ئۇ بىرقانچە ماگىزىنغا كىرىپ نۇرغۇن پەلتولارنى كۆردى، كىيدى، لېكىن بۇ پەلتولارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا يارىمىدى: بىرىنىڭ رەڭگىنى ياقتۇرمىسا، يەنە بىرىنى تار كۆردى؛ بىرىنى كېلەڭسىز كۆرسە، يەنە بىرىنىڭ يانچۇقىدىن ئېۋەن تاپتى. ئاخىر يېڭى ئاچقان كۆتۈرمە ماگىزىندىن كۆرگەن تۆمۈر رەڭلىك بىر پەلتو دىتىغا ياراپ قالدى ـ دە، كىيىپ كۆردى. ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، كەڭ ـ تارلىقى تازا دەل كەلسىمۇ، پىرىكازچىك يىگىتتىن ئەتەي سورىدى:
— قانداقراق كەلدى، ياراشتىمۇ ئۇكا ؟
— پاھ، قالتىس ياراشتى، ئۆزىڭىزنىڭكىلا ئىكەن.
— ئۆيگە كىرسەم يەڭگەڭ تونۇماي قالارمۇ يا ؟
ھېيتىباقى پىخىلداپ كۈلدى. پىرىكازچىك يىگىتمۇ چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى:
— پەلتوغا ئورىۋالسىڭىز تازا تونۇيدۇ.
جايىدا ياندۇرۇلغان چاقچاقتىن ھېيتىباقى قاقاقلاپ شۇنداق ھۇزۇر قىلىپ كۈلدىكى، شالاڭ سارغۇچ بۇرۇتلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە ئېڭىكىنىڭ ئۇچلۇقلۇقى بىلىنمەي قالدى.
— بوپتۇ، ئالاي، — دېدى ئۇ بۇرۇتىنى سىلاپ، — باھاسى نەچچە ؟
— بىر يۈز سەكسەن سوم.
— بولار يېرىنى دېسەڭە ئۇكا ! ؟
— بۇ سېتىقچىنىڭ مىلى ئەمەس ئاكا، ھۆكۈمەتنىڭ، باھا بىر.
— ئانچە قىممەتقۇ ئەمەس ئىكەن، بىراق ...

ھېيتباقى ئويلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا يېڭى بىر ئوي كەلگەندى:

— ماقۇل ئۇكا، بازار ئەمەسمۇ، بىر ئارىلاپ كېلەي.

— ئىختىيارىڭىز، ئەمما شاڭخەينى ئارىلاپ كەلسىڭىزمۇ بۇنىڭدىن ئېسىلىنى تاپالمايسىز.

«ماۋۇ ئەخمەقلىقىمنى قارىمامدىغان، تاس ـ تاماس قالدىما ئېلىۋەتكىلى، — دەپ ئويلىدى ئۇ ماگىزىندىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، — بىر يۈز سەكسەن سومغا ئورۇق قويدىن تۆتنى ئالسام، ئالتە ئاي باقسام، پەلتو دېگەن ئۇنىڭ پايدىسىغىلا كەلمەمدۇ ؟ ھەي ، ھەي، دىت ئىشلەتمىسەڭ، تۆگىمەس ھەسرەتتە قالىسەن، ھېيتباقى ! ...»

شۇ خىياللاردىن كېيىن ھېيتباقى ھېچنەگە بۇرۇلماي، ئۇدۇل مال بازىرىغا كەلدى ـ دە، بازار ئەھۋالىنى، قويلارنىڭ باھا ـ نەرخىنى سۈرۈشتۈردى. ئاخىر ئۆزى دېگەندەك ئورۇق قويدىن تۆتنى سېتىۋالدى ـ دە، ھارۋىسىغا بېسىپ، مېيىقىدا كۈلگىنىچە يېزىسىغا ياندى، بۇ دەل چۈش قىيىلغان چاغ بولۇپ، ئەتىگەنكى سوغۇق خېلىلا بوشاپ، ھاۋا ئىللىپ قالغانىدى. ئۇ بۈگۈنكى سودىسىنى دىت ئىشلىتىپ قىلغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، كەيپى كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ ماڭدى: ۋاق يېتىپ قالدى، بازار ئەھۋالىغا قارىغاندا، بورداۋاتقان قويلىرىمنى بىر يۈز ئەللىك سومدىن ساتالايدىكەنمەن، ئۇن زاۋۇتى، ماي زاۋۇتى قۇرىمەن، قايسىسىنى ئاۋۋال قۇرسام بولار ؟ توخۇلارنى ئىككى يۈزگە يەتكۈزسەم بولغۇدەك، تۇخۇم ئىتتىك ئىكەن، ھاڭۋاقتىلىق قىلماي، بازارغا پات ـ پات كىرىپ تۇرسام بولغۇدەك ...

ئۇ شۇنداق شېرىن خىياللار مەستلىكىدە يېزىسىغا بىردەمدىلا يېتىپ چىقتى. ئاتلىرىنى «ۋا، ۋا، ۋا» دېگىنىچە ھويلىسىغا گۈلدۈرلەپ كىرىپ كەلگەندە ئۆيدىن ئىتتىك چىققان گۈلشەرىخان ھارۋىغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— هوي ئادەم، پەلتو قېنى ؟

مۇلايىم قىياپەتتە كۈلۈمسىرىگەن ھېيتباقى ھارۋىدىكى قويلارنى كۆرسەتتى:

— مانا !

— ئوھوش، تولا چاقچاق قىلماي، ئالغان پەلتولىرىنى كۆرسەتسىلىچۇ، — دېدى گۈلشەرىخان ئېرىنىڭ ئالغان پەلتوسىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ.

— چاقچاق قىلغىنىم يوق، خوتۇن، — دېدى ھېيتباقى ئابايىقى قىياپىتىنى بۇزماي، — ئويلاپ باقسام، پەلتونى يالغۇز مەنلا كىيسەم قاملاشمىغۇدەك. شەھەرلىكلەرنى كۆرسەڭ، ئاغزىڭ ئېچىلىپلا قالغۇدەك قەۋەتلا پۇزۇر بولۇپ كېتىپتۇ.

— ۋايىەي، مۇنۇ ئادەمنىڭ دەۋاتقان گېپىنى. شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە بىز تەڭ كېلەلەيتتۇقمۇ ؟ ! ...

— بولدى ... بولدى، — دېدى ھېيتباقى ھارۋىدىن قويلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ، — شەھەرلىكلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم. ھازىر جاھان كەڭرى، قولىمىزنى قاياقتا سۇنساق يېتىدۇ. مۇنۇ تۆت قوينى ئالتە ئايلا باقساق، پايدىسىغا ساغمۇ، ماغمۇ پەلتو كېلىدىكەن ...

— نېمە دەيدىغانلا، ماغمۇ پەلتو كىيدۇرمەكچى بولۇۋاتامدىلا؟

— ئىشەنمەمسەن خوتۇن ؟ دادامنى دورىسام ــلا ھېساب ئەمەس ـ دە، دادام ئۆزىلا پەلتو كىيىپتىكەن، مەن بالىچاقا ھەممىمىز تەڭ كىيەيلى دەۋاتىمەن؛ دادام مەكتەپلەرگىمۇ ئاز ـ تولا ياردەم قىلاتتىكەن، كۆرۈپ تۇر، يەنە ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن مەن بۇ مەھەللىگە يېپيېڭى بىر مەكتەپ سېلىۋېتىمەنمۇ تېخى ...

گۈلشەرىخان ئېرىنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي يۈگۈرۈپ يېنىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭ كىيىملىرىدىكى چاڭلارنى قېقىشقا باشلىدى.

1986 ـ يىلى ئاپرېل

# ۋاپا

كەچ كۈزنىڭ يامغۇرى ئادەمنىڭ تازا جېنىغا تېگىدۇ ـ دە ! بەزىدە بىرلا يېغىپ كەتسە، ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە توختىمايدۇ، سىمىلداپ ياغقىنى ياغقان. ئۇ كىشىنى شۇنداق بىزار قىلىۋېتىدۇكى، ئىلاھىم، يامغۇر دېگەن ئەبەدىي ياغماس بولۇپ كەتسىكەن، دەپ ئويلاپ قالىسەن. سېرىق توپىلىق يوللاردىكى پاتقاق ئايىغىڭنىڭ چەمىنى يۇلۇۋالىدىغاندەك چاپلىشىۋالىدۇ. شۇنداق پاتقاقلىق يوللاردا هارۋا سۆرىمەك ئاسانمۇ؟ ! ئۇ ئالتە ـ يەتتە يىلدىن بېرى تالاي قېتىم قار ـ شىۋىرغاندا، تونۇرنىڭ تەپتىدەك ۋىلىلداپ تۇرغان ئىسسىقتا، پاتقاقلىق يوللاردا هارۋا سۆرىدى، لېكىن بىر قېتىممۇ زارلانغىنى، قاپىقىنى تۈرگىنى يوق.

بۈگۈن ئەتىگەن ياغقان يامغۇر كەچكە يېقىن توختىدى. يامغۇر توختىشىغىلا ئۇ خوتۇنىنى هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ هويلىسىدىن چىقتى، بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىشىغىلا يەنە پاتقاقلىق يولغا دۈچ كەلدى. ئىككى يۈز مېتىردەك يول مېڭىپلا چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. بىراق، ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈنمۇ توختىمىدى، چۈنكى خوتۇنىنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا هېرىپ، تەرلەپ ـ پىشىپ كەتسىمۇ چاندۇرماي مېڭىۋەردى. ئۇ خوتۇنىنىڭ كىنو كۆرۈشكە ئىنتايىن ئامراقلىقىنى ۋە كىنو كۆرۈپ كەلسە ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ناۋادا كىشىلەر ئۇنىڭدىن: دۇنيادا سېنى تازا خۇشال قىلىدىغان ئىش قايسى ؟ دەپ سوراپ قالسا، ئۇ ئىككىلەنمەيلا: مېهرايىنى كىنوغا ئاپىرىش، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ مېهراي بىلەن

كىنوغا بېرىش ـ كېلىش جەريانىدا تېپىشىپ قالغان. مېھراينىڭ كىنوغا ئامراقلىقىنى ئۇ مېھراينى يېقىندىن تونۇغان تونۇغان چاغلاردىلا بىلەتتى. شۇڭا ئۇ يولىنىڭ پاتقاقلىقىغا، مېھراينىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ كىنوغا ئېلىپ باراتتى.

مېھراي شەھەرلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، يېزا باشلانغۇچ مەكتىپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ چىقتى. يېزىنىڭ يېنىدا بىر كىچىك كۆمۈر كان بار ئىدى. مېھراي مەكتەپ يېنىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىرلا نەرسىسى ـــ كىنو ئىدى. ئۇ يالغۇزلۇقىغا قارىماي، ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇ يەردىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆمۈر كان كىنوخانىسىغا باراتتى، شۇ كۈنلەردە كۆمۈر كاندا ئىشلەيدىغان ئىلياس ئىسىملىك بىر يىگىت ئۇنى ئەگىشىدىغان بولۇپ قالدى. بىراق، مېھراي بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدى. ئىلياس ھەر كۈنى چۈشتە ئىشتىن چۈشۈپلا مەكتەپكە يۈگۈرەيتتى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن قايتىشقاتقان بولاتتى، بەزىدە ئۇ كۆرىمەن دەپ كەلگەن ئادىمىنى كۆرەلمەي ئارمان بىلەن كېتىپ قالاتتى، بەزىدە ئۇنى يا سىنىپتىن چىقىۋاتقان، يا بۆلۈمگە كىرىپ كېتىۋاتقان ۋە ياكى ئوقۇغۇچىلارغا بىرنېمە دەۋاتقان ھالدا كۆرەتتى. ئەمما، يېقىنراق كېلەلمەيتتى. يېقىنراق كېلەلمىسىمۇ، كۆرگىنىگە رازى بولۇپ ياناتتى. كۆرۈش تەشنالىقىدا تۇرغان كىشىگە كۆرمىگەندىن كۆرگەن ياخشى ـ دە!

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇ تامىقىنى ئالمان ـ تالمان يەپلا مەكتەپكە يەنە كېلەتتى. بىراق، قىز تۇرىدىغان ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن يورۇق كۆرۈنمەيتتى. كېچىسى نەگە كېتىدىغاندۇ؟ بىرقانچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن يورۇق كۆرۈنمىدى. بۇنداق چاغلاردا كۆڭلىگە ھەرقىسما ئويلار كېلىپ ئەندىشىگە چۈشەتتى. بىر كۈنى ئۇ ساقلاپ تۇرۇش قارارىغا

كېلىپ، ئېرىق بويىدا دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئەگەر يۈرىدىغان ئادىمى بولسا بۈگۈنغۇ مەلۇم بولار، تاڭ ئاتقۇچە بولسىمۇ قاراپ تۇرۇش كېرەك. ئۇ بىرنەچچە تال تاماكا چەكتى. زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېرىپ پۇتلىرى كۆيۈشۈپ كەتتى. ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تەقەززالىق بىلەن قارايتتى. قاچان كېلەر ؟ يالغۇز كېلەرمۇ ياكى ... ئۇ ھەرقانداق شەپىلەرگە سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالاتتى. يىراقتىن قارا قۇر بىرنېمە كۆرۈنسە، شۇمىدۇ دەپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كېتەتتى. لېكىن، يېقىنىراق كەلگەندە باشقا بىرى بولۇپ چىقاتتى. دۇنيادا ئادەم كۈتۈشتىنمۇ ئېغىر ئىش بولمايدىكەن. ئۇ ۋاقىت سۈرئىتى مۇشۇنداق ئاستا ئۆتىدىغان، ئادەمنى ھەرقىسما ئەندىشىلىك ئويلارغا سالىدىغان ئەنسىز كېچىلەردىن قانچىنى ئۆتكۈزگەندۇ ؟ بۇنداق كېچىلەر بۈگۈنلا ئۆتۈۋاتقىنى يوققۇ ؟ ئادەم دېگەن ئارزۇ بىلەن ياشايدۇغۇ، ئۇ ئارزۇسىغا، ئويلىغىنىغا چاپسانىراق يەتسە نېمە بولار ؟ ئادەم دۇنياغا قايغۇنىڭ، ئەندىشىنىڭ، ئازابلىق تەلمۈرۈشنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىش ئۈچۈنلا كەلمەيدۇغۇ؟ !

بىر چاغدا ئۇ، كوچىدا ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ، بىر توپ ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كىنودىن يانغان يېزىلىق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى. «شۇلارنىڭ ئارىسىدا بارمىدۇ ؟ ئىلاھىم، بار بولۇپ قالسىكەن ... ئۇ زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى. راست بار ئىكەن، ئەنە، ئەنە، توپقا قوشۇلماي، يولنىڭ چېتى بىلەن كېلىۋاتىدۇ. خۇدايا شۈكۈر، ئۆزى يالغۇز كېلىۋاتىدۇ.» ئىلياسنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۆزى تۇيماي قالدى. كىشىلەرنىڭ كىنودىن ئالغان تەسىراتلىرى ئۈستىدە بەس - بەس بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

مېھراي مەكتەپ تەرەپكە بۇرۇلدى. ئىلياس ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بىراق بۇ يول قىسقا ئىدى.

قىز كەينىگە قاراپمۇ قويماي، ئۇدۇل ياتىقىغا كىرىپ كەتتى ۋە هايال ئۆتمەي ياتاق دېرىزىسىدىن يورۇق كۆرۈندى، ئىلياس يورۇقتىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ: «ئەمدى بىلدىم، هەر كۈنى كېچىسى نەگە كېتىدىكىن دېسەم، كىنوغا بارىدىكەن ـ دە، كىنو كۆرۈشكە شۇنچىلىك ئامراق ئىكەن ـ دە، مېنىڭ دۆتلۈكۈمنى قارىمامدىغان، كىنوخانا بىزنىڭ كاننىڭ ئۆزىدە تۇرسا، شۇ يەرگىلا كىرسەمچۇ ...» دەپ ئويلىدى.

ئىلياس دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىشقا ۋە ئۈيئىچىگە قاراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماقچى بولدى. بىراق، دېرىزىگە پەردە تارتىلغانىدى. پەردىنىڭ يوچۇقلىرىغۇ باردۇ، شۇ يەردىن بولسىمۇ قاراپ باقسا بولماسمۇ؟ ئەمما، قىز تۇيۇقسىز تالاغا چىقىپ قالسا نېمە دېگۈلۈك؟ ئاخىر ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، يورۇق دېرىزىگە تەلمۈرۈپ خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. پەقەت چىراغ ئۆچكەندىلا خۇددى بىر نەرسىدىن كۆڭلى قالغان ئادەمدەك پەرىشان هالدا كەينىگە ياندى.

ئۇ، ئەتىسى كەچقۇرۇنلۇقى كىنوخانىغا كىردى. ئادەملەر تېخى شالاڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈمىد بىلەن يانغان كۆزلىرى مېهرايىنى ئىزدەپ، تۆت ئەتراپقا تېز ـ تېز باقاتتى. پاھ ... مېهراي كىنوخانىغا ئىلياستىن بۇرۇنلا كىرگەنىكەن. ئالدىدىن سانىغاندا، قاتار ئورۇندۇقلارنىڭ يەتتىنچىسىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئىلياسنىڭ پۇتۇن ئەزايى بەدىنى ئوت ئالغاندەكلا يېنىپ كەتتى، بىراق قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، ئىككى رەت كەينىدە ئولتۇردى. هەممە ئورۇنلار ئادەملەر بىلەن لىققىدە تولغاندا، ئۇ، قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. چۈنكى، قىز كۆرۈنمەي قالغانىدى، پەقەت بېشىنى كۆتۈرگەندىلا ئاران ـ ئاران كۆرەلەيتتى. «هەي كۆڭۈل، هەي كۆڭۈل، نېمانداق ئارىسالدى بولىدىغانسەن؟ بىردەم يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتىن ئەيمىنىسەن، بىردەم نېمىشقا بارمىغاندىمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزۈڭنى كايىيسەن، سېنىڭ بىر تۇرغۇنۇڭ بارمۇ زادى؟

نىمانچە قورقىسەن؟ سەنمۇ بىر يىگىتقۇ، ئوغۇل بالىمەن دەپ بىلىگىنى باغلاپ يۈرسەڭ، ئاشۇ مەيلىگىنى تارتىپ تۇرغان قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزۈڭنى قىلالمايسەن؟ ... بۇركۈتتىن ئۈركۈگەن توشقاندەك قېچىپ يۈرسەڭ، قىز: قاچماڭ، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇڭ، دەمدۇ؟ ئۇ تېخى سېنى كۆرگىنىمۇ يوق. كۆرگەن بولسىمۇ، سەپسېلىپ قاراپ باققىنىمۇ يوققۇ! ... خەپ، خۇدايىمنىڭ كۈنى جىققۇ، ئەتىمۇ كېلەر!...» ئۇ شۇنداق ئويلىدى.

ئەتىسى ئۇ ئىككى يانچۇقىنى لىققىدە گازىرغا تولدۇرۇپ كىنوخانىغا يەنە كىردى. ئۇنىڭ مېھرابىنى ئىزدىگەن كۆزلىرى ئۇياق ـ بۇياققا تىكىلىشكە باشلىدى، لېكىن قىزنى تاپالمىدى. ئاخىر ئۇ، قىزنىڭ تېخى كىرمىگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، تۈنۈگۈن قىز ئولتۇرغان يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. خېلى ۋاقىت ئۆتۈپمۇ كەتتى، قىزدىن تېخىچە دېرەك يوق، بۈگۈن كەلمەي قالامدۇ، تېخى.

ئېلىياس ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، چەتكە چىقىپ كەتتى ۋە ئادەملەرگە سەپسېلىپ قارىدى. ئاخىر ئۇ، مېھرابىنىڭ تۈنۈگۈنكى رەتتىن ئۈچ رەت كەينىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ھېلىمۇ ياخشى، قىز ئولتۇرغان يەردە ئىككى ـ ئۈچ ئادەم سىغقۇدەك بوش ئورۇن بار ئىدى. ئۇ خۇشاللىقىدا قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى ـ دە، سەل ئارىلىق قالدۇرۇپ قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

كىنو باشلىنىپ كەتتى.

ئېلىياس شەپكىسىنى كۆزىگە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىزغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى، قىز بولسا، ئېكرانغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئېلىياس يانچۇقىدىكى گازىرنى يادىغا كەلتۈردى ـ دە، قولىنى دەررۇ يانچۇققا سالدى. بىراق، نېمىشقىدۇر تارتىنىۋالدى. گازىرنى چېكىلدىتىپ چاقسا قانداق بولار؟ قىزغا تەڭلىسىچۇ؟ ئالسىغۇ ياخشى، ئالماي

قالسىزە، قالتىس ئۆيات ـ دە، بىراق نېمىلا بولسا تەڭلەپ باققان ياخشىمىكىن، ياق دېيىشمۇ تەڭلەۋېرىش كېرەك، بىر قېتىم تەڭلىگەنگە ئالدىغان قىز نەدە؟ شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدا گەپ باشلىنىپ قالامدۇ تېخى، ئەگەر نېمانداق بىزەڭ بالىسىز دەپ قالسا، ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ ـ دە.

ئىلياس شۇنداق باش ـ ئايىغى يوق خىياللارنى سۈرۈپ، گازىرنى قىزغىنمۇ بېرەلمەي، ئۆزىمۇ چاقالماي ئولتۇردى. بىر چاغدا كىنو توختاپ قېلىپ چىراغ ياندى.

— ۋيەي ... — دېدى قىز ئەندىككەندەك ئىلياسقا بۇرۇلۇپ قاراپ، — تازا جىدديي يېرىگە كېلىۋىدى، نېمە بولغاندۇ؟

— لېنتا ئۈزۈلدى ـ دە.

— كۆندىلا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ ـ ھە؟

— كىنو قويۇشنى چالا ـ بۇلا ئۆگىنىۋالغان نەرسىتى ئۇ، ھېلىمۇ قويۇۋاتىدۇ، بۇنداق ئادەم لېنتىنى كاردىن چىقىرىدۇ، دەڭە، — ئۇ سۆزلەپلا كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

— سىزمۇ مۇشۇ كۆمۈر كاندا ئىشلەيدىكەنسىز ـ دە؟

— ھەئە.

ئىلياس قىزىرىپ كەتتى. قىزىرىپ كەتسىمۇ خۇشال بولدى. چۈنكى، مېھراي ئالدى بىلەن ئۆزى گەپ ئاچتى. كونا تونۇشلاردەك ھېيىقمايلا گەپ سورىدى. يېقىنلىشىشنى ئويلاۋاتامدۇيا؟ ئۇمۇ نەۋاقتىن بېرى ئۆزىگە سەپسېلىپ يۈرگەنمىكىنە؟ ... ۋاي ئىسىت، كوچىلاردا سۆرىلىپ، دېرىزىلەرگە تەلمۈرۈپ يۈرگۈچە، بۇرۇنراق كىنوغا كىرىدىغان ئىش ئىكەن ... ئىلياسنىڭ خىياللىرى چوڭقۇرلاشقانسېرى يۈرىكىگە چۈشكەن ئوت لاۋۇلداپ يېنىشقا ۋە قىزغا ئۈمىد بىلەن «لاپ ـ لاپ» قاراشقا باشلىدى. ئەمما، قىز پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىنوغا بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىلياسنى ئاللىقاچان يادىدىن چىقىرىۋەتكەندەك، ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى.

خەيرىيەت، كىنومۇ تۈگىدى. ئىلياس كوچىغا چىققاندا ئۆيى

تەرەپكە ماڭماي، قىزنىڭ كەينىدىن ماڭدى، ماڭغاندىمۇ بەش - ئالتە قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭدى. قىز كەينىگە قارىمىدى، پەقەت مەكتەپكە قايرىلىدىغان جايغا كەلگەندە، كەينىگە بىر قاراپ قويدى - دە، تېز - تېز مېڭىپ ئۇدۇل ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

ئۆگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا قىز ئولتۇرغان يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. لېكىن، كىنو تۈگەپ كەتكۈچە ئۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى. كىنودىن قايتقاندا بولسا، يەنە بەش - ئالتە قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ كەينىدىن ماڭدى. بۈگۈن قىز سەل خۇدۇكسىرەپ قالدى بولغاي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، كەينىدىن كېلىۋاتقان كىشىنىڭ شەپكىسىنى كۆزىگىچە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان ھېلىقى كۈمۈر كان ئىشچىسى ئىكەنلىكىنى بايقىۋالدى ۋە قەدەملىرىنى تېز - تېز ئېلىپ ماڭدى. ئىلياسمۇ ئۆزى سەزمىگەن ھالدا، قىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ مېڭىۋەردى. مېھراي مەكتەپكە ئون نەچچە قەدەم قالغاندا بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلدى - دە:

— نېمانداق كەينىمگە كىرىۋالىسىز ؟ ...سايەمدەك ئەگىشىپ ... — دېدى زەردە بىلەن.

ئىلياس ئۇن - تىنسىز يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— يولىڭىز قاياقتا سىزنىڭ؟

ئىلياس بېشىنى كۆتۈرمەي پىچىرلىغاندەك جاۋاب بەردى:

— يولۇم كەينىمدە قالدى.

— ئەمىسە، بۇ ياقتا نېمە قىلىسىز؟

— سىزنى ياتىقىڭىزغا ئەكېلىپ قوياي دەپ ...

— نېمە دەيدىغاندۇ ؟ — مېھراي چۈچۈپ غودۇڭشىدى، — كۆردىڭىزمۇ، مېنى شۇنچە نۇرغۇن كىشى ئەكېلىپ قويۇۋاتىدۇ. سىز ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، رەھمەت سىزگە !

مېھراي شۇنداق دېدى - دە، كۆزدىن غايىب بولدى. ئىلياسنىڭ بەدىنىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلدى. ئۇ قەدەملىرىنى يۆتكىيەلمەي، قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. قىزنىڭ

چاقماقتەك سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى: «يولىڭىز قاياقتا ؟ نېمانداق كەينىمگە كىرىۋالىسىز ؟ ئاۋارە بولماڭ ! ...»

ئۇ ھېچ ئۇخلىيالمىدى. مېھراينىڭ قاش ـ كىرپىكلىرىنىڭ تايىنى بولمىسىمۇ، يۈزىنىڭ ئاقلىقى، چىرايىنىڭ يېقىملىق، ئوماقلىقى، كىشىگە دائىملا كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. «مۇھەببەت دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ ـ دە، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بىلدىم، ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىكەن، يېگەن ئېشىم زەھەر بولدى، كىيگەن تونۇم كېپەن بولدى»، دېگەنلەر راست دەپتىكەن. مانا ئۇيقۇم كەلمەيدىغان، ئىشلىرىم قولاشمايدىغان بولدى، كاشكى، گەپلىرى سىلىقراق بولسىچۇ، بوپتۇ، ھەرھالدا كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈۋالدىم، ئەمدى دەرد بولۇپ قالمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كۆزىگە كۆرۈنمىسەملا بولدىغۇ، كىنوغىمۇ كىرمەي، بىزەڭ ئىكەن دەپ قالمىسۇن ...»

ئىلياس ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ئاران بىر كۈنلا چىدىدى، ئىككىنچى كۈنى يەنە كىنوغا كىردى، بۈگۈن يېڭى كىنو بولغاچقا، ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزنى ناھايىتى تەسلىكتە تاپتى، بىراق يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. كىنو تۈگەپ ئىشىكتىن چىققۇچە، مېھراي قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا قالدى. بەزى ياش يىگىتلەر ئۇنى ئەتەي قىستايتتى. شۇ ئارىلىقتا ئىلياس نەدىندۇر پەيدا بولدى ـ دە، قىزنى قىستاۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، مېھراينى قوغدىغىنىچە ئىشىكتىن چىقىرىپ قويدى. ئەمما، سىرتقا چىققاندا، كەينىدىن مېڭىشتىن ئېھتىيات قىلىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ،ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قىزنىڭ: «نېمانداق ئەگىشىۋالىسىز، ئاۋارە بولماڭ !» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىغاندەك قىلاتتى. شۇ ھالدا ئۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ قەدەملىرى ئۆزىگە بويسۇنمىغاندەك، ئىختىيارسىز ھالدا قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. قىز ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان

ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ مەكتەپكە يېتىپ كېلەي دەپ قالغاندا توختىدى ـ دە:

— ئەجەب ئۆزىڭىزنى بىلمەيدىكەنسىز ! — دېدى.

— يامان ئادەملەر چېقىلىپ قويمىسۇن دەپ، سىزنى قوغداپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى ئىلياس قورۇنۇپ تۇرۇپ.

— كىنوخانىنىڭ ئىشىكىدە مېنى قوغدىغىنىڭىزغا رەھمەت، لېكىن كەينىمگە مۇنداق كىرىۋالسىڭىز بولمايدۇ ـ دە، مەن بىر ئوقۇتقۇچى تۇرسام، سانسىزلىغان كۆزلەر ماڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ ... — ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگەردى، — زادى مەندە نېمە ئىشىڭىز بار، گېپىڭىز بارمۇ ؟

— يوق ئەمەس ...

ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان مېھراي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئېتىڭىز نېمە سىزنىڭ ؟

— ئىلياس.

— ماقۇل، ئىلياس، قېنى، گېپىڭىز بولسا يۈرۈڭ، ياتىقىمغا كىرىپ دەڭ.

ئىلياس ھودۇقۇپ، ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك بولۇپ قالدى. ئۇھ ... يوپيورۇق ياتاقتا يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ قانداقمۇ گەپ قىلغىلى بولار ... ھە، بىلدىم، مۇھەببەت دېگەن ئازاب، ھودۇقۇش، سوراققا تارتىلىش، دەككە يېيىش ئىكەن ـ دە ! بۇ سۆزمەن قىز جاۋۇلداپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ...

ئىلياسنى سۈر بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇ قورۇنغان ھالدا قىزنىڭ ياتىقىغا كىردى.

— قېنى، يۇقىرى ئۆتۈڭ، ۋاي ـ ۋۇي، ياتىقىمنىڭ قالايمىقانلىقىنى قاراڭ، ھەيران قېلىۋاتامسىز، ھەر كۈنى تۆت سائەت دەرس ئۆتىمەن، بىر دەستە تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرىمەن، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىمەن. ۋالىبول ئوينايمەن، گېزىت كۆرىمەن، رومان ئوقۇيمەن، تېخى كىنو دېسە جېنىمنى بېرىمەن، شۇڭا ياتىقىمنى بېسىقتۇرۇۋېلىشقا چولامىمۇ

تەگمەيدۇ.

مېھراينىڭ ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ كەتتى، سۆزلىگەندىمۇ كونا دوستلىرىغا سۆزلىگەندەك ئوچۇق - يورۇق، سەممىمىي سۆزلەيتتى.

بىراق، ئىلياسنىڭ ئەندىشىسى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى: «گېپىڭنى ئېيتمامسەن، دېسە نېمە دېگىلى بولار ؟ سەن بىر ئېغىز گەپ قىلغۇچە، ئۇ ئون ئېغىز گەپ قىلسا، تېخى گەپلىرى نەشتەردەك ئۆتكۈر، زەھەردەك ئاچچىق تۇرسا ... ۋاي ئىسىت ... كىرمەيدىغان ئىش ئىكەن، قايسى شەيتان ئازدۇرۇپ ئەكىرگەندۇ؟ ... ئەمدى چىقىپ كەتمەك تەس، ئابايىقى گېپىلا كۇپايە ئىدى - دە ! ...» ئىلياسنىڭ ۋەھىمىلىك خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا راست دېگەندەك مېھراينىڭ يۇرەكنى تىترىتىدىغان چاڭىلداق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئولتۇرىسىزغۇ، مېھمانغا كەلگەن ئادەمدەك، گېپىڭىزنى ئېيتمامسىز ؟

ئىلياس قىزىرىپ يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ بىرنېمە دېيىشكە ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى مۆلدۈرلەپ تۇرغان قوي كۆزىدىن، بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. كۆڭۈلدە ئىسسىق تۇيغۇ پەيدا قىلغان قىزغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشنىڭ يەر ئاستىدىن كۆمۈر ئېلىشتىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۇ تازا چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قىز ئوقيادەك قادىلىپ تۇرۇپتۇ، قانداق گەپ ئاچقىلى بولار - ھە !

— مەن ... سىزنى ... راست گېپىمنى دېسەم ...

ئۇ گېپىنىڭ يېرىمىنى دەپ بولغۇچە پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. مېھرايمۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ بولدى.

— بولدى، راست گېپىڭىزنى قويۇڭ، سىز شۇنداق ئويلاپسىز، بىراق مەن ئۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ باققىنىممۇ يوق

ھەم ئويلاشنىمۇ خالىمايمەن، ئوچۇق گېپىم شۇ، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئەگىشىۋالماڭ، كىشىلەر كۆرسە سەت ــ دە ! ...
گېپىمگە خاپا بولماڭ، ئەمما تونۇشۇپ قالدۇق، ئۆز يولىدا سالاملىشىپ يۈرەيلى.
مانا ئەمدى ئىلياسنىڭ پېشانىسىدىنلا ئەمەس، خۇددى قاتتىق ئەمگەك قىلغان ئادەمدەك بويۇنلىرىدىن، قۇلاق چۆرىلىرىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىشقا باشلىدى ۋە ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى:
ـــ ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، قوپال گەپ قىلىپ قويغان بولسام، كەچۈرۈڭ.
ـــ ياق، قوپال ئەمەس، ئادەتتىكى گەپ ئۇ. قىز بالا بويىغا يەتسە نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدۇ ــ دە. قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئاتنىڭ بويىنى باغلاقلىق، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، قوپال ئەمەس، بۇ ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپ، ئەمما بۇ ئىككى تەرەپ تەڭ رازى بولۇشسا ئەمەلگە ئاشىدىغان، بولمىسا ئۆز پېتىچە قالىدىغان ئىش، بۇنىڭغا خاپا بولىدىغان ئىش يوق.
ئىلياس چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مېھراي: «توۋا، ئەجەب نومۇسچان، ئەدەپلىك يىگىتكەنە !» دەپ ئويلاپ قالدى ۋە چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتقان چاغدىمۇ ئىلياسنىڭ پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرنى سۈرتۈۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، يالۋۇرغاندەك كەچۈرۈم سورىغان قىياپەتلىرى كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمىدى.
مېھراي ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا، ئاخشام ئىلياسقا قاتتىق گەپ قىلىپ قويغىنىغا ئۆكۈندى: «ۋاي خۇدايىمەي، نېمانچىۋالا قاتتىقلىق قىلغاندىمەن، دۇنيادا سىلىق ــ سىپايە گەپ قۇرۇپ كەتكەندەك. بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ دېگەندەك، بىر ئادەمنىڭ رايىنى قوپاللىق قىلمايمۇ ياندۇرغىلى بولاتتىغۇ، بىچارە يىگىت، نېمە بولۇپ كەتكەندۇ، قانچىلىك ئازابلانغاندۇ ؟ ... شۇنچىلىك نومۇسچان ئىكەنا، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى، ئوڭايسىزلىنىپ كەتكىنىچۇ، تېخى ...

كوچىلاردا يولۇقۇپ قالسا كەچۈرۈم سوراپ قويايچۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇ كۈنبويى بىئارام بولۇپ يۈردى. چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈشكە قولىمۇ بارمىدى. رومان ئوقۇغۇسى، يا ۋاللىبول ئوينىغۇسىمۇ كەلمىدى. ئەمما، كەچقۇرۇنلۇقى بولسا كىنوغا كۆڭلى تارتىپ قالدى. بىراق، كىنوخانىدا ئىلياس كۆرۈنمىدى. ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىلياسنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىتالمىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى نېمىشقىدۇر مەيۈسلۈك قاپلىۋالدى. كىنوغا كىرسە ئۇياق ـ بۇياقلارغا قاراپ، كىشىلەر ئارىسىدىن ئىلياسنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. كىنودىن قايتقاندا، كەينىدىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقان شەپىسىنى ئاڭلىسىلا يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى ـ دە، كەينىگە قايرىلىپ قارايتتى. بىراق، ئۇ ئىزدىگەن ئادىمى ئەمەس بولۇپ چىقاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئىلياسنى كۆرۈش تەشنالىقى ئېشىپ بارماقتا ئىدى: «هەرقانچە ياخشى يىگىت بولسا، شۇنچىلىك بولار، ــ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ــ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسام، قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيۋاتقىنىنى قارىمامدىغان. ئۇ شۇنچىلىك نومۇسچان، مەغرۇر يىگىت ئىكەن ـ دە.»

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە مېھراي كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئادىمى بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئەسلىدە قىز ئۆز ۋاقتىدىكى قوپاللىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، بىراق:

ــ ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپلا كەتتىڭىزغۇ ؟ ــ دېدى ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

ئىلياس ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ سىزگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن قېچىپ يۈردۈم، ــ دېدى.

ــ ۋيەي ... سىز شۇنچىلىكمىدىڭىز؟ ــ مېھراي ئىلياسنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، ــ بىر ئېغىز گەپكە

ماقۇل دەيدىغان قىزلار تېخى تۇغۇلمىغاندۇ ؟ ...
— سىزنىڭ ئۇ چاغدىكى گەپلىرىڭىز ...
— گېپىم قوپال بولغىنى بىلەن، كۆڭلۈم سەمىمىي.
ئىلياس قىزغا ھەيران بولۇپ قارىدى:
— مەن سىزنى خاپا قىلىپ قويغىنىمغا ئۆكۈنۈپ يۈردۈم.
— ئەسلىدە مەن ئۆكۈنۈپ يۈردۈم.
ئىلياس قىزنىڭ سەمىمىيلىك ۋە نازۇك تۈيغۇلار ئەكس ئېتىپ تۇرغان يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى:
— ئەمىسە، مېنى خۇشال قىلىشنى ... ئويلامسىز ؟
— شۇنداق، — مېھراي ئەندىكىپ جاۋاب بەردى، — سىزنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ خۇشال قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن ...

※ ※ ※

ئىلياس مېھرايىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ كىنوغا ئاپاردى. ئۇ مېھرايىنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ كىنوخانىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى ۋە كىنو تۈگىگەندە يەنە شۇنداق كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى.

ئۇلار قايتىپ كېلىۋاتقاندا يەنە يامغۇر يېغىپ، يول تېخىمۇ پاتقاق بولۇپ كەتتى. يولنىڭ بەزى يەرلىرى ماي تۆكۈۋەتكەندەك تېيىلغاق ئىدى. بەزى يەرلەردە ئىلياسنىڭ پۇتى ئوشۇققىچە لايغا پېتىپ قالاتتى. ھارۋا نەچچە قېتىم كاتاڭلارغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ئاخىر مىڭ تەسلىكتە ئۆيگە يېتىپ كېلىۋالدى. بۈگۈن ئۇ ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ جاپا تارتتى، پۈتۈن ئەزايى بەدىنىدىن شۇرقىراپ تەر ئاقتى. ئەگەر مېھرايىنى ئىچ ئاغرىتىپ، ئازابلىنىپ قالارمىكىن دېمىسە، ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتكەن بولار ئىدى. شۇنداقتىمۇ مېھراي ھەممىنى سېزىپ ئولتۇردى، ئازابلاندى، تولغاندى ...

ئىلياس مېھرايىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ، يۇمشاق دىۋانغا

ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چاي دەملىدى. بىر پەتنۇسقا نان، تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى سېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ، ئۇسساپمۇ كەتكەنسىز ؟ — دېدى ئىلياس چىنىگە چاي قۇيۇۋېتىپ.

مېھراي ئېرىگە ئىچ كۆيەرلىك ۋە مىننەتدارلىق بىلەن تىكىلدى ـ دە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

— ۋۇي ... نېمىشقا يىغلايسىز ؟ ... كىنو سىزگە قالتىس تەسىر قىپتۇ ـ ھە ؟

— ياق، ئىلياس ... مۇشۇ ھالىمدا، سىزنىڭ مېھرىبانلىقىڭىزنى، كۆيۈمچانلىقىڭىزنى قانداقمۇ ياندۇرارمەن؟ ! ...

— بولدى قويۇڭ، ئەقىللىك ئۈچ بالا تۇغۇپ بەردىڭىز، بالىلارنى تەربىيىلەۋاتىسىز، تېخى كېلەر يىلدىن باشلاپ ئىنگلىزچە ئوقۇتىمەن دەۋاتىسىز، ياندۇرۇش دېيىلسە، بۇنىڭدىن ئارتۇق ياندۇرۇش بولامدۇ ؟ سىزنى بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرسەممۇ ئەرزىيدۇ، مېھراي !

مېھراي تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا كۆڭۈلنى مەيۈسلەندۈرىدىغان ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەتلەر يوشۇرۇنغانىدى.

ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن، كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئىناق ئۆتۈشكەنىدى. مېھراي ھەر كۈنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ كەچ قايتاتتى، تۈگمەي قالسا ئۆيگە ئەكېلەتتى. قىش ۋاقىتلىرىدا بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، ئىلياس ۋېلىسىپىتكە مىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باراتتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇلار كىنودىن قالمايتتى. مېھراي بەزى كۈنلىرى كىنودىن قايتىپ كېلىپ، يېرىم كېچىگىچە تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆرەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئىلياس ھەرقانچە ئۇيقۇسى كەلسىمۇ، مېھرايىنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ، بىرنېمىلەرنى باھانە قىلىپ ئۇخلىماي

ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى كۆمۈركاننىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئىدى. ئىلياس كىچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلىگەن چاغلاردا، مىھراي ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى ئېتىپ، راسا قورساق ئاچىدىغان ۋاقىتقا ئۇلگۈرتۈپ، ئىلياسنىڭ ئىش ئورنىغا ئېلىپ باراتتى. ئىلياس ئىش ئارىلىقىدا بىر قېتىم تاماق بېرىلىدىغانلىقىنى، تاماق تۇشۇيمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەسلىكنى قايتا - قايتا ئېيتسىمۇ، لېكىن مىھراي: سىز ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئېتىپ بېرەتتىمۇ، دەپ ئۇنىمايتتى. ئىلياس مەلۇم ئىش بىلەن سىرتلارغا چىقىپ كېتىپ ۋاقتىدا قايتالماي قالسا، مىھراي تامىقىنىمۇ يېمەي، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— يەۋەرسىڭىز بولمامدۇ، — دەيتتى ئىلياس.

— بىللە يېمىسەك گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرەتتى مىھراي.

بەزى چاغلاردا ئۇ لەڭمەن پىلتىلىرىنى سوزماي شۇ پېتى ئېلىپ قوياتتى.

— نېمە ئاۋارىچىلىك بۇ؟ — دەيتتى ئىلياس، — تاماقنى پىشۇرۇپ ئېلىپ قويسىڭىز، ئىسسىتىپ يەۋەرمەمدىم.

— ياق، چۆپى ئېزىلىپ كېتىدۇ، چۆپى ئېزىلىپ كەتكەن لەڭمەننى ئىشتىھا بىلەن يېيەلمەيسىز.

ئۇلارنىڭ ئىناقلىقى، بىر - بىرىگە قىلىدىغان ھۆرمىتى نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئۈلگە بولۇپ تىلغا ئېلىناتتى. ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى باللىق بولدى. مىھراي ئۈچىنچى بالىسىنى تۇغقاندىن كېيىن پالەچ بولۇپ قالدى. بېلىنىڭ تۆۋىنى ھېچنېمىنى سەزمەيتتى. شەھەردىكى چوڭ دوختۇرخانىدا ئالتە ئاي يېتىپمۇ ساقىيالمىدى. ئىلياس ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئاپارمىغان يېرى قالمىدى. نۇرغۇن قەرزلەرگە بوغۇلۇپ كەتسىمۇ، بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىكى دوختۇرخانىلارغا، قەشقەر، خوتەنلەردىكى مەشھۇر مىللىي تېۋىپلارغا، ھەتتا كورلىدىكى

موڭغۇل تېۋىپقىمۇ ئاپىرىپ كۆرسەتتى. ھېچقايسىسىنىڭ دورىسى پايدا قىلمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىلياس پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن مېھراينى ئوبدان كۈتۈشكە، بالىلىرىنى ياخشى بېقىشقا كىرىشتى. مېھراينىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنى سەزمەس بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاستىنى ھەر كۈنى تۆت ـ بەش قېتىم قۇرۇقدايتتى، بالىلىرىنى يۇيۇندۇراتتى، كىر يۇياتتى، تاماق ئېتەتتى. قىسقىسى، ئائىلىدە ئەرمۇ، ئايالمۇ قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەنھا ئۆزى قىلاتتى. قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ مېھراينىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىغا قويغانىدى. شۇڭا ئۇ رېزىنكە چاقلىق بىر قول ھارۋىسى سېتىۋالدى ـ دە، مېھراينى قول ھارۋىسىغا سېلىپ، ھەپتىسىگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىنوغا ئاپىرىدىغان بولدى.

مېھراي بارغانسېرى خىيالچان، كەم سۆز بولۇپ كېتىۋاتاتتى. چىرايىمۇ ياداپ قالغانىدى. كۆزلىرىدىن غەمكىنلىك ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. «روھىي ئازاب ئۆلۈمدىن ئېغىر، ـــ دەپ ئويلايتتى ئىلياس، ـــ ئۇنى قىلچە رەنجىتمەسلىكىم، كۆڭلىگە كېلىدىغان ئىشلارنىڭ شەپىسىنىمۇ چىقىرىپ قويماسلىقىم كېرەك. چىرايىم سەللا تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇ تۈگىمەس ئازابقا قالىدۇ ...»

ئىلياس ھەرقاچان: مېھراي ئازابلىنىپ قالمىسىكەن، دەپ ئويلايتتى. يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، ئىلياس مېھراينى ئۇنىمىغىنىغا قويماي كۆتۈرۈپ ئېلىپ ھارۋىغا سالدى:

ـــ ئۈچ يىل بولدى، سىز شەھەرنى كۆرمىگىلى، بىر كۆرۈپ كېلىڭ. شەھىرىمىز ھازىر تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى دەڭە، كۆرمىسىڭىز ئارماندا قالىسىز.

ئۇ ھارۋىنى سۆرەپ يۇرۇپ كەتتى.

مېھراي ئىلياسنىڭ ھارۋىنى كاتاڭلاردىن ئەپچىللىك بىلەن ئەگىتىپ ئۆتۈپ يېنىك سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بەزىدە

ئىگىزلىكلەرگە كۆچەپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ
ئاغرىتىپ، خۇددى ئۇنىڭغا ئىغىرلىق چۈشۈرمەيدىغاندەك
گەۋدىسىنى ئالغا سۇرۇپ ئولتۇراتتى.

— قاراڭ، ماۋۇ گۈللەرنىڭ ئىچىلىپ كەتكىنىنى، — دېدى
ئىلياس ھارۋىنى توختىتىپ. گۈللۈك خۇددى رەڭدار گىلەمدەك
چاقناپ تۇراتتى. چىرايلىق مەنزىرە كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاپ
روھىنى كۆتۈرىدۇ. لېكىن، مېھراي مەيۇسلىنىپ قالدى.
مەيۇسلىنىۋاتقىنىنى ئىلياس تۇيۇپ قالسا، ئۇ نېمە بولۇپ
كېتەر؟ مېھرايىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەن دەپ، ئۇنى ئالتە
كىلومېتىر يەردىن سۆرەپ ئەكەلگەن ئەمەسمىدى ! ... مېھراي
مەيۇسلۇكىنى يوشۇرۇپ، يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈرتكەن ھالدا
گۈللۈككە قاراپ:

— پاھ ... ئىسسىلىكىنى، جىمى گۈزەللىك مەشەدىكەنغۇ، —
دېدى.

— قاراڭ، ئۇدۇلىڭىزدىكى سەككىز قەۋەت بىنا — بانكا، —
دېدى ئىلياس، — بۇرۇنقى ئورنى ئېسىڭىزدە بارمۇ ؟

— بولمايچۇ، — دېدى مېھراي بىنانىڭ نەقىشلىرىگە
زوقلىنىپ قاراپ، — بۇرۇن بۇ يەردە پاكار - پاكار دۇكانلار بار
ئەمەسمىدى.

— ئوڭ تەرىپىڭىزگە قاراڭ، ئۇ سودا سارايى، بىر ۋاقىتتىلا
بەش يۈز ئادەم كىرىپ، بىمالال سودا قىلىپ چىقالايدۇ. سول
تەرىپىڭىزدىكى شەرقچە بىنا — كىتابخانا، كىتاب جاۋەنلىرىنىڭ
ئالدىدا پوكەي يوق، خالىغان كىتابنى ئۆزىڭىز ئېلىپ كۆرۈپ،
ئالماقچى بولسىڭىز كاسسىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۇلىنى تۆلەپ
ئەكېتىسىز. بۇرۇنقى ئورنىنى ئەسلىيەلىدىڭىزمۇ ؟

— ھەئە، گۈللۈك دەڭنىڭ ئورنى.

ئىلياس مېھرايىنى مەركىزىي كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ، ئىككى
سائەت سۆرەپ يۈردى، ئاندىن باغچىغا ئېلىپ كىردى. ھارۋىنىڭ
ئۈستىدە يېنىك تەۋرىنىپ ئولتۇرغان مېھراي تار ئاسفالت

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى گۈللەرگە قىزىقىپ قاراپ كەتتى. ھەربىر كەيزىدە بىر خىللا گۈل بولۇپ، ئۇلار رەڭ تالىشىپ بەسلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار كۆل بويىغا كېلىشتى. مەجنۇنتاللارنىڭ ئەۋرىشىم نوتىلىرى كۆل سۈيىگە چىلىشىپ يېنىك تەۋرىنەتتى. قولۋاقلارغا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىۋاتقان ئادەملەر ئاشۇ تاللارنىڭ ئارىلىرىدا ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. شوخ قىزلار ئىككىنچى قولۋاقتىكى يىگىتلەرگە سۇ چېچىشاتتى.

— قولۋاقتا سېلىپ ئوينىتايمۇ؟ — دېدى ئىلياس مېھرايغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.

— ھەئە، ئىككىمىز ئىككى قولۋاقتا ئولتۇرۇپ سۇ چېچىشايلى، — دېدى مېھرايمۇ كۈلۈپ.

ئۇلار قېلىن قارىياغاچلىقلار ئارىسىغا كېلىپ توختىدى، ئىلياس يېمەكلىكلەر ئەكەلدى. ئىككىسى چۈشلۈك تامىقىنى شۇ يەردە — ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يېيىشتى - دە، ئاندىن قايتىشتى.

— بۈگۈن بۇرۇنراق ئۇخلايلى، — دېدى ئىلياس، — ئادەم كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈۋەتسىمۇ ھېرىپ كېتىدىكەن.

— راست، سىز بەك ھېرىپ كەتتىڭىز، ئارام ئېلىڭ، مەن ئازراق ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەي.

— ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىمەن دەپ مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، يەنە ...

مېھراي ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلغانىدى:

— ياق، ياق، سۈرىدىغان خىياللىرىمۇ يوق، سىز ئۇخلاۋېرىڭ، ئۆگىنىشنى مانا باشلىدىم:

— سەنكيو ۋەرى ماچ① .

ئىلياس قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. مېھراي بىردەم ئىنگلىز تىلى ئۆگەندى - دە، ئىلياسنىڭ

① رەھمەت سىزگە.

پەرەز قىلغىنىدەك، يەنە ئازابلىق خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى: ئاھ ... خۇدا، نېمە قىلغان گۇناھلىرىم ئۈچۈن مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغانسەن، شۇنچە يىل ئوقۇپ، ئارانلا ئۈچ - تۆت يىل ئىشلىدىم. يەتتە ئەزايىم ساق بولغان بولسا، گۇرسۇلدەپ مېڭىپ، چاقىلداپ دەرس ئۆتمەسمىدىم، شەھەرنىڭ شۇ گۈزەللىكلىرىنى كۈندە بولمىسىمۇ، كۈندە كۆرمەسمىدىم، قولۋاقلارغا چۈشۈپ ئۈينىماسمىدىم، باللىرىمنى يېتىلەپ، باغچىلارغا، كىنولارغا بارماسمىدىم ... ئىلياس، جېنىم ئىلياس، دۇنيادا ئىلياستەك ۋاپادار ئەر بارمىدۇ؟ مۇشۇ بەختسىزلىكىمنى ماڭا بىلىندۈرمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىر قېتىممۇ قاپىقىنى تۈرگىنىنى بىلمەيمەن. بىر قېتىممۇ تاپا - تەنە، قاتتىق - يىرىك گەپ قىلغىنى يوق. ساق ۋاقتىمدىكىدىنمۇ ئوشۇقراق كۆتۈۋاتىدۇ، ھۆرمەتلەۋاتىدۇ، ۋاي ئىسىت، كاشكى، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرالىسامچۇ! بۇنىڭدىنمۇ ئوشۇق ئەلەم، ئازاب بارمىدۇ؟ ... ھازىر مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟ تىل ئۆگىنىشتىن باشقا ھېچنېمە كەلمەيدۇ، قانداق قىلىمەن، ئىلاجىم يوق!

مېھراينىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. بەزىدە ئۆپكىلەپ كەتسە، بەزىدە دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. بەزىدە ھەمىشە خۇشخۇي يۈرىدىغان ۋە ھازىر كۈلۈمسىرىگەندەك ئۇخلاپ ياتقان ئېرىگە، ئوماق باللىرىغا زوقلىنىپ قارايتتى؛ ئىلياس بىلەن مەكتەپنىڭ يېنىدىكى قويۇق ئورمانلىقتا پىچىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن شېرىن پەيتلىرىنى، كىنوخانىدىكى گازىر چېقىشىپ ئولتۇرغان مەزگىللىرىنى ... ئەسلەيتتى.

ئازابلىق خىياللار ئۇنىڭغا بىر كېچە ئۇيقۇ بەرمىدى. پەقەت تاڭغا يېقىنلا ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى باللىرى مەكتەپكە، ئېرى ئىشقا ماڭغاندىن كېيىن ئۇ ئويلىنىپ قالدى - دە، ئىلياس ئىشتىن كەلگۈچە خېمىر يۇغۇرۇپ، كۆكتاتلارنى ئاقلاپ قويماقچى بولدى. كۆكتاتلار نېرىقى ئامبار ئۆيدە ئىدى. ئۇ ئاۋۋال

كۆكتاتلارنى ئاچىقماقچى بولۇپ ئولتۇرۇپ، ئېگىشىپ، ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرىدى، قوللىرىنى بىر - بىردىن ئالغا يۆتكەپ، ئاندىن دۈم ياتتى - دە، يەر بېغىرلاپ ماڭماقچى بولدى. ئۇ ئىككى قولىنىڭ جەينىكىنى يەرگە تىرەپ گەۋدىسىنى ئالغا سىلجىتتى. جەينىكى يەرگە تىرىلىپ قاتتىق ئاغرىپ كەتكەندىن كېيىن، بىلىكىنى يەرگە چىڭ بېسىپ تۇرۇپ يەنە مىدىرلىدى. قاتتىق كۆچەپ كەتكەنلىكتىن پېشانىسىدە مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئاندىن ئېگىزكىنى يەرگە تىرەپ يەنە ئالغا سىلجىدى، لېكىن بىر مېتىردەكمۇ ئىلگىرىلىيەلمىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئىككى پۇت جانسىز بولسا، ئالغا سىلجىش ئىنتايىن قىيىن بولىدىغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەرىكەتنى توختاۋسىز داۋام قىلدى، پۈتۈن ئەزايى بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا كۆزلىرى ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان ئادەمدەك ئاستا - ئاستا يۇمۇلۇشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ھەرىكەت، توختاش، يەنە ھەرىكەت، يەنە توختاش ئۈزۈكسىز داۋام قىلدى ...

ئۇنىڭ قىزى تۇرغۇنئاي مەكتەپتىن يېنىپ ئۆيگە كىرگەندە، ئاپىسىنىڭ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھوشسىز ياتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ يىلان چېقىۋالغاندەك ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاپا! ... جېنىم ئاپام! ...

قىزنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى. مېھرابىنىڭ كۆزى ئېچىلغاندەك قىلدى - يۇ، يەنە يۇمۇلدى. تۇرغۇنئاي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، قورقۇپ ۋارقىراپ كەتتى - دە، دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. دادىسىمۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى.

ئىلياس بىلەن تۇرغۇنئاي يۈگۈرۈشۈپ ئۆيگە كىرگەندە، مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن ئىليار، بەختىيارمۇ قورقۇشۇپ

چۈقان كۆتۈرۈشمەكتە ئىدى. مېھراي كۆزىنى ئېچىپ باللىرىنى بەزلىدى:

— قورقماڭلار، ئەقىللىق باللىرىم ... ھېچنېمە بولمىدىم، ئۇيقۇلۇقتا يىقىلىپ چۈشكەن ئوخشايمەن.

ئىلياس مېھراينى كۆتۈرۈۋېلىپ دېۋانغا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ئۇنىڭ قاناپ كەتكەن تىرناقلىرىغا، قىزىرىپ كەتكەن بىلەكلىرىگە ۋە تېرىلىرى تىتىلغان جەينەك، ئېڭەكلىرىگە ھەيران بولۇپ قارىدى، لېكىن گەپ قىلماستىن دورا قۇتىسىنى ئالدى ـ دە، مېھراينىڭ زەخىملەنگەن يەرلىرىگە دورا سۈرتتى. ئاندىن ئۆزى خېمىر يۇغۇرۇشقا تۇتۇندى، قىزىنى كۆكتات ئاقلاشقا بۇيرۇدى. تاماق پىشتى، يېيىشتى. ئىلياس ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى. پەقەت كەچتە باللىرى ئۇيقۇغا كەتكەندىلا، ئۇ ئايالىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى قىستاپ سورىدى، مېھرايمۇ بولغان ئىشنى ئەينەن ئېيتىپ بەردى.

— ئۇنداق قىلىسىڭىز خاپا بولىمەن، — دېدى ئىلياس مېھراينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — مېنى خۇشال قىلىمەن دېسىڭىز، مېنى ھەممە ئىشلارغا بۇيرۇڭ، مەن سىز ئۈچۈن قانچە كۆپ ئىش قىلسام، شۇنچە خۇش بولىمەن.

— جېنىم ئىلياس، — مېھراي ئىختىيارسىز ھالدا بېشىنى ئېرىنىڭ مەيدىسىگە قويدى، — سىز يالغۇز، باللار تېخى كىچىك، قايسىبىر ئىشلارغا ئۈلگۈرۈپ بولالايسىز ؟

— ئېيتتىمغۇ، مەن ھەممىگە ئۈلگۈرىمەن، كۆڭۈل خالاپ ھەم ئارزۇلاپ قىلغان ئىش ئادەمگە قىلچە ئېغىر بىلىنمەيدۇ، سىز پەقەت كۈتۈشكىلا موھتاج. بۇنى مەنمۇ، كىچىككىنە باللىرىڭىزمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ !

ئىلياسنىڭ شۇ سۆزلىرىدىن بەدەن ـ بەدەنلىرى سۆيۈنگەن، ھاياجانلانغان مېھراي كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىنى توختىتىشۋالالمىدى ۋە تىترەۋاتقان قولى بىلەن ئېرىنىڭ مەڭزىلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

مېھرايىنىڭ كاللىسىغا ئۇزاقتىن بېرى بىر خىيال كىرىۋالغانىدى. ئۇ بۇ خىيالدىن بەزىدە ئەندىكىپ قورقۇپ كېتەتتى، ئالاقزادە بولاتتى، كۆزلىرى ياشقا تولۇپ پىلدىرلايتتى، قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتكەن ئادەمدەك، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالاتتى. يەنە بەزىدە شۇ خىيالدىن خۇشال بولۇپ قالاتتى، بىر ئىشنى باشلاپ ئۇنىڭدىن كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشكەن ئادەمدەك يېنىك تىناتتى: «مېنىڭ پالەچ بولۇپ قالغىنىمغا ئالتە يىل بولدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — لېكىن ئىلياستىن ئاتمىش يىل سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمىغۇدەك ياخشىلىق كۆردۈم. ئىلياسنىڭمۇ بەختىنى، ئىستىقبالىنى، ياشلىق ھەۋىسىنى ئويلىشىم كېرەك. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى قانداق ياندۇرارمەن؟ ... ياندۇرۇشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار — مەن ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالماسلىقىم، مەڭگۈلۈك يۈك بولۇۋالماسلىقىم كېرەك. مېنىڭغۇ ياشلىقىم خازان بولغان. ئىلياس تېخى ياش، ئاران يىگىرمە توققۇزغا كىردى، مېنى دەپ ئۇمۇ ياشلىقىنى بىھۇدە خازان قىلىشى كېرەكمۇ؟! ... ياق، دەيمەن، بۈگۈن چوقۇم دەيمەن، مېنىڭ ياندۇرغان ياخشىلىقىم شۇ بولۇپ قالسۇن!»

بۈگۈن ئەتىگەن مېھراي ئىلياسنى ئىشقا مېڭىشتىن توختىتىپ قالدى. ئىلياسمۇ بۈگۈن مېھرايىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ قالغانلىقىدىن بىرئاز تەشۋىشلەنگەنىدى.

— ئىلياس، — دېدى مېھراي تىترەك ئاۋاز بىلەن، — سىزگە دەيدىغان گېپىم بار، ياخشى ئاڭلاڭ، ئەمما «ياق» دېمەڭ، مېنى ئۆمۈر بويى خۇشال ئۆتسۇن دېسىڭىز ھەرگىز «ياق» دېمەڭ، — ئۇ ھاياجانلىنىپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى-دە، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر جاپا تارتىپ كېلىۋاتىسىز، ياشلىقىڭىزنى خازان قىلىۋاتىسىز، راستىمنى ئېيتاي، سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئازابلىنىمەن، سىزنىڭ كۆيۈمچانلىقىڭىزنى قانداقمۇ ياندۇرارمەن دەپ بېشىم

قاتىدۇ. ساق بولسام بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرەتتىم سىزنى ...
مېھراي ئۆپكىلەپ يىغلاپ كەتتى.
— سىز ماڭا ۋە ئۆزىڭىزگە ئىچ ئاغرىتمىسىڭىزلا بولىدى، شۇنداقلا قىلسىڭىز، مېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋاتىدۇ، دەپ بىلىمەن.
— سىزگە قاراپ ئىچ ئاغرىتىش ـ ئاغرىتماسلىق مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىشمۇ ؟ مېنى ئىچ ئاغرىتىشتىن، ئازابلىنىشتىن قۇتۇلدۇرىمەن دېسىڭىز، ئىككىمىز چىرايلىق ئاجرىشايلى ... ياق، سىز كۆلمەڭ، مەن راست گەپنى قىلىۋاتىمەن، مەنغۇ خاراب بولغان ئادەم، سىزنىمۇ خاراب قىلماسلىقىم، ئۆزۈممۇ ئىنساپ قىلىشىم كېرەك. سىز تېخى ياش ئەمەسمۇ، ياشلىق تەلەپ قىلىدىغان ھەممە نەرسىدىن مەھرۇممەن، ياشلىقىڭىزغا ئۇۋال قىلماسلىقىم، ئۆزۈمنىلا ئويلىماي، سىزنىمۇ ئويلىشىم كېرەك ـ دە !
ئىلياس كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
— سىزگە كەلگەن بۇ كېسەل سىز ئاتايىن تېپىۋالغان كېسەل ئەمەس، بىزنىڭ ئائىلىگە كەلگەن پېشكەللىك. سىز بىلىپ قويۇڭكى، ئادەم ئۆزىنى بىلسە ئادەم، مېنىڭ ئادەملىكىم مۇشۇ پېشكەللىكنى يېڭىشتە بىلىنىدۇ، بولمىسا مەن قانداقمۇ ھەقىقىي ئادەم بولالايمەن؟ !
مېھراينىڭ بەدەنلىرى ئوت ئېلىپ ھاياجانلىق ھېسلارغا چۆمۈلدى:
— بولدى ئەمدى، مەن سىزدىن ئۆلگۈچە رازى ... تۇرغۇنئاي سەككىز ياشقا كىرىپ قالدى، ئۇ ماڭا بەخۇدۇك قارىيالايدۇ ... سىز ھەممە گېپىمنى ئاڭلاپ كەلگەن، بۇ قېتىممۇ گېپىمنى ئاڭلاڭ، ئاجرىشايلى، سىزنىمۇ بەختسىز قىلىشنى خالىمايمەن ...
— مۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز ئاڭلىمايمەن، مېھراي ! مەن ئۆزۈمنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىم ئۇچۇن ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ئۇچۇن جاپا چېكىپ ياشاشنى

ئۆزۈمنىڭ بەختىم دەپ ھېسابلايمەن. سىز مېنىڭ توققۇز يىللىق سادىق ھەمراھىم، ئۈچ بالامنىڭ ھۆرمەتلىك ئانىسى، شۇڭا سىز ئۇچۇن جاپا چېكىش مېنىڭ بەختىم!

— ئىلياس! ... جېنىم ئىلياس! ...

مېھراي شۇ سۆزنى تەكرارلىغىنىچە ئىلياسنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى. بىردەمدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانلىقتىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى. ئىلياس ئۇنىڭ يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۇردى. ئۇ كۆزنى ئېچىپ ئېرىنىڭ ئۆزىگە چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ...

※ ※ ※

كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيگە ئىككى ئوغلى ئالدىراپ - ھاسىراپ كىرىپ كەلدى:

— خۇش خەۋەر! خۇش خەۋەر! ...

— ھە، نېمە گەپ؟ — دېدى قورۇما قورۇۋاتقان دادىسى، — ئاغزىڭلار قۇلىقىڭلارغا يېتىپتۇغۇ.

— بۈگۈن «كۆۋرۈك» دېگەن كىنونى قويىدىكەن، قالتىس سوقۇش دەيدۇ.

— دەرسىڭلارنى ئوقۇمامسىلەر؟

— ئەتىكى دەرسىمىزنى ئوقۇۋېتەيلى دەپ، شۇڭا كەچ قايتتۇق.

— ئاپاڭلارنى ئاپىرامدۇق؟

— ئاپىرىمىز! — ئىككىسى تەڭلا چۇرقىراشتى، — بۈگۈن ھارۋىنى بىز سۆرەيمىز، دادا.

— بۈگۈنچە مەن بارماي ...

— ياق، سەن بارمىساڭ كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ قالىدۇ، ئاپا. تېلېۋىزور ئالغۇچە سېنى ھارۋىغا سېلىپ ئاپىرىۋېرىمىز.

— رەڭگىسىزنى ئالسام ئاللىقاچان ئالاتتىم، بالىلىرىم،

قەرزلەرمۇ تۈگەپ بولغان. يەنە ئۈچ ئاي تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، رەڭلىكىنى ئالىمىز.

تېلېۋىزور ئېلىشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بالىلار چاۋاك چېلىشىپ سەكرىشىپ كەتتى. مېھراي يېنىك تىندى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئائىلە ئەزالىرى مېھرايىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ چىقىشتى. ھارۋىنىڭ ئوتتۇرىدا يەنە ئىلياس، ئىككى يېنى ۋە كەينىدە بالىلىرى. ھارۋا ئىتتىكلەپ ماڭماقتا، ئالتە يىلدىن بېرى مۇشۇنداق ئىتتىكلەپ مېڭىۋاتىدۇ، ئالتە يىلدىن بېرى ئۇلار كىنوغا بىر قېتىممۇ كېچىككىنى يوق، ئالتە يىلدىن بېرى ئۇلار ھارۋا سۆرىگىنىگە بىر قېتىممۇ زارلانغىنى، نارازى بولغىنى يوق. ئىنسانلار تېلېۋىزور دېگەن ھېكمەتلىك بىر نېمىنى ئىجاد قىلىپ، كىنونى ئۆيدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىپتۇ. بولمىسا، ئىلياس ھېلىغۇ ئۈچ ئاي ئەكەن، يەنە ئۈچ يىل ... ياق، مېھراي تىنىقتىن توختىغۇچە، ئۇنى مۇشۇنداق ھارۋىدا سۆرەپ كىنوغا ئاپىرىشقا تەييار!

1987 ـ يىلى ئاۋغۇست

# نەۋايى ھەيكىلى ئالدىدا

## 1

ئاردىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئوتتۇز يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس، ھازىر شۇ چاغدىكى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تولىسىنىڭ چاچلىرىغا ئاق كىردى، يۈزلىرىگە قورۇقلار چۈشتى، كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان ياشلىق ئوتلىرى ئۆچتى، ئۇلارنىڭ ئالدى ھازىر «بوۋا»، «موما» بولدى. تۇرمۇشنىڭ بۇ قانۇنىيىتىگە شۈكۈر دەيدىغانلارغىمۇ، شۈكۈر دېمەيدىغانلارغىمۇ شۇ قىسمەت كەلدى. بۇنىڭغا نېمە ئامال؟! جۇشقۇن، بەخباش ياشلىق مەزگىلىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ ـ دە ! ...

ئۇلار ئىككىسى گۈزەل تاشكەنت شەھىرىدە ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى مۇھەببەتلىرىنىڭ قايتا قوزغىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ھەي ياشلىق، ھەي ياشلىق، سېنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىڭگە ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، قېرىلىقنى ئۇنتۇلدۇرۇۋاتىسەن ـ ھە !

بۇلارنىڭ بىرى — قاسىمجان. ئۇ ئاتمىش ياشقا كىرگەن، چاچلىرى ئاقارغان، يۈزىگە يول ـ يول سىزىقلار چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى كۆزلىرىدىكى نۇر كەتمىگەن، ھېلىمۇ ھەرىكىتى چەبدەس، روھى جۇشقۇن ئىدى. يەنە بىرى — گۈلسىنەم. ئۇنىڭ يېشى ئەللىككە تاقاپ قالسىمۇ، چېچىغا بىرەر تال ئاق چۈشمىگەن، ئاقۇچ يۈزى ھېلىھەم تىنىق ئاسماندەك سۈزۈك تۇرۇپتۇ. پەقەت پېشانە ۋە چىرايلىق ئېڭەكلىرىگە ئاندا ـ ساندا سىزىقلار تارتىلىپتۇ. ئۇنىڭ شۇ قىياپىتىنى كۆرگەن

كىشى ئۇنى ھېچقاچان قىرىق سەككىز يىلنى ياشاپ بولغان دېمەيدۇ، كۆپ بولسا ئوتتۇز يەتتە ـ ئوتتۇز سەككىزلەردە بولۇشى مۇمكىن، دەپ قالىدۇ. ئارىدىن ئۆتكەن ئوتتۇز يىلمۇ ئۇنىڭ ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكتەك چاقناپ تۇرغان ياشلىق لاتاپەتلىرىنى تېخى تەلتۆكۈس ئېلىپ كەتمىگەنىدى.

ھەر ئىككىسى گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلەلمەي بىرپەس ھودۇقۇپ تۇرۇشتى.

— بىز كۆرۈشمىگىلى قانچە يىللار بولغاندۇ ؟ — دېدى قاسىمجان ئايالنىڭ تولغان كۆكسى ۋە يېرىم ئوچۇق تۇرغان ئاپپاق مەيدىسىگە يەۋەتكۈدەك قاراپ.

— توپتوغرا ئوتتۇز يىل بولدى، — دېدى گۈلسىنەم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، — ئېسىڭىزدىدۇ، بىز ئۇچراشقان چاغ مۇشۇنداق ياز ئايلىرى ئىدى.

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن ؟ ... ئۇ چاغدا سىز تېخى ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدىڭىز.

— گەپلىرىڭىزمۇ شېئىرغا ئوخشايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدا سىز ئاقسۇنىڭ غۇنچىسى ئىدىڭىز، ھازىر بولسا ئەمدىلا ئېچىلغان تاشكەنت گۈلىدەك تۇرۇپسىز، ھەممە يېرىڭىز شۇ پېتى، ھېچقانداق ئۆزگەرمەپسىز، بەلكى تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىپسىز.

— رەھمەت، سىزمۇ ياخشى تۇرۇپسىز، چېچىڭىز ئاقىرىپ كەتكەن بىلەن قىياپىتىڭىزدىن ھېلىمۇ تېتىكلىك، جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇرىدۇ.

— سىزگىمۇ رەھمەت، سىزگە شۇنداق كۆرۈنگەن بولسام، كەچ كۈزدىمۇ ئېچىلغان ئالما چېچىكىدەك ئېچىلىدىغان ئوخشايمەن.

قاسىمجان مۇنۇ ئالدىدا گۈلدەك چاقناپ تۇرغان گۈلسىنەمگە قاراپ راستتىنلا پۇشايمان يېمەكتە ئىدى. «خۇددى ئون سەككىز ياشلىق قىزدەك تۇرۇپتۇ ـ ھە ؟ — دەپ ئازابلىق خىيالغا چۆكۈپ

قالدى ئۇ، — مەيلى يوق ئەر بىلەن ئۆتۈپمۇ شۇنداق تۇرغان يەردە، ئەگەر شۇ چاغدا باسقان ئىزىمدىن يانمىغان بولسام، تېخىمۇ ياش تۇراتتىكەن ـ دە ! ... مۇشۇ گۈزەل گۈلسىنەم مېنىڭ خوتۇنۇم بولاتتىغۇ ! ... باشقا قونغان بەخت قۇشىنى ئالدى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئۇچۇرۇۋېتىدىكەن، ئۆزۈم ئۇچۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ ئالدىدا گۈلسۈمئايىم بەئەينى ئالۋاستىنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ ... ھېلىقى كۈنلەرنى ياندۇرۇپ كەلگىلى بولماسمۇ ؟ ...»

قاسىمجاننىڭ ئايالى ئېغىر يىللارنى چىدام ـ غەيرەت بىلەن يەڭگەن، شۇ جەرياندا كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن، ھۆسنىدىن ئاللىقاچان كەتكەن، تېخى ئەمدىلا ئاتمىش ياشقا قەدەم باسقان بولسىمۇ، بەكمۇ مەزگىلسىز قېرىپ، يەتمىش ـ سەكسەن ياشلاردىكى موماي‌لاردەك مۈكچىيىپ قالغانىدى. قاسىمجان ئالدىدا تۇرغان گۈلسىنەم بىلەن ئايالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆڭلى تېخىمۇ بەتتەر ئەسكى بولۇپ كەتتى.

ئولتۇرۇپ كېتىپ بارغان كۈننىڭ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىدىن چۈشكەن ئاخىرقى نۇرلىرى گۈلسىنەمنىڭ سوزۇك يۈزىدە ئوينىماقتا ئىدى. قاسىمجان يۈرىكىنىڭ قات ـ قېتىدىن قوزغىلىۋاتقان شېرىن ھېسسىياتلار ئىلكىدە تولغىنىپ، گۈلسىنەمگە ئىنتىلىپ تۇراتتى. ئۇ گۈلسىنەمنى كۆرگەندە، مېنى تونۇيالارمۇ، تونۇسىمۇ قارىماي ئۆتۈپ كېتەرمۇ، دەپ ئويلىغان. ياق، ئۇنداق بولمىدى، گۈلسىنەم ئوچۇق ـ يورۇق كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ كەتتى. قاسىمجاننىڭ ئەندىشىلىرى يىتىپ، يۈرىكىگە شۇئان بىر پارچە ئوت چۈشتى.

— كاتتا شائىر بولۇپ كېتىپسىز، — دېدى گۈلسىنەم ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ، — ئاڭلاپ تۇردۇم، توپلاملىرىڭىزنىمۇ ئوقۇپ تۇردۇم، سىزنىڭ ئالماتادا ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇققىنىمغا بىرنەچچە يىل بولدى.

— مەنمۇ سىزنىڭ تاشكەنتتە ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇققان،

ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم، تېلېۋىزوردىمۇ سىزنى كۆردۈم. شۇ چاغدا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكىنىمنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر ئۆزۈم. نېمىسىنى ئېيتاي، ئۆمۈرگە ئۆكۈنۈش، پۇشايمان ھەر دائىم ھەمراھ ئىكەن. رەھىمسىز تەقدىردىن قاتتىق ئۆكۈندۈم. بىلەمسىز گۈلسىنەم، سىزنى شۇنچىلىك كۆرگۈم كەلدى، تاشكەنتكە ھەر كەلگىنىمدە ئىزدەي دەپ نەچچە تەمشەلدىم، لېكىن قورۇندۇم، قوغلىۋېتەرمىكىن دەپمۇ ئەنسىرىدىم، ئارزۇيۇمنى قورقۇنچۇم بېسىپ كەتتى.

— مېنى ئىزدىگەن بولسىڭىز، خۇشاللىقتىن بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى، ئېرىم ناھايىتى كەڭ قورساق ئادەم، سىزنى ئەتىۋارلاپ مېھمان قىلغان بولاتتۇق.

— ئەمدى مەن سىزنى كۈتىمەن، بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىمەن، — دېدى قاسىمجان قاتتىق ھاياجاندىن تىترەپ، — كىشىلەرنىڭ ئۆمۈر تارىخىدا ئوتتۇز يىلدىن كېيىن، سۆيۈملۈك ئادىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. مۇشۇ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ رېستوراندا بىر ئاز ئولتۇرايلى.

گۈلسىنەم قارشىلىق قىلمىدى. قاسىمجان بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قېلىش ئۇنىڭ ئېسىگە ئانا يۇرتىنى سېلىپ يۈرەك باغرىنى ياندۇرۇۋەتكەنىدى. ياشلىقنىڭ بەڭباش چېغى، لەززىتىنى ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان مەزگىلى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ ياخشى بىلەتتىكى، ئاشۇ مەزگىل ھاياتىدىكى يېڭى، باشقىچە بىر مەزگىل بولغان. ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ئەنە شۇ لەززەتلىك، ئۇنتۇلغۇسىز چاغلارنى قاسىمجان ئىككىسى ياراتقان ئەمەسمىدى ... ھاياتىدىكى ئەڭ ئېسىل چاغلارنى ئېسىگە سالغان ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ تەكلىپىنى قانداقمۇ رەت قىلغىلى بولسۇن؟ ! ئۇ قاسىمجاننىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈزۈپ رېستورانغا قاراپ قەدەم باستى.

— بۇ چاچلار بىكارغا ئاقارمىدى، — دېدى قاسىمجان

ئىككىسى رېستورانغا كىرىپ ئۆدۈلمۇئۆدۈل ئولتۇرغاندىن كېيىن، — بۇياققا قارا باسقاندەك چىقىپ قاپتىمىز. چىقىپلا نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدۇق. بارسا - كەلمەس يولنىڭ ئۆزگىلا كىرىپ قاپتىكەنمىز، بار - يوقىمىزنى سېتىپ ئىككى - ئۈچ يىل ياشىدۇق. بولمىدى، ئاخىر كولخوزغا كىرىپ ئون بەش يىل ئىشلىدىم. ئوقۇغان كىتابلار، كۆرگەن كىنولاردىن بۇ يەرنى خۇددى بېھىشتەك تەسەۋۋۇر قىپتىكەنمىز، نەدىكىنى، ئۇ چاغلاردىكى كولخوزلار بىزنىڭ گۇڭشېدىنمۇ رودۇ، كۆتۈرەم بولغان كالىنىڭ ئۆزىلا ئىكەن، شۇنچە ئىشلەپمۇ قىردىن ئاشالمىدۇق. ھېلىمۇ ياخشى ئايالىمنىڭ قولىدىن ماشىنىچىلىق كېلەتتى، ئۇنىڭ شۇ ھۈنىرى بولمىغان بولسا، نېمە كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن ... كېيىن يول تېپىپ ئالماتاغا كۆچۈپ كەلدۇق. «كەمبەغەل بولساڭ شەھەر تالاش» دېگەنلەر توغرا دەپتىكەن، ئالماتاغا كەلگەندىن كېيىن، تۆۋەن مائاشلىق بولسىمۇ، ھەر ئىككىمىز ئىش تاپتۇق. كىشىنىڭ ماددىي تۇرمۇشى كېپىللەندۈرۈلمىسە، مەنىۋى تۇرمۇشى ئېسىگىمۇ كەلمەيدىكەن، يوقسۇزلۇق زەنجىرى بەلنى قاتتىق بوغقان چاغلاردا چۈشكۈنلۈك ئىپادە قىلىنغان ئانچە - مۇنچە شېئىرلارنى يازغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن بۇ كوچىغا كىرمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئارزۇ - ئارمانلىرىم بوراندا قالغان قامغاقتەك دومىلاپ - تېنەپ قاڭقىدى ... ھايات بىر قارىسىڭىز ئىنتايىن تار، كىشىنى ئامبۇردەك قىسىدىغان، بىر قارىسىڭىز ناھايىتى كەڭ، گۈزەل، ئادەمنى ئالغا ئىنتىلدۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە ئىكەن. ھال - كۈنىمىز ئوڭشالغاندىن كېيىن ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىم قايتا قوزغالدى، قەلىمىمنى يەنە قولۇمغا ئالدىم. ئانا يۇرتىمىزدا يازغان شېئىرلىرىم بىلەن كېيىنكى يازغانلىرىمنى بىر توپلام قىلدىم. بالىلارمۇ چوڭ بولۇپ ئەسقاتتى. ھازىر بىرنەچچە توپلىمىم چىقتى، تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشىلانغىنىغا مانا ئەمدى تۆت - بەش يىللار بولدى. قېنى،

كۆرۈشكەنلىكىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى.
— ھازىر نەچچە بالىڭىز بار، قاسىمجان ؟
— ھەي، كەمبەغەلنىڭ بالا تېپىشتىن باشقا خۇشاللىقى بولمايدىكەن، سەككىز بالام بار، ئانىسىنى كۆرسىڭىز، بەئەينى موماي، موماي بولغاندىمۇ، كۆشەشمۇ خۇشياقماس بولۇپ قالغان سىيىرنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالدى.
— جاپايىڭىزنى كۆپ تارتقاندۇ ؟
— تارتىشنىغۇ تارتتى، بىراق ئۇنىڭدا مۇھەببەت، ھېسسىيات دېگەنلەر ئاللىقاچان ئۆلگەن ...
گۈلسىنەمنىڭ قاسىمجانغىمۇ، تېخى ئۆزى كۆرمىگەن، قاسىمجان بەئەينى موماي دەپ تەسۋىرلەۋاتقان ئايالىغىمۇ ئىچى ئاغرىپ، مەيۈسلىنىپ شۈككىدە بولۇپ قالدى. قاسىمجاننىڭ تۇيغۇن كۆزلىرى گۈلسىنەمدە قانداق ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قوزغالغانلىقىنى سېزىپ، ئوشۇقچە سۆزلىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى. گۈلسىنەمدىكى بۇ ھېسسىيات ئۇلار كوچىغا چىقىپ، خېلى يەرگە بارغۇچە بېسىلمىدى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئېلېكتىر نۇرلىرىدا ۋاللىداپ كەتكەن كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭلاپ قالغان. ئىككىسى خىلۋەت بىر دەرەخزارلىق ئارىسىغا كېلىپ توختىدى.
— مانا سىزمۇ ياخشى تۇرۇپسىز، — دېدى گۈلسىنەم، — ئېسىڭىزدە باردۇ، مەن سىزگە ئېرىم توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن، ھازىر ئۇمۇ مەزگىلسىز قېرىپ كەتتى. ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ، كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدۇ، كۈنلەپ يوقاپ كەتسەممۇ، نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ، دېمەيدۇ. بۇرۇنقى ياۋاشلىقى ھازىر زۇۋان سۈرمەسلىككە يېتىپ باردى. قەلەم تۇتۇپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، ئۇنىڭغىمۇ شۈكۈر دەيدىغان بولۇپ قالدىم.
— باشقا ئىشلارنى ئويلىمامدۇ ؟
— نەدىكىنى دەيسىز، ئۆمرىمىز بىر يەرگە باردى، ئالدىرىشىمىز كېرەك، دەيدۇ. ئالدىرايدىغىنى ئوقۇش - يېزىشلا،

تۇرمۇشتا كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئىشلار خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ.

— بىراق ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىۋاتىدۇ.

— شۇنداق، ئۇ باشقا بىر ئىش، مىجەز - خاراكتېر دېگەن باشقا بىر ئىش ئىكەن، ياخشى ئەسەر يازغان ئادەمنىڭ سىزگە يېقىشى ناتايىن ئىكەن. ئۇزاق يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقىمىزنىڭ ماڭا بەرگەن چۈشەنچىسى شۇ بولدى.

— مەن سىزنى تۇرمۇشنى باشقىدىن قۇرغاندۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇنداق بولماپتۇ.

— ئۆز يۇرتىمىز بولسا، ئالىلىقاچان باشقىدىن قۇرغان بولاتتىم، باشقىلارنىڭ يۇرتىغا چىقىپ قاپتىمىز، بۇ يەرگە چىقىپ تارتقان مىسكىنلىكىمىز، مۇساپىرلىقىمىزمۇ يېتەر، دەپ ئويلىدىم.

— بولدى، يۈرىكىمىزنى ئېزىپ، مۇساپىرلىقىمىزنى قوزغىمايلى، — دېدى قاسىمجان. ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىگە نەپەسلىرى ئۆتۈشكۈدەك يېقىن تۇرۇشاتتى. ئۇ گۈلسىنەمنىڭ قولىنى تۇتتى، — كۆڭۈللۈك گەپلەرنى قىلايلى، ئېيتىڭا، هازىرمۇ ياشلىقىڭىزنى ئويلامسىز ؟ ئاشۇ ...

— ئاقسۇدا سىز بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم، — دېدى گۈلسىنەم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — هېلىمۇ ئېسىمدە هازىرقىدەك تۇرۇپتۇ، ئۇنى ئويلىماي مۇمكىنمۇ ! ...

— هېلىمۇ شۇ كۈنلەرنى قەدىرلەمسىز ؟

— ئەلۋەتتە، مەن ئۆزۈم خالاپ قىلغان ئىشنى ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس، ياشلىقتا بېسىلغان قەدەملەر، ئۆز مەيلىڭىز بىلەن قىلغان ئىشلار يۈرەككە ناهايىتى چىڭ ئورناپ كېتىدىكەن.

— راست، راست دەيسىز، يۈرەككە گۈلدەك چېكىلىپ قالىدىكەن ... مەن گۈلنىڭ قەدرىنى بىلمەي، تىكەننى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتتىم، يۈرىكىم زېدە

بولۇپ كەتتى ... گۈلسىنەم، مېنىڭ پەرىشتەم، قولۇمدىن ئۇچۇپ كەتكەن قۇرغۇيۇم، ياق، ياق، ئۆزۈم ئۇچۇرۇۋەتكەن قۇرغۇيۇم ... — ھېسسىياتى قوزغىلىپ قاتتىق ھاياجانلانغان قاسىمجان نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەيتتى، — بىلەمسىز، مېنى ئېچىنىش، ئازاب، ئەلەم ئوتتۇز يىل قىيىنىدى، ئادەمنىڭ شۇنچە كۆتۈرۈشلۈك ئىكەنلىكىگە ھەيرانمەن ... كۆڭلۈمدە قاپلىشىپ تۇرغان تۇمانلارنى بۇگۈن سىز تارقاتتىڭىز ... ياشلىقىمنى سىز، پەقەت سىزلا قايتۇرۇپ كەلدىڭىز ... ئاھ، گۈزىلىم، ئومىقىم ... مەن ئۇچۇن سىز يەنىلا ئاشۇ يىللاردىكى گۈلسىنەمسىز، ماڭا قاراڭا ...

قاسىمجان ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ چۇشەكەۋاتقان ئادەمدەك ئېيتىۋاتقان مۇھەببەتلىك سۆزلىرى، قىزغىن ئەركىلىتىشلىرى گۈلسىنەمنى يېرىم بىھوشلانغان ئادەمدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، ئۇ بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى. قاسىمجان ئۇنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈپ كەتتى.

ئۇلار قۇچاقلاشقان پېتى خېلى ئۇزاق تۇرۇشتى. قايتا يانغان ياشلىق ئوتلىرى يالقۇنلاپ كەتكەنىدى، ئۆزلىرىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا كېتىپ بارغان ئادەملەرمۇ كۆزلىرىگە كۆرۈنمەيتتى، ھەر خىل تىۋىشلار، ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازلارمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، پۈتۈن دۇنيا ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى.

— بولدى ئەمدى ... ياشلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى شۇنچىلىك قەدىرلىگىنىمىزمۇ يېتەر، قاسىمجان، — دېدى گۈلسىنەم ئۇنى ئۆزىدىن ئىتتىرىپ.

گۈلسىنەم بۇگۈنكى ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى قىرىق كوكۇلىلىق قىزغا ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىپ، مۇھەببەت مەستلىكىدىن بوشاشقان ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكەپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى ۋە ئاقسۇدا ئۆتكۈزگەن ھېلىقى لەززەتلىك كۈنلىرى قايتىپ كەلگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى.

## 2

ئۇلار 1955 ـ يىلى ئاقسۇدا تونۇشقانىدى. ئۇ چاغدا قاسىمجان ئۈرۈمچىدە ئىشلەيتتى، ئايالى، بىر ياشلىق ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئاقسۇغا بىر ئايلىق خىزمەت بىلەن بارغان. بارغان كۈنى كەچتە ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكىگە قاتنىشىپ، خۇددى «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قاپتۇ» دېگەندەك، ناخشا ئېيتىپ چىققان گۈلسىنەمنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغان. شۇ كۈنى كېچىسى تاڭ ئاتاي دېگۈچە ئۇنىڭ كېلىشكەن بوي ـ تۇرقىنى، جان ئالغۇچى سېھىرلىك كۆزلىرىنى، قىرىق كوكۇلىلىق چاچلىرىنى، يېقىملىق ئاۋازىنى، ناخشا ئېيتقان چاغدىكى نازۇ ـ كەرەشمىلىرىنى ئويلاپ چىققانىدى.

قاسىمجان كىشىلەردىن ئاسماقچىلاپ سوراپ ئۇنىڭ ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەنلىكىنى، بۇلتۇر ياتلىق بولغان بولسىمۇ، تېخى بالىسىنىڭ يوقلۇقىنى، ئېرىنىڭ قايسىدۇر بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدى. لېكىن، گۈلسىنەمنىڭ بۇ تۇرمۇش ھالىتى قاسىمجاننىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىش نىيىتىگە سايە تاشلىيالمىدى.

قاسىمجاننىڭ گۈلسىنەم بىلەن تونۇشۇشىغا پەقەت ئۈچ كۈنلا كەتتى. بىرىنچى كۈنى ئىشتىن يانغاندا، تۇيغۇن، تېتىك ياش ئارتىسكا ئۆزىنىڭ كەينىگە بىرىنىڭ چۈشكەنلىكىنى تۇيدى ۋە «ئەجەب قاملاشقان نېمىكىنە، كىمدۇ ؟» دەپ ئويلىدى. ئىككىنچى كۈنى: «ماڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۆيۈمگىچە كېلەتتىمۇ، بىر نەرسە دەيدىغاندەكلا قىلىدۇغۇ ؟ ...» دەپ ئۈمىدلەندى. ئۈچىنچى كۈنى: «تېزرەك گەپ قىلسىچۇ، ئادەمنى تەقەززا قىلماي، كېچىچە چۈشەپ چىقىپتىمەن» دەپ ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتتى ۋە كەينىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ـ قاراپ قويدى. دەل شۇ پەيتنى كۈتكەن قاسىمجان ئىتتىك كېلىپ

ئۇنىڭغا گەپ ئېچىپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ ھەم بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ياتاقتا تەكلىپ قىلدى، گۈلسىنەمنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇ ئىككىيلەنمەيلا قاسىمجاننىڭ ياتىقىغا باردى. قاسىمجان ئۇنىڭ شۇنچە تېز ئۇندەككە كەلگەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئىككىسى بىر سائەتكە يېقىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. گۈلسىنەم ئۆزىنىڭ ئاقسۇدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىنى، ناخشىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، روللارغا چىقىشىنى ئارزۇلايدىغانلىقىنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئاۋازىنىڭ ياخشىلىقىدىن سەنئەت ئۆمەككە تاللانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، قاسىمجانمۇ ئۆزىنىڭ غۇلجىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلگەنلىكىنى، ئوقۇش تۈگىگەندىن بېرى ئۈرۈمچىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئاقسۇغا خىزمەت بىلەن كەلگەنلىكىنى، گۈلسىنەمنى سەھنىدە كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئوچۇقلا ئېيتتى.

— بىراق مەن، — دېدى گۈلسىنەم يەرگە قاراپ قانداقتۇر بىر مۇلايىملىق بىلەن، — سىز كۈتكەندەك قىز ئەمەسمەن، بىر يىلنىڭ ئالدىدا ياتلىق بولغان ... ھازىر ئېرىم بار ...

— بىلىمەن، — دېدى قاسىمجانمۇ، — بۇ تەرەپلىرىڭىز كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى يوق، مېنىڭمۇ ئايالىم بار، ئاتا - ئانام زورلاپ ئېلىپ بەرگەن، لېكىن كۆڭلۈم يوق، قاتتىق پۇشايماندىمەن.

— مېنىڭمۇ شۇنداق، — گۈلسىنەم بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئاتا - ئانامنىڭ زورى بىلەن تەگكەن، كۆڭۈل خالىمىغان تۇرمۇش تېتىمايدىكەن، بارغانسېرى شۇنداق تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— ئىككىمىز ئوخشاش تەقدىرگە يولۇقۇپتىكەنمىز، كۆڭۈل خالىمىغان تۇرمۇشنى خۇدا ئۇرسۇن، ئۆيگە كىرسەم تۇتۇلىمەن، سىرتقا چىقسام ئېچىلىمەن، يىراق يەرلەرگە كەتكۈم كېلىپلا

تۇرىدۇ.
— راست، ئىككىمىز ئوخشاش ئىكەنمىز، ھېسسىياتلىرىمىزمۇ ئوخشاش ئىكەن، — گۇلسىنەم ئېچىلىپ ھاياجانلىنىپ كەتتى.
— قاراڭ، بۇ ئوخشاشلىق ئىككىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ ... يا ئۇنداق ئەمەسمۇ ؟
— شۇنداق ئوخشايدۇ ...
— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى قاسىمجان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئەمدىكى تەقدىرىمىز ... — قاسىمجان ئۇنىڭ قولىنى تۇتقانىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— ئۇنداق قىلماڭ ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ ... كېتىمەن، — ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. قاسىمجان ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى.
— توختاڭا، قاچان كېلىسىز، يا يولدا ساقلاپ تۇرايمۇ ؟
گۇلسىنەم كەينىگە بۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرىدىن، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان يۈزىدىن، زىلۋا بوي ـ تۇرقىدىن رەنجىگەنلىك سېزىلمەيتتى.
— خوش، ئەته كېلەي.
ئۇ نازۇك جىلۋە بىلەن چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ چىقىپ كەتتى. قاسىمجان تۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدى. كۆرۈۋاتقىنىم ئوڭۇممۇ ـ چۈشۈممۇ، دەپ گاڭگىرىدى. ئۇ گۇلسىنەمنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، بۇ مۇھەببەت يالقۇنىنىڭ بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. «ئۇنى ياتاققا تەكلىپ قىلسام، ئاسانلا ماقۇل بولۇشىنىڭ سەۋەبى بار ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئېرىگە كۆڭۈلسىز ئىكەن، ئەگەر ئۇ خالىسا، باشقىدىن ئائىلە قۇرىمەن، ئۇنىڭغا ئېرىشىشىم — بەختىمنىڭ ئېچىلغانلىقى.»
— ئاتا ـ ئانىنىڭ زورى بىلەن ئەرگە تەگكەن قىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئېرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالىدىغان ئىشلار بولىدۇ، —

دېدى گۈلسىنەم ئەتىسى قاسىمجاننىڭ ياتىقىدا ئولتۇرۇپ، — كۆڭلۈممۇ چۈشۈپ قالار ئىدى، لېكىن ئۇ ھېسسىياتسىز ئادەم ئىكەن. خىزمەتكە بارىدۇ، كېلىدۇ، يېرىم كېچىگىچە كىتاب ئوقۇيدۇ، شېئىر يازىدۇ، مېنىڭ بىلەن، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىم بىلەن كارى بولمايدۇ. ئەسلىدە مەن، ئۇ مېنىڭدىن ئون نەچچە ياش چوڭ بولسىمۇ بوپتىلا، شائىر ئىكەنغۇ، ھېسسىياتلىق، شوخ، تېتىك ئادەمدۇ، ياشلىقنى قەدىرلەشنى بىلىدىغاندۇ، دەپ تەگكەن. نەدىكىنى دەيسىز، ئۇنداق ئالامەتلەر دورىلىققىمۇ تېپىلمايدىكەن، بەئەينى ياغاچ ئادەمنىڭ ئۆزى، تېگىپ كەتسىڭىز ئۆرۈلىدۇ، يۆلەپ قويسىڭىز تۇرىدۇ.

— شۇنداق، تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى، ھەمراھىنىڭ ھەۋەس - تەلەپلىرىنى قەدىرلىمەيدىغان ئادەملەر بولىدۇ، — دېدى قاسىمجان ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، — ئۇنداق ئادەملەر كىشىنى بۇرۇقتۇرما قىلىدۇ، قىينايدۇ، ئازابلايدۇ. يامان يېرى ئۇنداق ئادەملەردە سىزنىڭ نېمىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى سېزىش ھېسسىمۇ بولمايدۇ.

قاسىمجاننىڭ دەۋاتقانلىرى گۈلسىنەمنىڭ دەردلىرى ئىدى.

— راست دېدىڭىز، ئۇ مېنىڭ نېمىدىن قىينىلىۋاتقانلىقىمنى سەزمەيدۇ ... ئەر دېگەن ئائىلىدە ھەر جەھەتتىن ئايالدىن ئۈستۈن تۇرۇشى، قەھرىمۇ، زەھىرىمۇ بولۇشى، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا ئەدەپلىشى، قىسقىسى، باشقۇرۇشى كېرەك - دە. يوقاپ كەتسەم نەگە باردىڭ دېمىسە، يېرىم كېچىدە كەلسەم سورۇشتۇرمىسا، ئۇنىڭ نېمىسى ئەر؟! ھەددىدىن زىيادە ياۋاش، لايغەزەل ئادەمنى قانداقمۇ ئېرىم بار دېگىلى بولىدۇ؟ ھاراق - شاراب، تاماكىدىمۇ يوق، يېنىغا كەلسىڭىز گۆدەك قىزلارنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك مۇنۇنى قوشۇپ قويدى، — شائىرمىش تېخى ...

قاسىمجان گۈلسىنەمنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتەتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ خۇمارلىشىۋاتقانلىقىنى، چوڭقۇر ـ چوڭقۇر تىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، سۇزۇك لېۋىگە، زىنىخلىق مەڭزىلىرىگە، بىردەم ئېچىنىش، بىردەم سۆيۈنۈش يانغان كۆزلىرىگە، ئاپپاق بويۇن، ئوچۇق مەيدىلىرىگە، يالتىراق چاچلىرىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۇزاق سۆيدى، چىڭ قۇچاقلىدى ... ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلەلمەي قالغان گۈلسىنەمدە شۇئان سېلىشتۇرما پەيدا بولدى: ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىغا ئەركىلەپ بارسا، ئېرى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ياكى مۇرىلىرىنى سىلاپ قوياتتى. ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن چاڭقاق لەۋلىرى چاڭقاق پېتى، ياشلىقىنىڭ ئۇنىڭدىن زارىقىپ كۈتكەن تەلەپلىرى تېپچەكلەپلا قالاتتى. شۇ تۇرقىدىچۇ ؟ شۇ تۇرقىدا ئوتتەك يانغان بەدەنىنىڭ ئىلكىدە، سۆيۈشىدە، قۇچاقلىشىدا ... ئۇ تۇرمۇشنىڭ مۇنداقمۇ شېرىن يەرلىرى بولىدىغانلىقىنى، كىشى ۋۇجۇدىنى ھۇزۇرلاندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم سەزمەكتە ئىدى.

مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن قاسىمجان خوتۇنىنى قويۇۋەتمەكچى، گۈلسىنەم ئېرىدىن ئاجراشماقچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى توي قىلىپ، قاسىمجان گۈلسىنەمنى ئۈرۈمچىگە ئەكەتمەكچى بولۇپ مەسلىھەتلەشتى. ئۇشتۇمتۇت يانغان مۇھەببەت ئوتلىرى ئىككىسىنى شۇ قارارغا كەلتۈردى، ئۇلار ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بىرى ئېرىنى، بىرى خوتۇنىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇدى، ئەمما شۇ كۆڭۈللۈك چاغلاردا بىر پېشكەللىكنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھەر ئىككىسى بىلمەيتتى.

قاسىمجاننىڭ ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈلسىنەم قاسىمجانغا كەچتە قويۇلىدىغان ئويۇننىڭ بېلىتىنى ئەكىرىپ بەردى. سەھنىدە بىر مۇزىكىلىق دراما ئوينىلىۋاتاتتى. گۈلسىنەم يېتىم قىزنىڭ رولىدا ئىدى. ئەنە، ئۇ ئۆزىنى تۇرمىگە چۈشۈپ، شۇ يەردىن قېچىپ چىققان ئاشىقى مالاي يىگىتكە ئاتتى. يىگىت ئۇنى باغرىغا باستى،

باشلىرىنى سىلىدى ... قاسىمجاننىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىدە شۇئان كۈنچىلىك ئوتلىرى ياندى، غەزىپى كەلدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى: «ئۇنىڭ كەسپى ــ ماڭغان يولى مۇشۇ ئىكەن ـ دە ... ئۇنى يىگىتلەر مىجىقلايدىكەن، قۇچاقلايدىكەن، ــ دەپ غالىلداپ تىترىدى ئۇ، ــ قانداق چىداش مۇمكىن، مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى ئالمايمەن، ھەرگىز ئالمايمەن !»

قاسىمجان گۈلسىنەمنى مۇشۇ سەھنىدە كۆرۈپ، ياخشى كۆرۈپ قالغان، يەنە مۇشۇ سەھنىدە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى، يىرگەندى، ئويۇننىڭ ئاخىرىغىچە تاقەت قىلالماي كۈلۈبتىن چىقىپ كەتتى.

گۈلسىنەم ئۇنىڭغا بىلەت ئەكىلىپ بەرگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى، كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. ئەنە ئىككىسى قاسىمجاننىڭ ياتىقىدا، گۈلسىنەمنىڭ كۆزلىرى ياش، قاسىمجان غەزەپلىك. بىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن غەزەپ ـ نەپرەت، ئۆچلۈك، يەنە بىرىنىڭكىدىن بولسا ئازاب، ئەلەم، يىغلىنىش تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ــ ياق ! ــ دەيتتى قاسىمجان ۋارقىراپ، ئۇنىڭ ئەسەبىيلەشكەن يۈزىدە قانىنىڭ دىدارى قالمىغانىدى، ــ سىزنى كۆرگەنلا يىگىتلەر قۇچاقلاپ مىجىقلايدىكەن، بۇنى مەن كۆتۈرەلمەيمەن !

ــ نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسىز؟ ــ دەيتتى گۈلسىنەم مۆلدۈرلەپ، ــ بۇ مېنىڭ كەسپىم، ۋەزىپەم، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قىلغىنىم ئەمەسقۇ، سىز ئاڭلىق ئادەم تۇرۇپ ...

ــ قۇرۇسۇن مۇنداق ئاڭلىقلىق ! بولدى، يېپىق قازان يېپىقى قالسۇن !

ــ قاسىمجان، جېنىم قاسىمجان ... ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ! ــ ئۇ ئىتتىك كېلىپ قاسىمجاننى قۇچاقلىۋالدى، ــ دۇنياغا كۆز ئېچىپ، بەختىمنى سىزدىنلا تاپتىم، سىزنى

قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ ... مېنى چۈشىنىڭ، قاسىمجان ! ...

گۈلسىنەمنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتى بىلەن قۇچاقلىشى ۋە ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قاقشاپ چىقىۋاتقان سۆزلىرى ئۇنى بىرئاز ئېرىتتى:

— بوپتۇ ئەمىسە، كەسپىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ.

— ياق، قاسىمجان، ياق، مەن كەسپىمنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇنداق قىلماڭ، كەسپىمنى ھۆرمەت قىلىڭ، قۇلىڭىز بولاي ! ...

— نېرى تۇرۇڭ !

قاسىمجان ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. گۈلسىنەم ئۇنىڭغا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، يېلىنىپ تىزلاندى:

— ماڭا رەھىم قىلىڭ، قاسىمجان، جېنىم قاسىمجان ... مېنى تۇتۇۋېلىڭ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىۋاتىدۇ ! ...

بىراق، قاسىمجان ئۇنى تۇتۇۋالمىدى، ئۇ ئەتىسىلا ئاقسۇدىن كەتتى. گۈلسىنەم قاڭغىر قاقشاپ قالدى. ئۇ قاسىمجاننى «مەن ئۇچۇن ئوتقا كىر» دېسە كىرگۈدەك، «سۇغا چۈش» دېسە چۈشكۈدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. قاسىمجان كەتكەندىن كېيىن ھەتتا ئۇ كەسپىمنى ئېمىشقىمۇ ئۆزگەرتمىگەندىمەن، ئۆزگەرتكەن بولسام، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماس ئىدىم، دەپ پۇشايمانمۇ يېدى ۋە ئۇزاق يىللارغىچە ئۇنى ئەسلەپ يۈردى. ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ، تاشكەنت شەھىرىدە تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغاندا، گەرچە ئۇ تاشلاپ كەتكەن بولسىمۇ، قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭغا يەنە بېرىلىپ قالدى. شۇنداق بولۇشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قۇچاقلاش ـ سۆيۈشلىرىگە باش ئېگىشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇشۇ ئىدى.

بۈگۈنمۇ ئۇ خىلۋەت مېھمانخانىدا قاسىمجان بىلەن ئىككى سائەت بىللە بولۇپ كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئۆيىگە ياندى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەززەتتىن يايراپ، پۈتۈن تۇرقىدىن — زىنىخلىق

مەڭزىلىرىدىن، قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرىدىن، چىرايلىق كۆزلىرىدىن، قاپقارا چاچلىرى، قويۇق كىرپىكلىرىدىن زوق، ئىپتىخار، شادلىق يېغىپ تۇراتتى. ئادەمنىڭ قىن - قىنىغا پاتماي قالىدىغان چاغلىرى، پۈتۈن بەدەننى لەززەتلىك ئىقىم قاپلاپ كەتكەن مەزگىللىرى نېمىشقا قىسقا بولىدىغاندۇ؟ ئادەم بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق تۇيغۇدا ئۆتسە، دۇنيانىڭ راھىتىنى تەلتۆكۈس كۆرگەن بولمامدۇ، ئارمانسىز ياشىمامدۇ؟!

گۈلسىنەمنىڭ شېرىن ئوي - خىياللىرى خۇددى تاشكەنت كېچىسىدەك گۈزەل ئىدى. كوچىدىن ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ يېنىك سىگناللىرى ۋە ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەس ئىدى. ئىككى ياش يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا ئاتايىن سۇركىلىپ ئۆتكەنلىكىگە ئۇ گەپمۇ قىلمىدى، باشقا ۋاقىتلاردا بولسا، ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلغان ۋە بەلكى ئىككى كاچات ئۇرغانمۇ بولاتتى. ئارتۇقچە خۇشاللىق، ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىش ئادەمنى غەيرىي ئىشلارنى سەزمەيدىغان، سەزسىمۇ كەچۈرۈۋېتىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. گۈلسىنەم قەدەملىرىنى ئاستا تاشلاپ قاياققا مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلمەي كېتىپ باراتتى.

ئۇ شۇ ھالدا كېتىۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى، ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى، ئۆيىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆيى خېلى كەينىدە قاپتۇ. ئۇ كەينىگە يېنىپ ئۆز كوچىسىغا بۇرۇلدى، بۇرۇلۇپلا يولنىڭ چېتىدە دەرەخلەر ئارىسىدا بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، توختىدى: «قىزىممۇ نېمە ئۇ، ئاۋۇسى ھېلىقى ھارىمىدەك قىلىدۇغۇ! — گۈلسىنەمنىڭ بەدىنىگە بىردىنلا تىترەك ئولاشتى، ئوبدان سەپسېلىپ قاراپ باقايچۇ، شۇلار بولۇپ قالمىسۇن يەنە ...» ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى - دە، دەرەخنى دالدا قىلىپ ئۇلارغا قارىدى. ئېلېكتىر نۇرلىرى دەرەخلەر ئارىسىدا ئالا كۆلەڭگىلەر پەيدا قىلغانىدى. يىگىت قىزنى قۇچاقلىۋېلىپ

ھەدەپ سۆيمەكتە ئىدى. گۈلسىنەمنىڭ ھېلىلا يايراپ كەتكەن بەدەنلىرى بىردىنلا شۈركۈنۈپ، بىرى تۈيۇقسىز كاچىتىغا كىلىشتۈرۈپ بىرنى سالغاندەك كۆزلىرىدىن ئوت يىنىپ كەتتى.
غەزىپى ئۆرلەپ ئىتىلىپ بارغانچە قىزىنىڭ چاچلىرىنى يۆگەپ راسا سالغۇسى، ئاۋۇ ھارىمىنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرگۈسى كەلدى. بىراق ئۆزىنى بىسىۋېلىپ، قىزىنى چاقىردى. قىزى ئاپىسىنىڭ ئۈنىنى تونۇپ، دەرھال ئۈنىڭ ئالدىغا كەلدى.
چىرايىدىن شادلىق يىغىپ تۇرغان قىزىنى كۆرگەن گۈلسىنەمنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئېشىپ، ئۈنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. يىگىت گۈلسىنەمنى تونۇپ بەدەر قاچتى. ئانا قىزىنىڭ بىلىكىدىن قاماللاپ تۇتۇپ سوراققا ئالدى.
— كىم ئۇ ؟
— ئىسمەت.
— شۇمىكىن دېۋىدىم ...
— ھەئە، ئاشۇ ئىسمەت.
— ئىسمەتكە تېخى تويىمىغانمىدىڭ، ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان رەسۋا ! ... ھوي بۇزۇق ! گەپ قىلە ! ...
قىز ئاپىسىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاستا قارىدى. قىزىنىڭ كۆزىدە بىر تامچىمۇ ياش كۆرۈنمەيتتى.
— گەپ قىل دەۋاتىمەن !
— ئۇ مىنى ياخشى كۆرىدۇ.
— ياخشى كۆرىدۇ ؟
— ھەئە، ياخشى كۆرىدۇ، — قىزىنىڭ چىھرىدە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.
— ئاپالىنچۇ ؟
— ئۈنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاپا.
— ياخشى كۆرمەيدۇ ؟ ... ياخشى كۆرمىگەن ئادەم بىلەن ئۈچ يىلدىن بىرى ئۆي تۇتامدا - ھە ! ... سىنى تاشلىۋېتىپ ئۈنى ئالغان ئادەمگە ئالدىنىپ ئۆزۈڭنى بۇلغاۋاتامسەن - ھە ! ...

— ئۆزى شۇنداق دېگەن، راست، ئۇ يالغان ئېيتمايدۇ ... مەنمۇ ... مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئاپا ! ...

— هوي، غۇرۇرى يوق لالما ! ... — گۇلسىنەم جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، — ئۆز قەدرىنى يەرگە ئۇرغان نومۇسسىز ! ... ياخشى كۆرىمەن دەپ قويسا، شۇنىڭ قورچىقى بولۇپ يۈردۈڭمۇ، قىزلىق نومۇسۇڭ، ئادەملىك غۇرۇرۇڭ نەگە كەتتى رەسۋا ؟ ... ئىككىنچى شۇنىڭغا ئەگىشىپ باق، پۇتلىرىڭنى چېقىۋەتمەيدىغان بولسام !

گۇلسىنەم يول بويى قىزىنى نوقۇشتۇرۇپ، سىلكىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئابايىقى خۇشاللىقلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. بېشى ساڭگىلاپ، شۇمشىيىپ قالغان قىزى ئۈن - تىن چىقارماي، ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتتى. گۇلسىنەم بىردەم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇردى - دە، ئاستا ياتاق ئۆيگە ماڭدى.

ئۇ ياتاق ئۆيگە نېمىشقىدۇر تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئېھتىيات بىلەن كىردى. ئېرى يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. گۇلسىنەم كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۆيئىچىمۇ، تالا - تۈزمۇ جىمجىت ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى نامەلۇم خورلۇق، ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئەسكى بولدى. ئۆز - ئۆزىگە ئېچىنىش، خورلۇق تۇيغۇسى تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمىتى، ئىنئامى. ئاشۇ تۇيغۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى، غۇرۇرىنى ئۆزىگە هېس قىلدۇرىدۇ. ئەسكىلىك، ئىنسابسىزلىق، پەسكەشلىكتىن بەزدۈرۈپ، ئۇنى توغرا يولغا، روهىي گۈزەللىك، ساپلىققا ئېلىپ كېلىدۇ. گۇلسىنەم گويا چايان چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى: «مەن نېمە قىلىۋاتىمەن؟ نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم ؟ — ئۇ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، — ئۇنى تىللىدىم، ئۇردۇم، نېمىشقا ئۆزۈمنى تىللىيالمىدىم، ئۇرالمىدىم ؟ ... مەنمۇ، مېنى تاشلاپ كەتكەن، تۆكۈرۈپ تاشلىۋەتكەن ئادەمگە

ئەگەشتىمغۇ، شېرىن گەپلىرىگە ئېرىپ كەتتىمغۇ ... مەن خورلانمىدىممۇ، مېنىڭ بىساتىمدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش تۇيغۇسى يوقمۇ ... قېنى مەندىكى نومۇس، ۋىجدان، ئىنساب ؟ ...»

گۈلسىنەمنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ گېلىغا ئەلەملىك ئاغرىق تىقىلىۋالغاندەك قىينىلاتتى، كۆز ئالدى بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ، ئاياغلىرى ماغدۇرسىزلىنىۋاتاتتى.

ئۇ كەينىگە ئاستا بۇرۇلۇپ، كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە يېشىنمەيلا ياتتى. ئەمما، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇخلاپ قالسام بولاتتى، دېگەننىمۇ ئويلىمىدى، ئۇياق ـ بۇياققىمۇ ئۆرۈلمىدى، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، قېتىپ قالغاندەك ياتتى. ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى، تاڭ يورۇشقىمۇ ئاز قالدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئويغاق. چۈنكى، ئۇنىڭ تاپىنىدىن تارتىپ تا بېشىغىچە ئېچىنىش، خورلۇق تۇيغۇلىرى يېنىپ كەتكەنىدى.

## 3

قاسىمجان گۈلسىنەم بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن تاشكەنتكە پات ـ پات كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كەلسە، گۈلسىنەم بىلەن ئۇچراشمىغۇچە كەتمەيتتى.

قاسىمجاننىڭ بۇ قېتىم تاشكەنتكە كېلىشى ئۆزىنى نەچچە ۋاقىتتىن قىيناپ كەلگەن ئوي ـ خىيالىنى گۈلسىنەمگە ئېيتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار نەۋايى كوچىسىدا ئۇچرىشىپ قالدى. گۈلسىنەم قاسىمجاننىڭ كۆزىگە ھەر قېتىمقىدىنمۇ چىرايلىق، ياش كۆرۈندى. بۇرۇنقى قىياپەتلىرىنى ئېسىگە سېلىپ، ئۇ بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىۋالغانىدى. ئۇچىسىدا مەيدىسى يېرىم ئوچۇق كۆڭلەك، كۆكسى ھېلىقى چاغدىكىدەك

يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— چېچىڭىزنى نېمىشقا بويىۋالدىڭىز، قاسىمجان؟ — دېدى گۈلسىنەم ئىللىق تۇستە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، — ئاقىرىپ تۇرۇشى ئۆزىڭىزگە قالتىس يارىشىپتىكەن.

— باشقىلارنى دوراپ باقتىم، — قاسىمجان ئوڭايسىزلىنىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىيالماي قالدى.

— بولماپتۇ، يارىشىملىق نەرسىلەرنى دورىسا بولىدۇ، قاسىمجانغا ئوخشىماي قاپسىز.

— سىزگە مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى، — دېدى قاسىمجان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — كەچتە خالىسىراق بىر يەردە ئۇچراشساق؟

— ھازىر دەۋېرىڭ، بىزنىڭ گېپىمىزگە كىم دەخلى قىلاتتى؟

— ھازىر دېسەممۇ بولىدۇ، — قاسىمجاننىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ تىترىشى، ئوڭايسىزلىنىشىدىن گۈلسىنەم بىرقىسما روھىي ھالەتنى سەزدى.

— بۇرۇنمۇ تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈلسىز ئىدى، — دېدى قاسىمجان قىسقا جىملىقتىن كېيىن تەسلىكتە، — مېنىڭمۇ شۇنداق، ھېس قىلىشىمچە، ھازىرمۇ تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈك ئەمەس، مېنىڭمۇ شۇنداق. ئۆتكەندە مېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى، مېنى كەچۈرۈڭ، ئەمدى تۇرمۇشىمىزنى قايتىدىن باشلىساق، قالغان ئۆمرىمىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسەك، دەيمەن. بەختىمنىڭ ئالدىمدا ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن.

گۈلسىنەم كۈلدى. قاسىمجان ئۇ قىياس قىلغان گەپلەرنى دېگەندى. شۇڭا سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ:

— مەن ھازىرمۇ ئارتىس، بۇ كەسپىمنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە قىلماقچىمەن، قانداق قىلىسىز؟ — دېدى.

— ئەمدى مەيلى ... بۇرۇنقى نادانلىقىمغا ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن.

— پۇشايماننى مەن قىلسام بولىدۇ، مۇھەببەتنى چۈشەنمىگەن ئادەمگە كۆڭۈل بەرگەنلىكەنمەن. تالاي يىللارنى ئازابلىنىپ سىزگە كۆڭۈل بەرگەنلىكىمنىڭ دەردىنى تارتىپ ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ھېسلىرىم ئەمدى ئۆلدى، كۆڭۈلسىز تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ قالدىم.

گۈلسىنەم شۇنداق دەۋاتسىمۇ، يۈزىدە ئىللىق تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە مۇھەببەتلىك ئۇچقۇنلار يەنىلا چاقناپ تۇراتتى.

— ئازابنى سىزلا ئەمەس، مەنمۇ تارتتىم، بەلكى ئېغىرراق تارتتىم. ياشلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى ئەمدى قىلساقمۇ كېچىكمەيمىزغۇ ؟ — قاسىمجاننىڭ كۆزلىرى يېنىپ، بەدەنلىرىنى بىر خىل لەززەتلىك سېزىم قاپلاپ كەتكەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈپكۈندۈزدە، ئوچۇقچىلىقتا، كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتاتتى.

— مەن ياشلىقىمنىڭ سىز بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىنى، لەززىتى چەكسىز بولغان مىنۇتلىرىنى قەدىرلەيمەن. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەبەدىي ئۇنتۇلماس چاغلار. بىراق، ئەمدى شۇ كۈنلەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇزاق يىللىق ھەمراھىمنى، ھەمراھىمنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئىككى بالامنى ئۇنتۇلۇپ قالسام بولماس، قاسىمجان ؟

— ئادەم ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىنى ئويلىشى كېرەك.

— ئۇنداقتا، ئۆزىنى دەپ قەدىناسىنى، بالىلىرىنى خارلىسا بولىدىكەن ـ دە، سىز شۇنداق ئويلاپسىزكەن ـ دە ؟

— ئەمدى، مۇھەببەت شۇنداق بولىدىكەن، ئۇ قېرىمايدىكەن ! ...

— قويۇڭ مۇنداق گەپلەرنى، — گۈلسىنەم بىرئاز تاتاردى، كۆزلىرىدىكى يېقىملىق نۇرلارمۇ ئۆچتى، — مەندە تۇنجى مۇھەببەت ئويغاتقان ئادەم، دەپ سىزنى ھۆرمەت قىلسام، ئاشۇ چاغلارنىڭ قەدرىنى قىلسام، مېنى باشقىچە چۈشىنىپ قاپسىز ـ دە ... مۇھەببەت قېرىمايدىكەن، دەيسىزا، سىز مۇنداق سۆزنى قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس، سىزدىكى ھازىرقى ھېسسىيات

مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى شەھۋانىي ھەۋەس! بىز خاتا قەدەم باستۇق، قاسىمجان، ئاددىيسى ئىنساب قىلىشىمىز كېرەك ئىدى ...
— ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس ... مەن قايتا يانغان مۇھەببىتىم ئۇچۇن ھەممىدىن كېچىشكە تەييار ...
— قاسىمجان، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ، — بىز كىمنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىمىز، قاراپ بېقىڭا؟
قاسىمجان بۇ سۆزگە دەسلەپ ھەيران بولدى، كېيىن ئەتراپىغا ھەم ئېگىزگە قاراپ، نەۋايىنىڭ ھەيكىلىگە — ئۇلۇغ زاتنىڭ سىيماسىغا كۆزى چۈشتى.
— نەۋايىنىڭ يېنىدا تۇرۇپتىمىز، — دېدى ئۇ گۈلسىنەمنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي.
— شۇنداق، ئۇلۇغ زاتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتىمىز، — دېدى ئۇ دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك دانىمۇدانە سۆزلەپ، — ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ۋاپا، ئىنساب، مۇھەببەتنى كۈيلەشكە سەرپ قىلغان. سىزمۇ شائىرغۇ، مۇشۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ روھىنى قورۇندۇرماڭ، مۇشۇ ئۇلۇغ ئۇستازنىڭ ھۆرمىتىنى بولسىمۇ قىلىڭ.
قاسىمجان بىرنېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، كېكەچلەپ تۇرۇپ قالدى.
— مەن سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان، مېنىڭچە، شائىر دېگەن ئۆزىنىڭ يازغىنىغا ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلىشى كېرەك. يازغىنى بىلەن قىلغىنى ئوخشىمايدىغان شائىردىن خەلق مەڭگۈ يىرگىنىدۇ، مەن سىزدىن يىرگەندىم!
ئۇ شۇنداق دېدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، قەدەملىرىنى تېز - تېز ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

※ ※ ※

گۈلسىنەمنىڭ ئاچچىق سۆزلىرى قاسىمجاننىڭ يۈرىكىگە تەگدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، پۈتۈن ئەزايى بەدىنى بوشىشىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى ۋە ھەيكەلگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ

قالدى. ئۇ شۇ ھالدا قانچىلىك ئۇلتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتـ-
تى. بىر چاغدا كۆزىنى ئاستا ئاچتى، ئادەملەر خىيالىي گەۋدـ-
لەردەك كۆرۈندى. يۈز - كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى
ئاران سەزدى. ئۇ شۇنچىلىك بوشىشىپ كەتكەنىدىكى، گەۋدىسىنى
كۆتۈرەلمەي قالغانىدى.

ئەتىسى ئۇ ئايروپىلان بىلەن ئالماتاغا قايتتى. بىراق، ھالى
ئوسال ئىدى، تۇنۇگۈندىن تارتىپ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى.
يول بويى ئالماتالىق ئىككى يىگىت ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ
دورا ئىچۈرۈپ كەلگەنىدى. ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن
ئۇلار قاسىمجاننى كىرا ماشىنىسىغا سېلىپ قويدى.

قاسىمجان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كىرا
ماشىنىسىدىن تولىمۇ تەستە چۈشتى - دە، دەرۋازىدىن كىرىپلا
«گۈپ»لا قىلىپ يىقىلدى. ھويلىدا باراڭ ئاستىدا تاماق
يېيىشىۋاتقان ئايالى، بالىلىرى يۈگۈرۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا
كەلدى:

— دادا، نېمە بولدۇڭ، دادا ؟

— لەۋلىرىڭ گەز باغلاپ كېتىپتۇغۇ، ئۇسسۇزلۇق ئىچ، دادا ...

قاسىمجان كۆزىنى يېرىم ئېچىپ «ياق» دەپ بېشىنى
چايقىدى.

— داداڭلارنىڭ پات - پات بېشى ئاغرىپ قالىدىغان، — دېدى
ئايالى ئالاقزادە بولۇپ، — دورىسىنى ئەكېلىڭلار.

قاسىمجان يەنە بېشىنى چايقىدى.

— دائىم بېشىڭىز ئاغرىسا، شۇ دورىنى ئىچىپ ئوڭلىنىپ
قالاتتىڭىزغۇ؟

— ياق، — دېدى قاسىمجان بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە كۆزلىرىنى
كۈچ بىلەن ئېچىپ، — ئۇ دورىلار ... مېنى ساقايتالمايدۇ ... قوي
ئۇ دورىنى ...

قاسىمجاننىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئېيتقان سۆزلىرىگە ئايىمۇ،
بالىلارمۇ ھەيران بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە قاراپلا قېلىشتى.

# ئانا خاراكتېرى

مەن ئانا مېھرى، ئانا خاراكتېرى توغرىسىدا يازماقچى بولدۇم. بۇ چوڭ تېمىنى ئىپادىلىمەك قىيىن. بىراق، بەزىبىر تۇرمۇش ئۇزۇندىلىرى چوڭ تېمىلارنىمۇ ئىچىپ بېرەلىشى مۇمكىنغۇ دېگەن ئويغا كەلدىم.

## 1

ئەڭ دەسلەپ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىللار بولغان ئانام ئېسىمگە كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ھاياتى، بولۇپمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى:

بىر كۈنى ئانام ئاغرىپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ تېخى ئەللىككىمۇ تولمىغان مەزگىلى ئىدى. ئۇ پات ـ پات ئاغرىپ قالاتتى، لېكىن دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە، دورا ئىچىشكە قىرىق ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى يېتىپ قېلىشى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ بۇرۇن ئاغرىپ قالسا، بىرەر ئىككى كۈن يېتىپلا تۇرۇپ كېتىدىغان، بۇ قېتىم يېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تامىقى بارغانسېرى ئازلاپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ھالسىراپ كەتتى. پۇتلىرىنىڭ ئىششىۋاتقانلىقى بىلىندى. دوختۇرنى ئۆيگە باشلاپ كىردىم. ئۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— بالىنىستىتا يېتىپ داۋالانغىنى ياخشى، ئاغرىقى خېلىلا بار، — دېدى. لېكىن ئانام بۇرۇنقىدەكلا:

— بولدىلا، ئەتىگىچە ياخشى بولۇپ قالىمەن، — دەپ ئۇنىمىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق ئىككى خىل دورا

يېزىپ بەردى. مەن شەھەرنى بىر كۈن ئايلىنىپ، ئاشۇ ئىككى خىل دورىنى ئاران تېپىپ كەلدىم. ئانام دورىنى بىر ھەپتە ئىچكەن بولسىمۇ، كېسىلى ياخشىلانمىدى، ئەكسىچە بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، پۇتلىرى ئىششىپ كەتتى، ئاخىر ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىشكە كۆندۈردۇم ـ دە، تەسلىكتە ھارۋىغا سېلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم. ئانام ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. ئۇنى ھاپاش قىلىپ، كېسەل كۆرۈش بۆلۈمىگە ئېلىپ ماڭدىم. ئۇ ئۇستىخانلىق، بەستلىك ئايال بولغاچقا، مەن ھاسىراپ ـ پۇشۇلداپ كەتسەم كېرەك ئەتىمالىم، ئانام:

— ۋاي جېنىم بالام، مېنى كۆتۈرىمەن دەپ، قىينىلىپ كەتتىڭىز ـ ھە ؟ — دېدى.

— ياق، ئاپا، قىينالمىدىم، — دېدىم مەن يالغان ئېيتىپ.

— زورۇقۇپ قالمىسىڭىز بولاتتىغۇ ...

دوختۇر ئۇنىڭ بالىنىستىتا يېتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتۇدى، ئانام:

— بالام يالغۇز، قىينىلىپ قالارمىكىن، — دەپ تۇرۇۋالدى. دوختۇرنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ ئاچچىقلىنىپ:

— بالىنىستىتا يېتىپ داۋالانمىسىڭىز قەتئىي بولمايدۇ ! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىستىتا يېتىشقا نائىلاج كۆندى. داۋالاش تېز، جىددىي ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. دوختۇرلار ھېلىدىن ـ ھېلى كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. بىراق، شۇنچە نۇرغۇن تېببىي ياردەملەر بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئانام كۈندىن ـ كۈنگە بوشاپ كېتىپ باراتتى. ئىككى ھەپتە ئىچىدە چىرايى بىرقىسما بولۇپ، مەڭزى ئىچىگە كىرىپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالدى. قوللىرىنىڭ تومۇرلىرى كۆكىرىپ كەتتى، ئانامغا موماي قاراۋاتتى، مەن ئەتىگەندە، كەچتە كېلىپ تۇراتتىم. بىر كۈنى كەچتە كەلسەم، ئانامنىڭ مىجەزى بەكلا بوشاپ قاپتۇ، بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. كۆزۈمگە ياش كەلدى. مەن يېشىمنى كۆرسەتمەسلىك

ئۇچۇن زالغا چىقىپ كەتتىم. بىچارە ئانام، مېھرىبان ئانام، — دەپ ئويلىدىم مەن، — دادامدىن يىگىرمە ئۈچ يېشىدا تۇل قاپتىكەن، بىزنى ئۆگەيلىك تارتىپ قالمىسۇن، دەپ قايتا ياتلىق بولماي، ياشلىقىنى، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى بىزگە قۇربان قىلىۋەتتى ... ئەمدى ئاغرىمىز ئاشقا يەتكەن چاغدا ... خىياللىرىمنى داۋاملاشتۇرۇشتىن قورقۇپ، ياشلىرىمنى ئېرتىپ، ئۆزۈمنى بىر قۇر ئوڭشاپ ياتاققا يېنىپ كىردىم. ئۇ ماڭا نۇرسىز كۆزلىرىنى تىكىپ ئۇزاققىچە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق، بىزدىن قىيالمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ھالى ئوساللىشىپ كېتىۋاتقان ئادەم بېشىدا قاراپ تۇرغانلارنى قورقۇتۇپ قويماسلىقتا، ئۇلاردا ئىشەنچ پەيدا قىلىشقا ئىنتىلىدىكەن. ئۇ ئۆزىنى ياخشىلىنىۋاتقاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، كۈچەپ تۇرۇپ جىلمىيىپ قوياتتى.

— تاماقتىن قىينىلىپ قېلىۋاتقانسىز، تايىنلىق، — دېدى ئۇ ماڭا زەئىپ ئاۋازدا.

— ياق ئانا، قىينالمىدىم، مەندىن غەم قىلماڭ. تاماقنى مەكتەپ ئاشخانىسىدىن يەۋاتىمەن.

— ياقىلىرىڭىز كىر بولۇپ قاپتۇغۇ، بالام؟

— ھەدەم كۆڭلەكلىرىمنى يۇيۇپ بەرگەن، يۆتكىۋالىمەن دەپ ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن.

ئۇ قىلچە ئۆزىنى، ئاغرىقىنى ئويلىمايتتى، غېمى بىزدىلا ئىدى. مەن بالىغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئانىنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ئانام تاماقتىنمۇ، گەپتىنمۇ قالدى، كۆزىنىمۇ ئاچالمايتتى. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ بېشىغا ئولاشتۇق. ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىشىنى، بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىنى — ئاخىرقى گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىۋېلىشنى زارىقىپ كۈتەتتۇق.

لېكىن ئۇ گەپمۇ قىلمايتتى، كۆزىنىمۇ ئاچمايتتى، ئۇ

مومامنىڭ: «ھەي جېنىم بالام، نۆۋەت مېنىڭ ئىدى، نېمە تەقدىردۇ بۇ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا، بالىلىرىڭىزغا بىر قاراڭا» دېگەن ئېچىنىشلىق زارلاشلىرىغا جاۋابمۇ قىلمىدى، ئۇنىڭ تىنىقى پەسلەپ كەتكەنىدى. بىز يىغا - زار قىلىشىپ كەتتۇق، شۇ ئارىلىقتا ئايال دوختۇر كىرىپ، بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆردى - دە:

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، قاراڭ بالىلىرىڭىز سىزگە قاراپ تۇرىدۇ، — دېدى.

بىلمىدىم، ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئۇ چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ، كۆزىنى كۈچ بىلەن ئاچتى، ئاچقاندىمۇ يوغان ئاچتى. گويا پەسلەپ كېتىپ بارغان لەگلەك بىردىنلا كۆتۈرۈلگەندەك بىزدە ئۈمىد پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا، ھەدەمگە تىكىلىپ قارىدى ۋە گەپ قىلماقچى بولۇپ، قانسىز لەۋلىرىنى جۇپىلەشتۈردى، ئاندىن ئاستا ئاچتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ تىلى كۆرۈندى. كەينىدىن يەنە جۇپلىشىپ قالدى. مەن بۇ جانسىز ھەرىكەتلەردىن: «بالام» دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى قايتا ئېچىلمىدى، ئۇ جان ئۈزگەنىدى.

يېرىم كېچە ئىدى. ئۇنى قول ھارۋىسىغا سېلىپ ئۆيگە ئاچىقتۇق. يولدا كېلىۋېتىپ، مومام ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاپىڭىز ئارماندا كەتتى. قايسى كۈنى ماڭا: «ئوغلۇم جاپا تارتىپ قالىدىغان بولدى، ئۆيلەپ قويغان بولساق، تۇرمۇشتا قىينالمايتتى» دېگەنىدى، — دېدى. ئانامنىڭ ئۆلەر ھالدىمۇ مېنىڭ غېمىمنى قىلغانلىقىدىن يۈرەك - باغرىم ئۆرتىنىپ كەتتى ...

مېنىڭ يۈرىكىمدە بىر داغ قالغانىدى، بۇ نېمە داغ ؟ مەن ئۆمرۈمدە ئانامنى قىلچە رەنجىتمىگەن، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، كۈتۈپ كەلگەنىدىم، ئۇنى رازى قىلىشنىلا ئويلايتتىم، ياشلىق قىلىپ ئىچىپ قويۇپ سەل قىزىرىپ قالسام ياكى ئىچىپ قويغانلىقىم

بىلىنىپ قالغۇدەك بولسا، ئانام ئوغلۇم مېنى ھۆرمەت قىلمىدى دەپ قالارمۇ، دېگەن ئوي - خىياللار بىلەن بويتاق ئاغىنىلىرىمنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالاتتىم. ئەمما، بىر كۈنى مۇنداق بىر ئىش بولۇپ قالدى: مەكتەپتە بىرى بىلەن قاتتىق تاكاللىشىپ قالدىم. ئۆيگە كىرسەم، ئانام قورۇما قورۇۋاتقانىكەن، تېخىچە تاماق تەييار بولماپتۇ - دە، دەپ ئويلاپ ئۆزۈمنى باسالماي ئۇچامدىكى كاستۇمنى يېشىپ، ئۇنى كارىۋاتقا ئاچچىق بىلەن ئاتتىم. ئانام مېنىڭ ئاچچىق قىلىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ: «مانا بالام، خېمىرمۇ تىنىدى، ھازىرلا سوزىمەن» دەپ ئالدىراپ بىردەمدىلا تاماق تەييار قىلدى. بۇ قىلغىنىمغا شۇئان پۇشايمان قىلدىم. ئۇ ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش بولسىمۇ، مېنى ھازىرغىچە قاتتىق ئازابلاپ كەلمەكتە. مەن تۇرمۇش يولۇمدا نۇرغۇن ئازابلارنى تارتقان، ئۇلار ئۇنتۇلۇپ كەتتى، لېكىن ئاشۇ ئازابىم بۇگۈنگىچە ئۇنتۇلغىنى يوق، يۈرىكىمدىكى داغ ئاشۇ ئازابتىن قالغان.

مانا بۇلار بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار. لېكىن، بۇنىڭدىن ئانا مېھرى، ئانا خاراكتېرى تولۇق ئېچىلىپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۆزۈم كۆرگەن بىر ئىشنى يازسام، بەلكىم ئىپادىلىمەكچى بولغىنىم تولۇقراق ئايان بولار، دېگەن ئويدىمەن.

## 2

بىزنىڭ ھاشىر ئىسىملىك بىر قوشنىمىز بار ئىدى. ئىككىمىز ياخشى ئۆتەتتۇق. ئۇلار بىر ئائىلىدە ئانىسى، ئايالى، ئۈچ ئوغلى بولۇپ ئالتە جان بار ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، پات - پات جېدەل - ماجىرا چىقىپ تۇراتتى. ھاشىرنىڭ تۆۋەن مائاشى بۇ ئائىلىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچەكلىرىنى قامدىيالمايتتى. جېدەل - ماجىرا كۆپرەك مۇشۇ ئىشتىن تۇغۇلاتتى. مەن بارا -

بارا ھاشىرنىڭ ئاپىسىنىڭ بۇ ئائىلىدە ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. تاماق ۋاقتىدا ئاپىسى شىرەگە كەلسىمۇ ـ كەلمىسىمۇ تاماق يېيىلىۋېرەتتى. ئەگەر قولۇم ـ قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كېتىپ، يېنىپ چىققان ۋاقتى تاماق ئۈستىگە توغرا كېلىپ قالسا، ھاشىرنىڭمۇ، ئايالى خاتىگۈلنىڭمۇ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئەكسىچە ئۇ بىرەر يەرگە كېتىپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالسا، ھەر ئىككىسى ئېچىلىپ كېتەتتى. ھاشىرنىڭمۇ، خاتىگۈلنىڭمۇ چىرايىدا ئەكس ئېتىپ قالىدىغان مۇنداق روھىي ھالەتلەرنى دائىم دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتىم، تېخى مەن پات ـ پات ھاشىرنىڭ نېمە ئىشلار تۈپەيلىدىندۇ ئاپىسىغا كايىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. بىر قېتىم كېچىسى ھاشىرنىڭ تۆت ياشلىق ئوتتۇرانچى ئوغلى ئامراقلىق قىلىپ مومىسى بىلەن بىللە ياتماقچى بولغاندا، ھاشىر:

— ھە، باي بولاي دەمسەن، — دېدى ئوغلىغا، ئوغلى ھېچنېمىنى چۈشەنمەي دادىسىغا قارىدى. ھاشىر يەنە:

— ھەي دۆت، شۇنىمۇ ئۇقمىدىڭمۇ؟ موماڭ بىلەن بىللە ياتساڭ پىتقا باي بولىسەن، دەۋاتىمەن، — دېدى.

مەن ھاشىر بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ چىقاي، دەپ بۇ ئۆيگە كىرگىنىمگە يۈز مىڭ پۇشايمان قىلدىم ...

ھاشىرنىڭ ئاپىسى قاچانلا بولسا، غەمكىن يۈرەتتى. يۈزىگە چۈشكەن ھەربىر تال قورۇق، كۆزلىرىدىكى پىلدىرلىغان نۇر، تۇرقىدىكى مەيۈسلۈك ئۇنىڭ قايغۇ، ئەلەم ـ ھەسرەتلىرىنى سۆزلەۋاتقاندەكلا قىلاتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىدىمۇ ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ساندۇقتا يۈرەكلىك قول سالالمايتتى. بىر پارچە ناننى بەخۇدۇك ئېلىپ يېيەلمەيتتى، كۆڭلى تارتقان تاماقنى ئەتكۈزەلمەيتتى، ھەتتا ئاغزىدىن چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئوچاقتا ئوت قالاشنىمۇ كېلىنىدىن سورايتتى. ھەرقاچان كېلىنى بۇيرۇغان ئىشلارنىلا قىلاتتى. كېچىكتۇرۇپ

قويسا دەشنام يەيتتى، موماينى مەن كۆپ چاغلاردا، كوچىلاردا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئوتۇن تېرىپ يۈرگەن ھالدا كۆرەتتىم.

بىر كۈنى ھويلىدا تۇيۇقسىز جېدەل چىقىپ كەتتى، ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتىم، ھاشىر ئاپىسىنى پېشايۋان تۈۋرۈكىگە نىقتاپ، گېلىنى بوغىۇۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن تىل - ھاقارەتلەر قار - يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈۋېتىپتۇ:

— سەن كىچىك بالىمۇ، ئۆلمەيدىغان قېرى ! كۈندە پېشانىمىزنى تەرلىتىپ ئولتۇرۇپ بىر ۋاخ تاماق يەيمىزغۇ - ھە! مۇشۇ قېرى جېنىڭ بىلەن ماڭا ئوخشاش بىر تەخسە لەڭمەن يەيسەنغۇ ئاچ كۆز ! سېنى تويدۇرغىلى بولارمۇ، يە يەيدىغىنىڭنى يەپ، كىيىدىغىنىڭنى كىيىپ بولمىغانمىدىڭ، نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرگۈچە ئۆلسەڭ بولمامدۇ، دەججال !

مەن ئىتتىك كېلىپ، ھاشىرنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان قولىنى ئاپىسىنىڭ گېلىدىن سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتتىم. ئاپىسى يېرىم ھوشسىزلىنىپ شۇئان يىقىلىپ چۈشتى. يۈزلىرى پوكاندەك قىزارغان، بويۇن تومۇرلىرى كۆپكەن، كۆزلىرى تېشىغا پولتىيىپ چىقىپ دەھشەتلىك يېنىپ كەتكەن ھاشىر ئاپىسىغا قاراپمۇ قويمايتتى. پۇتۇن تۇرقىدىن ئەسەبىيلىك چاچراپ تۇراتتى. ئايالى خاتىگۈل كۆز ئالدىدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك بۇ ياققا قايرىلىپمۇ قويماي، قازان بېشىدا بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى. ھاشىرنىڭ قورقۇپ كەتكەن ئالتە ياشلىق چوڭ ئوغلى مومىسىنىڭ يۈزىنى سىلاپ يىغلاۋاتاتتى. مەن مومايىنىڭ بېشىنى يۆلىدىم. مومايىنىڭ كۆزىدىن ئاققان بىر تامچە ياش قورۇق چۈشۈپ كەتكەن مەڭزىدە توختاپ قالغانىدى. ئىچىم سىيرىلىپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، چىدىيالماي قالدىم، بېشىم پىرقىراپ كەتتى. مەن ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن بىر ئىشنى كۆرۈۋاتاتتىم.

— خەيرىنىساخان ھەدە، كۆزلىرىنى ئاچسىلا ...

ئاڭغىچە چىرايىدا قان قالمىغان ئايالىم كېلىپ مېنىڭ

قولۇمدىن مومايىنى ئالدى ـ دە، پېشانىسىغا يېپىلغان ئاپپاق، يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلىدى. ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يىغلىۋېتىشكە ئاز قالغانىدى. موماي كۆزىنى ئاستا ئاچتى. ئايالىم ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ پېشايۋان ئۇستىدىكى بۇگلۇككە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— نېمە بولدى، هاشىر، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاران بېسىپ. ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى:

— قارىماسەن، ئاداش، — ئۇ هازىرغىچە جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۆڭى ئۆچكەن ئىدى، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، — بىردەم كۆڭلىكىم قالمىدى دەۋاتقان، بىردەم تويمىدىم دەۋاتقان، نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ بۇ قېرىغا ! ئىتنىڭ ئۆلۈكىدەك كوچىغا ئاچىقىپ تاشلىۋەتكىنىم يوققۇ، ئاتا ـ ئانىسىنى باقالماي، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن نى ـ نى ئوغۇل بالىلارنى كۆرمىدۇقمۇ؟ يا مەن شۇنداق قىپتىمەنمۇ! ؟ هېلىمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە بېقىۋاتىمەنغۇ. شۇنىڭغا شۈكۈر قىلسا بولمامدۇ !

لەۋلىرى گەز باغلاپ چىرايى مۇردىدەك بولۇپ كەتكەن موماي يىرىم چىنە سوغۇق سۇ ئىچكەندىن كېيىن، تىلى ئاران گەپكە كەلدى:

— هەي، جېنىم بالام قادىر، — دېدى ئۇ ماڭا يىغلامسىراپ، — ئىككى كۆڭلىكىم بار، كۆرۈۋاتىسىلەر، ئۇچامدا تۇرغۇدەك هالىمۇ قالمىدى، هېلىمۇ نەزىر ـ چىراغقا بارسام مومىڭىزنىڭ كۆڭلەكلىرىنى سوراپ كىيىپ بارىمەن. تۆت مېتىر چىت ئەكېلىپ بەر بالام، ئۆزۈم قولۇمدا تىكىۋالاي، دېۋىدىم، شۇ گېپىم ئوشۇق كەتتىمىكىن، ئاخشام قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ ئۇخلىيالماي، تاختىىېشىدىن بىر بۇردا نان ئېلىپ يېۋىدىم، ئۇنى خاتىگۇل كۆرۈپ قالغان، يا شۇ ئىشىم ئوشۇق كەتتىمىكىن، هېچ بىلەلمىدىم، بۇگۈن ...

هاشىر ئۇنىڭ ئاغزىدىن گېپىنى تارتىۋالدى:

— ئاخشاملىما ـ هە، ئاخشاملىما؟ دائىم نان ئوغرىلاپ يەيدىغىنىڭ يالغانما ؟

— قورسىقىم تويمىغاندىكىن، يېسەممۇ يېگەندىمەن، بالام. ئادەم قېرىغاندا شۇنداق بولىدىكەن.

— سېنىڭدەك ئاچ كۆزنى كۆرمەپتىكەنمەن.

— راست بالام، ئاچ كۆز دېسەڭمۇ، تويماس دېسەڭمۇ راست ... خۇدايىم بالىلارنىڭ قولىغا قېلىشقا نېسىپ قىلمىغاي.

هاشىرنىڭ ئاپىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكى راست ئىدى. ئۇ تويى ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغقا بارسا دائىم مومامنىڭ كۆڭلىكىنى سوراپ كىيىپ باراتتى. بەزىدە مومام ئۇنىڭ ئاپىرىدىغان بوسۇتلىرىنىمۇ بېرەتتى. قايسى كۈنى خاتىگۈل تونۇر بېشىدا نان يېقىۋېتىپ، بىر تونۇر نان ياقسام ئۈچ كۈن يەتمەيدۇ بۇ گۆردە، يا چوڭى چوڭ بولۇپ، نەپسىنى تارتمىغان، يا كىچىكى، دېگەنىدى. شۇ چاغدا خەيرىنىساخان هەدەم تونۇر بېشىدا كېلىنى بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنىڭ تەنلىك، ئاچچىق گەپلىرى سۆزسىزكى، خەيرىنىساخان هەدەمگە قارىتىلغانىدى. بۇ ياۋاش مومايغا قىرىچە ـ يېنچە تېگىپ تۇرۇش خاتىگۈلنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى، ئۆتكەندە بىر قېتىم هاشىر بىلەن پاراڭلىشىپ چىقاي دەپ ئۇلارنىڭكىگە كىرىۋىدىم، تاماق ئۇستىگە كىرىپ قاپتىمەن. ئۇلار تاماقنى ئەمدى يەي دەپ تۇرۇپتىكەن، مەن تاماق يەپ كىرگەنىدىم، ئۇنىمىغىنىمغا قويماي، خاتىگۈل ماڭا يېرىم تەخسە لەڭمەن سېلىپ قويدى. خەيرىنىساخان هەدەمگىمۇ يېرىم تەخسە لەڭمەن سېلىپ بېرىپتۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ماڭا يەنە زورلىدى، مەن ئاتايىن: ماڭا مۇشۇمۇ ئارتۇق بولۇپ كەتتى، خەيرىنىساخان هەدەمگە سېلىپ بېرىڭلار، دېدىم. خەيرىنىساخان هەدەم يا يەيمەن، يا يېمەيمەن، دېمىدى (بەلكىم يەيمەن دېيەلمىسە كېرەك). ئەمما بىرەرىمۇ: ئاپا، يەمسەن دەپ قويمىدى. خاتىگۈل

گېپىمنى ئاڭلىماسقا سالدى. ھاشىر بولسا ئاپامنىڭ يەيدىغىنى شۇنچىلىك دېدى. مومايىنىڭ ماڭا مۇلايىم قىياپەتتە لاپ ـ لاپ قىلىپ قاراشلىرىمۇ شۇنىڭدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى. نېمىشقا كىرگەندىمەن، نېمىشقا مۇشۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەندىمەن، دەپ ئويلىدىم. قىلماقچى بولغان پاراڭلىرىم ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ھاشىر گەپ قىلىۋاتاتتى، لېكىن كاللامغا كىرمەيتتى. خۇددى بىرى گېلىمنى بوغۇۋالغاندەك قىينىلىشقا باشلىدىم. خاتىگۈل ماڭا چاي قىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. ئاشۇ چاينى ئىچكۈچە زەھەر ئىچكىنىم ياخشى، دەپ ئويلىدىم ـ دە، ھاشىرنىڭ شۇنچە تۇتۇۋېلىشلىرىغا ئۇنىماي، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. ئۆيگە كىرىپ يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. بىچارە مومايىنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئاشۇ يېرىم تەخسە لەڭمەننى ئۇن ـ تىنسىز يېيىشلىرى، ئارىلاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلىرى، ماڭا قاراشلىرى، بۇ ئىشلار خىيالىغىمۇ كىرمىگەن ھاشىرنىڭ شۇنداق خاتىرجەم ئولتۇرۇشلىرى، خاتىگۈلنىڭ تېخى ئاش سۈيىنىمۇ ئىچىپ بولمىغان تەخسىنى مومايىنىڭ ئالدىدىن يۇلۇپ ئېلىۋېلىشلىرى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى. بىر بۇردا نان، بىر پارچە لاتا ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىغا شۇنچىلىك رەھىمسىزلىك، ياۋۇزلۇق ئوتلىرىنى ياقالىغانلىقىغا ئەقلىم ھەيران بولاتتى. ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا، بالىنىڭ كۆڭلى دالادا، دېگەن ماقالنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنى مۇلاھىزە قىلىپ بالىنىڭ كۆڭلى دالادا دېگەندە، بۇ بالا ئاتا ـ ئانىغا، ئاتا ـ ئانا بالىغا كۆيگەنچىلىك كۆيمەيدۇ، دېگىنىغۇ دېگەنلەرنىلا خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەن، لېكىن بۇنىڭ بۇنچىلىك قارا كۆڭۈللۈك، ياۋۇزلۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

خەيرىنساخان ھەدەم مومامغا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ: بىر كۈنى ئۇ كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ، گۇدۇڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ھويلىغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ھاشىر بىلەن

خاتىگۇل پېشايۋاندا گۆشنان يەپ ئولتۇرغۇدەك. خاتىگۇل مۇنۇ بىرنى بالىلارغا ئېلىپ قويايلى، دەۋاتقۇدەك. ئاڭغىچە ئۇلار مومايىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئەمما يا ھاشىر، يا خاتىگۇل: ئاپا، تاماق يەمسەن، دەپمۇ قويماپتۇ. ئىككىسى مومايىنى كۆرمەسكە سېلىپ، بېشىنى كۆتۈرمەي ھەدەپ يەۋاتقۇدەك. مومام بۇ ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەرگۈچە ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتكەنىدى. مەن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ: توۋا، ئاپىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئېتىپ يېگەن تامىقى ئۇلارنىڭ گېلىدىن قانداقمۇ ئۆتكەندۇ، دەپ قاتتىق ئازابلانغانىدىم. كىشىلەردىن ئارزۇلاپ باققان بالا مۇشۇنداق مېھىرسىز، كۆيۈمسىز، قارا كۆڭۈل بولىدۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىۋىدىم، راست ئىكەن ـ دە، مانا كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ. خەيرىنىساخان ھەدەم ھاشىرنى شۇنچىلىك ئارزۇلاپ باققان ئەمەسمىدى. ئۇ ئەتىۋارلىق بالا ئىدى. نېمە دېسە، ئاتا ـ ئانىسى شۇنى قىلىپ بېرەتتى. مەھەللىدە ھېچكىمنىڭ پومزىكى، ھېچكىمنىڭ خورۇم سومكىسى، ھېچكىمنىڭ كانكىسى، تۆمۈر چانىسى يوق چاغدا، ھاشىرنىڭ بار ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا خۇددى باي بالىلىرىدەك چىبەرقۇت شىم ـ تۇجۇركا، ئۆتۈك ـ كالاچ كىيىپ يۈرەتتى. شۇنچە ئىسسىل كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تالادا قىلىقسىزلىق قىلىپ لاي ـ مەينەت قىلىپ ئۆيگە كىرسە، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى بىر كاچاتمۇ ئۇرمايتتى. مەن بالىلىق ئەقلىم بىلەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ ئويلاپ كېتەتتىم: مېنىڭ ئاتا ـ ئانام قانداق ئاتا ـ ئانا ؟ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قانداق ئاتا ـ ئانا ؟ يا بىز ئۇلاردىن كەمبەغەل ئەمەس، نېمىشقا ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرىدۇ، نېمىشقا مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىپ بەرمەيدۇ ؟ تېخى مەن ئۆي ئىشلىرىنى ئۇنىڭدىن جىق قىلىمەنغۇ ؟ ...

مۇنداق يۈرىۋەرسەم بولماس، كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئۇنى ئاغرىتىپ تۇرۇپ ئېيتىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئەتىسى ھاشىر بىلەن سۆزلەشتىم. خەيرىنىساخان ھەدەمنىڭ ئۇنى قانداق

ئارزۇلاپ باقانلىقىنى ھازىر خەيرىنىساخان ھەدەمنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنى، تارتىۋاتقان خارلىقلىرىنى، ئۆزى بىلەن خاتىگۈلنىڭ پۈتۈن مەھەللە، قولۇم - قوشنىلار ئالدىدا نەپرەتكە قېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— ئاتا - ئانىنى بېقىش - كۈتۈش بالىنىڭ قەرزى. ئاپاڭنى كۈتۈش ساڭا ئېغىر كېلىۋاتقان بولسا، بۇ قەرزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىساڭ، بولدى ئاپاڭغا قارايدىغان، كۈتىدىغان يەر بار، ئۇنى دارىلئاجىزغا ئاپىرىپ بېرەيلى، سەن كۈتمىگەن ئانىنى ھۆكۈمەت كۈتىدۇ ياكى بولمىسا ئۆيىنى ئايرىم قىلىپ قوي، بىز يىغىش قىلىپ باقايلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ جېنىدىن ئۆتكۈزۈپ.

ئۇ پوكاندەك قىزىرىپ يەردىن بېشىنى ئالماي ئولتۇردى. ئۇن - تىنمۇ چىقارمىدى. مەن ئۇنىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرۇشىدىن بىرئاز خاتىرجەملىنىپ قالدىم: ئۇ قىزاردى، ئىزا تارتتى، ئازابلاندى، ئەمدى ئاپىسىنى خارلىماس، خاتىگۈلنىڭ خارلىنىشىغىمۇ يول قويماس، دەپ ئويلىدىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. چۈشلۈكى خىزمەتتىن يېنىپ كەلسەم تېخى تاماق تەييار بولمىغانىكەن، پېشايۋانغا چىقىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردۇم. بىز تۇرۇۋاتقان ئۆي ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قىيپاش ئۇدۇل كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر تۈپ ئۆرۈك بولۇپ، ئۆرۈك راسا ۋايىگە يېتىپ پىشقان مەزگىل ئىدى. خەيرىنىساخان ھەدەم ئۆيدىن چىقىپ، خۇددى ئوغرىلىققا كىرگەن ئادەمدەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بويى يەتكۈدەك ئۆرۈكنىڭ بىر تال شېخىنى تۇتۇپ ئىرغىتتى. ئالدىغا توكۇرلاپ بىرنەچچە تال ئۆرۈك چۈشتى. نەق شۇ چاغدا نەدىندۇر خاتىگۈل پەيدا بولۇپ قالدى.

— يائاللا، يائاللا ... سىلىنىڭ دەستىلىرىدە ئۆرۈكلەرمۇ شېخىدا تۇرمايدىغان، ۋايىگە يېتىپمۇ پىشمايدىغان بولدى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— ۋاي جېنىم بالام، كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈندى، بىر -

ئىككى تال يەي، دەپ ئىرغىتىۋىدىم ... — دېدى موماي قانداقتۇر بىر ئوڭايسىزلىنىش بىلەن كېلىنىگە قاراپ. مومايىنىڭ شۇ ھالىدىن پۇچۇلىنىپ يەرگە قارىۋالغانىدىم، خاتىگۇلنىڭ ئاچچىق تىلى يەنە ئاڭلاندى:

— سىلىنىڭ بۇ نەپسىلىرى بولىدىكەن، بىر - ئىككى تال ئەمەس، بىر - ئىككى تۇپ بولسىمۇ، بىردەمدىلا ... بىر - ئىككى تال دەيدۇ تېخى ... بىلىپ قويسىلا، مەنچۇ، ئۇنى بالىلارغىمۇ ئاياپ بېرىۋاتىمەن !

شۇ ئىشنىڭ ئۇستىگە تالادىن ھاشىر كىرىپ قالدى. خەيرىنىساخان ھەدەم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. خاتىگۇل قولىدىكى ئوتۇننى ئوچاقنىڭ ئالدىغا ئاچچىقى بىلەن تاشلىدى.

— نېمە ئىش، نېمە بولدى ؟ — دېدى ھاشىر بىر ئاپىسىغا، بىر ئايالىغا قاراپ، خەيرىنىساخان ھەدەم ئېڭىشىپ، بارى - يوقى يەتتە - سەككىز تال ئۆرۈكنى تېرىپ ئېلىپ، ئوچاقنىڭ بېشىغا قويدى.

— مانا قىزىم، بالىلار يېسۇن.

— ئەلۋەتتە بالىلار يەيدۇ، سىلى كىچىك بالا ئەمەس، نېمىلا بولسا يەيمەن دەپ تۇرىدىغان ! ئادەم قېرىغاندا نەپسىنى يىغىپ يۈرگۈلۈك، — دېدى خاتىگۇل جۇدۇن بىلەن.

ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: ئاشۇ ئۆرۈكنى ھاشىرنىڭ رەھمەتلىك دادىسى قايسىبىر يىلى ئەتىيازدا تىكىۋىدى، خەيرىنىساخان ھەدەم كېچە - كۈندۈز دېگەندەك چېلەكلەپ سۇ قۇيۇپ، ماڭلاي تەرى بىلەن ئاينىتىپ ئۆستۈرگەنىدى. ئۆزى ئۆستۈرگەن ئۆرۈكتىن بىرنەچچە تال يېيىش مانا ئەمدى ئۇنىڭ نەپسىنىڭ يامانلىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ھاشىر نېمە ئىش بولغانلىقىنى سەزدى ئەتىمالىم:

— يېگۈڭ بولسا، يە ئاپا، بالىلار يەيمەن دېسە، ئۆزلىرى

قېقىپ يېمەمدۇ، — دېدى.

خەيرىنىساخان ھەدەم ماڭا كەينىنى قىلىپ تۇرغاچقا، چىرايىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلمىدىم. ئەمما، ئۇ گەپ قىلماي، كەينىگە قايرىلىپمۇ قويماي، قەدەملىرىنى ئاستا ئېلىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. زەھەرلىك تىل تاياقتىن يامان. تاياق بەدەنگە چۈشىدۇ، يارا قىلىدۇ، بىراق ساقىيىپ كېتىدۇ. زەھەرلىك تىل يۈرەككە تېگىدۇ، يارا قىلىدۇ، بىراق يۈرەك يارىسى ساقايمايدۇ. موماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. خاتىگۈلنىڭ ئاشۇ گەپلىرىدىن پۈتۈن ئەزايى بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ، قولۇمدىكى كىتابنى مىجىقلاپ تۇتۇۋالغانلىقىمنى تۇيماي قاپتىمەن.

دەل شۇ چاغدا ھاشىر مېنى كۆرۈپ قالدى ۋە:

— بىر ـ ئىككى تال يېگەنگە تۈگەپ قالامدۇ، سەنمۇزە ... — دېدى ئۇ ئايالىغا. خاتىگۈل چالۋاقاپ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— قاراڭا شالاڭلاپ كەتكىنىنى. باللار بىلەنمۇ يەۋاتقان، تىقىشتۇرۇپمۇ يەۋاتقان، نېمانداق نەپسى بېسىلمايدىغان خوتۇن بۇ.

— بولدى، ئەزۋەيلىمىگىنە ...

— ھاي دېمىسىڭىز، سوپۇنىنمۇ يەيدۇ، تويماس قېرى!

— بولدى قىل، دەۋاتىمەن.

ھازىر ھاشىر ئاۋۋالقىدىن سەل ـ پەل ئۆزگىرىپ، مۇشۇنداق ئىشلاردا بىرئاز بولسىمۇ ئاپىسىنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ھاشىرنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولدى ئەتىمالىم: بىر كۈنى ئىككىمىز كوچا دوقمۇشىدا پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق. يان كوچىدىن بىر ھارۋا چىقىپ كەلدى. ھارۋىدا بىر ئايال پۈتىنى تۈگۈپ ياتاتتى. ئۈستىگە ئەديال يېپىپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ياش بىر ئايال ئولتۇراتتى. بىز ئۇ

ئايالنى تونۇپ قالدۇق. ئۇ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولغان قاسىم ئاتلىق ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۈچ - تۆت بالا بىلەن قالغانىدى، ئۇ يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. بىردەم پاراڭلاشتۇق. ھارۋىدا ياتقىنى ئۇنىڭ قېيىنئانىسى ئىكەن. قېيىنئانىسى ئاغرىپ قېلىپ، يېزا دوختۇرخانىسىدا ئىككى يىل داۋالىتىپتۇ، ئەمما ياخشىلانمىغاچقا، ئۇنى شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئەكىرىپتۇ.

مەن ھاشىرغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئاستا قارىدىم. چىرايىدا ئوڭايسىزلىنىش، خىجىللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن ھاشىر ماڭا قارىيالماي قالدى. بىر ئادەمنىڭ ئۆز سەۋەنلىكى، ئەسكى خۇي - ئىللەتلىرىدىن خىجىل بولۇشى ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىدىن بېرىلگەن بېشارەت. بۇرۇنقى قېلىپتا كېتىۋەرسە، مېنىڭ ئائىلەمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، دېسە، نېمە دېگۈلۈك ؟ ھاشىردا كۆرۈلگەن بۇ روھىي ھالەت كىشىنى خۇشال قىلاتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ھاشىر بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆمسە ئىدى. ئىككىمىز ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردۇق. ئۇ يېنىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى:

— ئازراقتىن ئىچەيلى، ئاداش.

مەن ھەيران قالدىم، ھاشىر ئادەتتە ھاراق ئىچمەيتتى، بەزى چاغلاردا بەك زورلاپ كەتسە، بىرەر - ئىككى رومكا ئىچىپ قويىدىغان. بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ ؟ چىرايىمۇ بىر قىسمىلا تۇرىدۇ، تېخى ئىچمىمىز، دەپ ئۆزى كۆتۈرۈپ كىرگىنىچۇ ...

ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى، مەن:

— ئالدىرىما، قورۇما قورۇسۇن، — دېدىم.

قورۇمىمۇ كەلتۈرۈلدى، ئىچىشتۇق. ھاشىر ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن، مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، ئويلىمىغان

يەردىن مۇنداق گەپ باشلىدى:
— ساڭا كۆڭلۈمدىكى بىر گەپنى ئېيتقىلى كىردىم.
— ھە، ئېيتە ؟
— خاتىگۈلنى قويۇۋېتەي دەيمەن ...
— نېمە ؟
— راست.
— چاقچاق قىلما.
— راست ئاداش، قەتئىي نىيەتكە كەلدىم !
— ۋاھ، بىرقىسمىلا گەپلەرنى قىلىسەنغۇ، قانداقلارچە بۇ ئويغا كېلىپ قالدىڭ ؟

مەن ھاشىرنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرىدە غەزەپلىك ئۇچقۇنلار، ئىككى چېكىسى لىپىلدايتتى.

— كۆڭلۈمگە تېگىدىغان، ۋىجدانىمنى ئازابلايدىغان ئىشلار كۆپەيگىلى تۇردى، ئاداش، — دېدى ئۇ غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ، — نەچچە ئېيتتىم، خاتىگۈلنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىدىغاندەك ئەمەس.

— ئارىدا ئۈچ بالا تۇرسا ؟

— مەن ئۈچ بالىنى ئويلىغىنىم بىلەن ئاپام ئازابتىن، خارلىقتىن قۇتۇلالمايدىكەن، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئاپامنى ئۇ قىلچە ھۆرمەت قىلمايدۇ، ئازار بەرگىنى بەرگەن. بۇنىڭغا قانداق چىدىغۇلۇق ؟

دېمىگەن گەپنى دېگىلى بولىدۇ، دېگەندەك، مانا ئەمدى ماڭا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭغا دېيەلمەي يۈرگەن گەپلەرنى دېيىش پۇرستى كەلگەنىدى.

— ھاشىر، — دېدىم مەن يۈز قارىماستىن توغرىدىن - توغرىلا، — سەن خاتىگۈلدىن رەنجىگۈچە ئاۋۋال ئۆزۈڭدىن رەنجىگىن، ئاپاڭنى سەن ئۆزۈڭ قانچىلىك ھۆرمەت قىلدىڭ ؟ ! ئاپاڭنىڭ كۆڭلىنى بوغۇشقا قولۇڭ قانداق باردى ؟ شۇنچە ئېغىر

ئاھانەتلەرنى قىلىشقا تىلىڭ قانداق بارغان؟ بالىنىڭ ئانىغا ھۆرمىتى شۇمىدى ؟ تېخى ۋىجدانىم دەيسىنا، ھېلىقى چاغدا ۋىجدانىڭ نەگە كەتكەن ؟ خاتىگۈل ۋىجدانىنى يوقاتسا، ساڭا تىنىك كەپتۇ ـ يۇ، ئۆزۈڭ يوقاتقاندا تىنىك كەلمىگەنمۇ ؟

ھاشىر بېشىنى ئىچىگە تىقىپ شۈككىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە پېشانىسى، بويىنى، قۇلاق چۆرىلىرىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە: چېچىلىپ ئەسەبىيلەشكەندە گەپ قىلساڭ ئاڭلىمايدۇ، ئاچچىقتىن يېنىپ بېسىلغاندا گەپ قىلساڭ ئاڭلايدۇ، ھەتتا تەسىرلىنىدۇ.

ــ مەن شۇ ئىشلىرىمغا ئەمدى پۇشايمان يەۋاتىمەن، ئۆكۈنۈۋاتىمەن. ئۆكۈنۈشۈم ئۇنى قويۇۋەتمىگۈچە بېسىلمايدىغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى خاتىگۈل ئەمدى گەپ يېمەيدۇ.

ــ خاتىگۈلنى شۇ يولغا باشلىغان كىم ؟ ــ دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، ــ ئاپاڭنى خارلىغان، مۇشت كۆتۈرگەن، ئاھانەت قىلغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ!؟ سەن خارلىدىڭ، ساڭا ئەگىشىپ ئۇمۇ خارلىدى. سەن ھۆرمەت قىلغان بولساڭ، ئۇمۇ «ۋاي ئاپا» دەپ تۇراتتى. كونىلار: ئانا شۇنچىلىك ئۇلۇغكى، بالا ئۇنى ھاپاش قىلىپ ھەرەمگە ئۈچ قېتىم ئاپىرىپ كەلسىمۇ، يەنە بالىنىڭ قەرزى تۈگىمەيدۇ، دېيىشىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئوندىن، يۈزدىن بىرىنى قىلدىڭمۇ ؟ ئۇنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلدىڭمۇ ؟ بالىلىقنىڭ ئەھدىسىدىن چىقتىڭمۇ ؟ ئانا دېسە، ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى سۆيگۈ ئىپتىخارغا تولۇپ تەۋرەپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ شەنىگە يالقۇنلۇق ناخشىلار ياڭرايدۇ، ئۇ ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى! ئېيتقىنا، سەن ھاشىر، سەن نېمە قىلدىڭ ؟ ئوچۇق ئېيتاي: ئاناڭنىڭ يۈرىكىدە ساقايماس يارىلارنى، ئۆچمەس داغلارنى پەيدا قىلدىڭ! قېنى ھۆرمىتىڭ، قېنى بالىلىق قەرزىڭ ؟!

ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك ئۆپكىلەپ يىغلاۋاتاتتى. يۈرىكىدىكى پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈش، ھەسرەت ۋە ئازاب گويا تامچە ـ

تامچە ياش بولۇپ قۇيۇلۇۋاتاتتى ...

— يىغلا، قاقشاپ يىغلا، — دېدىم مەن ئۇنى بەزلەشنى قويۇپ، — قانچە يىغلىساڭ، شۇنچە ئەرزىيدۇ، ساڭا ئازاب يىغىسى، پۇشايمان يىغىسى دورا بولۇپ قالغان !

ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان يىغانى ئاچچىق هاراق تەلەپ قىلىۋاتسا كېرەك، ئۆزى قۇيۇپ كەينى ـ كەينىدىن ئىككى رومكا ئىچىۋەتتى، ئالدىدىكى قورۇمىدىن بىر چوكىمۇ ئالمىدى.

— ئۇنى قويۇۋەتمىسەم، ئاپامنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالمايمەن، — دېدى ئۇ ياشلىرىنى ئېرتىپ، — ئاپامنى ئەمدى ئۆزۈم كۈتمەن، ئۇنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى هۆرمەتتە، راهەت ـ پاراغەتتە ئۆتكۈزىمەن، — ئۇ سەل تىنىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — بۇ هەقىقىي گېپىم، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن !

ئۇ تاتىرىپ، غەزەپلىنىپ ئېيتقان شۇ سۆزلىرىدىن كېيىن، يەنە كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە رومكا ئىچەر، بەلكىم يەنە قاقشاپ يىغلاپمۇ كېتەر، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. شۇ سۆزدىن كېيىن ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، ئۆيدىن شامالدەك تېز چىقىپ كەتتى. مەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلمىكى تەس، ئۇ ئۆزىنى ئەمدى بىلگەن ئوخشايدۇ دەپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن.

ئەمدى موماي بىلەن سۆزلىشىش كېرەك، هاشىرنىڭ كەلگەن قارارىغا بەلكىم ئۇ خۇش بولار، دەپ ئويلىدىم ـ دە، خاتىگۈلنىڭ ئۆيدە يوق پەيتىنى تېپىپ، خەيرىنىساخان هەدەم بىلەن سۆزلەشتىم، هاشىرنىڭ قانداق نىيەتكە كەلگەنلىكىنى، ئۇ نىيىتىدىن هەرگىز يانمايدىغانلىقىنى مومايغا تەپسىلىي ئېيتىپ چىقتىم.

موماي ئاۋۋال ئېسەدەپ ئۇزاق يىغلىدى، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى قانداق جاپالارنى تارتىپ قاتارغا قاتقانلىقىنى ئېيتىپ چىقتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى مەن ئويلىغاندىن باشقىچە بولدى:

— ھاشىرغا ئېيتىڭ، بالام، ئۇنداق قىلمىسۇن، مەن خارلانساممۇ، ئازابلانسام مۇ، بەش كۈنلۈكۈم قالغان مومايمەن، ئىككىسى ياخشى ئۆتسىلا بولدى، بالامنىڭ ماڭا كۆيۈشى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىۋەتسە ھەرگىز بولمايدۇ. ئانىلىق نامىمغا داغ چۈشىدۇ، — خەيرىنىساخان ھەدەم چوڭقۇر تىنىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ يېشى قۇرۇغان، يۈزىدىكى سان ـ ساناقسىز قورۇقلار بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى.

مەن مۇنداق دېدىم:

— بۇ، ھاشىرنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىقتى. ئۇ نىيىتىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس، خەيرىنىساخان ھەدە !

— مۇبادا شۇنداق قىلسا، — ئۇ گېپىمنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا سۆزلەپ كەتتى، — مەن ئۇنىڭدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى ئەمەس، ئۈچ بالىنى يېتىم قىلامدىكەن ؟ دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ يېتىملىكتە چوڭ بولغان، ئەمدى ئۆزى ھەغدا تۇرۇپ، بالىلىرىنى يېتىم قىلسا كىم راۋا كۆرىدۇ ؟ خۇدا راۋا كۆرەمدۇ ؟ ئەل ـ جامائەت راۋا كۆرەمدۇ ؟ مەنمۇ راۋا كۆرمەيمەن! ئۇ ئەمدى مېنى ئەمەس، بالىلىرىنى ئويلىسۇن.

ئاخىرىدا مەنمۇ ھاشىرنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىمنى ئېيتىۋىدىم، موماي خاپا بولۇپ كەتتى:

— مەن سىزنى ئەقىللىك بالام، دەپ يۈرسەم، سىزمۇ كەم ئەقىل ئىكەنسىز جۇمۇڭ ! — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

## 3

ئۇ ئۆيگە ھەر كۈنى دېگۈدەك مەست، چالا مەست، ئەڭ ساق دېگەندىمۇ ئەللىك گىراملىق رومكىدىن ئىككىنى قېقىۋېلىپ كېلەتتى. ئۇ تىككۈچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەيتتى. كىشىلەر ئۇنى «سەيدىن سەپرا»، «سەيدىن قان» دەپ ئاتايتتى، كېيىنرەك ئانىسىغا باش ئاتقاندىن كېيىن «سەيدىن نوچى» دەيدىغان بولدى.

سەيدىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بار، كونا، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىچىك قورۇدا ئانىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. ئۇ ئوتتۇز ياشتىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆيلەنمىگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۆزى ئۆيلىنىشكە ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەيتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئانىسى بىرقانچە لايىقلارنى تاپقان بولسىمۇ، ئۇلار سەيدىننىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇرۇپ بېقىپلا يالتىيىپ قالاتتى.

سەيدىن ئۆيدە نېمە بار، نېمە يوق دېمەي، ئانىسى بىلەن تاماق ئەتمەيسەن، دەپ ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. تېخى بەزىدە لەگمەن ئەتسە سۇيۇقئاش ئەتمەيسەن دەپ، سۇيۇقئاش ئەتسە لەگمەن ئەتمەيسەن، دەپ كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ تۇراتتى. مومايىنىڭ ئوغلىنىڭ قولىغا قاراپ ئۆتۈۋاتقىنىغا، يوقسۇزلۇق دەردىنى تارتىۋاتقىنىغا ئون يىلدىن ئاشتى، لېكىن ئۇ ئوغلىنىڭ مىجەز - خۇيلىرى توغرۇلۇق كىشىلەرگە چىش يېرىپ بىرنېمە دېگىنى يوق. ئەگەر باشقىلار ئۇ توغرۇلۇق سوراپ قالسا، ئۇنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ تۇراتتى. «قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق» ئىدى.

مانا شۇ ئانا — گۈلروزىخان ھەر كۈنى كېچىدە كېلىدىغان ئوغلىنى كۈتۈپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ياتتى. ۋاقىت ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلسىمۇ، ئاتايىن ئۇخلىماي ياتقىنىغا ئۇزاق بولدى، باش توخۇمۇ قىچقاردى، سەيدىن تېخىچە يوق. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئوغلىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئەنسىرەش — گۈلروزىخاننىڭ كۆزىگە كەلگەن ئۇيقۇنى قاياقلارغىدۇر قاچۇرۇۋەتتى. گۈلروزىخان تالاي - تالاي كېچىلەرنى مۇشۇنداق ئەنسىزلىك، ئەندىشە بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئوغلى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلسە قورقاتتى. ئەمما، يوقاپ كەتسە ئەنسىرەيتتى. بالىنىڭ قايغۇسى، غېمى، دەردى — ئانىنىڭ ئازابى. قىزلار «ئانا» دەپ ئاتالغاندىن تارتىپ تاكى ھاياتتىن كۆز يۇمغۇچە مۇشۇ ئازابتا ئۆتىدۇ. مۇشۇ ئازابتا چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغىيىپ، يۈزلىرىنى

قورۇق بېسىپ، مۇكچىيىپ كەتسىمۇ، ئۇنى ئازاب ھېسابلىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرۈۋاتقان جاپاسى، ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ھامان ئۈمىدلىنىپ تۇرىدۇ. ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىگە خۇدايىم بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئىنسابمۇ بېرەر، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — تەقدىر ئۇنىڭغا تەدبىرلىك، پەملىك، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بىرەر قىزنى نېسىپ قىلسا، شۇ تۈزەپ كېتىدۇ ئۇنى. تالادا، كوچا - كويلاردا، جامائەت سورۇنلىرىدا ھۆركىرەپ، كىشىلەرگە مۇشت كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان، قىلىدىن قىيىق كەتسە، تېرىكىپ يەر تېپىدىغان خۇيى ئەسكى ئەرلەر بار، ئەمما ئۇلار خوتۇنىنىڭ ئالدىدا موللام مۇشۇك بولۇپ كېتىدۇ. ھەرقانداق خۇيى ئەسكى، ئىللىتى كۆپ ئەرنىمۇ خوتۇن ئەقىللىك بولسا، تۈزەپ كېتىدۇ ...

گۈلروزىخاننىڭ ئوي - خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا دەرۋازا ئۇرۇلدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، ھويلىغا چىقتى ۋە تىترەپ تۇرۇپ دەرۋازىنى ئاچتى. سەيدىن بۈگۈنمۇ مەست ئىدى، ھويلىغا دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلدى. ئانا قورقۇنچ بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. سەيدىننىڭ كىيىم - كېچەكلىرى لاي ھەم سۈرۈلگەن بولۇپ، ئارانلا پۇت دەسسەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قاپىقى كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن ھەم يېرىلغانىدى. يېرىلغان يەردىن ئاققان قان مەڭزىدە توختاپ قېتىپ قالغانىدى. گۈلروزىخان ئوغلىنى شۇ ھالدا كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ، تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى.

— نېمىمۇ بولغانسەن، جېنىم بالام؟ — دېدى ئانا ئوغلىغا ئىچ كۆيەرلىك بىلەن تىكىلىپ قاراپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەندىشىلىك ئۇچقۇنلار ياندى.

— نېرى تۇر ... ئالدىمغا دېۋەيلەپ كېلىۋالغىنىنى ... — سەيدىن ئانىسىنى ئىتتىرىۋەتتى، — سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ سېنى كىم سوراقچىلىققا قويدى ؟ — ئانىسى ئىشىك تۈۋىدىن ئوچاقنىڭ ئالدىغىچە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ توختاپ قالدى ۋە كۆز

ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.
سەيدىن تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ:
— تامىقىڭنى ئەكەلمەمسەن، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ — دېدى ئانىسىغا گۆلىيىپ قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆلۈك كالىنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالغانىدى. خۇنى قالمىغان يۈزىدىن دەھشەت يېغىپ تۇراتتى.
— تاماق ... تاماق ئەتمىگەن، بالام، ئىسسىق چاي دەملەپ بېرەي، يۇمشاق نان بار.
— نېمە؟!
— ئۆيدە گۆش يوق ئىدى.
— شۇنچە گۆش قېنى؟
— سەن بەرگەن پۇلغا بىر جىڭ گۆش ئالغان، ئۇنىڭغا بۈگۈن تۆت كۈن بولدى.
— بولدى، بولدى، ئەزمەڭنى ئەزمەي، ئاچچىق - چۇچۇك قىلىپ سۇيۇقئاش ئەت.
گۈلروزىخان سۇيۇقئاش ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ دىگىنىنى قىلماي ئىلاج يوق ئىدى. ئۇ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ئېرتىشنىمۇ ئۇنتۇپ مۇشتۇمچىلىك خېمىر يۇغۇردى. ئوغلى تامغا يۆلەنگىنىچە خارقىراپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئوغلىغا ئاستا قارىدى. ئۇنىڭ بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قاپتۇ. شۇ هالدا بوينى قېتىپ قالارمۇ، تۇزەپ ياتقۇزۇپ قويايمىكىن، — ئويلىدى ئانا ۋە تۇرۇپلا يالتىيىپ قالدى، — ئويغىنىپ كەتسە، بىرمۇنچە ئاهانەتلەرنى قىلىپ كېتەرمىكىن ... ئانىنىڭ ئوغلى ئالدىدا تىترىمەي ئۆتكەن كۈنلىرى ئاز. ئوغلى هەرقانچە ئاهانەت قىلسىمۇ، هەتتا بىر - ئىككى كاچات ئۇرۇۋەتسىمۇ، مەيلى، دەيتتى، گەپياندۇرمايتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئىش قىلغاچقا، يۈرەكئالدى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، هەربىر گېپىنى ئېغىزىدىن نەچچە ئويلاپ چىقىراتتى.
گۈلروزىخان سۇيۇقئاشنى تەييار قىلىپ، ئوغلىنى ئويغاتتى.

ئۇ تەسلىكتە ئويغىنىپ شىرەنىڭ تۈۋىگە كەلدى ـ دە، ئېشىنى مالتىلاپ، ئانىسىغا قاراپ يەنە گۆلەيدى:

ــ گۆشى يوقمۇ بۇ يۇنداڭنىڭ ؟

ــ دېدىمغۇ بالام، ئۆيدە گۆش يوقتى دەپ ...

ــ بولسىمۇ سالمىدىم دېگىنە ؟

ــ ھەي سادىغاڭ كېتەي، نېمە دەيدىغانسەن ...

ــ گۆش يوق تاماقنى ئىتقا بەر ! ــ ئۇ ئالدىدىكى بىر ئاپقۇر ئاشنى ئانىسىنىڭ بېشىغا ئاتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئاش گۈلروزىخانىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، چىنە پارە ـ پارە بولۇپ سۇنۇپ كەتتى. ئانا قورققىنىدىن قېتىپلا قالدى.

بۇ بۈگۈنلا كۆرۈلۈۋاتقان ئىش ئەمەس، مۇنداق ئىشلار كۆپ تەكرارلانغان. گۈلروزىخان كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوغلىدىن كۆڭلىنى راسخوتقا پۇل سورىمايدىغان بولغان. بەرسە ئالاتتى، بەرمىسە ئېغىز ئاچمايتتى. چۈنكى، بىر ـ ئىككى قېتىم سوراپ قويۇپ، پۇل بولمىسا جېنىمنى ئالامسەن، دەپ دېۋەيلەپ كېلىپ، نۇرغۇن ئاھانەتلەرنى قىلىپ كەتكەچكە، شۇنداق ئويغا كەلگەن. ئوغلۇمنى ئۆيلىسەم كېرەك بولۇپ قالار، دەپ يىغىپ قويغان رەختلىرىنى ئوغلىدىن يوشۇرۇنچە ئانچە ـ مۇنچە سېتىپ كۆڭلىنىڭ راسخوت قىلىدىغان بولغانىدى.

بۈگۈن ئۇ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي ئوغلىنى ئويلاپ ياتتى. قايسى چاغ بولۇۋىدىكىن، غەپلەت بېسىپ، ئۇخلاپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. بىر چاغدا دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، يۈگۈرگەندەك بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

ــ ئۆلدىڭمۇ ھەي قېرى ! نەكەم مەن ئۇرۇۋاتقىلى، ــ دېدى سەيدىن قەھرى بىلەن.

ــ ھېلىلا ئويغاق ئىدىم ...

ــ ئويغاق تۇرۇپ ئاچمىدىڭما ؟ ــ ئۇ دەرۋازىنى ئېتىپ ئارقىسىغا يانغان ئانىسىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى.

— كۆزۈم ئېلىنىپ قاپتۇ، سادىغاڭ كېتەي بالام، — گۈلرۇزىخان قورقىنىدىن تىترەپ كەتتى.

— مانا، ئويغاق بولساڭ! — سەيدىن خۇددى كۈچلۈك دۈشمىنىگە دۈچ كەلگەندەك ئالدىدا پىلدىرلاپ تۇرغان ئانىسىنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ، ئوڭدىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى. موماي ئۈن چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي يېتىپ قالدى. بېشى نېمىدۇر بىر نېمىگە قاتتىق تېگىپ كەتتى ئەتىمالىم، هوشىدىن كەتتى.

— ئۆل، قېرى! — سەيدىن قولىنى بىر سىلكىپ، دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ئىشىكنى قاتتىق ياپتى.

ئاچچىق شامال ئۇشقىرتىپ ئۆتتى، هويلىدىكى يالغۇز قارىياغاچنىڭ ئۇششاق شاخلىرى شىۋىرلىدى، قەيەردىندۇر مۇڭلۇق ناخشا ساداسى كېلەتتى. سۇنايلىنىپ ياتقان موماي بۇلارنىڭ هېچقايسىسىنى تۇيمايتتى. ئاسماندا سەيلە قىلىپ يۈرگەن ئاي بىر پارچە بۇلۇت ئارىسىغا كىرىپ كەتتى، ئەتراپنى سۇرلۇك قاراڭغۇلۇق باستى. موماي قىمىر قىلماي ياتاتتى.

گۈلرۇزىخان تاڭغا يېقىن هوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ هويلىدا ياتقانلىقىنى بىلدى ۋە ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆمىلىدى، قولى بىلەن يەرنى تىرەپ تۇردى. ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى ئاغرىۋاتقاندەك قىلاتتى. هېلى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك بولاتتى. بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى ئاران هېس قىلدى. ئۇ تەمتىلەپ، تىزىغا تايىنىپ مېڭىپ ئۆيگە كىردى.

بۇ ئىشتىن ئاۋۋال قولۇم - قوشنىلار، ئاندىن سەيدىننىڭ تىككۈچىلىك كارخانىسىدىكىلەر خەۋەر تاپتى ۋە ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرلار ئۇنى بالنىستتا ئېلىپ قالدى. بىر هەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىششىغان يۈزى، يېرىلغان كالپۇكى، زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بېشى بىرئاز ياخشىلىنىپ قالدى، لېكىن يۈزىدىكى كۆك كەتمىدى، بېشىنىڭ ئىششىقىمۇ پۈتۈنلەي يېنىپ كەتمىدى. ئانا شۇ هالدا يېتىپمۇ دېرىزىدىن

كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ خىيالغا كەتكەنىدى: ئادەمنىڭ ئادەم بولمىقى تەس، نەۋرىلىك بولغانلاردىنمۇ قىڭغىر دەسسەپ يۈرگەنلەر بارغۇ ... سەيدىن ئادەم بولۇپ كېتىدۇ ... شۇ تۇرقىدا ئۇ نەلەردە قاڭقىپ يۈرىدىغاندۇ، ئۆيگە كەلسە مەن يوق، ئاچ قورساق يېتىپ قالغانمىدۇ؟ بىچارە بالام ... تېخىچە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولمىغىنىغا جىلە بولامدىكىن ...

گۈلروزىخان بالنىستتا ئون كۈن يېتىپ، ئۆيگە يېنىپ چىقتى. يېنىپ چىقىپلا، ئوغلىنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى قاۋاقخانىدا مەستلەر بىلەن مۇشتلىشىپ بىرىگە پىچاق سېلىپ قويۇپ، تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى ـ دە، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى.

مومايىنى ئەمدى كىم باقىدۇ، كىم قارايدۇ؟

مەھەللە ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئۇنىڭغا قارايدىغان، ھەر ئايدا يىگىرمە بەش سوم قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىدىغان بولدى. بىراق، مومايىنىڭ ئوغلىنى قۇرۇق قول يوقلاشقا كۆڭلى چىدامدۇ، ئۇ نېمىسى بىلەن يوقلايدۇ؟

گۈلروزىخان موماي ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيلا ئۇنىڭ چارىسىنى تاپتى: ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىن قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ چۆچۈرە سېتىشقا باشلىدى. بەلگىلىمە بويىچە ئۇ ئوغلى بىلەن ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم كۆرۈشەلەيتتى. موماي شۇڭغىچە چۆچۈرە سېتىپ تاپقان پۇلغا كىيىم ـ كېچەك ياكى يېمەك ـ ئىچمەك ئالاتتى ـ دە، شەھەردىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۈرمىگە قاراپ يول ئالاتتى.

بۈگۈن ئۇ ئۈچىنچى قېتىم قولتۇقىغا تۈگۈنچىكىنى قىستۇرۇپ، ئوغلىنى يوقلاشقا كېتىپ باراتتى. ئۇ شەھەردىن ئايرىلىپ، ئېتىزلار ئارىسىدىكى نەملىشىپ قالغان تۇپىلىق يولغا چۈشتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، يولنىڭ چېتىدە — ئېرىق بويىدا دەم ئېلىپ ئولتۇردى. يېنىدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. ئۇ ھېرىپ كەتكەنىدى، قورسىقىمۇ

ئېچىپ كەتكەنىدى، پۈت ـ قوللىرىمۇ سىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ تۇگۇنچىكىنى ئېچىپ سامسىدىن ئىككىنى يېدى، يەنە سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ۋە ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى بىلەن ئايىغى دۆڭلۈك ـ بىنەملىكلەرگە تۇتاشقان ساپسېرىق ئېتىزلارغا، ئۇنىڭدىن نېرىدىكى ھەيۋەتلىك ئاقباش تاغلارغا ئۇزاق نەزەر تاشلىدى. سوغۇق شاماللار ئاستا ئۇرۇلماقتا، ئانىسىنىڭ يۇمشاق ئاپپاق چاچلىرى يېنىك تەۋرەنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ھالسىز لەۋلىرى پىچىرلىدى: نېمىشقا ئەسكى ئىشلار، كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىدىغاندۇ ؟ شۇنچە كەڭرى دۇنيا ياخشىلىق، مېھرىبانلىق بىلەن تولۇپ كەتسە، ئادەملەر دىل ئازابى، ئەلەم، ھەسرەت تارتمىسا، نادامەت چەكمىسە بولماسمىدى ... ئۇھ دۇنيا، ئاچچىق ـ ئاچچىق ياشلارنى، ئاھۇپىغانلارنى سىڭىرىپ كېلىۋاتقىنىڭغا قانچە مىڭ يىللار بولغاندۇ؟ ئەسكى ئىشلار، كۆڭۈلسىزلىكلەر يەنە قانچىلىك داۋاملىشار ؟

ئوغلىغا ئېلىپ ماڭغان سوۋغىسى كەم بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى ۋە غەيرەت قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئانا بۇ يولنى بىرنەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېڭىۋاتىدۇ، پۇتلىرى قاپىرىپ، كۆزلىرى خىرەلىشىپ كەتسىمۇ يەنە مېڭىۋاتىدۇ. يەنە قانچىلىك ماڭىدۇ ؟ ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. بىلىدىغىنى ئوغلى ئاشۇ يەردىن چىققۇچە ماڭىدۇ. ماغدۇرى ئۇزۇلۇپ، مېڭىشتىن قالغۇچە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ماڭىدۇ. ئانىلىرى شۇنداق بولىدۇ، بالىنىڭ ئوتىدا ـــ ئۇنىڭ يولىدا ياكى نەپەستىن توختىغۇچە قىلچە زارلانماي ماڭىدۇ، جان كۆيەرلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

مانا بۇ ئانا خاراكتېرى !

ئۇنىڭ مېھرى بىلەن بىز ھايات قەدرى، ياشاش ئىستىكى، تۇرمۇش گۈزەللىكىنى ھېس قىلغان، بىلگەن، چۈشەنگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغاندىمىز ؟!

# كىچىك يول باشلىغۇچى

1947 ـ يىلى كەچ كۈز. خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا سايىنىڭ قىرىدا پەيدا بولغان ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا قان تامغان ئىزنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ دومىلاپ دېگۈدەك سايىنىڭ تاپىنىغا چۈشتى ـ دە، ھاسىرىغان ھالدا ئەتراپىغا قارىدى. ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ سۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ، دولقۇنلىنىپ ئىتتىك ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدە — ئۆزىدىن خېلىلا يىراقلىقتا — ئايىقى ئېتىلغان ئادەمنىڭ ئېقىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ! ئۇ ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ، ئۇنىڭغا تېزلا يېتىشىۋالدى. قولىغا بىر مېتىر كەلگۈدەك تاياق ئېلىپ سۇغا چۈشتى. ئۇنىڭ تىزىغا كەلگەن سۇ ناھايىتى تېز ئاقاتتى. ئۇ سۇ ئىچىدە، تاياققا تايىنىپ يۈرۈپ، لاكاسلاپ قالغان ئادەمنى سۇدىن سۆرۈۋالدى ـ دە، قاشقا ئاچىقتى. بالا تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سارقىتقاندى، ئاغزى ـ بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ ياندى. ئۇنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ئۇياق ـ بۇياققا ئىرغىتتى، قوللىرىنى بىر ئۇياققا ـ بىر بۇياققا تاشلاپ، خېلى ئۇزاق ھەرىكەتلەندۈردى. ئاندىن پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۈكۈپ، يەنە ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغانىدى، «ۋاي ...» دېگەن ئاۋاز چىقتى. شۇ چاغدىلا بالىنىڭ كۆزىدىكى پەرىشانلىقى يوقاپ، يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى. بالا ئەمدى ئۇنىڭ ئوق تەگكەن يېرىگە سەپسالدى. بىرىنچى ئوق مۇرە سۆڭىكىنىڭ ئاستىدىن كىرىپ، تاغاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى تېشىپ ئۆتكەن، ئىككىنچى ئوق تىزىنىڭ تۆۋىنىدىكى بولجۇڭ گۆشنى تېشىۋەتكەنىدى. ئوق

تەگكەن يەردىن تېخىچىلا قان سۇس ئېقىپ تۇراتتى. بالا كۆڭلىكىنىڭ ئالدى پېشىنى «جارتلا» قىلىپ يىرتىۋالدى. يارىلانغان كىشى نۇرسىز كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ، كۆڭلىكىنىڭ بىر پارچىسىنى تۇتۇپ تۇرغان كىچىك بىر بالىنى كۆردى ۋە ئۇنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى ـ دە، ئۆزىنى ئېتىشقا ئېلىپ ماڭغاندا غىل ـ پال كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

باندىتلارغا قارشى كۆرەشتە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە مۇنداق باشلانغانىدى:

خۇددى تاپاننىڭ ئاستىدىن چىققاندەك پەيدا بولغان باندىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاتلانغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئاتلىق پولكى شىخو بىلەن شىخەنزە ئارىلىقىدىكى تاغلاردا يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى پولكنىڭ ئۈچ رازۋېدكىچىسى يېرىم كېچە مەزگىلىدە ئېيىق تېغىنىڭ ئېغىزىدىن ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، باندىتلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى يول بار ئىدى: بىرى، ئاخىرىغىچە ئېلىشىپ قۇربان بولۇش، يەنە بىرى، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ چىقىپ كېتىش. رازۋېدكىچىلار گۇرۇپپىسى باشلىقىنىڭ ئويىچە، چېكىنگەندە، ئەڭ بولمىغاندا بىر رازۋېدكىچى ئىشتابقا ساق ـ سالامەت يېتىشىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۈچ رازۋېدكىچى تېز ھۇجۇم قىلىپ، چاققانلىق بىلەن قورشاۋنىڭ بىر چېتىنى بۇزۇپ چىقتى. بىراق، باندىتلار بېسىپ كېلىپ قالدى. مۇشۇ جىددىي پەيتتە، رازۋېدكىچىلار باشلىقى بۇيرۇق بىلەن ئىككى رازۋېدكىچىنى چېكىندۈرۈۋېتىپ، ئۆزى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان باندىتلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قاتتىق زەربە بەردى، لېكىن قولغا چۈشۈپ قالدى.

باندىتلار ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم باغلاپ، كۆزىنى تاڭدى ـ دە، ئاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قاياقققىدۇر ئېلىپ كەتتى. بىر سائەت چامىسى

يول ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ جىرا باغرىدىكى بىر ياغاچ ئۆيگە ئەكىردى. قولىنى يېشىپ، كۆزىگە تېڭىلغان لاتىنى ئېلىپ تاشلىدى ۋە ھايال قىلماي سوراق قىلىشقا باشلىدى. سوراق قىلىش ئىككىنچى كۈنگىمۇ ئۆتتى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭدىن تۈزۈك جاۋاب ئالالمىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، جازالاش ئۆيىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان تاياقنىڭ ئاۋازى ۋە سەپراسى ئۆرلەپ تېرىكىپ كەتكەن سوراقچىنىڭ ئاچچىق ئۇنى تاشقىرىغا ئاشكارا ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— پولك ئىشتابى قەيەردە؟ ئېيت ... !

— قانچىلىك ئادەمسەن؟ ئېيت ... !

— قانداق قوراللىرىڭ بار؟ ئېيت ... !

— باشلىقىڭ كىم؟ ئېيت !

تۇتقۇننىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلىناتتى:

— ئۇر، جاللاتلار ! ۋەھشىي بۆرىلەر، ئۇر، مەندىن جاۋاب ئالمەن، دەپ خام خىيال قىلىشما ! ...

جازالاش ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا بوغداي ئۆڭلۈك، دۈپدۈگىلەك قارا كۆزلۈك، ئۆڭسۈلى ئۆچكەن كىچىك بىر بالا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىق ياش ئىدى.

بىر چاغدا جازالاش ئۆيىدىن تۇتقۇننى ھەيدەپ چىقتى. كۆتەك ئۈستىدە تاماكا چېكىپ، خىيال بىلەن ئولتۇرغان باندىت باشلىقى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئۇنى توختاتتى:

— ھە، يىگىت، ئاخىر ئۆلۈمگە ماڭدىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم قاتتىق شوراپ.

— شۇنداق، ماڭدىم، — دېدى تۇتقۇن مەردانە ئاۋاز بىلەن.

باندىت باشلىقى ئۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ، تا ئايىغىچە — تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە، يول - يول بولۇپ تىتىلغان بەدەنلىرىگە ۋە قولاق چۆرىلىرىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان قانغا قارىدى - دە، بېشىنى ئېغىر ھالدا لىڭشىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ شۇنچە قىيناشقا چىداپ، سىر بەرمىگىنىڭ ئاخىر سېنى ئۆلۈمگە ئېلىپ باردى، ياش ئىكەنسەن، لېكىن بىزدىن رەنجىمە يىگىت ! ...

باندىت باشلىقى كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، ئۇچما چوقچىلىق تاغلارغا تىكتى ـ دە، خۇددى قېتىپ قالغان ئادەمدەك، قىمىر قىلماي ئۇزاق تۇرۇپ قالدى ۋە بىردىنلا يەنە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى:

— خوش، سېنىڭ بىزگە ئېيتىدىغان ئاخىرقى سۆزۈڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بار، — دېدى تۇتقۇن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — مېنى تېزرەك ئاتقۇزۇۋەت ...

— تەلپىڭ ئورۇنلۇق، بۇمۇ بىر مەردلىك، — دېدى باندىت باشلىقى ۋە مىلتىقىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرغان ئاتلىق ئەسكەرگە بۇيرۇق قىلدى، — بار، ئات، ئاشۇ قىرغا ئاپىرىپ ئات، ساينىڭ تاپىنىغا چۈشۈپ كەتسۇن، ئۆلۈكىنى قاغا ـ قۇزغۇنلار يەپ كەتكۈچە ئېقىپ كەتسۇن.

ئۇنى ساينىڭ قىرىغا ئاپاردى ـ دە، ئاتتى. ئۇ ئىككى پاي ئوق بىلەن يىقىلىپ، راست دېگەندەكلا ساينىڭ تاپىنىغا يۇمىلاپ چۈشۈپ كەتتى ...

※ ※ ※

— ئاۋۋال كىيىممنى يېشەيلى، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن.

بالا ئۇنىڭ ئوق تەگكەن ئىككى يېرىنى تېڭىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى:

— قېنى ئەزىمەت، بىر يەرگە تېز مۆكۈنەيلى، كۆپكۈندۈز مۇنداق ئوچۇقچىلىقتا يېتىش خەتەرلىك.

بالا ساينىڭ يۇقىرىسىدا بىر ئۆڭكۈرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى.

ئۇ ياردارنىڭ قولىغا تاياق تۇتقۇزۇپ، ئاندىن ئۇنى يۆلىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن بالىنىڭ مۇرىسىگە تايىنىپ، يەنە بىر قولىدىكى تاياقنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ قەدەمنى يۆتكىدى. ئۇلار سۇ ياقىسىدىكى چاتقاللىقلار ئارىسىدىن يۇرۇشكە باشلىدى. ئۇ ھەربىر قەدەمنى ئاۋايلاپ باساتتى. ئالاھازەل ئۈچ يۈز مېتىردەك ئارىلىقنى باسقاندىن كېيىن، ئۇلارغا چاتقاللىقتا ئىلىنىپ قالغان بىر جۇۋا ئۇچراپ قالدى.

— مانا كۆردۈڭمۇ، — دېدى ئۇ بالىغا، — بىزگە بۇنى ئاسماندىن پەرىشتە تاشلاپ بەردى.

بالا خۇشاللىقىدا ئىتتىك بېرىپ جۇۋىنى قولىغا ئالدى-دە، ئۇياق-بۇياقىغا قارىدى. جۇۋىنىڭ بىر يېڭى، بىر پېشى يوق ئىدى. يانچۇقىدىن ناسۋال سېلىنغان بىر كىچىك بوتۇلكا چىقتى.

ئۇلار ئېغىر چامداپ سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇنىڭ مانا ئەمدىلا بالىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە خەيرىخاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى:

— مېنىڭ يول باشلىغۇچىم، ئەمدى تونۇشايلى، ئىسمىڭ نېمە؟ — دېدى ئۇ بالىغا قاراپ.

— تاۋقىش، — دېدى ئۇ.

— مېنىڭ ئىسمىم باسىت، كىمنىڭ بالىسى سەن ؟

— مۇلداغەلىنىڭ.

— داداڭ نەدە ؟

— دادام ... دادامنى ئۇلار ئېتىۋەتكەن ...

باسىت ھەيران بولۇپ سورىدى:

— كىم ئېتىۋەتكەن ؟

— سىزنى قىيىنىغان باندىتلار.

— ھە، مۇنداق دە.

— باندىتلار قايسى كۈنى سىلەرنىڭ بىر ئادىمىڭلارنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ ئەكەلدى، سىزدىن سورىغان سوئاللارنى

ئۇنىڭدىنمۇ سورىدى. ئۇ پەقەت سۆزلىمىدى. باندىتلارنىڭ باشلىقى سوراق قىلىپ قاتتىق قىينىدى، جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن تۆمۈرنى قىپقىزىل قىزىتىپ، مېنىڭ دادامغا: «ئۇنىڭ كۆكسىگە باس» دېدى ...

— داداڭ باندىتلار ئارىسىدىمىدى ؟ — دەپ بالىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى باستى.

— دادامنى ئۇلار ئەسكەر بولمىساڭ، ئېتىۋېتىمىز، دەپ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىۋالغان. دادام قىزىغان تۆمۈرنى بېسىشقا ئۇنىمىغاندا، باشلىق تاپانچىسى بىلەن دادامنى ئېتىۋەتتى ...

بالىنىڭ كۆز چاناقلىرىغا تولغان ياشلىرى تامچىلاشقا باشلىدى.

— بولدى، كۆڭلۈڭنى بۇزما ئىنىم، داداڭنىڭ ئۆلۈمى يامان ئۆلۈم ئەمەس ئىكەن.

— ئادەملەرنى قىيناپ ياشىغۇچە، — دېدى تاۋقىش كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، — ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ، باستى ئاغا !

بۇ كىچىككىنە بالىنىڭ سۆزلىرىدىن باستى قاتتىق تەسىرلەندى ۋە ئۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھۆرمەتلىك، ئەقىللىق بىر ئادەمگە ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى جىمجىتلىقتا چۆكۈپ، ئاستا ماڭدى. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىمۇ، يول ئازابىمۇ ئۇنتۇلماقتا ئىدى.

ئىككى چاقىرىمدىن ئوشۇقراق ئازابلىق سەپەردىن كېيىن ئۇلار ئۆڭكۈرگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئۆڭكۈر ئىككى ئادەملا ئەمەس، ئۈچ - تۆت ئادەم پاتقۇدەك چوڭ ئۆڭكۈر ئىدى. باستى ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە سالدى. تاۋقىش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە جۇۋىنى يېيىپ باستىنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى - دە، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سىقتى ۋە يېيىش ئۈچۈن تاشقىرىغا ئېلىپ ماڭدى.

— توختا، تاۋقىش، — دېدى باسىت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سىرتقا يېيىشقا بولمايدۇ.
تاۋقىش باسىتنىڭ نېمىشقا شۇنداق دەۋەتقانلىقىنى چۈشەنگەندى:
— بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ، باسىت ئاغا، كەينىمىز ئېگىز تاغ، ئالدىمىز چوڭقۇرلۇق، بۇ يەردە ھايۋانلار ئىزىدىن باشقا يول يوق.
— ياق بولمايدۇ، بۇ ئىشتا سەن ماڭا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك.
تاۋقىش كىيىملەرنى ئۆچكۈرنىڭ ئاغزىغا يايدى.
باسىت سۇنايلىنىپ ياتتى. بۈگۈن ئاچلىقنىڭ ئىككىنچى كۈنى. تۈرۈپ - تۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى، يۈرىكى تۆۋەن تارتاتتى، بەدىنىدىن قانچىلىك قان ئاققانلىقىنى بىلمەيتتى، چىرايى ئاقىرىپ - تاتىرىپ كەتكەنىدى. ھازىرغۇ كۈن ياخشى، بىراق تاغ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان، كەچ كۈز مەزگىلى بولغاچقا، قېلىن قار چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ قاپقارا پارقىراپ تۇرىدىغان چىگرىن ئۆتۈكىگە باندىتلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى سالدۇرۇۋالغان، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭمۇ، تاۋقىشنىڭمۇ پۇتى يالاڭغىداق، ئۆز قىسمىغا قانداق يېتىۋېلىش ئۇنى قىينايتتى، ئازابلايتتى ...
قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەتراپتا گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرگەندە، ئۇلار ئۆچكۈردىن چىقىشتى.
— قېنى مېنىڭ يول باشلىغۇچىم، يولۇڭنى باشلا، — دېدى باسىت. ئۇلار كۈنچىقىشقا قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر قولىدا تاۋقىشنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ، ئىككىنچى قولىدىكى تاياققا تايىنىپ، قەدىمىنى ئاستا يۆتكەيتتى. تاغ ھاۋاسى سوغۇق، ئاچچىق شامال ۋىژىلداپ يۈزلەرگە سانجىلىپ ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ يولىغا پەقەت كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارلا غۇۋا نۇر چاچاتتى. قەدەملەر ئېھتىيات بىلەن تاشلىناتتى. يالاڭغىداق يۈرۈپ باقمىغان باسىتنىڭ تاپىنى ھەر قېتىم بېسىلغاندا بىر

ئەندىكەتتى. چۈنكى، ساي بويىدىن ئۆڭكۈرگە كەلگۈچە، ئۇنىڭ تاپانلىرى قاپىرىپ كەتكەن، ئاۋايلىغانسىرى، ئوق تەگكەن يەرگە چاتقاللار ئۇرۇلۇپ جىنىنى قاقشاتقان، شۇڭا ئۇلار بىر سائەتتە ئاران بىر كىلومېتىردەك يول باستى.

ئۇلار شۇنداق تەمتىلەپ كېتىپ بارغاندا، يىراقتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— كېلىۋاتىدۇ، ئاڭلاۋاتامسەن ؟ — دېدى باست توختاپ، — كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ رازۋېدكىچىلارمۇ تېخى ...

— يول يۇقىرىدىن ئۆتىدۇ، — دېدى تاۋقىش كىچىككىنە كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، — سىز ماۋۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بايقاپ كېلەي.

— سەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى بۇ كېچىدە تونۇيالامسەن ؟

— نېمىشقا تونۇمايمەن، كېچىدە كۆرۈنگەن نەرسىنى كۈندۈزى كۆرگەندەك كۆرەلەيمەن، مەن دادام بىلەن كېچىدە كۆپ قېتىم مال ئىزلىگەن ...

باست كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئېيتىپ بېرەيمۇ ؟ — دېدى بالا جىددىي قىياپەتتە، — سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىيىمى ئوخشاش، ئاتلىرىڭلارنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىمۇ بىر خىل، يەنە دەپ بېرەيمۇ ؟ ئاتلىرىڭلارنىڭ يۈرۈشى بىر خىل ئەمەس ...

بالا شۇنداق دېدى - دە، تېزلا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى كېپىنەكلەردەك چاتقاللار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ، چەبدەسلىك بىلەن كېتىپ باراتتى. باست ئۇنىڭ يۈرۈشلىرىگە زوقلىنىپ، رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قالدى.

ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. باست ئۈمىد بىلەن شۇ ياققا قاراپ تۇراتتى ۋە بەزىدە تاۋقىشتىن ئەنسىرەپمۇ قوياتتى. ئاۋازلار ئاستا - ئاستا يىراقلاشقا باشلىدى، تاۋقىشمۇ قايتىپ كەلدى:

— باندىتلار ئىكەن.

— غەيرەت قىلايلى، تاۋقىش، ماڭايلى، — دېدى باسىت تاياقنى تىرىلىپ تەسلىكتە تۇرۇپ.

— مەن ھارمىدىم، باسىت ئاغا، سىزگە قىيىن بولدى، ئەگەر چوڭ ئادەم بولغان بولسام، سىزنى ھاپاش قىلىپ، بۇنىڭدىن تېز ماڭالايتتۇق ...

— غەيرىتىڭگە بارىكاللا، تاۋقىش، لېكىن چىداش كېرەك.

سەپەر داۋام قىلدى. سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار مېڭىشتىن توختاپ، تاغ باغرىدىكى لەمپىدەك تۇرۇپ قالغان تاشنىڭ ئاستىغا كېلىپ ياتتى. ھېلىمۇ ياخشى، لەمپە تاشنىڭ ئەتراپى قويۇق ئارچىلىق بولۇپ، ئۇلارنى يوشۇرۇپ تۇراتتى.

ھەر ئىككىسىگە قاتتىق ھاردۇق يەتكەن، ئۇيقۇسىمۇ تازا كەلگەندى، بىراق سوغۇق شامال گۇرۇلدەپ ئۇرۇپ، ھەر ئىككىسىگىمۇ ئارام بەرمەيتتى. بولۇپمۇ باسىتنىڭ ئوق تەگكەن يەرلىرى زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئاغرىق شۇنچىلىك ئەدىدىكى، ئۇ جېنىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، بالىغا تۇيدۇرماسلىق ئۈچۈن لېۋىنى چىشلەپ يېتىۋالدى.

— سەن جۇۋىنى يېپىنىپ ئۇخلاۋەر، تاۋقىش، مېنىڭ ھېلى ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى باسىت بىرھازادىن كېيىن.

تاۋقىش باسىتنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، يۈزىنىڭ ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى، كۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ نۇرسىزلانغانلىقىنى ۋە شۇنچە سوغۇقتا پېشانىسىدا مونچاقتەك بىرنەچچە تال تەر تامچىلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ غەيرەت قىلىپ قاتتىق ئاغرىققا چىداپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. بالا خۇددى قوقاستا پۇچىلانغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— باسىت ئاغا، — دېدى ئۇ غەمكىن قىياپەتتە، — مەن ساق، قارىڭا، سوغۇق شامال ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ، سىزنىڭ يارىڭىزغا سوغۇق تېگىپ قالسا قانداق قىلىمىز ؟ جۇۋىنى سىز

يېپىنىپ ئۇخلاڭ.

بىر نەچچە قېتىم زورلاپمۇ بالىنىڭ رايىنى ياندۇرالمىغاندىن كېيىن، ئاخىر باست جوۋىنى يېپىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدا ئۇخلىيالمىسىمۇ، بىراق كۆزىنى يۇمۇپ تىپتىنچ يېتىۋالدى. بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن بېرى، تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ ھارغان بالا كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن تېزلا ئۇخلاپ كەتتى، باست ئۈستىدىن جوۋىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ، تۈيدۈرماي يېپىپ قويدى. ئۆزى بولسا ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىشقا باشلىدى، يارىلىرى لوقۇلداپ ئاغرىيتتى ... چىدىغۇسىز ئازاب تارتىپ چۈشكە يېقىن ئۇنىڭ كۆزى ئارانلا ئىلىندى. بىراق، تاۋۇقىش ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ جوۋىنىڭ ئۆزى ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ـ ئۆزىگە قاتتىق خاپا بولدى: نېمىشقا مەن يېپىنىۋالدىم ـ ھە ؟ بايا زورلىغاندا ماقۇل دەپتىمەن ـ دە، ئىست ... بالا جوۋىنى ئېلىپ باستقا ياپقاندا، ئۇ كۆزىنى ئاستا ئاچتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، تاۋۇقىش ؟ — دېدى باست بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاۋۇقىشنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن چىرايىدىن خاپا بولغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— مەن ئادەم ئەمەس ئىكەنمەن، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ.

باست ئۇنىڭ نېمىگە خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ كۈلدى:

— ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئورۇنسىز خاپا بولۇۋاتىسەن، تاۋۇقىش، سەن ئۇخلاپ قالغاندا، مەن يېپىپ قويغان، — باست ئۇسسۇزلۇقتىن قورۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. لېكىن، تىلىدا لەۋلىرىنى نەملەشتۈرگۈدەكمۇ ھۆللۈك يوق ئىدى. تاۋۇقىش لىپ ـ لىپ قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى ـ دە، جوۋىنىڭ يانچۇقىدىن ھېلىقى كىچىك ناسۋال بوتۇلكىسىنى ئېلىپ:

— باست ئاغا، سىز بەك ئۇسساپ كېتىپسىز، مەن سىزگە

سۇ ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى.

— ئۇسساپ كەتكىنىم راست، لېكىن سىرتقا چىقىشقا بولمايدۇ.

— سىز ماۋۇ تاشنى ئاغزىڭىزغا سېلىپ، تىلىڭىز بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئايلاندۇرۇڭ، ئاغزىڭىزغا سۇ يىغىلىدۇ. مەن ھايال قىلماي ئېلىپ كېلىمەن، تۆۋەندە بۇلاق بار، — تاۋقىش ئۇرۇقچىلىك ئىككى تاشنى ئۇنىڭغا سۇندى.

— ھاياتىمىز قىلنىڭ ئۇستىدە تۇرۇۋاتىدۇ، تاۋقىش، ئويلاپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ، يەنە ئۈچ - تۆت سائەتتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشىدۇ. مەن ھازىر بۇ ئۇسسۇزلۇققا چىدالايمەن، مۇنۇ ئامالىڭ بولىدۇ، ئەكە تېشىڭنى.

باست ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، بېشىنى تاشنىڭ ئۇستىگە ئاستا قويدى. تاۋقىش جۇۋىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە يېپىپ قويدى. سوغۇق شامال ئەدىمەكتە ئىدى. ھاردۇق يەتكەن، ئەتىگەندىن بېرى ئاغرىق قاتتىق قىينىغان باست، جۇۋىنىڭ ئىسسىقىدا ئارام ئېلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. تاۋقىش شۇ چاغدىلا ھېلىقى ناسۋال بوتۇلكىسىنى ئېلىپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، ئەتراپقا تەكشى قاراپ چىقتى. ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، تۆۋەنگە ئىتتىك چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئۇسساپ كەتكەنىدى. بۇلاق تۈۋىگە كېلىپ، ئاۋۋال ئۆزى ئوچۇملاپ تۇرۇپ سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچتى. ئاندىن بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە لاي تىقىپ، ئۇنى قايتا - قايتا يۇيۇشقا باشلىدى.

— كىم سەن؟ ...

ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋاز بالىنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ بوتۇلكىنى لايغا پاتۇرۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كەينىدە ئەللىك مېتىر يىراقلىقتا مىلتىقىنىڭ ئىستوۋۇلىنى يەرگە قارىتىپ تېقىمدىۋالغان، بېشىغا قۇيرۇقلۇق قۇلاقچا كىيگەن ئاتلىق باندىت ئەسكىرى تۇراتتى.

— بۇ ياقتا نېمە قىلىپ يۈرگەن بالىسەن ؟

تاۋۇقىش ھودۇقماي جاۋاب بەردى:

— موزاي ئىزدەپ يۈرىمەن، ئاغا، سىز كۆردىڭىزمۇ ؟ قارا ـ ئالا موزاي، بوينىدا قىسقا چۇلغۇۋرى بار.

— موزىيىڭ بۇ ياقتا نېمە قىلسۇن؟ سۇدىن قانداق ئۆتىدۇ ؟

— بىزنىڭ موزاي ناھايىتى يامان، قايسى كۈنى مەشەدىن تېپىپ، ھەيدەپ كەتكەنىدىم.

— قوي ئەخمەق، كەچ كىرگەندە، ئۆزى بارىدۇ.

— بۇ ياقتا بۆرە كۆپ، يەپ قويىدۇ.

— ساراڭ بالىغۇ بۇ ... — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە غودۇڭشىپ يۈرۈپ كەتتى ئۇ. ئۇنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن، تاۋۇقىش بىر پىيالە سۇ سىغىدىغان بوتۇلكىسىغا سۇ ئالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. بىراق، ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. شامال غەرب تەرەپتىن قاپقارا بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قاپقى بىردىنلا تۈرۈلدى ـ دە، كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشتى.

— باست ئاغا، ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى، ئەلپازى يامان، — دېدى يېتىپ كېلىپ. ئاغرىق ئازابىدا ئويغىنىپ كېتىپ، تاۋۇقىشنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرەپ ئەندىشە بىلەن ئولتۇرغان باست تاۋۇقىشقا كايىشنىمۇ ئۇنتۇپ، بۈگۈن كېچىدىكى سەپەرنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى. راست دېگەندەك، پۈتۈن ئەتراپنى بۇلۇت قاپلاپ قار ئۇچقۇنلاشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن شىۋىرغان باشلاندى. قار ئۇچقۇنلىرى لەمپە ئاستىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى، دەھشەتلىك چىرقىراشلار ئاڭلىناتتى. ئىككىسى تۇگۈلۈپ ئولتۇردى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. قار ئاللىقاچان توختىغان، ئانچە قېلىن چۈشمىگەن قارنى بورانمۇ ئۇچۇرۇپ كەتكەن، بىراق بوران ھېلىمۇ شىددەت بىلەن گۈركىرەپ تۇراتتى. سەپەرنى باشلاش كېرەكمۇ، يوق ؟ بۇ سوئال ھەر ئىككىسىنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا

ئىدى.

— باست ئاغا، — دېدى تاۋۇش خۇددى كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردەك تەمكىنلىك بىلەن، — بۇنداق بوراندا مېڭىش خەتەرلىك، تاڭغىچە ھاۋامۇ ئېچىلىپ قالار، بورانمۇ توختار، ئۇ چاغدا كۈنمۇ ئىسسىپ قار ئېرىپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا ماڭمايمىزمۇ؟

باست بىر مىنۇتلۇق جىملىقتىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مۇنداق مۆلچەرلەش قىيىن، تاۋۇش، ئەتە بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك جۇت بولۇپ كېتەر، ئەمدى بىزنىڭ بىر ئورۇندا ئۇزاق يېتىشىمىزمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالدى، ماڭايلى!

جېنى ئارانلا قالغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەر بالىنى تېتىكلەشتۈردى:

— بولىدۇ، ماڭايلى، — دېدى بالا قەتئىيلىك بىلەن، — ھايۋانمۇ ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىپىرلايدۇغۇ، بىز ئادەمغۇ...

ئۇلار بىر - بىرىگە تايىنىپ يالاڭغىداق ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكىدى، ئازابلىق سەپەر يەنە باشلاندى، توختىماي چىقىۋاتقان بوران قار ئۇچقۇنلىرىنى نەلەردىندۇر ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇراتتى. كۆز ئېچىشمۇ قىيىن ئىدى. ئۇلار سەنتۈرۈلەتتى، مۇدۇرۇپ كېتەتتى. ئاياغلىرىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە قارسىز يەرلەرگە باساتتى ۋە تاپانلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى، يېرىلغانلىقىنى، قاناۋاتقانلىقىنى، يېرىلغان يەرلەرگە ئۇششاق تاش پارچىلىرىنىڭ پېتىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايتتى. مۇنداق دەھشەتلىك كېچىلەردە ھەتتا يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۇۋىلىرىغا كىرىپ كەتكەندۇ؟! لېكىن، ئۇلار قەلبىدە يانغان ئىشەنچ بىلەن مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى.

ئۇلار ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. يول يۈرۈش بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا ئىدى. بەش بارماقنى كۆزگە تىقسىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقتا باست تايىقى

تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، تېخىمۇ ھالسىراپ كەتتى ... ئاخىر تاغ باغرىدىكى يوغان بىر قارا تاشنىڭ دالدىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىككىسى تاشقا يۆلىنىپ ئالدىنى جۇۋا بىلەن يېپىپ يېقىن ئولتۇردى. بوران تېخىمۇ ئەدىمەكتە ۋە قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇرماقتا ئىدى. لېكىن، تاغ بالىسى بوران توختاپ كەتسىلا يولىمىز راۋانلىشىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ، قارا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئولتۇراتتى.

※ ※ ※

تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا بوران توختىدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، قاڭشارلىق، ئوتتۇرا بوي، تەمبەل كەلگەن رازۋېدكا كوماندىرى قويۇق دەل ـ دەرەخلىك ئىچىدىن ئالدىدىكى ئېگىز تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بوينىغا ئېسىلغان دۇربۇننى كۆزىگە تۇتۇپ، ئەتراپقا تەكشى سەپسالدى ۋە غەرب تەرەپكە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يېنىدىكى ئىككى ھەمراھىغا دۇربۇننى سۇنۇپ:

— قاراڭلار، ئاشۇ قارىيىپ كۆرۈنگەن بىر پارچە تاشقا قاراڭلار، مىدىرلاۋاتقان بىزنىڭ باستت بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى.

ئىككى ئاتلىق شۇ ياققا قاراپ قويۇپ ئۇنداق چاپتى. ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىنكى سوغۇقتا جۇۋىدىن چىقالماي، ئەتراپقا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان باستت ئاتلىقلارنى يىراقتىنلا تونۇدى:

— قارا، تاۋقىش، بىزنىڭكىلەر! ئەنە بىزنىڭكىلەر! ...

— يېتىپ كەپتىكەنمىزغۇ! ... — دېدى تاۋقىشمۇ ھاياجانلىنىپ.

تاراسلاپ يېتىپ كەلگەن ئىككى رازۋېدكىچى ئاتلىرىدىن چۈشتى ـ دە، تاۋقىشنىڭ يۆلىشى بىلەن ئورنىدىن ئاران ـ ئارانلا تۇرغان باستتقا ئۆزلىرىنى ئاتتى:

— باسىت ! ...

— باسىت ! ... بارمۇ سەن ! ...

پولك كوماندىرى شۇ كۈنلا باسىت بىلەن تاۋۇقىشنى كىچىك ماشىنىغا سېلىپ، ئۆزى شىخۇغا ئېلىپ كەلدى ۋە شىخۇدىكى ھەربىي بالنىستتا ياتقۇزدى. تاۋۇقىش بىر ھەپتە ئىچىدىلا ماغدۇرىغا كەلدى. تارقىتىپ بەرگەن يېڭى كىيىملەرنى كىيدى. بويىغا دەل قىلىپ تىكىلگەن سېرىق گىمناستوركا، گەلەپى شىم، مۇرىسىدىكى يېشىل پاگون، پۇتىدىكى قارا چىگرىن ئۆتۈك ئۇنىڭغا قالتىس ياراشقانىدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ باسىت ياتقان ياتاققا قاراپ ئالدىراپ ماڭدى.

— سالام، باسىت ئاغا !

ئۇ ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرىپ، كارىۋاتتا ياتقان باسىتقا چاس بەردى. ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان تاغ بالىسى تاۋۇقىشنىڭ يېقىملىق قىياپىتىنى كۆرۈپ باسىتنىڭ يۈرەك باغرى دولقۇنلىنىپ كەتتى:

— ئوھو ... تاۋۇقىش، مېنىڭ كىچىك يول باشلىغۇچىم ! — دېدى باسىت ئىككى قولىنى بالىغا سۇنۇپ، — مانا ئەمدى داداڭنىڭ ئىنتىقامىنى جەزمەن ئالالايسەن !

— سىز تېزرەك ساقىيىڭ، باسىت ئاغا، — دېدى تاۋۇقىش، ئۇنىڭ كىچىككىنە قارا كۆزلىرى ئويناپ كەتكەنىدى، — ئىككىمىز بىرلىكتە باندىتلارنى يوقىتىشقا ئاتلىنىمىز !

— يارايسەن، تاۋۇقىش، ئىرادەڭدىن ئايلىناي، — دېدى باسىت يالقۇنلۇق ھاياجانلىرىنى باسالماي. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ئۇ تاۋۇقىشنى باغرىغا چىڭڭىدە باستى...

1981 ـ يىلى ئاۋغۇست، غۇلجا

# ئىككى قىزنىڭ تەقدىرى

## 1

ئۇ قىيىن، ئىنتايىن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ، تەگسىز خىيالغا پېتىپ قالدى. ئۇ شۇ يېشىغىچە تالاي خىياللارنى قىلغان، لېكىن مۇنداق ئازابلىق، چوڭقۇر خىيالغا پاتمىغان. ئۇ هاياتىغا جاۋاب بەرمەك تەس بولغان شۇنچىلىك ئېغىر سوئالنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئەمدىلا سېزىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئازابىدا تولغىنىۋاتىدۇ، بىراق بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەي مۇمكىنمۇ؟ دۇرۇس، كىشى ئۆز هاياتىدا جاۋاب بەرمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان نۇرغۇن سوئاللارغىمۇ دۇچ كېلىدۇ. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ هاياتىغا، كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك سوئال. شۇڭا، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي هەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

قايسىسىغا تېگىمەن؟

بۇ، ئايتۇرغاننى خېلىدىن بېرى قىيناپ كېلىۋاتقان سوئال. سالمىقى ئېغىر، جاۋاب بەرمىكى تەس بولۇۋاتقان سوئال. راست ئەمەسمۇ، لايىقى ئىككى تۇرسا، قايسىسىغا تېگىدۇ؟ بىرى، ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى، تەڭتۇشى، بىر مەھەللىلىك تۇرغان ئىسمىلىك يىگىت. ئۇلار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنى تۈگەتكەن يىلى — ئون سەككىز يېشىدىن تارتىپ، هازىرغىچە — يىگىرمە ئىككى يېشىغىچە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئايتۇرغاننىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ ئىشقا قەتئىي قوشۇلمىدى. چۈنكى، تۇرغان بىر يېتىم بالا، توي قىلغۇدەك پۇلى يوق ئىدى.

ئايتۇرغاننىڭ يەنە بىر لايىقى — قادىرجان ئىسىملىك ئەللىك

توققۇز ياشلىق بىر باي سودىگەر. ئايتۇرغاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىنى قادىرجانغا تېگىشكە زورلايتتى: «ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئېغىر ئىشىدىن، توپا ـ چاڭدىن ئەبەدىي قۇتۇلىسەن» دەيتتى ئۇلار.

بۇ باي سودىگەرنىڭ بەش بالىسى بار ئىدى. ئىككى قىزى ياتلىق بولۇپ، بىر ئوغلى ئۆيلىنىپ چىقىپ كەتكەن، ھازىر ئىككى بالىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. قادىرجاننىڭ ئىككى يەردە ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جايى، ئىككى كىچىك ماشىنىسى، بىر نەچچە يەردە سودا دۇكانلىرى بولۇپ، قولىدا ئون نەچچە ئادەم ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىككى بالىسى ئايرىم قورۇ ـ جايدا بىر ماشىنا بىلەن تۇرىدىكەن، ئايتۇرغانغا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىدىكەن، ئوڭچە قورۇدا يەنە بىر كىچىك ماشىنا بىلەن تۇرىدىكەن. نەگە بارسا، ماشىنا تەييار، قورۇ خىزمەتچىلىرى، ئۆي خىزمەتچىلىرى ھازىر ئىكەن. ئايتۇرغاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھاياجانلىنىپ ئېغىزلىرىدىن شۆلگەي ئېقىتىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ. قايسى ئاتا ـ ئانا ئۆز بالىسىنى يامان كۈنگە قالسۇن دەيدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئايتۇرغان بەزىدە، — ئۇلارنىڭ مېنى بايغا زورلىشى جاپا تارتمىسۇن، باياشات، توق تۇرمۇش ئۆتكۈزسۇن دېگىنى، ماڭا كۆيۈنۈۋاتقىنى. بىراق، ئۇنى كۆڭلۈم تارتمىسا قانداق قىلىمەن؟ ئەللىك توققۇز ـ ئاتمىش ياشلىق ئادەمنى ئېرىم دەمدىم؟ دادام دەمدىم؟ ياق، بويۇم بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ ئۇنىڭغا ھەرگىز تەگمەيمەن. ئۇنىڭغا تەگكەندىن ئۆمۈر بويى ئەرسىز ئۆتكىنىم ياخشى.

قادىرجان ئەسلىدە تاماكا ـ قەغەز سېتىپ جان باقىدىغان نامرات ئادەم ئىدى. ئارىلىقتا بىر يىللىق شامال چىقىپ، كۆپلەپ پۇل تېپىش ـ باي بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئېچىۋەتكەندە، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئوقىتى يۇرۇشۇپ قالدى. تاماكا ـ قەغەز يايمىسى مىلىچماللارغا، مىلىچماللار پۇللۇق ماللارغا ئالماشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بارا ـ بارا ئېسىل ماللارغا تولغان كاتتا

دۇكانلىرى پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەۋەسىنى كەلتۈرىدىغان كاتتا بايغا ئايلاندى. پۇل ئۇنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ، ئۆزىنى بىلەلمىگۇدەك دەرىجىگە ئەكەلدى. ئۆزىنى بىلەلمىگەن ئادەم قىڭغىر كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىرگىنىچلىك ئىزلار قالىدۇ. ئۇ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، باللىرىغا ئانا بولغۇدەك مۇۋاپىق خوتۇن تېپىشنىڭ ئورنىغا ئايتۇرغانغا كۆز تاشلىدى. ئادەم دېگەن يېشى كىيىمگە، كۆپرەك پۇلغا ئېرىشسە، ئۇنىڭ ئويلىمايدىغان ئويى، قىلمايدىغان ئىشى قالمايدىكەن، ھاۋايى – ھەۋەس ئۇنىڭ كۇندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىدىكەن. ئادەم ئۆز خىلىنى تاپمىسا تۇرمۇشى بەختلىك بولامدۇ؟

ئايتۇرغان ئاتا – ئانىسىدىن كۆرە كۆپرەك ھەدىسىدىن رەنجىدى. ئۇ، ھەدەم مېنى قوللايدۇ، دەپ ئىشەنگەنىدى. چۈنكى، ئاتا – ئانىسى ھەدىسىنى ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ بالىسىغا بېرىمىز، دەپ زورلىغاندا، ئۇ ئۆزى ۋەدىلەشكەن يىگىتكە قېچىپ كېتىپ تەگكەنىدى. بىراق، ئەمدىلىكتە ئۇمۇ «بۇرۇنقى ئاشىق – مەشۇقلار ھازىر نەدە؟ ئەر دېگەننى ياساپ كۆرگەزمىگە قويۇپ قويىدىغان نەرسىمىدى، كىم سېنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلسا، ياخشى ئەر دېگەن شۇ. سۆيگىنىم، كۆيگىنىم، دەپ كولدە كۆمەچ بولۇپ ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى؟» دەپ تىلىنى چاپاپ ئولتۇرىدۇ. تولا ئويلاپ ئايتۇرغاننىڭ كاللىسى قاپاق بولۇپ كەتتى. بىر ھېسابتا ھەدىسىنىڭ دېگىنىمۇ توغرىدەك قىلاتتى. جاپا تارتماي ياشاشنى كىم ئارزۇ قىلمايدۇ؟! كىشى دۇنياغا بىرلا كېلىدۇغۇ، ھەشەمەتلىك ئۆي – جابدۇق، زىبۇ – زىننەت، ئېسىل كىيىم – كېچەك، كىچىك ماشىنا ... بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە بار؟ نەچچە يىل ئىشلەپمۇ، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرۈڭنى سەرپ قىلىپمۇ ئىگە بولالمايدىغان نەرسىلەر ئالدىڭدا تۇرسا، ئۇنى نېرى تۇر، دېيىش ئۆتۈپ كەتكەن گالۋاڭلىق ئەمەسمۇ ؟ شۇنداق تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش ئۇچۇن سۆيگىنىنى

تاشلىۋەتكەنلەر ئاز ئەمەسقۇ؟! ...

ئائىلىدە ئايتۇرغاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئۇچۇن ھەر كۈنى، ھەر سائەت دېگۈدەك ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىش، زورلاش ئەۋج ئالغىلى تۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەرەپ - تەرەپتىن نەشتەردەك سۆزلەر تەگكىلى تۇردى. تۇزۇككىنە كىيىم - كېچەكنى بولمىسىمۇ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ يۈرىدىغان قىزنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، ئۇ كۈنلەرنى غەم - ئەندىشە، تاپا - تەنە بىلەن ئۆتكۈزسە، كېچىلەرنى ئۇنىسىز يىغا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. قېرى سودىگەرگە تەگسەم، پۇل - دۇنياغا تېگىمەن، تۇرغانغا تەگسەم، ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىمەن، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى ئۇ، — پۇل - دۇنيا ئارتۇقمۇ، كۆڭۈل مەيلىمۇ؟ پۇل - دۇنيانى دەپ كۆڭۈل مەيلىمنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتسەم، خالىغان ئادىمىمدىن مەھرۇم قالغان تۇرمۇشۇم قانداق تۇرمۇش بولار ؟ قانداق ئاقىۋەتلەرگە قالارمەن؟ ئايتۇرغاننىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ياشتىن، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ھالسىزلىقتىن، بۇغداي ئۆڭ، يېقىملىق چىرايى سولغۇنلۇقتىن نېرى بولالمىدى. بىر ئاي ئىچىدە ئۇ خۇددى سولغان گۈلدەك لاسسىدە بولۇپ قالدى.

ئاخىر ئۇ ئۇنىسىز غەم - ئەندىشە، ئىككىلىنىشلەرنى ئۆزىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى، چىرايىغا جىددىيلىك، ئىشەنچ ئۇوقچۇپ چىقتى. كۆڭۈل مەيلى ھەممىدىن — ئاتا - ئانىنىڭ ئارزۇسى، قارغىشى، دەشنەملىرىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ سىلىق دەۋەتلىرى ھەم تاپا - تەنىلىرىدىن، باي سودىگەر قادىرجاننىڭ شان - شۆھرىتى، دۇنياسىدىن، ھەيۋەتلىك ئۇگچە قورۇ - جايدىن ۋە چىرايلىق كىچىك ماشىنىدىن ئۇستۇن كەلدى - دە، بىر كېچىدىلا نامرات يىگىت تۇرغان بىلەن قېچىپ كەتتى.

ئاتا - ئانىسى دېگىنىنى قىلىپ قىزىدىن كەچتى، ئۇنى ئىزدەپمۇ قويمىدى. بايلىقىم، شۆھرىتىم ھەرقانداق جاھىل قىزنىمۇ ئاخىر ئېرىتىدۇ، دەپ ئۆزىگە تاغدەك ئىشەنگەن

قادىرجاننىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى كېسىلدى ـ دە، ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئايتۇرغاننىڭ دوستى نەپىسەنى نىكاھىغا ئالدى ۋە ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ كەتتى.

## 2

ئۇلار تۇرغاننىڭ تاغدىكى مالچى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، تۇرغان ئائىلىسى بىلەن ئالتە يىلدىن بېرى ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋاتقان، مەھەللىنىڭ بېشىدىكى توپا قويۇلۇپ تۇرىدىغان، بىر ئېغىزلا كونا ئۆيى بار كۆرۈمسىز قورۇغا يېنىپ كىردى. كىرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ قورۇنى تۈزەشتۈرۈشكە كىرىشتى.

ئىككىسى بۇ قورۇدىكى تۇرمۇشنى ئەنە شۇنداق باشلىدى. مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەن ئادەملەر ھەرقانچە نامرات تۇرمۇشتىمۇ ئۆزىنى بەختىيار ھېس قىلىدۇ، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ، ھەرقاچان ئىناق، ئۈمىدۋار بولىدۇ. ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلاتتى، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلمىغان ئەر ـ خوتۇننىڭ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. پۇلسىز، ھەشەمەتلىك ئۆي ـ ئىمارەتسىز، ئېسىل جابدۇقلارسىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتمايدىغانلا بولسا، ئوخشاشلا بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئىگىلىرى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

مەھەللىدە نەپىسەنىڭ بەختى ئېچىلغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر خۇددى شەپەرەڭدەك كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا نەپىسە مەھەللىگە ۋالىلداپ تۇرىدىغان قىزىل پىكاپىغا ئولتۇرۇپ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چىققانىدى. بىرلىرى نەپىسە ئولتۇرغان پىكاپنىڭ يېپيېڭىلىقى، چىرايلىقلىقى، ئۈچقۇرلۇقى توغرىسىدا سۆزلىسە، بىرلىرى نەپىسەنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ قالتىس ئېسىللىقى، ئۇنداق

كىيىملەرنىڭ تېخى ھېچكىمنىڭ ئۇچىسىغا چىقمىغانلىقىنى سۆزلەيتتى. بىرى نەپىسەنىڭ قىزىل پىكاپىنى كوچىغا توختىتىپ قويۇپ، پېتىنى بۇزماي مېڭىپ، ئەينەكلىك ماگىزىنغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن گەپ ئاچسا، يەنە بىرلىرى نەچچىلىگەن ئۆي خىزمەتچىسىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ سوغۇق سۇغا قول تىقمايدىغانلىقىدىن گەپ ئاچاتتى. مۇنداق گەپلەر ئايتۇرغاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يەتكىنىدە، ئۇلار ئۆزى كەلگەن بەختىنى قولدىن بېرىپ قويغان قىزىنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى.

بۇ يەردە قېچىپ كەتكەن قىزلارنىڭ توينى قىلىپ قويىدىغان ئادەت بار، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئىككى ئاقساقالنى باشلاپ، ئايتۇرغاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىردى.

— باللار ياشلىق قىلىپ قويۇپتۇ، — دېدى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى، — بالا ئەمەسمۇ، ئۇلارنى شۇنداقلا تاشلاپ قويساق بولماس، توينى قىلىپ قويايلى.

— بىزنىڭ توينى قىلىدىغان بالىمىز يوق، — دېدى ئايتۇرغاننىڭ دادىسى قوپاللىق بىلەن.

— باللارنىڭ سەۋەنلىكىگە ئارتۇقچە غەزەپلەنسەك، ئۇلاردىن ئۆچ ئالغاندەك بولۇپ قالىمىز، ئاتا ـ ئانىلار يەنىلا ئەپۇچان كېلىمىز، باللاردىن ئۆچ ئالىدىغان ئاتا ـ ئانا بولماس، غەزەپلىرىنى بېسىپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا ...

— بولدى، ماڭا تولا ۋەز ئېيتماڭ، تۇتۇۋالىدىغان يېرى قالمىدى، ئۇ ھارىمى بىزنى قانداق رەسۋاچىلىققا قويدى، بىلەمسىز ؟

— ئوبدانراق ئويلاپ باقسىلا، ئىش ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

— مەن كۆپ گەپ قىلىشنى، سالا ـ سۇلھىنى خالىمايمەن، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قەتئىيلىك بىلەن، — ئايتۇرغان بىزنىڭ بالىمىز ئەمەس، بىز ئۇنى ئاللىقاچان دەپتەردىن

ئۆچۈرۈۋەتكەن !

يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى يەنە گەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى ــ دە، تۇرغان بىلەن ئايتۇرغانىنىڭ بۇرۇن ئېلىپ قويغان توي خېتىنى قولىغا تۇتقۇزدى ۋە شۇ كۇنىلا تۆت ئادەمنى چاقىرىپ، نىكاھ ئوقۇتۇپ قويدى.

كەچ كۈز كېلىپ قالغانىدى. بۇ دېھقانلارنىڭ قىشنىڭ غېمىنى قىلىدىغان پەيتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ غەملەيدىغان نېمىسى بار ؟ ئىككى يېرىم مو يەردىن ئالغان دارامىتى بىلەن نېمىنى غەملىيەلەيدۇ ؟ ئۇلارنىڭ كېلەر يىلى يېڭى ئاشىقا يەتكۈدەك بۇغدىيىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. ئەمىسە قىشنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ ؟ قولىدا بار ــ يوقى يەتمىش ــ سەكسەن سوم پۇل. ھازىر ئۇنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ. قىيسىيىپ قالغان لاپاستا بىرەر يۈز باغ چۆپ، بىرەر ھارۋا چىققۇدەك سامىنى بار. ئۇ قانچىلىك پۇلغا يارايدۇ ؟ قىشنىڭ غېمىنى قىلىدىغانغا بىرنېمە بولسا بولىدۇ ــ دە.

بۇ ئىش ئىككىسىنىڭ بېشىنى قاتۇردى. خۇدانىڭ سۆيى، قۇرۇق ئۇن بىلەنلا قىشنى قانداقمۇ چىقارغىلى بولسۇن ؟ ئايتۇرغان تۇرغانىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۆز ئۆيىدىن سېلىپ كەلگەن ئالتۇن ھالقىسى بىلەن ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكىنى ساتتى. ئۇنىڭغا موزىيى ئۆلۈپ قالغان بىر سىيىرنى سېتىۋالدى. ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن كۈنلىرىدىن نەچچە ھەسسە قىيىن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتسىمۇ ئايتۇرغانىنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن، يۈرۈش ــ تۇرۇشىدىن تېتىكلىك، چەبدەسلىك، بۇغداي ئۆڭ يۈزىدىن ئوچۇق ــ يورۇقلۇق، خۇشخۇيلۇق، چىرايلىق كۆزلىرىدىن بىر خىل نازاكەت، رازىمەنلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قىلچىمۇ مەيۈسلۈك، پۇشايمان ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يوقسۇزلۇقنىڭ ئېغىر دەردلىرى يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسىمۇ، ئەمما

تۇرغانغا، مۇشۇ قۇپقۇرۇق، كۆرۈمسىز ئائىلىسىگە بولغان قايناق مۇھەببەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمەكتە ئىدى.

كەچ كۈزنىڭ ئاجىز نۇرلىرى قورۇنى ئىللىتقان بىر كۈنى تۇرغان قارىياغاچ كۆتەكلىرىنى يېرىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ قاغجىراپ كەتكەن كۆتەككە پالتىنى كۈچ بىلەن ئۇراتتى. ھەر ئۇرغاندا چىگىچ كۆتەكلەر پارە - پارە بولۇپ كېتەتتى. تۇرغانىنىڭ يۈز - كۆزى، بويۇن، قولاق چۆرىلىرىدىن ئاچچىق تەر تامچىلىرى شۇرقىراپ قۇيۇلاتتى. ئۇ پالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇرغانسېرى كۈچلىنىۋاتقاندەك، قىلچىمۇ ھارغىنلىق يەتمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئايتۇرغان بىر چەتتە ئۇنىڭغا ئىشتىياقى بىلەن زوقلىنىپ قاراپ تۇردى. قارىغانسېرى ئۇز كۆزلىرىنىڭمۇ ھاياجاندىن يېنىۋاتقانلىقىنى، بەختىيار ئۇچقۇنلارنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بەدەن - بەدەنلىرىنىڭ سۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا يېرىندىلار تولۇپ كەتكەنىدى. ئايتۇرغان چاچراپ يىراققا چۈشكەن يېرىندىلارنى تېرىپ كەلدى. تۇرغان توختايدىغاندەك قىلمايتتى.

— ھېرىپ كەتتىڭىز، — دېدى ئايتۇرغان كۆيۈنگەن ھالدا تۇرغانغا قاراپ، — بولدى ئەمدى، قالغىنىنى چۈشتىن كېيىن يېرىڭ.

— بۈگۈن راسا كۈچۈمگە كېلىپ قالغاندەك قىلىمەن، قورام تاش بولسىمۇ پارە - پارە قىلىۋېتەتتىم.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، پالتىنى يىلتىزلىق كۆتەككە كۈچ بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئايتۇرغان ئۆيگە كىرىپ چاي قاينىتىشقا ئولتۇردى. كۆتەكتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاۋاز يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى، ئۇنىڭ قولى مەشغۇلدا، كۆزى ئوچاقتا بولسىمۇ، ئوي - خىيالى تۇرغاندا — سۆيۈملۈك ئادىمىدە ئىدى. ئاددىي كىيىم - كېچەك، نامرات، كۆرۈمسىز تۇرمۇشتىنمۇ گۈزەللىك ھېس قىلىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم

شەرتى شۇ تۇرمۇشقا قانائەت قىلىش ۋە جۇپتىدىن سۆيۈنۈشتە. ئايتۇرغان ياشلىقىنىڭ قۇدرىتىگە، سېھرىي كۈچىگە، ئالا تاغنى ئايرىپ، قارا تاغنى قايرىۋەتكۈدەك كارامىتىگە ھەيران قالدى ۋە راھەتلىنىپ سۆيۈندى. ئۇنىڭ شۇنداق نازۇك، يېقىملىق ھېس - تۇيغۇلار ئىلكىدە ياشاۋاتقىنىغا تۆت يىلدىن ئاشتى. بۇ خىل ھېس - تۇيغۇلار ھازىر كۈچىيىۋاتىدۇ، بەدەنلىرىنى لەرزىگە سېلىۋاتىدۇ. جورام، ئۆز دېمەتلىكىم، سۆيگەن، دىلدىن ياراتقان ئادىمىم، — دەپ پەخىرلىنىشكە باشلىدى ئۇ، — ئادەم ئۆمرىنىڭ ھەربىر مەزگىلىنى شۇ مەزگىل تەلەپ قىلىدىغان ۋە شۇ تەلەپكە جاۋاب قىلالايدىغان، شۇنىڭغا باب كىشى بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئىنتايىن گۈزەل، نەپىس روھىي بايلىققا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ روھىي بايلىقنىڭ ئورنىنى ھەرقانچە زور ماددىي بايلىق تولدۇرالمايدۇ. مەن ئاشۇنداق روھىي بايلىققا ئىگىمەن. ئۇستىبېشىڭ ئالتۇن، زىبۇ - زىننەت، تاۋار - دۇردۇنغا پۈركەنگەن، ئۆيلىرىڭ شاھانە بېزەكلەرگە تولغان، ئەمما قەلبىڭدە يېنىپ تۇرغان ئارزۇ - ئارمان، تەلەپلىرىڭ، گۈزەل ھېسلىرىڭ تۇنجۇققان بولسا، ئۇ ھالدا ئاشۇ ئالتۇن، زىبۇ - زىننەتلەر بويۇنۇڭغا چۈشكەن سىرتماق ئەمەسمۇ، بۇ، ياش گۈلۈڭنىڭ سولغانلىقى ئەمەسمۇ، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى؟!

ئايتۇرغاننىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى شۇنچىلىك دولقۇنلاندىكى، ئۇ ئورنىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتتى ۋە لۆڭگىنى ئېلىپ ھويلىغا چىقتى. تۇرغان ئاۋۋالقىدەكلا كۆتەكنى يارماقتا ئىدى.

— يۈزلىرىڭىزنى ئېرتىڭ، — دېدى ئۇ لۆڭگىنى سۇنۇپ ۋە مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. تۇرغان ئىشىدىن توختاپ، يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى. ئۇ قىزىرىپ، بەدەنلىرىمۇ چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئەمگەكمۇ يولىدا بولسۇن، تۇرغانجان ... يۈرۈڭ،

چېيىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ.

— ئاز قېلىۋىدى ...

— چاينى تەييارلاپ قويدۇم.

ئۇ تۇرغاننىڭ بىلىكىدىن چىمدىپ تۇتۇپ تارتتى. تۇرغان پالتىسىنى تاشلاپ ماڭدى. ئايتۇرغان بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ھەم ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، ئۆيگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىردى. كۆڭۈل مەيلى، سۆيگۈسىنىڭ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدىنىنى ياندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ھەمىشەم ئۆزىدە بىر خىل راھەت سېزەتتى. ئۆز سۆيگۈسىنىڭ ھامان قەلبىنى يېڭىلاپ گۈزەللەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى، زېھنى - خىيالى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

## 3

بەزى كىشىلەر ھەشەمەتلىك سارايلاردا ياشاۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشى دائىم بەختىيار، كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ؛ كۆرۈمسىز، كونا، توپا قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان ئۆيلەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشى قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك ئۆتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، بىراق ئەمەلىيەت ھەممىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئەينەك. بىز باي سودىگەر قادىرجان بىلەن نەپىسەنىڭ ياتاق ئۆيىگە بىر نەزەر تاشلاپ باقايلى: چوغدەك گىلەملەر ئۈستىگە دۇخاۋا تاشلىق، كىرلىكلىرىگە قىزىلگۈللەر كەشتىلەنگەن تۆشەكلەر سېلىنغان، ئاپپاق ماموق تەكىيلەر قويۇلغان، قىزىل لامپۇچكىدىن چېچىلىۋاتقان نۇردىن ئۆيئىچى ۋالىلدايدۇ، قىسما - قىسما شولىلار نازغىپ ئوينايدۇ، ناۋات رەڭ پەردىلەر يېنىك تەۋرىنىدۇ، ئۆيئىچىدە يېقىملىق پۇراقلار گۈپۈلدەيدۇ ... ئەنە قادىرجان بىلەن نەپىسە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. قادىرجاننىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرى تېلېۋىزور ئېكرانىدا بولسىمۇ، خىيالى ئاللىقاياقلاردا بولۇپ، پات - پات چوڭقۇر تىنىدۇ.

يېنىدىكى ياش، گۈزەل خوتۇنغا قايرىلىپمۇ قويمايدۇ، بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلمايدۇ. چىرايى ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك رەڭسىز. سىرتتىن قارىغان كىشى ئۇنىڭغا قانداق پېشكەللىكنىڭ ياكى قانداق دەردۇبالانىڭ يېپىشقانلىقىنى، ئۇنىڭ قانداق ئوتتا كۆيۈپ يېنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇنى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىدۇ، دېگەندىن كۆرە، قانداقتۇر بىر ئېغىر ئەلەمدە تولغىنىۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈكرەك. قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدىن دەم خاپىلىق، ئېچىنىش ئىپادىلەنسە، دەم ئەلەم، غەزەپ ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ خىيالىدا بىرلىرى بىلەن ئېلىشىۋاتامدۇ ياكى ئامالسىزلىقتىن ئاچچىق ھەسرەت چېكىۋاتامدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. بۇ ئۆيدە نە ئىللىقلىق - خۇشخۇيلۇقتىن، نە قىزغىن پاراڭ، راھەتلىنىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

چىرايىدىن كىشىنى بىزار قىلىدىغان، بۇرۇقتۇرمىلىق قوزغايدىغان ئالامەتلەر ئىپادىلىنىپ تۇرغان قادىرجان ئورنىدىن تىزىغا تايىنىپ، ئېغىرلاشقان گەۋدىسىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئاستا تۇردى. پىكىرلىرى شۇنچىلىك چېچىلغان ۋە قالايمىقانىدىكى، كاللىسىغا قانداق ئوي - خىياللارنىڭ كىرىپ - چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ قىزغۇچ شولىلار ئىچىدە خۇددى خىيالىي، جانسىز گەۋدىدەك مۇڭكىيىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ ھالدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئېرەنسىزلىك بىلەن يېشىنىشكە باشلىدى ۋە كىيىملىرىنى قالايمىقان تاشلاپ قويۇپ ياتتى. نەپەسە كىنونى ئاخىرىغىچە — تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى ئىككى ياشنىڭ نۇرغۇن خەتەر، پۇتلىكاشاڭلارنى يېڭىپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپ، قايناق مۇھەببىتى بىلەن بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈشۈشلىرىگىچە كۆردى - دە، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئېرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتتى. ئۇمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى.

ياشلىقنىڭ ئۆزىگە خاس، يارىشىملىق شوخلۇقلىرى بولىدۇ. بىراق، كۆڭۈل مەيلىنى يايرىتىدىغان قىلىقلار بۇ ئۆيدە نېمىشقا تېپىلمايدۇ ؟ ھازىرغۇ قادىرجاننىڭ بۇ قېتىم ئىچكىرىدىن

ئاچىققان ماللىرىدىن سەكسەن مىڭ سوم زىيان بولۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىچۇ؟ نەپسەنىڭ قادىرجانغا تېگىپ، بۇ ئۆيگە كەلگىنىگە توققۇز ئاي بولدى، ھازىرقى ئىشلارسىزمۇ ئۇ كۆڭۈل مەيلىنى، شوخلۇق - تېتىكلىكلىرىنى، ياشلىقتا تەئەللۇق بولغان يارىشىملىق قىلىقلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، زارىقىپ كۈتكەن نەرسىلىرىنى سېغىنىپ ئۆتۈۋاتىدۇ، كۈتكەن نەرسىسىگە ئېرىشەلمەسلىكىنىڭ ئازابىدا تولغىنىۋاتىدۇ ... بۇنى كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلىغىلى بولىدۇ؟ داۋاسىز دەرد دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ!

— نېمانچىلا ئۇھ تارتىش بۇ، — دېدى قاتتىق بۇرۇقتۇملىقتا قالغان نەپسە بوغۇلۇپ، — سودا دېگەندە بىردە زىيان تارتىش، بىردە پايدا ئېلىش كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشقۇ ...

قادىرجان خوتۇنىغا ئالىيىپ قارىدى.

— سەكسەن مىڭ سوم دېگەن ئاز پۇلمۇ؟ — دېدى ئۇ، — بورداشقا قوي ئالساڭ، ئورۇق قويدىن ئىككى مىڭى كېلىدۇ، ئىككى مىڭ قوي بەش - ئالتە قورۇ بولىدۇ، بەش - ئالتە قورۇ قويى بار ئادەم كاتتا چارۋىدار ھېسابلىنىدۇ. كاتتا چارۋىدار پۈتۈن مېلىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئىش بۇ!

نەپسە ئۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغان چاغدا تېشىپ تۇرغان دۇنيا ئىچىدە غەمسىز، يايراپ ئۆتىمەن، ئۆمۈر بويى ماڭا يوقسۇزلۇق، قايغۇ - ئەلەم ھەمراھ بولالمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولغىيدى. ئۇ مۇشۇ ئۆيگە كىرگەن كۈنىدىن باشلاپلا يېشى يەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە ھەرگىز مۇھەببەت ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن، ئەمما بوپتۇلا، نامراتلىقتا پۇچىلانغان كۆڭلۈمنى پۇل - دۇنيا بىلەن خۇش قىلىپ ئۆتىمەنغۇ، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى.

مانا ئەمدى يوقلۇق - يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمىغان بىلەن قايغۇ - ئەلەمدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ، پۇل - دۇنيانىڭ

راھەتتىدىن كۆرە ھەسرىتىنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ، مۇشۇنداقلا بولسا، بۇ ئۆيىنىڭ ئارزۇلىغۇدەك نېمىسى قالدۇ؟! ئارزۇلىغان نەرسىلىرىنىڭ تەتۈرى بولىدىغانلىقىنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىغۇ ...

— بولغۇلۇق بولدى، — دېدى نەپىسە ئاچچىقى بىلەن، — ئۇھ تارتقانىنىڭ نېمە پايدىسى ئۆمۈرنى خورىتىپ؟!

— دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، ئۇھ تارتماي مۇمكىنمۇ، يۈرەك - باغرىڭ كۆيۈپ كېتىۋاتسا ...

ئىككىسى جىمىپ كەتتى، جىمىپ كەتكەن بىلەن ئىككىسى ئىككى خىل خىيالدا تولغىنىۋاتاتتى: بىرى مۇھەببەتكە زار بولۇپ ئازابلىنىۋاتسا، بىرى پۇل - دۇنيا ئىشقىدا كۆيۈۋاتاتتى.

ئەتىسى ئۇلار ئۇيقۇسىزلىقتىن قاپىقى ئىششىپ، چىرايلىرى سالپايغان ھالدا بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. ئېرى بازارغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نەپىسەمۇ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

تىرىشىپ - تىرمىشىش، چارە - تەدبىرلىك بولۇش تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ يولى. تۇرغان بىلەن ئايتۇرغان بار - يوقى ئىككى يېرىم مو يېرىگە بۇغداي تېرىش بىلەن تۇرمۇشنى ياخشىلاپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، قوشۇمچە كۆكتاتچىلىق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇڭا، ئۇلار بىر يېرىم مو يېرىگە كۈزگى بۇغداي تېرىپ، بىرمو يېرىنى ئېلىپ قالغان. بۈگۈن ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىپى يەر - جاھاننى ئوبدانلا قىزىتقان كۈنى ئىككىسى بىرمو يېرىگە لازا - پەمىدۇر كۆچۈرۈشنى، ھويلىسىنىڭ ھەممە يېرىگە جاڭدۇ تېرىشنى مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئىشىك ئالدىغا بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ توختىدى - دە، ھايال بولماي قورۇغا چىرايلىق كىيىنگەن ياش بىر ئايال كىرىپ كەلدى.

— ۋوي ... نەپىسە، بارمۇ سەن؟ — ئايتۇرغان ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.
— مېنى يوقلاپ قويايمۇ دېمەيسەن، مەن يوقلاپ كەلدىم سېنى، قانداق ئەھۋالىڭ ؟
ئايتۇرغان بىلەن نەپىسە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. نەپىسەنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىن تارقالغان ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقى ھويلىنى بىر ئالدى. ئايتۇرغان ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.
— ھەي، باي ئاكىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، نەپىسە ؟ — تۇرغان ئادەت يۈزىسىدىنلا سوراپ قويۇۋىدى، نەپىسە سۆزلەپلا كەتتى:
— قويۇڭ، بايلىقى قۇرۇسۇن، سودىگەر دېگەن ئاجايىپلا بىر تائىپە ئىكەن، بىر زىيان تارتسا، بىرلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كېتىدىكەن. بۇ قېتىم چوڭراق زىيان تارتىۋىدى، بىر قېرى تېخىمۇ قېرىپ تۈگىشىپلا كەتتى.
ئۇچەيلەن تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.
نەپىسە ئايتۇرغاننىڭ تۇتقان ئۆيىگە سەپسالدى. ئۆيئىچى قۇرۇق دېگۈدەكلا ئىدى. ئۆيگە ئىككى پارچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز سېلىنغان، سىرى ئۆچۈپ كەتكەن ساندۇق ئۈستىگە كونا ئورۇن - كۆرپىلەر تىزىپ قويۇلغان، ئويۇقتا بىرنەچچە تال چىنە - قاچا تۇراتتى. ئۆيئىچى ئىللىق، پاكىز ئىدى. نەپىسە خىيالغا كەتتى: ئۇنىڭ قورۇسىدىكى خىزمەتچى خوتۇننىڭ ئۆي جاھازلىرىمۇ بۇ ئۆيىنىڭكىدىن ياخشىراق ئىدى. شۇنچىلىك نامراتچىلىق يېغىپ تۇرغان بۇ ئۆيدە ياشاۋاتقان تۇرغان بىلەن ئايتۇرغاننىڭ چىرايلىرىدا نە غەمكىنلىك - مەيۈسلۈك، نە ھەسرەت، قايغۇ ئەكس ئەتمەي، شادلىق، مەغرۇرلۇق يېغىپ تۇرغانلىقىغا ئۇ ھەيران قالدى: توۋا، مۇنۇ ئايتۇرغاننىڭ تۇتقان ئۆيىنى، مېھمان كەلسە باشلىغۇدەك يەنە بىر ئېغىز ئۆيىمۇ، تارتىپ سالغۇدەك يېڭىراق بىر پارچە كىگىزىمۇ، تۆت ئادەم كەلسە چاي بەرگۈدەك چىنە - قاچىسىمۇ يوق ئىكەنە، ئۇنىنچى

سىنىپنى تۈگىتىدىغان يىلى قىزلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولساق، كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئۆنداق ئۆي تۇتىمىز، مۇنداق ئۆي تۇتىمىز، دېيىشىپ كېتىۋىدۇق، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز شۇنچىلىك كۆپ، گۈزەل ئىدى. بۇنىڭ ئۆيىدە ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ قىلچىلىك ئىدارىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇغۇ ...

تۇرغان ھويلىغا چىقتى.

— قانداق قىلارمىز، ئۆيدە گۆشمۇ يوق، قورۇق چاي بېرىمىزمۇ ؟ — دېدى ئۇنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىققان ئايتۇرغان.

— تۇخۇممۇ يوقمۇ ؟

— ئەتىگەن ئۆيدە بار تۇخۇملارنى ماگىزىنغا ئۆتكۈزۈپ چاي ئېلىپ كېلىۋىدىم ... ھە، توختاڭ، مېنى لاپاسقا چىقىرىپ قويۇڭا، ئۆتكەندە شۇ يەردىن بەش ـ ئالتە تال تۇخۇم تېپىپ چۈشكەنىدىم.

تۇرغان ئايتۇرغاننى لىككىدە كۆتۈرۈپ، تامنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويدى. ئۇ تەمتىلەپ مېڭىپ، لاپاسقا چىقتى، چېچىلىپ كەتكەن قورۇق چۆپلەر ئارىسىدىن ئىككى دانە تۇخۇم تاپتى ـ دە، خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە يېنىپ تامنىڭ ئۈستىگە كېلىپ:

— ئەمدى قانداق چۈشەرمەن ؟ — دېدى تۇرغانغا كۈلۈپ قاراپ.

— قورقما، ئۆزۈڭنى ماڭا ئات.

ئايتۇرغان راستتىنلا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە، بىر قولىدا تۇرغاننىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، پۈتىنى يەرگە قويدى.

نەپسە دېرىزىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئەر ـ خوتۇنچىلىق تۇرمۇشىدا باشقىچە بىر روھىي ھالەتنى — ئۆزلىرىدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان مەنزىرىنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ كۆرگىنى تۇرغان بىلەن ئايتۇرغان ئىككىسىنىڭ كۈچلۈك ئىشتىياقى، جاسارەت ـ جۈرئەتكە ئىنتىلگەن ياشلىقى،

ياشلىقنىڭ شوخ، قايناق مۇھەببىتى، بىر - بىرىنى ھەقىقىي ئىنسان سۈپىتىدە كۆرۈۋاتقانلىقى ھەم بىر - بىرىگە كۆرسىتىۋاتقان مېھرىبانلىق، ھۆرمەت، كۆيۈمچانلىق ئالامەتلىرى ئىدى. نەپىسە ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى مەنىسىز، لەززەتسىز ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئەڭ قىممەتلىك مەزگىلىنى شامالغا ئۇچۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ چوڭقۇر تىندى ۋە بەدەن - بەدەنلىرىدىن خورلۇق، ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق سەزدى. شۇنىڭدىلا ئۇ ئاپايىقى سوئاللارغا جاۋاب تاپقاندەك بولدى ۋە بىرنەرسىنى چۈشەنگەن قىياپەتتە بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نەپىسەنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، چاي ئىچىۋېتىپمۇ، ئايتۇرغاننىڭ كۆڭۈللۈك سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپمۇ زوۋان سۈرمەي، ئازابلىنىپ ئۇھ تارتتى ۋە بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى.

## 4

تۇرمۇشتىن زارلايدىغانلارمۇ، ياپرايدىغانلارمۇ بولىدۇ. لېكىن، بۇنى تۇرمۇش مەئىشىتىنىڭ قانداقلىقى بەلگىلىمەيدۇ. باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپمۇ قاقشاپ ئۆتىدىغانلار، نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپمۇ يايراپ ئۆتىدىغانلار بولىدۇ. بۇنىڭغا ھەيران قېلىش ھاجەتسىز. ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىنسانلار شۇنداق ياشاپ كېلىۋاتامدۇ؟!

بەش يىل — كىشىلەرگە ئوخشىمىغان ھەر خىل قىسمەتلەرنى ئاتا قىلغان بەش يىل غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. تۇرغان بىلەن ئايتۇرغاننىڭ تۇرمۇشىدا ئانچە زور ئۆزگىرىش بولمىدى. بولدى دېيىلسە، ئۇلار ھازىر ئىككى باللىق بولدى. ئالتۇن ھالقا بىلەن ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى سېتىۋالغان سېيرىغا بىر تايىنچا، بىر موزاي قوشۇلدى. ئايتۇرغان

سېرىلىپ ـ جۇدەپ قالدى. مەڭزىدىكى قىزىللىقمۇ يوقاپ، پېشانە، ئېڭەكلىرىگە بىرنەچچە تال سىزىقلار تارتىلدى. دادىسى هازىرغىچە پەيلىدىن يانمىغاچقا، ئۆز ئۆيىگە بارالمايتتى. دادىسى يوق چاغلاردا ئانىسى يوشۇرۇنچە كېلىپ قىزىنى يوقلاپ كېتەتتى. تۇرغاننىڭمۇ مەڭزى ئىچىگە كىرىپ، چىرايى قارىداپ قالدى. ئەمما، ئۇلار ئۆتكەن كۈنلىرىدىن زارلانمىدى، كىشىلەرگە هال ئېيتمىدى، تۇرمۇشىنىڭ ئاخىر بىر كۈنى ياخشىلىنىشىغا ئىشەنچ قىلغاچقا، چىرايلىرىدا هەمىشەم ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئاخىر ئۇلار ئاز يەر بىلەن، ئاشلىق تېرىش بىلەن تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بىر ئىلاج قىلىپ يەر كۆپەيتىش لازىملىقىنى، تېرىقچىلىق قىلىشتا، بولۇپمۇ كۆكتاتچىلىقتا مۇقىملىشىپ قالغان كونا ئادەتلەرگە يېپىشىۋالماي، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلىش هەم ئۇنى ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى هېس قىلىشتى.

— ئۈمىدسىزلىك كىشىنى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدۇ، — دېدى ئايتۇرغان ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن تۇرغانغا، — راست، تۇزۇك روناق تاپالمىدۇق، ئەمما بوشىشىپ كەتسەك بولمايدۇ. پەمىدۇر كۆچىتىنى 5 ـ ئايدا كۆچۈرسەك قانداق روناق تاپىمىز ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — تۇرغان گېزىت قەغىزىدە قوپال ئورالغان كۆك تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى، — بازاردا پەمىدۇرنىڭ بىر كىلوسى يىگىرمە تىيىنغا چۈشكەندە، بىزنىڭ ئاران پىشتى، ئۇ يېڭى چىققاندا بەش سوم ئىدى.

— دېھقانلارنىڭ يېڭى يولدا مېڭىشى، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشى تەس، راۋانلىشىپ قالغان يولدىن چىققۇسى كەلمەيدۇ، ئىلگىرىلىيەلمىسە، ئۇنى ئۆزىدىن كۆرمەيدۇ. بىزمۇ بىلىپ تۇرۇپ ئۈچ ـ تۆت يازنى شۇنداق ئۆتكۈزۈۋەتتۇققۇ.

— راست، بۇرنىمىزغا ئەمدى سۇ كىردى، بولدى، كىگىز ئالىمىز دەپ يىغقان پۇلغا سولياۋ يوپۇق ئالايلى. قار كەتتى،

ئېتىزلار قارايدى، لازا ـ پەمىدۇر كۆچىتىنى هازىر تىكىپ يوپۇق ياپساق، جۇدۇن ـ چاپقۇن، توقاللاردىن ئامان قېلىپ، بىزنىڭمۇ پەمىدۇرلىرىمىز بالدۇر پىشىمامدۇ. يەنە بىر گەپ، يېزىلىق هۆكۇمەت شورلۇق جىلغىنى مېنىڭ يەر قىلىۋېلىشىمغا بەردى. كۇچىنىپ بىر هەپتە ئىشلەپ، جىلغىنىڭ ئاستىنى تۇزلەپ، يانباغرىدىن ئىككىدىن ئېرىق ئالسام، تۆت مودىن جىقراق ياخشى يەرگە ئايلىنىدۇ.

— ئۇ يەر شورلۇق تۇرسا ؟

— ئىككى قېتىم سۇ ئاقتۇرۇۋەتسەك، شورنىڭ هېچنېمىسى قالمايدۇ. سورتلۇق شاپتۇل كۆچىتىنى تىكىمىز، ئىككىنچى يىلى مېۋىگە كىرىدىكەن، ئۇچىنچى يىلى خېلىلا ياخشى هوسۇل بېرىدىكەن، بۇ مەشۇر بوۋاينىڭ مەسلىهەتى.

ئايتۇرغاننىڭ كۆز ئالدىدا روناق تېپىش — تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ پارلاق يولى، گۇزەل مەنزىرىلەر ئېچىلغاندەك بولدى، هېلىقى كىچىككىنە شورلۇق جىلغىدا كاتتا شاپتۇللۇق باغ بىنا بولغاندەك، هەممىدىن بۇرۇن پەمىدۇرلىرى قىزىرىپ پىشىپ كەتكەندەك، غايىبانە گۇزەل مەنزىرىلەردىن كۆزلىرى قاماشتى، هاياجانلاندى ...

ئۇنىڭ تۇرغان بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغىنىغا بەش يىل بولاي دەپ قالدى. ئۇلار تېرىقچىلىقنى هەر يىلى يېڭى بىر ئۇمىد بىلەن باشلايتتى. ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى يىغىشتۇرۇلغاندا، قاداق باسقان قوللىرى ئۇمىد قىلغىنىدەك تۇزۇككىنە پۇل كۆرمەيتتى. ئۇمىدىنى ئىككىنچى يىلغا باغلايتتى، يەنە شۇ بۇرۇنقى هالەت كۆرۈلەتتى. شۇ تەكرارلىنىشلار مانا بەشىنچى يىلنىڭ تېرىقچىلىق مەۋسۇمىغا ئۇلاشتى، لېكىن ئۇمىدى ئۇزۇلمىدى. ئۇلار هەربىر يىلغا يېڭىدىن ـ يېڭى ئىشەنچ بىلەن كىرىپ كەلگەندەك، بۇ يىلقى تېرىقچىلىققىمۇ يېڭى ئۇمىد، ئىشەنچ بىلەن كىرىپ كەلدى.

تۇرغان ئېتىزغا چىقىپ كېتىپ، ئايتۇرغان قاچا ـ

قومۇچلارنى يۇيۇپ ئولتۇرغاندا، هويلىغا تېتىك قەدەملىرى بىلەن نەپىسە كىرىپ كەلدى. ئۇ روھلۇق، خۇشال ئىدى. ئايتۇرغان ئۇنى خۇشال قارشى ئالدى. ئىككىسى پاراڭ بىلەن خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدى.

— كۆڭلىرىڭ قانداق دەمسەن ؟ ئېرىم يەتمىش ياشقا كىرەي دېدى، ئۇ هازىر هالسىز بوۋاي. هالسىز بوۋاي بىلەن ئۆتۈۋاتقان كۆڭلىرىم قانداق بولاتتى، — ئايتۇرغاننىڭ ئۆيىگە يەنە قىزىل پىكاپىغا ئولتۇرۇپ كەلگەن نەپىسە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ هېچقانداق هېيىقماي، قورۇنماي، ئۇنىڭ سوئالىغا چاڭىلداپ جاۋاب بەرمەكتە ئىدى، — سەن يىرگىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋاتىمەن. شۇنداق قىلماي ئىلاجىم يوق، دوستۇم. ئۇ قېرىغا تەگكەن كۈنۈمدىن باشلاپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانىدىم، نەپرەتلەنگەنلەر ئەسلىدە ماڭا كۆيۈنگەنلەر ئىكەن.

نەپىسەنىڭ بۇ ئۆيگە كەلمىگىنىگە ئۈچ يىل بولغان. ئۇ هازىر بۇرۇنقى نەپىسە ئەمەس، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. هېلىقى چاغلاردا چىرايى، يۇرۇش ـ تۇرۇشىدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان غەمكىنلىك ـ مەيۈسلۈكتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. شۇنداق سۆزمەن، چاڭىلداق، ئەركىن بولۇپ كېتىپتۇ.

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسەن، نەپىسە؟ — دېدى ئايتۇرغان ئۇنىڭ چۆرىسى كۆكىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — دېگەن گەپلىرىڭگە مەن هەيرانلا قېلىۋاتىمەن، ئۆزۈڭ نەپرەتلەنگەن ئىشنى قانداقمۇ قىلغىلى بولىدۇ ؟

— سەن هەيران قالىدىغان ئىشلار كۆپ، دوستۇم، پۇل ـ دۇنيالىرىم يېتىپ ـ ئاشقۇدەك بار، قولۇمنى قاياققا سوزسام، شۇ ياققا يېتىدۇ، موهتاجلىق كۆرمەي ياشاۋاتىمەن، بىراق ماڭا مۇھەببەت، لەززەت بېرىدىغان ئادىمىم هالسىز، خۇددى قۇرۇپ كېتىۋاتقان قېرى قارىياغاچتەك تۇرسا، قانداق قىلاتتىم. ئىككى يىگىتىم بار، شۇلار بىلەن ئوينايمەن، ئۇلارغا پۇل بېرىمەن ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆزلىرى پارقىراپلا قالغان ئايتۇرغان ياقىسىنى تۇتتى.

— ياقاڭنى تۇتىسەنغۇ، — دېدى نەپىسە سۈس كۈلۈمسىرەپ، — بېشىڭغا كەلمىدى، بىلمەيسەن، شۇنداق قىلماي قانداق قىلىمەن؟ يا ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم سۇ ئىچمىسە، يا ياشلىقىم تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەر ئۇنىڭدا بولمىسا ... ئىككى تەرەپ تەڭ ياخشى كۆرسە، ئوتتۇرىدا مۇھەببەت پەيدا بولىدىكەن، مەن ياخشى كۆرمەي، بايلىقىقا قىزىقىپ تەگكەن، دادامدىن چوڭ ئادەمنى ياخشى كۆرۈشۈمۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مانا ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالدىم.

— شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يولغا نېمىشقا ماڭغانسەن، دوستۇم؟ ئەر دېگەن بىزگە ئوخشىمايدۇ، قېرىپ كەتسىمۇ ئەرغۇ ؟

— ۋاي، نېمە دەيدىغانسەن، ئۇنىڭدىن كۈندۈزى كۆرىدىغىنىم ئۆگدەك، كېچىسى ئاڭلايدىغىنىم خورەك تۇرسا، شۇنداق قىلماي نېمە ئىلاجىم ؟ قىلچە ئۆكۈنۈشۈم يوق.

نەپىسە قورۇنماي، غەممۇ تارتماي شۇنداق دېدى - دە، كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— ئولتۇر، بىر چاغلاردا پۇرچاق سالغان سۇيۇقئاشنى ياخشى كۆرەتتىڭغۇ، شۇنى ئىچىپ بېرىمەن.

— پۇرچاق سالغان سۇيۇقئاشقا ئامراقلىقىم تېخى ئېسىمدە بار ئىكەن، شۇنداق ئىچكۈم بار ئىدى، بىراق ئالدىرايمەن، سېنى سېغىنىپ قاپتىكەنمەن. كۆرۈشۈپلا چىقاي دەپ كېلىشىم، بارىدىغان يېرىم بار، ساقلاپ قالىدۇ، — نەپىسە ئۆزىچىلا كۈلۈپ كەتتى، — ياشلارنى ساقلىتىپ قويساڭ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنسەن، خوش.

ئايتۇرغان دوستىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆيگە يېنىپ كىردى - دە، كىچىك ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە بىردە تاتىرىش، بىردە قىزىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كۆزلىرىدە

بىردە غەزەپ - نەپرەت، بىردە ئازاب - ئېچىنىش ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئۇ ئاستا پىچىرلىدى: مەن نامرات بولسىمۇ، كۆڭلۈم خالىغان ئادىمىم بىلەن بىللە بولغاچقا، نەپسەنىڭ ئاشۇ قىلىقلىرىدىن يىرگىنىۋاتىدىغاندىمەن، كىم بىلىدۇ، شۇ كۈنگە مەنمۇ قالغان بولسام، ئۇ باسقان قەدەمنى مەنمۇ بېسىشقا مەجبۇر بولارمىدىم تېخى، بىچارە نەپسە ياخشى قىز ئىدى، بىراق پۇل - دۇنياغا باش ئەگدى، شۇنى دەپ ئەرگە تېگىپ، چۈشكۈنلەشتى، كىشىلەرنىڭ يىرگىنچ، قارغىشىغا قالدى ... ئۇھ، كۆڭلۈم، ئىنسانلىق غۇرۇرىنى يوقاتمىغان، پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە بېرىلمىگەن كۆڭلۈم، سەندىن خۇشالمەن، سېنى ئەلا بىلگىنىم مېنى بۇلغىنىشتىن ساقلاپ قالدى. شۈكۈر خۇدايىم، شۈكۈر، ئۆمرۈمدە ساپ، تازا، پاكىز ئۆتۈۋاتىدۇ، كۈلۈپ يايراۋاتىدۇ ... مېنى كىم بايلىقى يوق دەيدىكەن ؟ ھەرقانداق زور ماددىي بايلىقتا تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان گۈزەل، قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىم بار !

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى

# قانلىق داغ

بالىنىستىتا ياتقان ئاغرىقلار ماڭالىغۇدەك بولسىلا بىر ـ بىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ تۇرىدۇ. ئۇن ئالتە ـ ئۇن يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بۇ قىز ياتقان ياتاقتا قايسىبىر ئاغرىق كىرىدىكەن، ئۇلاردا هامان ئىچىنىش پەيدا بولاتتى. كىرگەنلەر قىزنىڭ كۆڭلىنى ياساپ چىرايلىق گەپلەرنى قىلىسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرىگە ئۆزلىرى ئىشەنمەيتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ، قىزنىڭ هاياتىنى ئويلاپ كېتەتتى. ئېغىر ئازابتا قىينىلىپ ياتقان قىزغا كىمنىڭمۇ ئىچى سىيرىلمىسۇن؟! كاشكى ئۇ ئۆزىدە پەيدا بولغان بىرەر ئاغرىق بىلەن ياكى باشقىلار تەرىپىدىن بىرەر زىيانكەشلىككە ئۇچراش بىلەن ياتقان بولسىچۇ ... تووۋا، تووۋا، مۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن ـ هە ! ... «يېنىكلىك ـــ شەيتانلىق، ئېغىرلىق ـــ راهمانلىق» دەپ كىممۇ ئېيتقان بولغىيدى؟ !

جان ئاچچىقىدا قىلىنغان ئىش ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن، ئۇنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىدىن قىزنىڭ ئانىسى مايسىخان چوڭقۇر ئازابتا قالغانىدى، ئادەملەرنىڭ گويا يىرتقۇچ هايۋانغا ئايلىنىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىكەن، شۇنداق مەزگىلدە كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەي، يىرتقۇچلارچە هۆركىرەپ، قاتتىق ئەسەبىيلىك ئىلكىدە قانلىق هەرىكەتلەرگىمۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئەگەر ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى بىلىپ، ئۆزىنى بېسىۋالغان بولسا، مۇنداق ئېغىر ئازابتىمۇ قالمىغان بولار ئىدى.

قىزى بېشىنى ئېگىز قىلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ ئاق - سۇزۇك يۈزى بارغانسېرى سۇزۇلۇپ، قىپقىزىل، نېپىز لەۋلىرى سۇس ھال رەڭگە كىرىپ، قارلىغاچ قانىتىدەك قېشى، قاپقارا قايرىلما كىرپىكلىرى ئاق يۈزىگە ئاجايىپ سېھرىي گۈزەللىك ئاتا قىلغانىدى. مايسىخان قىزىنىڭ بۇ يەردە ياتقاندىن بېرى كۈندىن - كۈنگە چىرايلىقلىشىۋاتقانلىقىدىن دەھشەتلىك قورقۇنچتا قالدى: «ھەي ... بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس، — دەپ تولغىناتتى ئۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ پىچىرلاپ، — قىزىمدىن ئايرىلىپ قالامدىم نېمە ... خۇدا، ئۇلۇغ خۇدا، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، قىزىم تېخى ياش ...» ئۇ ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك خىيالىدىن، ئازابلىق نالىسىدىن تېخىمۇ ئالاقزەدىلىككە چۈشەتتى. ئۇنىڭ قىزىنىڭ بېشىدا مۈشۈنداق ئازابلىنىپ، قورقۇنچ بېسىپ ئولتۇرغىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى. بىر ئايدىن بېرى ئۇ قانغۇدەك ئۇخلىغىنى، كۆڭلى تارتىپ تاماق يېگىنىمۇ يوق. ئۇمۇ مەيلىتى، دوختۇرلار شۇنچە كۆڭۈل قويۇپ، بارلىق ئامال - چارىلەرنى ئىشلىتىپ ئۇنى داۋالاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ياخشىلانماي، كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىۋاتقاچقا، ئانىنىڭ ھەربىر كۈنى ئەلەم، ئازاب، پۇشايمان، ئاللىقانداق قورقۇنچ بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. بەزى كۈنلىرى قىزى ياخشىلانغاندەك قىلىپ ئۈمىد ئاتا قىلسا، بەزىدە بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ئەندىشە پەيدا قىلاتتى. ياخشى - يامان ئوي - پىكىرلەر ئانىنى مادارىدىن كەتكۈزۈۋېتەي دەپ قالغانىدى.

مايسىخان قىرىق ياشلارغا ئەمدىلەتىن كىرگەن، خۇددى ئەرلەردەك قاۋۇل، ئىشچان، سودا - سېتىققا پىششىق ئايال. ئۇ شەھەرگە تۇتاش كىچىك يېزىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يالغۇز جاڭزىدا دېھقانچىلىق قىلىدۇ. دېھقانچىلىق قىلغاندىمۇ، ئون بەش مو يېرىنىڭ ئۈچ مو يېرىگە بۇغداي تېرىپ، قالغان ئون ئىككى مو يېرىگە ئوغلى، مۈشۈ قىزى بىلەن كۆكتات تېرىيدۇ. باشقىلار بىر مو يەردىن ئۈچ يۈزدىن ئالتە يۈز جىڭغىچە بۇغداي ئالسا، ئۇ مىڭ جىڭدىن ئاشۇرۇپ ئالىدۇ. باشقىلار بىر تۈپ

پەمىدۇردىن بىر، بىر يېرىم كىلوگىرامدىن ئىككى كىلوگىرامغىچە پەمىدۇر ئالسا، ئۇ ئۈچ كىلوگىرامدىن تۆت كىلوگىرامغىچە پەمىدۇر ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كۆكتاتلىرى باشقىلارنىڭ كۆكتاتلىرىدىن ئون بەش - يىگىرمە كۈن بۇرۇن بازارغا كىرىدۇ. تېخى ئۇ ھەر كۈندىكى كۆكتاتلىرىنى باشقىلارغا بىراقلا ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ئوغلى بىلەن ئىككىسى ئىككى ئېشەك ھارۋىدا پارچە سېتىپ تۈگىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بازاردىن يانچۇقلىرىنى پۇلغا تولدۇرۇپ قايتىدۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ يېرى توققۇز مو ئىدى، تاشلىنىپ قالغان دۆڭلۈكتىن ئالتە مو يەر ئېچىپ، يېرىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي، مۇشۇ ئاغرىق ياتقان قىزنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار يېزىدىكى ئەڭ ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان.

ھازىر 8 - ئاينىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ، كۈزلۈك ئوتياشلارنىڭ ئوتىقىنى قولدىن چىقىرىدىغان، ئوغۇت بېرىدىغان ئالدىراش پەيتى. كۆكتات تېرىشتىن تارتىپ ئۇزۇشكۇچە بولغان مۇھىم ئىشلارغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغان، ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغان چارە - تۇجۇپىلەشلەرنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان مايىسخاننىڭ ئېسىدىن ئۇ ئىشلار ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى، قايغۇسى، قىزىدا ئىدى. چۈنكى قان — جان دېگەن گەپ بار، نېمە چارە؟! قىزىدىن ھازىرغىچە قان توختىمايۋاتاتتى، قىزى ئۇخلاپ قالسا، ئانا بىرئاز خاتىرجەملىنىپ ئارام ئالغاندەك بولۇپ قالاتتى. ئويغاق بولسا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەكس ئېتىپ تۇرغان مەيۈس ئۇچقۇنلارنى، كىرپىكلىرىنىڭ ھالسىز ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، قاتتىق بىئاراملىقتا چۈشۈپ قالاتتى.

قىز كۆزىنى ئۆندەرىگەندەك ئىتتىك ئاچتى ۋە شۇئان بوشىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈن - تىنىسىز يېتىشى، كۆزىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرۇشى، ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىقنىڭ تارتىشىپ

قالغاندەك كۆرۈنۈشى، كىشىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھالىتىنى ئەسلىتەتتى. مايسىخان بىرنەرسىدىن چۆچۈگەندەك ئالاقزەدە بولۇپ، قىزىغا ئاستا ئېڭىشتى.

— زىبىگۈل، بۈگۈن قانداقراق سەن، قىزىم ؟ — ئانىنىڭ چىرايىدىن ئەنسىزلىككە چۈشكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— بۈگۈنما ؟ ... بۈگۈن خېلىلا ياخشى، ئاپا ... — زىبىگۈلنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئىككى تامچە ياش يالتىرىدى. ئۇ ھېلىلا چۈش كۆرگەنىدى: توختى بىلەن ئۇلۇغ دەريادا ئۈزۈپ يۈرگۈدەك، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆزۈرلىنىپ ئۈزۈۋاتقاندا دەھشەتلىك بىر قاينامغا كىرىپ قاپتۇدەك، توختى ئۇنى قايىنامدىن ناھايىتى تەسلىكتە تارتىپ چىقىرىپ، قىرغاقتا يېقىنلاشقاندا، ئالدىدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، بىر شىر چىقىپ قاپتۇدەك، ئىككىسى قورقۇپ ئىلاجسىز ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلاپتۇدەك ...

— يىغلىما قىزىم، ياخشى بولۇپ كېتىسەن، — دېدى مايسىخان ئۇنىڭ يېشىنى ئېرتىپ.

— قورقماڭ، ئاپا ... ياخشى بولۇپ كېتىمەن، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىمەن ...

زىبىگۈل ئاپىسىغا ھەرقاچان شۇنداق دەپ تەسەللى بېرەتتى. ئاپىسىنىڭ بىر ئايدىن بېرى پايىپېتەك بولۇپ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىغا، كۈندىن ـ كۈنگە قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچى ئاغرىيتتى ۋە ئۇ بەزى كۈنلىرى ئاپىسىنىڭ تالاغا چىقىپ، يىغلاپ كىرىدىغانلىقىنىمۇ سېزەتتى ھەم ئاپىسىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەنلىكىدىن، قاچانلا كۆزىنى ئاچسا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنەتتى.

— مېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى، بالام، سېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىڭغا مەن سەۋەبچى بولدۇم، قوزام ... — مايسىخان تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى، — ئاچچىقىنىڭ ئەقىلنى كېسىۋېتىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىمەن، ئىسىت،

ئىسىت ...

— جېنىم ئاپا، ئۇنداق دېمەڭ ... — زىبىگۈل چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىپ سۆزلەيتتى، — سىز مېنى موھتاجلىق كۆرمەي ياشىسۇن، بەختلىك بولسۇن دەيتتىڭىز ... غېمىمنى يەيتتىڭىز ...

— جېنىم بالام، ئالتۇن بالام ... — قىزىنىڭ ئاغزىدىن چىققان شۇ گەپلەر ئانىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتىۋەتتى.

— مېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى، سېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىڭغا مەن سەۋەبچى.

قىزىنىڭ ئۆلۈم ئازابىدا قىينىلىپ يېتىپ قېلىشىغا راستتىنلا ئاپىسى سەۋەبچىمۇ ؟

زىبىگۈل سەككىزىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن يىلى باھاردا توختى بىلەن تونۇشۇپ بىر - بىرىگە كۆڭۈل بېرىشتى، ئايرىلمايمىز، دەپ قاتتىق ۋەدىلەشتى. ئۆمۈر تارىخىدا يېڭى بىر بەت ئاچقان قىز باشقىچە بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك، ھايات گۈزەللىكى، ياشاشنىڭ يېقىملىقلىقى ۋە لەززىتىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك جۈپ تاپقانلىقىدىن شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، ئاپىسى قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەرگەندىمۇ، ساۋاقلىرىدىن يۇز نومۇر ئالغاندىمۇ مۇنچىلىك يايراپ كەتمىگەنىدى، ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈش، كۈندە نەچچە قېتىم ئەينەككە قاراش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ، قەيىرىمدە نۇقسانىم باردۇر، دەپ ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈپ يۈرىدىغان بولدى. بۇ، گۈللەر راسا ئېچىلغان، بۇلبۇللار مەست بولغان چاغلار ئىدى. تەبىئەت گۈزەللىكىگە ئانچە ئېرەنمۇ قىلمايدىغان، قۇشلارنىڭ سايرىشىغا ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەيدىغان قىز مانا ئەمدى گۈل - گىياھلارنى كۆرسە، روھىي گۈزەللىكلەرنى ھېس قىلىدىغان، سەھەر شامىلى چىقسا، بەدەن - بەدەنلىرىنىڭ يايراۋاتقانلىقىنى سېزىدىغان، بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايرىسا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مەست بولىدىغان بولۇپ قالدى. بىر

قىز بىرى بىلەن يۈرسە، ئۇنى ئاڭسىز ھالدا ياكى مەقسەتلىك ھالدا يېپىۋېتىدىغان ئۇنىڭ دوستلىرى بولىدۇ.

قىزنىڭ ئانىسى مايسىخان زىبىگۈلنىڭ توختى بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتتى:

— ھوي جۇۋاينىمەك، توختى بىلەن يۈرۈۋېتىپسەنغۇ، — دېدى بىر كۈنى ئانىسى چېچىلىپ، — بېشىڭنى ھەرە چېقىۋالدىمۇ، ئون يەتتىگە كىرەر ـ كىرمەي تۈرۈپ بۇ نېمە قىلىق ؟

زىبىگۈل قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇراتتى، مايسىخان غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— «قىزىڭ ئاشىق بولسا يەرگە باق» دېگەندەك مېنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلماقچىمىدىڭ ؟ ... پايتىمىسىنى تەتۈر ئوراپ يۈرگەن بىكار تەلەپنى قانداقمۇ كۆڭلۈڭ تارتتى ـ ھە ؟

— مەن يۈرمىدىم، بىللە ماڭسا يۈرگەن بولامدۇ ... — زىبىگۈل تىرنىقىنى تاتىلاپ يەردىن بېشىنى ئالمايتتى.

— يۈرمىدىم ؟ ... يۈرمىسەڭ، جىگدىلىكتە نېمە ئىش قىلىشىسەن ؟ كىنودىن يېنىپ كۆچەتلىككە كىرىپ كېتىشەمسەن؟ شەھەرگە كىرگەن ئادەم باغچىغا نېمىگە كىرىشتىڭ؟ تاللىقنىڭ دالدىسىدا نېمە ئىش قىلىشتىڭ ؟ ئېيتە، قانجۇق !

زىبىگۈل قورقۇپ، لاسىدە بوشاپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە: «كىممۇ دېگەندۇ، كۆرۈپ قالغاندەكلا گەپلەرنى قىلىۋاتىدا» دەپ ئويلىدى.

— سەن توختىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتىڭما؟ دادىسى تۈردىنىڭ تىرىكتاپلىقىنى ئۇقمامسەن ؟ — مايسىخان قىزىنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن قەھرى بىلەن ئېغىر گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى، — ئىككى بويتاق بىر پارچە يېرىنى ئەپلەپ تېرىيالماي، كۆكلەم كېلەر ـ كەلمەي، ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئۇن

تىلەيدىغانلىقىنى كۆرمىگەنمىدىڭ ؟ ئۇنىڭ نېمىسىگە ئاشىق بولغانسەن؟ مەينەتچىلىك يېغىپ تۇرغان چىرايىغىمۇ ؟ تۆكۈلۈپ تۇرغان كىيىم - كېچەكلىرىگىمۇ ؟ ئۆرۈلەي دەپ قالغان ئۆيلىرىگىمۇ ؟ گەپ قىلە، تاڭغا چىشلىۋالدىڭمۇ، ھەي كۆڭلى پەس ! ...

— ماقۇل.

— نېمىگە ماقۇل ؟

— يۇرمەي.

— مېنى ئالدىساڭچۇ ؟

— ئۆلتۈرۈۋەت.

مايىسخان چوڭقۇر تىندى.

— قېنى، ئىككىنچى سەن شۇ كوچىغا كىرىپ باق، پۇتلىرىڭنى چېقىۋەتمەيدىغان بولسام ! ...

بۇ زىبىگۈلنىڭ يىللىق ئىمتىھان بېرىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توختى بىلەن كۆرۈشمىدى. مايىسخان كۆكتاتچىلىق ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي، شۇ يىلى قىزىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. ئەمما، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى زىبىگۈلنىڭ توختىنى سېغىنىشى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇنى كۆرمەسلىككە يۈرىكىنىڭ چىدىمايدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى. ئىشق - مۇھەببەت شۇنچىلىك سېھرىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىدىكى، ئۇ توختىنىڭ نامرات - كەمبەغەللىكىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ تايىنى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەي دېگەن كونا ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى، قوراي بېسىپ كەتكەن ۋەيرانە ھويلىسىنى زىبىگۈل خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى. ئۇ ھامان زىبىگۈلنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن ئالغان يىگىتى بولۇپ قېلىۋەردى.

زىبىگۈل توختى بىلەن ئۇچرىشىپ كۆڭلىگە ئارام تاپتى. مايىسخان بىر كۈن تۇرۇپ، بىر كۈن ئىككى ئېشەك ھارۋىغا لىق كۆكتات بېسىپ ئۇنى ساتقىلى ئوغلى بىلەن بازارغا كېتەتتى.

قىزنىڭ توختى بىلەن ئۇچرىششى دەل مۇشۇ مەزگىلدە، ئۆز ئۆيىدە بولاتتى.

بۈگۈن توختى مايىسخان بازارغا مېڭىپ، خېلىدىن كېيىن زىبىگۈلنىڭ يېنىغا كىرگەنىدى. زىبىگۈل چاي قىلدى. ئىككىسى چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ كەلگۈسى كۈنلەر توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ قالدى.

— ئاپام بەك جاھىل، — دېدى زىبىگۈل مۇلايىملىق بىلەن، — ئۇنىماي تۇرۇۋالسا قانداق قىلارمىز؟

— قاچىمىز، — توختىنىڭ قارامتۇل يۈزىدىن، قارا كۆزلىرىدىن خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، — بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يۇمشاپ قالىدۇ، ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىدۇ، شۇنداق بولۇۋاتىدۇغۇ.

— قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتسەككۇ ياخشى، ئەمما سىز بىلمەيسىز، ئاپام شۇنداق جاھىل، ئاچچىقى يامان، ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساق، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

بىردىنلا ھارۋىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. زىبىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ۋيەي ... ئاپاممۇ نېمە؟ ... بازاردىن مۇنداق بۇرۇن قايتمايدىغان ... يۈرىكى قاتتىق ئۆرۇپ كەتكەن زىبىگۈل ئۆيدىن چىقىپلا، ئاپىسىنىڭ دەرۋازىدىن ئېشەك ھارۋىنى تاراقلىتىپ ھەيدەپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. مايىسخان سەھەر بازارغا ماڭغاندا قىزىغا پەمىدۇر، لازا، پېدىگەنلەرگە سۇ تۇتۇشنى تاپىلاپ قويغان، سۇ تۇتۇلدىمۇ، تۇتۇلمىدىمۇ، دەپ ئەنسىرەپ، كۆكتاتلىرىنى ئۆلگۈچە سېتىۋېتىپ، ھەر كۈندىكىدىن خېلىلا بۇرۇن قايتىپ كەلگەنىدى.

— ھە، نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭنىڭ ئۆڭى يوققۇ، پەمىدۇر، لازىلارغا سۇ تۇتماپسەن ـ دە؟

— ياق ... سۇنى ئېچىپ قويغان ...

— تېخىچە قارىمىدىم، دېگىنە ؟
— ھازىر قاراپ باقاي، دەپ تۇراتتىم ...
مايىسخان ئېشەكنى چىقىرىشقا تۇتۇندى ... ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان زىبىگۇل يا ئاپىسىغا ياردەملىشىشنى، يا ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى بىلەلمەي، ئالاقزەدىلىككە چۈشۈپ قالغانىدى. شۇ ئارىلىقتا توختى ئۆيدىن ئاۋۋال بېشىنى، ئاندىن ئۆزىنى چىقاردى.
— ۋۇي، توختىغۇ بۇ !
توختى مايىسخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا قاچتى. مايىسخان قولىدىكى چۇلۇۋۇرنى تاشلاپ، ئۇنى قوغلىدى. توختى ئوچۇق دەرۋازىدىن چىققانچە يول بىلەن ئەمەس، ئېتىز ئارىلاپ قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى. مايىسخان ئۇنى خۇددى ياش يىگىتلەردەك چەبدەسلىك بىلەن قوغلىماقتا ئىدى. لېكىن، توختى ئۇزاپ كەتتى. مايىسخان كۆچەپ ئىككى ـ ئۈچ يۈز مېتىردەك يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ، يېتىشىۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن توختاپ قالدى.
— خەپ، توختى، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم ! ... — دېدى مايىسخان ھاسىراپ تۇرۇپ. توختىنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن، ئۇ شۇ ئاچچىق ئەلەم، ھەسرەتتە كەينىگە ياندى ـ دە، قورۇغا كىرىپ كەلدى ۋە شۇ كىرگەنچە، قورقۇپ قېتىپلا قالغان زىبىگۇلنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. ئۇرغاندىمۇ خۇددى ئەرلەردەك ئىشلەپ قاتقان قوللىرى بىلەن ئىككى مۇشتلاپ ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى، مەيدە ـ دۈمبىلىرى ۋە ئاچبىقىنلىرىغا ئالا قويماي ئۇردى. قىزى يىقىلدى. ئۇ ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويىلىپ، يېرىم ھوشسىزلىنىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ قالغان قىزىنى قولىدىن سۆرەپ ئۆيگە ئەكىرىپ تاشلىۋەتتى.
— قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىڭ، رەسۋا؟! ... ئويلىغىنا، مەن سېنى يامان كۈنگە قالسۇن دەۋاتىمەنمۇ، — بەدەنلىرى تىترەپ، ئاچچىقى بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقان مايىسخان

قەھرى بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى، — موھتاجلىق كۆرگۈك، قىيىنچىلىق تارتقۇلۇق كەلدىمۇ ؟ ئۇ سېنى پىتى بىلەن باقامدۇ ؟!

زىبىگۇل بىر ھەپتە يېتىپ ئورنىدىن تۇردى. مايسىخان كۆكتاتلىرىنى بازارغا ئۆزى ئاچىقمايدىغان بولدى. زىبىگۇل توختىنى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. قارشىلىق ئۇنىڭ توختىغا بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. «يار ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق» دېگەنلەر توغرا دەپتىكەن، ئۈمىد، ئىشەنچ ئۇنى چاپسانلا ئەسلىگە كەلتۈردى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، مايسىخان: «قىزىم ئەمدى ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندۇ، بوسۇغا ئاتلاپ سىرتقا چىققىنى يوق، ھېلىقى يېتىم ئوغلاقنىمۇ قارىسى كۆرۈنمىدى» دەپ ئويلىغان كۈنى زىبىگۇل توختى بىلەن ئۆز ئۆيىنىڭ كەينىدە كۆرۈشتى. بۇ تازا چاشكا مەزگىلى بولۇپ، مايسىخان ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان، ئاكىسى ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان پەيت ئىدى. ئۇلارنى ھېچكىممۇ كۆرمىدى. كۆرۈشۈش ۋاقتى قىسقا بولدى. زىبىگۇل ئۆزىنى يەكشەنبە كۈنى بىر دوستىنىڭ چايغا چاقىرىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، چايغا بېرىش ئارىلىقىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. توختى كۆرۈشىدىغان جاينى كېلىشىپ قويۇپ قايتتى.

زىبىگۇل چايغا مېڭىپ يېرىم سائەت ئۆتەر - ئۆتمەيلا مايسىخان ئولتۇرالماي قالدى: «چايغا بارىمەن، دەپ ھېلىقى شۇم بىلەن كۆرۈشەمدۇ يا، — دەپ گۇمانلاندى ئۇ، — دوپپامغا جىگدە سېلىپ يۈرمىسۇن يەنە، كۆڭلۈمگە كەلگەن ئىش بولماي قالمايدىغان، ئېغىرلىق قىلماي.» مايسىخان ئۆيدىن شامالدەك تېز چىقىپ يولغا چۈشتى - دە، بىردەمدىلا مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. چاي قىلغان قىز باشقا قىزلارنىڭ كېلىپ بولغانلىقىنى، زىبىگۇلنىڭ تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. مايسىخاننىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى: «يەنە ئالدىنىپتىمەن - دە، ... ئىككىسى كۆرۈشمەكچىكەن - دە، ئۇلار چوقۇم جىگدىلىكتە، خەپ زىبى، خەپ ! ... مايسىخاننىڭ پۈتۈن ئەزايى

بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، كۆزلىرى ياندى، — ئاشىق - مەشۇقلۇقۇڭنى بۇرنۇڭدىن بۇلاق قىلمايدىغان بولسام، تېخىچە بۇرنۇڭغا سۇ كىرمەپتۇ - دە، خەپ زىبى ! ... »

مايىسىخان جىگدىلىككە قاراپ خۇددى يۈگۈرگەندەك قەدەملىرىنى تېز - تېز ئېلىپ ماڭدى. ئۇ يىراقتىنلا جىگدىلىكتە ئىككى ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى ئىلغا قىلدى - دە، كۆتۈرۈمە ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۆسكىلەڭ ئوت - چۆپلەرنى دالدا قىلىپ ماڭدى، يېقىنلاپ كېلىپ چۆپلەر ئارىسىدىن ئۇلارغا قارىدى ۋە ئۇلارنى ئېنىق كۆردى: قىزى توختىنىڭ بوينىغا ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ سېلىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ چاپلىشىپ تۇراتتى. مايىسىخان ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي داڭ قېتىپ قالدى، پۈتۈن بەدەنلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتتى ۋە «رەسۋالار» دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە ئاز قالدى. ئۇ گەۋدىسىنى پۈكۈپ، ئېرىقتىن ئېھتىياتلىق بىلەن ئۆتۈپ، تۇتۇۋېلىشقا تۆت - بەش مېتىر قالغاندا، ئۇلار تۇيۇپ قالدى، توختى قاچتى، مايىسىخان قوغلىدى.

— توختا، جۇۋاينىمەك ! توختا دەيمەن ! ...

مايىسىخان ئۇنى خېلى يەرگىچە قوغلىدى، توختى تۇتۇق بەرمىدى، ئۇ ئىلاجىسىز كەينىگە ياندى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن كىشى قېچىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەن، زىبىگۈل قاچقان بولسا بەلكى قۇتۇلۇپمۇ قالار ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ چىرايىدىن دەھشەت يېغىپ تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشكەندىلا قاچتى، بىراق پەيتىنى ئۆتكۈزۈپ قويغانىدى، يەتتە - سەككىز ماڭدامدىن كېيىن، ئاپىسى ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە چېچىدىن يۆگەپ تۇرۇپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاجىز قىز ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. مايىسىخانىنىڭ ئاچچىقى بېسىلغانىدى، ئۇ شۇ ئاچچىقىدا ئالدىدا سۇنايلىنىپ ياتقان قىزىنىڭ دوۋسۇنىغا قاتتىق ئاياغنىڭ تۇمشۇقى بىلەن بىرنەچچىنى تېپىۋەتتى - دە، ھاسىراپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ تۇرۇپ قالدى.

— سېنى بۇ دۇنياغا بىنا قىلغانمۇ ئۆزۈم، يوق قىلىدىغانمۇ ئۆزۈم، ئۆل بۇزۇق ! ...

ئۇ قىزىدىن قان كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسا، يەنە ئۇرار ئىدى، قاننى كۆرۈپ توختاپ قالدى. ئەمما پەسەنتمۇ قىلمىدى. زىبىگۇل ھوشىنىمۇ بىلەلمەي، قىمىرمۇ قىلماي ياتاتتى، چۇۋۇلغان چاچلىرى يۈزىگە يېپىلغانىدى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، يېرىلغان يەرلىرىدىنمۇ قان تامچىلاۋاتاتتى. بىردەمدىلا كۆزلىرىنىڭ چۆرىلىرىمۇ كۆكىرىپ كەتتى.

مايسىخان قىزىنى تاشلاپ ماڭدى. بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ، كەينىگە ياندى - دە، ئۇنى ئۆلۈكنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. بىر ھەپتىگىچە قان توختىمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىر ئۇنى بالنىستتا ياتقۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. دوختۇرلار ياش قىزغا ئىچ ئاغرىتىپ، كۆڭۈل قويۇپ، بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن داۋالاۋاتقان بولسىمۇ، قان توختىمىغاچقا، مايسىخان ئېغىر ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ قىزىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ، ئالاقزەدىلىككە چۈشۈپ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرى مۇشۇ ئىدى.

ئەنە، ھالسىز زىبىگۇل كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ قېتىپ قالغاندەك ياتىدۇ، ئاپىسى ئېغىر ئەندىشىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇرىدۇ. قىزىنىڭ كۆڭلى ھېچنېمىنى تارتمايدۇ. بىراق «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانسىلا، قىز ئىشىككە ياكى بېشىنى بۇراپ دېرىزىگە تەلمۈرۈپ قارايدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ تېگى - تېگىدىن سۇزۇلۇپ كەتكەن يۈزىدە جانلىنىش، سەل - پەل خىرەلەشكەن چىرايلىق كۆزلىرىدە ئۈمىد يانىدۇ. مايسىخان قىزىنىڭ نېمىگە تەلمۈرۈپ، نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى، نېمىگە تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى ۋە ئۆزىدە ئازاب ھېس قىلاتتى.

قىزىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، خىياللىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مايسىخان ئىچ كۆيەرلىك بىلەن:

— زىبىگۈل، كۆڭلۈڭ نېمىنى تارتىدۇ، بالام ؟ ... پېتىر مانتا ئەكىرىپ بېرەيمۇ، گۆشنان يېگۈڭ بارمۇ؟ يا ئۆپكە ـ ھېسىپ يەمسەن؟ — دېدى. ئانا مۇنداق سوئاللارنى كۈندە دېگۈدەك سورايتتى، قىزى ياق، دەپ بېشىنى لىڭشىتاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئاپىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ئەتىمالىم، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قېلىشىنى ئويلاپ، يېگۈسى بولمىسىمۇ:

— بوپتۇ، ئاپا، ئۆپكە ـ ھېسىپ ئەكىرسەڭ ئەكىرگىنە، ئازراق يەپ باقاي، — دېدى.

مايىسخان قىزىغا قاراۋاتقاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم كوچىغا چىقتى. ئۇ چىقىپ كېتىپ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئىشىكتە توختى پەيدا بولدى. زىبىگۈل راست كۆردۈمۇ، يالغانمۇ دەپ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى.

— توختى !

— زىبىگۈل ! — توختى زىبىگۈلنىڭ بېشىغا كەلدى:

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ ؟

— مەن سىزنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلىۋىدىم، — زىبىگۈل ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.

— بىر ئايدىن بېرى كۈندە دېگۈدەك كېلىپ تۇردۇم، ھويلىدىكى گۈللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ دېرىزىدىن قارايمەن، ئاپىڭىزنى كۆرىمەن ـ دە، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىپ قالىمەن.

— كىرىۋەرسىڭىز بولمامدۇ. ئاپام ھازىر يۇمشاپ قالدى.

توختى زىبىگۈل دوختۇرخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن مايىسخاننىڭ ئۆزىنى كوچىدا كۆرۈپ قېلىپ: «توختا جۇۋاينىمەك، قىزىمنى يولدىن چىقارغان ھارىمى» دەپ قوغلاپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ:

— ياق، ئاپىڭىزدىن شۇنداق قورقىمەن ... سىزنى كۆرۈشنىڭ، يوقلاشنىڭ ھېچ ئىلاجىنى قىلالمىدىم، — دېدى.

توختى بىر سومكا نەشپۈت ئېلىپ كىرگەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنى ئېلىپ، ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ، زىبىگۈلگە

تەڭلىدى:

— مەڭ، يەپ بېقىڭا.

— كېيىن يەيمەن.

— مەن يېگىنىڭىزنى كۆرۈپ تۇراي.

— ئەمىسە، سىزمۇ يەڭ، مەنمۇ كۆرۈپ تۇراي.

ئىككىسى تەڭ چىشلىشىپ نەشپۈت يېيىشتى. توختى ئىشىككە قاراپ ئالدىراپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپلا زىبىگۈل بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن قورقماي كىرىۋېرىڭ.

— ماقۇل، — توختى كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. زالغا چىقىپلا قىزنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن — قورايدەك قۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىچى ئۆرتىنىپ يىغلىۋەتتى.

※ ※ ※

ئۆلۈم ئازابىدا قىينىلىپ ياتقان ۋە ئۆزىدە ئۈمىد قالمىغان ئادەمدە بىر ئارمان بولىدۇ. زىبىگۈلدە بىر ئارمان: توختىنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىدى، دەيدىغان ئارمان قالغانىدى. ئۇ بۈگۈن شۇ ئارمىنىغا يەتتى. ئارمىنىغا يەتكەنلىكىدىن ئىچكى خۇشاللىقلىرى تېشىغا تېپىپ چىقتى، شۇ ئارىلىقتا مايسىخان بىر ئاپقۇر ئۆپكە ـ ھېسىپنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە قىزىغا بىرلا قاراپ ھەيران قالدى. قىزىنىڭ چىرايىدا ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئەكس ئېتىپ تۇرغان غەم، مەيۈسلۈك قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كېتىپ، تامدەك ئاقارغان يۈزىدە، خىرەلەشكەن كۆزىدە قانداقتۇر بىر شادلىق، يېقىملىق نۇرلار چاقناپ كەتكەنىدى. ئۇ چوكا ئېلىش ئۈچۈن تومپۇچكىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدا لىققىدە تۇرغان نەشپۈتلەرنى، تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى تال نەشپۈت شۆپۈكىنى كۆرۈپ، غىل ـ پاللا ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئىشنى ئەسلىدى: ئابايا ئۇ بالىنىست ھويلىسىدا —

گۈللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە توختىنى كۆرگەندەك قىلغان، لېكىن ئۇ ئەمەستۇ، بۇ يەرگە كېلىدىغان ھەددىمۇ دەپ ئويلاپ، ئالدىراپ كوچىغا چىقىپ كەتكەنىدى. «ھە، شۇ ئىكەن ـ دە، مېنىڭ يوق ۋاقتىمدا كىرىپتۇ ـ دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — توۋا، ئۇنى بىر كۆرۈپ، ئېچىلىپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، تۇزۇلۇپلا قاپتا ... بىلدىم، ئاھىڭغا يەتسەم، مەيلىڭگە قويۇپ بەرسەم بوپتىكەن ... ھېلىمۇ تۇزۇلۇپ قالساڭ، ئاشۇ جۇۋاينىمەككە چىتىپ قويارمەن، بولمىسا، سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، قىزىم ...»

مايسىخاننىڭ ئوي ـ خىياللىرى قانچىلىك چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭ ئازابلىرىمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتقان قىز ئاپىسى ئەكىرگەن ئۆپكە ـ ھېسىپنى ئولتۇرۇپ يېيىشكە باشلىغاندا، مايسىخان يەنە خىيالغا كەتتى: ئىشق ـ مۇھەببەت دېگەن شۇنچىلىك سېھىرلىك، قۇدرەتلىك نەرسە ئىكەن ـ دە، نېمىشقا ئۇنىڭغا سەل قارىغاندىمەن ؟ ... ئۇنى تىل، ئاھانەت، تاياق بىلەن ئۆچۈرۈۋالغىلى، توسۇۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن، ياق، ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىكەن، ئۇ خۇددى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي، دولقۇنلىنىپ ئېقىپ تۇرغان دەريا ئىكەن، ئۇنى توپا تاشلاپ ھەرگىز توسۇۋالغىلى بولمايدىكەن؛ ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان كۈچلۈك يالقۇن ئىكەن، ئۇنى سۇ چېچىپ ئۆچۈرۈۋالغىلى بولمايدىكەن ... ھېلىقى «غۇنچەم»① دېگەن ئويۇننى كۆرۈۋىدىم، شارۋان ئاغىچا② ئاغرىق ياتقان غۇنچەمگە③ : «نۇرنى④ ئاغزىڭدىن چۇشۇرمەيسەنغۇ، تىلىڭ كېسىلمىسۇن يەنە» دېسە، «تىلىمنى كېسىپ تاشلىساڭلار، دىلىمدا ياد ئېتىمەن» دېۋىدى، نېمىشقا شۇنىڭ تېگىگە يەتمىگەندىمەن؟ نېمىشقا مۇشۇ ئىشلارنى قىياس قىلمىغاندىمەن ؟...

① «غۇنچەم» — زۇنۇن قادىرنىڭ شۇ ناملىق درامىسى.
② شارۋان ئاغىچا،
③ غۇنچەم،
④ نۇر ـ نۇرۇم — «غۇنچەم» درامىسىنىڭ پېرسوناژلىرى.

دۇنيادا ياخشى نەرسە پۇل، بايلىق دەپ يۈرۈپتىمەن، ياق، ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان نەرسە بار ئىكەن ...

ياشاش، تۇرمۇشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تاشلانغان قەدەملەرنىڭ — قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ راۋان، تۈز، توغرا چىقىۋەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن مايسخان ئېغىر پۇشايماندا قالدى. پۇشايمان ئازابىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ھېس قىلماقتا ئىدى. مايسخاننى شۇ تۇرقىدا پۇشايمان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان ھەسرەت قىينىماقتا ئىدى.

مايسخان شۇ كۈنى كېچىچە قىينىلىپ چىقتى. زىبىگۈلمۇ كېچىچە قانغا مىلىنىپ چىقتى. ئەتىگەندە:

— ئاپا، ھېلىقى نەشپۈتتىن بىرنى ئېلىپ بەرگىنە، — دېدى زەئىپ ئاۋازدا، — يەپ باقاي ...

— مانا، قىزىم، — مايسخان بىر تال نەشپۈتنى ئېلىپ پاكىز سۈرتۈپ قىزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— تۈنۈگۈنكىدىن بۈگۈن تاتلىق بولۇپ قاپتۇ.

— شۇنداق قىزىم، يەنە يە، نەشپۈت تۇرغانسېرى تەملىك بولۇپ كېتىدۇ.

— دوختۇرخانىغا كىرگەندىن بېرى ... يېگەنلىرىمنىڭ ئىچىدە ... ئەڭ تەملىكى مۇشۇ ئىكەن، ئاپا ...

مايسخان ئازابلىنىپ يەرگە قارىدى. زىبىگۈل كۈچەپ گەپ قىلغاچقىمۇ تەرلەپ كەتكەنىدى، ئۇ بىر قولىنىڭ كارىۋاتتىن ساڭگىلاپ قالغانلىقىنى تۇيمايتتى.

— ئاپا، — دېدى قىز شىۋىرلىغاندەك بوش ئاۋازدا. ئاپىسى ئۇنىڭغا قارىغانىدى، ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ بىر قارىدى ـ يۇ، كەينىدىن سۇس كۈلۈمسىرىدى ۋە كۆز چاناقلىرىغا ياش تولدى، — ئاپا ... جېنىم ... ئاپا ... — ئۇنىڭ تىنىقى پەسلەپ كەتتى.

زىبىگۈلنىڭ ئاخىرقى گېپى شۇ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۆزىدىن قالدى، كۆزىنىڭ قارىسىمۇ كەينىگە كەتتى.

مايسىخان داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ دوختۇرلارنى باشلاپ كىردى. ئۇلار يەنە قان بېرىۋىدى، ماڭمىدى. سۇنئىي نەپەسلەندۈردى، بارلىق ئامال ـ چارىلەرنى ئىشقا سالدى. قىز قايتا كۆز ئاچمىدى ـ دە، يېرىم كېچە مەزگىلىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

مايسىخان قىزىنى قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى. باشقا ئاغرىقلارمۇ، باغرى قاتتىق ھېسابلىنىدىغان دوختۇر ـ سېستىرالارمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى ... دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي، ئون گۈلىنىڭ تېخى بىرى ئېچىلماي كەتكەن قىز ئۈچۈن كىممۇ ياش تۆكمىسۇن؟!

ــ توختاپ تۇرۇڭ، ــ دېدى قىزنى كۆتۈرۈپ بىلىكىگە ئالغان مايسىخانغا يېنىدىكىلەردىن بىرى، ــ تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى، تاڭ ئاتسۇن، بىز ھارۋا تېپىپ كېلەيلى، شۇنچە يەرگە قانداق كېتەلەيسىز ؟

ــ ياق، كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كېتىمەن، ھېلىغۇ ئۇ يەر ئىكەن، نەچچە كۈنلۈك يول بولسىمۇ، كۆتۈرۈپ كېتەلەيمەن، مۇشۇنداق باغرىمغا بېسىپ ماڭىمەن، قىزىم تېخى باغرىمغا قانمىغان !

مايسىخان يولنى توسقانلارغا بوي بەرمەي، قىزىنى شۇ كۆتۈرگەنچە كۆتۈرۈپ ئۇنلۈك يىغلاپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى:

ــ دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرمەي كەتكەن قىزىم ... قىزىلگۈلدەك توزۇغان قىزىم ...

مايسىخان جىمجىت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇنداق دەپ نالە قىلىپ كېتىپ باراتتى. ھازىر كېچىمۇ، كۈندۈزمۇ، ئۇ بۇنى ئويلاپمۇ قويغىنى يوق، يۈرىكىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئاشۇ ھەسرەتلىك سۆزلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئېيتاتتى، ئاۋازى بىردە بوش، بىردە قاتتىق چىقاتتى.

ــ مايسىخان ھەدە، ئەكېلىڭ زىبىگۈلنى مەن كۆتۈرۈپ ماڭاي، ھېرىپ كەتتىڭىز ...

مايسىخان كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، كوچا ئېلېكترىنىڭ نۇرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كىشىنى تونۇدى:

— توختىمۇ سەن ... ۋۇي جۇۋاينىمەك، قىزىم ساڭا ئاشىق بولمىغان بولسا، مۇشۇ قىسمەتكە قالمايتتى، يوقال كۆزۈمدىن ! — ئۇ توختىنىڭ كۆزىدىن مۆلدۈرلەپ ئېقىۋاتقان يېشىغىمۇ، پۈتۈن مۇھەببىتى بىلەن سوزغان قولىغىمۇ قارىماي، قەدىمىنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. توختىمۇ ئون بەش ـ يىگىرمە قەدەم نېرىدىن ئۇنىڭدىن قالماي ئەگىشىپ مېڭىۋەردى.

مايسىخاننىڭ نالىسى تەكرارلانماقتا ئىدى:

— دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرمەي كەتكەن قىزىم ... قىزىلگۈلدەك توزۇغان قىزىم ...

※ ※ ※

مايسىخان ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپلا قالدىغان، تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك قىزىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قولىغا ئالاتتى، پۇرايتتى، يىغلايتتى ... قىزىنىڭ ئەتىگەندە چاينى چالا ـ بۇلا ئىچىپ مەكتەپكە مېڭىشىنى، چۈشتە قورسىقىم نەۋاق ئېچىپ كەتكىلى، دەپ كىرىپ كېلىشىنى، ئۆزى بىلەن تەڭ ئوتياش ئوتاشلىرىنى، ئاپا، سەن ھېرىپ كەتتىڭ، كىچىككىنە ئارام ئېلىۋال، تاماقنى مەن ئېتەي، دېيىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، قىزى ئالەمدىن ئۆتكەن بىر ئايدىن بېرى جۈدەپ، قۇرۇپ، خۇددى ئاتمىش ـ يەتمىشلەردىكى مومايلاردەك مۈكچىيىپ، سەۋدايى ئادەمدەك بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى قەبرىستانلىققا بېرىپ، قىزىنىڭ بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۆزى بىلىدىغان ئۇششاق سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى. قايتىپ كېلىپ ياغ پۇرىتاتتى. ھەر پەيشەنبە كۈنىدىكى مۇشۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۆكسۈگەن كۆڭلىگە بىرئاز ئارام بېرەتتى.

ئۇ قەبرىستانلىققا قاچانلا بارسا، يېڭى ئۈزۈلگەن بىر دەستە

گۈلنىڭ قىزنىڭ قەبرىسىگە سانجىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ بۇ گۈللەرنى قويۇۋاتقانلار قىزىمنىڭ دوستلىرىمىدۇ ياكى توختىمىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بۈگۈن بۇ ئىش ئايان بولدى:

مايسىخان قەبرىستانلىققا يېتىپ كېلىپ، قىزىنىڭ قەبرە بېشىدا بىرىنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ ئۇنى تونۇدى، بۇ توختى ئىدى. قەبرىگە يەنە بىر دەستە گۈل سانجىپ قويۇلۇپتۇ. توختى مايسىخاننى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كەينىگە داجىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشلىق ئىدى.

ــ قاچما بالام، قاچما ... ئادەمنى ئادەم قاچۇرۇش ئەڭ يامان ئىش ئىكەن، ــ مايسىخاننىڭ ياشلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆزىنىڭ ئاستى، ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن مەڭزىلىرىدە ياش دېغى قېتىپ قالغانىدى، ــ ھەي جېنىم بالام، سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارغا نېمىشقا ئارىلاشتىم ؟ ... ئۇلۇغ دەريانى كىم توسالىغان ؟ ... خاتا قىلغانلىقىمنى قىزىم دوختۇرخانىدا ياتقاندىلا بىلدىم. ھازىرچۇ ؟ يۈرىكىمنىڭ تېگى تۇگىگەندە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم ... سېنى كۆرسەم، ئۇنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىمەن، گۈللىرىڭنى كۆرسەم ئىككىڭلارنى بىللە بولغاندەك سېزىمەن ...

توختىنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە يەنە ياش كەلدى ـ دە، تارامالاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.

ــ يىغلا بالام، يىغلا، يىغلىۋال. ياش ئىچ ـ قارنىڭنى بوشىتىدۇ، ھەسرەتلىرىڭنى يېنىكلەشتۈرىدۇ. سەن يىغلىساڭ، مەن ئۆرتىنىمەن، قانچە ئۆرتەنسەم، گۇناھىم شۇنچە يېنىكلىگەندەك تۇيۇلىدۇ، يىغلا ... ھېلىقى چاغدا ــ زىبىگۈلنى كوچىدا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىمدا، سەن: مەن كۆتۈرۈپ ماڭاي، دېۋىدىڭ، نېمىشقا ئۇنىمىغاندىمەن؟ قىزىمنى ھاياتلىقىدا خۇش قىلالمىدىم، جان ئۈزگەندە بولسىمۇ خۇش قىلسام بولماسمىدى ...

شۇ چاغدا سەن كۆتۈرۈپ ماڭغان بولساڭ، روھى خۇش بولۇپ قالماسمىدى، ئىسىت ـ ئىسىت ...

ئىككىسى قەبرىستانلىقتىن ياندى.

مايسىخاننىڭ يۈرىكىدە تۈگىمەس پۇشايماندىن ئۆچمەس داغ قالدى. بۇ داغ ساقىيامدۇ، ساقايمامدۇ ياكى ئۇنى قىزىنىڭ يېنىغا تېزلا ئېلىپ كېتەمدۇ، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى.

تىرىك ئۆلۈك دېگەن مۇشۇمىدۇ ؟

# ئارزۇ

## 1

كىشىلەرنىڭ ئارزۇلىرى ھەر خىل بولىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئېيتقۇسىز شېرىن ئارزۇسىنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەم ئۇچۇن ئەھمىيەتسىز بىرنەرسە بولۇپ تۇيۇلۇشى تەبىئىي ھال. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نېمە كارى؟! ئۇ ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئىشقىدا يېنىپ، كۈنلەرنى، ئايلارنى، يىللارنى ئۆتكۈزىۋېرىدۇ. مەن سىلەرگە بىزنىڭ بوستانگۈلنىڭ قانداق ئارزۇنىڭ ئىشقىدا يېنىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرەي:

ئۇ بىر يىگىتنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇشنى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئارزۇ ئۇنىڭدا ئون ئالتە يېشىدىلا تۇغۇلغان، ھازىر ئۇ ئون سەككىز ياشقا كىردى. بىراق، ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئاشمىسىمۇ ئارزۇسىدىن يانمىدى. ئۇ كۆڭلى چۈشكەن يىگىتنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىدە پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرسا، ۋېلىسىپىت ئۇچقاندەك چاپسا، تېخى يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە بېشىنى قويىۋالسا ياكى يىقىلىپ چۈشمەسلىكنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتىۋالسا ... پاھۇي ... بۇنىڭ لەززىتىگە نېمىمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟ !

ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا بىلىپ ئىسىم قويغانمىكىن ؟ بوستانگۈل: بوستان چاچلىق قىز، قارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاپپاق مەڭزىدىكى بىر تال خال مەڭگەن ئوتىدا پىشقان توغاچنىڭ يۈزىدىكى سىيادانىدەك ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا نېمىشقا بىرەر يىگىتنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغاندۇ ؟ ئاشۇ غويۇلداپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغان

ۋىلىسىپىتلىك يىگىتلەرنىڭ كۆزى قارىغۇمىدۇ ؟ ...
بوستانگۇل ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ كېتىپ بارغان قىزلارنى كۆرسە ئۇھ تارتىپ قوياتتى. كاشكى، ئۇ قىزلار چىرايلىق بولسىچۇ، قاراڭلار، ئاۋۇ چاقماق كۆڭلەكلىك، كېلىشكەن يىگىت كەينىگە نېمانچە سەت قىزنى ئولتۇرغۇزۇۋالغاندۇ ؟ بۇرنى پۇچۇق، ئاغزى كالاچتەك ... ھېلى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكىنىچۇ تېخى، ئورا كۆز، دوقا ماڭلاي ... راستىنلا بەختنىڭ كۆزى قارىغۇ ئىكەن. بەختنى نەگە بارسەن، دېسە، دوقا ماڭلايغا، دېگىنى ئەجەب توغرا ئىكەن ـ دە !
بوستانگۇل بىر كۈنى كۆز باغلانغان چاغدا ئۆيىگە كېتىپ باراتتى، كەينىدىن بىر يىگىت ۋېلىسىپىتنى ئاستىلىتىپ يانداپ كەلدى:
— كەچ قاپسىز، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ.
بوستانگۇل قايرىلىپ قاراپ، ۋېلىسىپىت ئۈستىدە ئولتۇرغان پاخما چاچلىق يىگىتكە بىر نەزەر تاشلىدى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى: ئۆيىڭىزگە دەپ قويۇپ، نەلەرگە ئەكېتىدۇ كىم بىلىدۇ، يا تونۇمىسام، ... تېخى ئولتۇرغۇدەكمەن، بېشىمنى ھەرە چېقىۋالمىغان، ئولتۇرۇڭ، دېسىلا ئولتۇرىدىغان ... قىز شۇلارنى ئويلىدى ـ دە، گەپ قىلمايلا ئېرىقتىن ئاتلاپ، كوچىنىڭ چېتىگە ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىقى يىگىتمۇ باشقا گەپ قىلماي، ۋېلىسىپىتنى ئىلداملىتىپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.
بىراق، بوستانگۇل بۇ قىلىقىغا ئۆكۈندى: يامان بالا بولغان بولسا، ئالدىمنى توسۇپ ئەسكى گەپلەرنى، سەت قىلىقلارنى قىلماسمىدى، مېنىڭ قاپىقىمغا قاراپ خالىمايۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىپ، يولىغا راۋان بولغان بالا ئەلۋەتتە ئەخلاقلىق بالا بولىدۇ ـ دە، چېچىغا قاراپ نېمانچە قورقۇپ كەتتىم، ۋاي ئىسىت، ئۆزى كەلگەن بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتكىنىم ...
بوستانگۇل شۇنداق ئارىسالدى خىياللار بىلەن دەرۋازىسىنىڭ

ئالدىغا كېلىپ قالدى. لېكىن، ئۆيگە كىرىپ كەتكۈسى كەلمەيتتى. ھېلىقى پاخما چاچلىق، ۋېلىسىپىتلىك يىگىت كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇردى. ئۇ ھېلى قايتىپ كېلىدىغاندەك، «كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، سەيلە قىلىپ كېلىمىز» دەيدىغاندەكلا تۇراتتى. قانچە تەلمۈرسىمۇ قارىسى كۆرۈنمىدى، تۇرغانسېرى ئۈمىدسىزلىنىپ، كۆزلىرىدە غەمكىن ئۇچقۇنلار ياندى، خورسىنىشتىن لەۋلىرى تاتاردى. ئاپپاق مەڭزىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس زىننخى ئوچۇق بىلىنىشكە باشلىدى ۋە ئاخىر تىت ـ تىت بولۇپ تېرىكىپ قالدى: راستتىنلا مەيلى بولسا، يېنىپ كەلمەسىمىدى، ئەگىمەسمىدى، بىرىنچى گېپى بىلەنلا ئولتۇراتتىمىكىن، شۇنىمۇ بىلمەيدۇ، دۆت ...

ئۇ دەرۋازا قانىتىنى قاتتىق يېپىپ، ئۆيگە دومسايغان پېتى كىرىپ كەلدى. بىر ماشىنا ئالمىنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ سېتىپ كەلگەن دادىسى ھوشۇرئاخۇن، ئانىسى، ئۇكىلىرى سۇيۇقئاش ئىچىپ ئولتۇراتتى. دادىسىنى كۆرۈپ بوستانگۈلنىڭ چىرايى ئېچىلدى:

— قاچان كەلدىڭ، دادا ؟

— ھېلى كەلدىم، قىزىم.

— سېتىپ بولدۇڭمۇ ؟

— ھەئە.

— قانچە پايدا ئالدىڭ ؟ — بوستانگۈلنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان سوئالى مۇشۇ ئىدى.

— ئاران ئالتە يۈز سوم.

— ئۇھ، خۇدايىم، بەختىم بار ئىكەن، بەختىم. ئەمدى ماڭا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرىسەن.

— بەختىڭگە ئالدىرىما، قىزىم، — ھوشۇرئاخۇن ئاش سۈيىدە نەملەنگەن قارا بۇرۇتلىرىنى ئىككى يېقىغا سىلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — دەسمايەم تېخى ئۈچ مىڭ سومغا يەتمىدى. ئوزۇقلۇقىقا ئېلىپ قويغان بۇغدايىنىمۇ، سامان

مەڭگەنلەرنىمۇ سېتىپ، ئۈچ مىڭ سومدىن ئاشۇرۇۋېلىپ، ئۇرۇمچىگە ئۈچ ـ تۆت قېتىم قاتنىۋالاي.
ــ نەچچە يىل بولدى، مەن سىلەرگە ۋېلىسىپىت دېگىلى ؟
ــ ئۇ چاغلاردا قولىمىز قىسقا ئىدى، هازىر سەل ئۇزاردى، مانا ئەمدى دۇمبىمىز ئاپتاپ كۆرۈۋاتىدۇ، سەن قوشنىلارنىڭ ۋېلىسىپىتىنى ئۆگىنىپ تۇر، قىزىم، كېيىنچە دېگىنىڭنى ئېلىپ بېرىمەن.
ــ ئاللىقاچان ئۆگىنىپ بولدۇم، هازىر سېنىمۇ ئېلىپ يۈرەلەيمەن.
ــ ما شەيتاننىڭ چاقىقانلىقىنى، ئۇچىمەن دېگىنە، ئۆزى، ئۈچ، قىزىم، هۆكۈمەت دېگىننىڭ ئالىقانىنى كەڭ ئېچىۋەتتى، ئەمدى ھەممىمىز ئۇچىمىز.
ــ يىغىۋالسا، تويسەن ... ۋېلىسىپىتمۇ يوق، يەيدىغىنىڭمۇ يوق.
ــ نېمە ! ؟ ــ ھوشۇرئاخۇننىڭ بۇرۇتلىرى دارديىپ كەتتى، ــ يىغىۋالسا ؟ كىم يىغىۋالىدۇ ؟ ئۇنى يىغىۋالغۇدەك ھۆكۈمەت بارمۇ، ئۆزى ؟
ــ بولماي نەگە كېتىپتىكەن ؟
ــ هازىر ھۆكۈمەت دېگىننىڭ يوق، بولسىمۇ خەق بىلەن كارى يوق، قارا، نېمە كارامەتلەر بولۇۋاتىدۇ، مايمۇن ئوينىتاسىڭمۇ مەيلى، توك قاغىنى سايراتساڭمۇ، چەللىدە ئات چاپساڭمۇ مەيلى، پۇل تاپساڭلا بولدى، ئۆزى.
ــ بۇ، نېمىنى قىلالىساڭ شۇنى قىل، دېگەنلىك ئەمەسمۇ، دادا ؟
ــ ھەببەللى، ــ ھوشۇرئاخۇننىڭ تېنى يايراپ، ئىككى جاۋغىيىغا تۈكلۈرۈك كۆپۈكلىرى يىغىلدى، ــ كۆرمىدىڭمۇ ئەمەت ئەپچىلەمنى ؟ ئۇن زاۋۇتى قۇردى، ماي زاۋۇتى قۇردى، خۇمدىنىدىن كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئۇزۇلمەي تۈتۈن چىقىۋاتىدۇ، ماشىنا ـ تىراكتورلىرى گۈرۈلدەپ ئويان ـ بۇيان چېپىۋاتىدۇ،

قولدا بەش ـ ئون ئادەم ئىشلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، قانداق، هازىر هۆكۈمەت يوق دېگىنىم توغرىمىكەن ؟

— يوق دېگۈچە، هۆكۈمەتنىڭ مىجەزى ئۆزگەردى دېسىلە، — دېدى خوتۇنىمۇ گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئىككىسى بىر گەپ.

هوشۇرئاخۇن ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنمەيتتى، ئۆزىنىڭ گېپىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى ۋە بۇنىڭدىن كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە دەلىللەرنى كەلتۈردى.

— ئەمەت ئەپچىلەم شوپۇرىنى ماشىنىنىڭ ئوقىنى سۇندۇردۇڭ، دەپ ئۇردى، بېشىنى ياردى، سوراقچى چىقتىمۇ، ئۆزى ؟ قوشنا تۇڭگاننىڭ ئۆيىنى ئوغرى ئالدى، قايسى ساقچى ئىزدىدى؟ ئىتلىرىنى پۇرىتىپ قويۇپ يوقاپ كەتتى، قانداق، هۆكۈمەت بارمىكەن ؟

— شوپۇرىمۇ خاڭغا كۆمۈرگە ماڭدىم، دەپ ئۆزىنىڭ ئىشىغا مېڭىپ شۇ پالاكەتكە يولۇقۇپتۇغۇ؟

— پۇل يوغىنىتىۋاتىدۇ ئۇنى، بولمىسا ئادەم تۇرماق ئىشىكنىمۇ ئۇرالمايتتى.

بوستانگۈل بۇنداق تالاش ـ تارتىشلارغا قىزىقمايتتى، ئۆز ئارزۇسىنىڭ غېمىدە ئىدى. ياشلىقتا پەيدا بولغان ئارزۇنى ئۆچۈرگىلى بولامدۇ؟ ! ۋېلىسىپىت دېگەن ئىككى چاقلىق، ئۇستىگە مىنىۋالسىلا ئۇچىدىغان جانىۋار تۇرسا، كىمنىڭ ئىشقىنى ياندۇرمايدۇ؟! قىزنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى شۇنىڭدا ئىدى.

— بولدى، — دېدى ئۇ، — بۇدا ئۇرۇمچىگە بېرىپ كەلسەڭ ئېلىپ بېرەمسەن زادى ؟

— سەل ـ پەل تەخىر قىلىپ تۇر، قىزىم، — دېدى دادىسى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — ئازراق بېيىۋالاي، پۇلنى پۇلغا چاقىمەن، يولۇم بار، پۇلۇم كەملىك قىلىۋاتىدۇ، ئالدىرىما، ۋېلىسىپىت تۇرماق موتو دېسەڭمۇ ئېلىپ بېرىمەن، ئۇ چاغدا

ئۇچىسەن، ئۆزى !

بوستانگۇلگە ۋىلىسىپىتلىك بىر يىگىتنىڭ كۆزى چۈشمىگەندىن كېيىن، ۋىلىسىپىت ئېلىش ۋە ئۆزىمۇ ھېلىقى يىگىتلەردەك غۇيۇلداپ چېپىش قارارىغا كەلگەنىدى.

## 2

بۇ ئارىلىقتا ھوشۇر ئاخۇن ئۈرۈمچىگە تۆت - بەش قېتىم قاتنىدى. ھەر قېتىم قايتىپ كەلگەندە، بوستانگۇل دادىسىنىڭ بۇرۇتلىرىدا خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەنلىكىنى بايقايتتى، لېكىن تېخىچە ۋىلىسىپىتكە ئىگە بولالمىدى. كەچ كۈز كەلدى، قىشمۇ ئۆتتى، يەنىلا ئارزۇسىغا يەتمىدى. ئارزۇسىغا يەتمىگەنسېرى ۋىلىسىپىتلىك قىزلارنى كۆرسە يەرگە قارىۋالىدىغان بولدى. ئۆيگە كەلدىمۇ تاكى يېرىم كېچىگىچە «توخۇنىڭ چۈشىگە دان كىرىدۇ» دېگەندەك، ئويلايدىغىنى، چۈشەيدىغىنى ۋىلىسىپىت ئىدى. ھازىر ئۇ ۋىلىسىپىتنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇش ئارزۇسىدىن بەزگەن. قاراڭلار، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان يېڭى خىياللارنى: ئۇ، دادىسى ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن يېپيېڭى ۋىلىسىپىتكە مىنىدۇ، غۇيۇلداپ ئۇچىدۇ، تالاي ۋىلىسىپىتلىكلەردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنى قوغلىغانلار خۇددى كېيىككە يېتىشەلمىگەن بۆرىدەك كەينىدە قالىدۇ. ئۇ پەقەت خەلق باغچىسىغا كىرگەندە، ئىككى تەرىپى گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن تار ئاسفالتلىق يولدىلا ئاستا ماڭىدۇ. ۋىلىسىپىتتىن چۈشىدۇ، ئۇنى دەرەخكە يۆلەپ قويۇپ قۇلۇپلايدۇ - دە، بېغىغا كىچىك شارچە بېكىتىلگەن ئاچقۇچىنى شىرىقلىتىپ يۇرۇپ باغ ئىچىنى سەيلە قىلىدۇ، گۈللەرگە زوقلىنىپ قارايدۇ، ئاندىن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا مەغرۇرلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ۋىلىسىپىتلىك، قاملاشقان بىر يىگىت بىر ئۇياقتا - بىر بۇياقتا ئۆتۈپ، ئۇنى ئەگىشكە باشلايدۇ. بىرنەچچە قېتىم ئۆتكەندىن

كېيىن، ئۇمۇ ۋېلىسىپىتىنى دەرەخكە يۆلەپ قويۇپ، ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇردۇ ۋە ئۇنى هاياجانغا سېلىپ بىرنەچچە ئېغىز مەنىلىك گەپ قىلىدۇ، بوستانگۇل تىترەپ كەتسىمۇ كۇلۇمسىرەپ يەرگە قارىۋالىدۇ ...

خىيال دېگەنمۇ ياخشى نەرسە ـ دە! ئازابلىق بولسىمۇ، تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرەكتە ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق خىيالنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەملەرنىڭ ئاياغلىرى قەيەرلەرگە بېسىلمايدۇ دەيسىز؟ ئۆيدىن كوچىغا چىقىدۇ، كوچىدىن يەنە بىر يەرلەرگە بارغۇسى كېلىدۇ. ئۆزى چىقمىغان تەقدىردىمۇ، خىيالى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، غايىبانە ئۈمىدتە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چىققىنى تۈزۈك.

بوستانگۇل كوچىغا چىقىدىغان، كوچا ئايلىنىپ خەلق باغچىسىغا بارىدىغان بولۇپ قالدى. بارغانغا نېمە بوپتۇ؟ ئانىسىنى ئالداپ پالانى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، پۇستانى يەرگە بېرىپ كېلەي، دەپ باغچىغا كېلىدىغان قىزلار ئازمۇ ؟ !

باهارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. بوستانگۇل باغچىغا كەلدى. بۇ ئۇنىڭ بەشىنچى قېتىم كېلىشى. ئۇ قەدەملىرىنى شۇنچە ئاستا باسسىمۇ، ئىككى تەرىپى غۇچچىدە گۈللۈك ئاسفالتلىق يوللار تۈگەپ كېتىپ باراتتى. بىر ماڭغان يول بىلەن يەنە ماڭسا، كىشىلەر نېمە دەپ قالار؟ سەت ـ دە. ئۇ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ كۆل بويىغا باردى، هايۋانات ئۆيىگە كىردى، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ۋە خاتىرە ئۆيىنى زىيارەت قىلدى. لېكىن، بۇلارنىڭ هېچقايسىسى ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى. ئاخىر، قانداقتۇر ئوڭايسىزلىق هېس قىلسىمۇ، بايىلا كېلىپ ئولتۇرغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا يەنە ئولتۇردى. كىشىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئەمما، بۇ قېتىم بىر يېڭىلىق كۆرۈلدى: چاقماق شەتلەڭگىدىن كۆڭلەك كىيگەن، چېچىنى ئادەتتىكىچە ياسىتىۋالغان، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت بوستانگۇلنى ئەگىپ قالدى. يىگىت

يىراقتىن قىزغا تىكىلىپ قاراپ كېلەتتى ـ يۇ، يېقىن كەلگەندە، يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. قىزچۇ؟ ئۇ يىراقتىن كۆرۈنگەندە قارىماي ئولتۇراتتى ـ دە، يېقىن كەلگەندە تازا تىكىلىپ قارايتتى.

يىگىت ئۈچىنچى قېتىم ئايلىنىپ كېلىشىدە، قىزغا يېقىن كەلدى ـ دە، بۇرۇلۇپلا ئۇ ئولتۇرغان ئۈچ كىشىلىك ئورۇندۇقنىڭ بىر چېتىدە ئەيمىنىپرەك ئولتۇردى. بۇ ھال قىزنىڭ نەۋاقتىكى شېرىن خىياللىرىنىڭ نەق ئەينەن كۆرۈنۈشى بولدى، شۇڭا ئۇ كۈلۈۋەتتى. يىگىت بولسا، كېلىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىغا خىجالەت بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. بوستانگۈل ئۆز كۈلكىسى بىلەن بۇ تارتىنچاق يىگىتنى خىجالەت قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۆزى گەپ باشلىدى:

— قىزىلگۈل بار يەردە بۇلبۇل بولىدۇ دەيدىغان، ئاۋازى ھېچ ئاڭلانمايدۇغۇ؟

يىگىت قىزنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھەم كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، خىجالەتچىلىكنى بىر ئاز بېسىلدى.

— بۇلبۇل دېگەن بۇنداق ۋاڭ ـ چۇڭلۇق يەردە سايرىمايدۇ، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ.

— ھە، مۇنداق دەڭ.

— ئۇ ناھايىتى جىمجىت يەرنى ھەم مۇڭلۇق چېلىنغان سازلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

— سىز بۇلبۇلنىڭ خىسلەتلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەنسىز.

— نۇرغۇن ئادەم بىلىدۇ، شۇ تۇرقىدا باغنىڭ يۇقىرىسىدا سايراۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ...

— باغنىڭ يۇقىرىسى خالىيراق، ۋاڭ ـ چۇڭسىز يەر ئىكەن ـ دە؟

— شۇنداق، ئاڭلىغۇڭىز كېلىۋاتامدۇ؟

— بۇ يەردە بىكار ئولتۇرغۇچە، ئاڭلىغان ياخشى ـ دە.
— ئەمىسە، يۈرۈڭ، ئاڭلاپ كېلەيلى، ئۇ يەرلەر تېخى بۇ يەردىنمۇ گۈزەل.
ئىككىسى باغچىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئاستا مېڭىشتى. بوستانگۈلدە يەنە يېڭى ئويلار پەيدا بولدى: بۇ قانداق بالىدۇ؟ كىيىم ـ كېچەكلىرى غەلىتە ئەمەس ئىكەن، ئۆزىمۇ تارتىنچاقتەك قىلىدۇ، بىراق، چىرايى دېگەندەك ئەمەس ئىكەن ... مەيلى ئەمەسمۇ، گەپ چىرايىدىمۇ ... بىراق ۋېلىسىپىتى يوق ئوخشايدۇ ـ دە، بار بولسا مىنىپ كېلەر ئىدى ...
يىگىت گەپ ئېچىشقا تەمشىلىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇن ـ تىنسىز مېڭىش ئەپسىز ـ دە. بىراق، دەيدىغان گەپلىرى تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە، نېمىشقىدۇر قىزىرىپ كېتەتتى. مۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايتتى، ئۇنىڭ بۇ قىز بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇلاپ يۈرگىنىگە قانچە ئايلار بولغاندۇ؟ ... ئۇ تەسلىكتە ئېغىز ئاچتى:
— مەن سىز بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇلاپ يۈرەتتىم، بۈگۈن ...
— ۋىيەي ! ... — قىز خۇددى سوغۇق سۇ سېپىلگەن كىچىك بالىدەك ئەندىكىپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — مەن سىزنى كۆرمەپتىكەنمەن.
— سىز تونۇماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئەمما مەن سىزنى ئۇزاقتىن بېرى بىلىمەن.
قىز گەپلىرىنى قىزىرىپ ئاران دەۋاتقان يىگىتنىڭ بېشىدىن تا ئايىغىچە سەپسېلىپ قارىدى، يەنە شۇ ھالەت: كىيىملىرى ئاددىي، نومۇسچان يىگىت.
— سىز كىم بولىسىز؟
— مەن ئېلىشات، چويۇن زاۋۇتىدا ئىشلەيمەن. سىز بوستانگۈلغۇ دەيمەن؟
— ھەئە، مەن بوستان.
— ئۆزىڭىز بوستانگۈل تۇرۇپ، بۈلبۈلنى بىلمەيدىكەنسىز ـ دە؟

قىز كۆلۈۋەتتى ۋە قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى: «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە دېگەندەك، بۇ ياۋاشنىڭمۇ خېلى تىلى بار ئىكەن — دەپ ئويلىدى قىز، — قاراڭلار، ياپتا گەپلىرىنى.»

ئۇلار باغچىنىڭ يۇقىرىسىغا كېلىپ قالدى. بۇلبۇل ئاۋازلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاڭلىناتتى. بۇ يەر ئۇلار بېسىپ كەلگەن رەتلىك گۈللۈكلەرگە ئوخشىمايتتى. قىسما - قىسما گۈللەرنىڭ غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەنلىكى، ئۆسكىلەڭ ئوت - چۆپلەرنىڭ كۆپلۈكى، قالايمىقان ئۆسكەن سۆگەت - تاللارنىڭ، قارىياغاچلارنىڭ باراقسانلىقى بىلەن تەبىئىي گۈزەل ئىدى. بوستانگۈل ئەتراپقا زوقلىنىپ قاراپ كەتتى ۋە شۇنچىلىك تەبىئىي گۈزەل، ئازادە، جىمجىت يەردە نېمىشقا بۇلبۇللار چاڭلىداپ سايراپ كەتمەيدىغاندۇ، دەپ ئويلىدى - دە:

— شۇنچە چىرايلىق يەردە بۇلبۇل ئەجەب ئاز ئىكەنا؟ — دېدى.

— ئاز ئەمەس، — دېدى ئېلشات كۈلۈمسىرەپ، — بۇلبۇل دېگەن كېچىدە، سەھەردە قالتىس سايرايدۇ دەڭە، هازىر هاۋا ئىسسىپ كەتتى ئەمەسمۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ... مەن بۇلبۇلنىڭ سايرىشىنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇنىڭغا شۇنچىلىك خۇشتار بولسىڭىز، كەچقۇرۇنلۇقى كېلىمىز، پاھۇي، ئۇ چاغدىكى سايرىشىنى ئاڭلىسىڭىز يايراپ كېتىسىز، خۇددى يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلىغاندەك. قانداق، كېلەلەمسىز؟

— قاچان؟

— بۈگۈن يا ئەتە.

قىز ئىچىدە هېساب چىقىرىۋاتقاندەك پىچىرلىدى - دە:

— ياق، شەنبە كۈنى كېلەي، — دېدى.

ۋەدە شۇ بولدى. ئىككىسى باغچىدىن كوچىغا چىقمايلا

ئايرىلدى. بوستانگۇلنىڭ كېلىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈشىدە سەۋەب بار ئىدى. شەنبىگىچە ئېلشاتنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈش قارارىغا كەلدى: «كىم بىلىدۇ، — دەپ ئويلايتتى قىز، — ئالدامچىمۇ، راستىنلا چويۇن زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسىمۇ، ئاتا - ئانىسى كىم؟ ... قۇرغۇيۇڭ بولاي، پاختىكىڭ بولاي، دەپ ئايىغىدا سېغىزخان چىقىپ قالامدۇ تېخى، نومۇسچان ئادەمدىنغۇ ئالدامچى چىقمايدىغان ... شۇنداقتىمۇ سۈرۈشتۈرەي، قىزلارنى ئالداپ، زار -زار قاقشىتىۋەتكەنلەر ئازمىدى؟ ...»

ھەرقىسما ئوي - خىياللارغا بېرىلگەن بوستانگۈل، ئېلشاتنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئەدەپلىك كۆرۈنگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئېلشاتنى سۈرۈشتۈرۈشكە كىرىشتى. ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۇنىڭ يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلىكىنى، ئانىسىدىن باشقا ھېچنېمىسىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزى ھېس قىلغاندەك تارتىنچاق، ئاق كۆڭۈل بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى - دە، كۆڭلى ئەمىن تاپتى ۋە شەنبىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. بىراق، ۋېلىسىپىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئويلىسىلا كۆڭلى بىرقىسما بولاتتى: قېنى، بارمۇ - يوق، شەنبە كۈنى بىلىمەنغۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

شەنبىمۇ كەلدى، قاراڭغۇ چۈشتى. چىرايلىق ياسانغان بوستانگۈل دوستۇمنىڭكىگە چايغا بارىمەن، دەپ ئاپىسىنى ئالداپ، ئۇدۇل باغچىغا كەلدى. ئۇنىڭ يۈركى ئادەتتىن تاشقىرى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەربىر دەرەخ ئاستىغا زېھىن سېلىپ قارايتتى.

— سالام، بوستانگۈل !

ئاسماندىن چۈشكەندەك، ئالدىدا پەيدا بولغان ئېلشاتنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى:

— سىز ... ئېلشاتمۇ سىز ... — قىزنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى ۋە ھاياجاندىن باش ئۈستىدە ساڭگىلىشىپ تۇرغان

يوپۇرماقلاردەك تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭدا ئوتتەك ئىسسىق ھېس ـ تۇيغۇلار قوزغىلىپ كەتكەندى ... شۇنداقتىمۇ، يانغان كۆزلىرى ۋېلىسىپىت ئىزدەپ تۆت ئەتراپقا تېز ـ تېز تىكىلەتتى.

— نېمىگە قاراۋاتىسىز؟

— ھېچنېمىگە.

— قورقۇۋاتامسىزيا؟

— ياق، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى ئۇزۇك ـ ئۇزۇك چىقتى، — سىزنىڭمۇ ... ۋېلىسىپىتىڭىز ... يوقمۇ؟

— يوق، — ئېلشات سەل خىجىل بولدى ئەتىمالىم، — مەن تېخى ئىشقا ئورۇنلاشقىلى ئۇچ ئاي بولدى، ئاپام «ۋېلىسىپىت ئېلىۋال» دەپ بانكىغا پۇل قويۇۋاتىدۇ، — دېدى.

بوستانگۇل شۇئان دادىسىغا ئاچچىقى كەلدى: قاراڭلار، ئېلشاتنىڭ ئانىسىنىڭ كۆيۇمچانلىقىنى، ئوغلىغا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرىمەن، دەپ پۇل يىغىۋېتىپتۇ، دادامنىڭ نەچچە مىڭ سوم پۇلى بار تۇرۇقلۇق، ماڭا تېخىچە ئېلىپ بەرمىدى، ئەتە، ئۆگۇنى تۇگىمەيدۇ ...

قىز شۇلارنى ئويلاپ، ئېلشاتنىڭ يول باشلىشى بىلەن باغچىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇگۇن بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى، ياق، توغرىسى ئېلشاتنىڭ ئاۋازىنى — ئۇنىڭ يۇرەك سۆزىنى ئاڭلىماقچى. ئۇلار بۇلبۇللار تەرەپ ـ تەرەپتىن چاڭىلداپ سايراۋاتقان ھېلىقى يەرگە بارغاندا، ئېلشات خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۇكۇپ كەلگەن سۆزلىرىنى ئېيتتى. ئېلشاتنىڭ يۇرەك سۆزلىرى بوستانگۇلگە بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدىنمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى ...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەر شەنبە ئاخشىمىنى مانا مۇشۇ يەردە ئۆتكۇزىدىغان بولدى.

## 3

بوستانگۇل ئۆمرىدە بۇگۇنكىدەك خۇشال بولمىغانىدى.

چۈنكى، دادىسى ئۈرۈمچىدىن قىزىغا ئاتاپ يېپيېڭى ۋېلىسىپىت ئېلىپ كەلگەن. دادىسىنىڭمۇ خۇشاللىقى قىزىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى.

— مىڭ سوم دېگىنە، قىزىم، مىڭ سوم! بۇ قېتىم مىڭ سوم پايدا ئالدىم! ئاسان ئەمەس، بىر ئايلىقچى بىر يىلدا ئاران تاپىدىغان پۇلنى مەن بارى - يوقى سەككىز كۈندىلا تاپتىم، شۇڭا ئىككىلەنمەيلا ئېلىۋەتتىم.

ھوشۇرئاخۇننىڭ ئۆزى تۇرماق بۇرۇتلىرىمۇ كۈلۈپ كەتكەندى.

قىن - قىنىغا پاتماي قالغان بوستانگۈل:

— ئېپىڭ بار - دە سېنىڭ، ئەمەت ئەپچىلەمنى يولدا قويىسەن. ئەكەل، شۇ تۇرقىدا كوچىلارنى بىر ئايلىنىپ كەلمىسەم خۇمارىم يېشىلمەيدۇ، جۇمۇ، — دېدى.

بوستانگۈلنىڭ ئۈدۈل چويۈن زاۋۇتىغا بارغۇسى ۋە ئۇ يەردىن ئېلشاتنى ئېلىپ، ۋېلىسىپىتكە مىنگىشىپ باغچىغا كىرگۈسى كېلىپ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغانىدى.

— ئالدىرىما، قىزىم، — دېدى ھوشۇرئاخۇن، — تېخى بۇ تايچاقنىڭ پۇتىغا قۇلۇپ سالمىدۇق، بويىنىغا نومۇر ئاسمىدۇق، بولمىسا تۇتۇق بەرمەيدۇ بۇ!

— تۇتۇق بەرمەي ھەددىمۇ، ئەمىسە قاچان ئالىمىز؟

— ئالىمىز، ئالدىرىما ... ھەي، ھەي ... ئارزۇ دېگەن ئادەمنى تىنچ قويمايدۇ - دە، ئۆزى. بوپتۇ، ئارزۇلۇق بول، بۇمۇ بىر خىسلەت. ئادەم دېگەن ئارزۇلۇق بولمىسا، تۆت ئاياغلىقلاردىن نېمە پەرقى قالىدۇ. كىشى ئارزۇسىغا يەتسە، دۇنيادا ياشىغىنىغا مىڭ مەرتىۋە رازى بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئارزۇيىمىزغا يەتمەي، ھېلىقى تەتۈر سېۋەتتە[1] قانچە - قانچە يىل قىينالمىدۇقمۇ، ئۆزى!

---

[1] بۇ يەردىكى دېھقانلار گۈڭشېنى «تەتۈر سېۋەت» دەپ ئاتايتتى.

ھوشۇرئاخۇننىڭ بۇ قېتىم مەڭ سوم پايدا ئېلىشى، قىزىغا ئاتاپ ئۇرۇمچىدىن ۋېلسىپىت ئېلىپ كېلىشى بوستانگۈلنىلا ئەمەس، ئانىسىنىمۇ، ئۇكىلىرىنىمۇ ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. ھويلىدا ۋېلسىپىت ئەمەس، گويا بىر كىچىك ماشىنا تۇرغاندەك زور خۇشاللىق تەنتەنە قىلاتتى. چۈنكى، قىزىنىڭ تەشنالىقى خېلىدىن بېرى پۈتۈن ئائىلىنىڭ تەشنالىقىغا ئايلانغانىدى.

ھوشۇرئاخۇن بۇ قېتىمقى سودىسىدا «غازىنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، ئۆردەكنىڭ پېيىدا بول» دېگەندەك، ئۇرۇمچىگە يەنە بېرىشنىڭ يولىنى ئېچىپ قويۇپ كەلگەن. بۇدا ئۇ ياغاچ ئاپارماقچى.

— ئۇرۇمچىدە ئاشخانا ئېچىۋاتقانلارغا ياغاچ تازا لازىم بولۇۋېتىپتۇ، — دېدى ئۇ بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، — يېزىدىن ئۆتكەندە يۈز تۇپ دەرەخ سۆزلەشكەن، لىگزىدەكلىرىنى ئوتتۇز سوم، بادرىلىرىنى ئون بەش سوم، چەنزىدەكلىرىنى ئۈچ - تۆت سومدىن ئالىدىكەن، ھەربىر تۈپتىن كېمىدە ئون سوم قالىدىكەن، بۇدا بىر قاتىنىۋالسام، گەپ يوق مىڭ سوم قومۇرىمەن، ئۆزى.

— ۋيەي، ئۇ دەرەخلەرنى ئۇرۇمچىگە قانداقمۇ يەتكۈزەرسەن، دادا؟

— نېمە دەۋاتقىنىڭ، كوڭكا دېگەن تاغنىمۇ يۆتكەپ كېتەلەيدۇ، دەيمەن. ماڭا قارا، ئۆگۈنلۈككە يېزىغا بىر چىقىپ كەلسەم، شۇنىڭدىن كېيىن، ۋېلسىپىت سىنىڭ، ئۈچ، چاپ ...

— ئەسكى قىلىپ بېرىدىكەنسەن - دە؟

— ئەسكى قىلىپ؟ دېگەن گېپىنى، ۋېلسىپىتىڭ سىلىقلىنىپ ئۈچىدىغان بولىدۇ، دەيمەن.

خەيرىيەت، ۋېلسىپىتنى بىرىنچى قېتىم ھوشۇرئاخۇن مىنىپ يېزىغا چىقتى. ئۇ دەرەخ ئىگىسى بىلەن سۆزلىشىپ، ھەربىر تۈپ دەرەخ باھاسىغا كېلىشىپ قايتقۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ

كەتتى. دېھقان ئۇنى قونۇپ قېلىشقا زورلىسىمۇ ئۇنىماي يولغا چىقتى.

— ئاستىمدا دۇلدۇل تۇرسا، ھېلىلا ئۆزۈمنى ئۆيدە كۆرمەمدىم، — دېدى ئۇ.

يېڭى ۋېلىسىپىت ئۈستىدە ئولتۇرغان ھوشۇرئاخۇن ئاسفالت يولدا شامالدەك غۇيۇلداپ چاپماقتا ئىدى ۋە ئارىلاپ دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى:

تاۋا كەسكەن قايچىمىكەن،
دۇردۇن كەسكەن قايچىمىكەن،
پەمسىزلەرنى داغدا قويۇپ،
پۇل تاپقانلار نوچىمىكەن.
... ... ... ...

ئۇ يېزىنىڭ كېچىلىك ساپ ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ، روھى كۆتۈرۈلگەن، خۇشخۇي ھالدا غۇيۇلداپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى. يولنىڭ چېتىدىكى قويۇق دەرەخلىك ئارىسىدىن بىرى تۇيۇقسىز چىقىپلا ۋارقىرىدى:

— توختا!

ھوشۇرئاخۇن چۆچۈپ ۋېلىسىپىتنى ئاستىلاتقاندى، كەينىدىن يەنە بىرى چىقىپ، قولاق تۈۋىگە بىر مۇشت ئۇرۇپ، ئۇنى ۋېلىسىپىتتىن ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقالماي قالدى، پەقەت چاقماق چاقىقاندەك، كۆزىدىن «ۋال» قىلىپ بىر ئوت يانغانلىقىنى، ئاندىن كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنىلا ئاران ـ ئاران ھېس قىلالىدى ... ھېلىمۇ ياخشى، كۆمۈرگە ماڭغان ھارۋىكەشلەر كېلىپ قېلىپ، ئۇنى يۆلەپ ھارۋىسىغا باستى ـ دە، يېزا دوختۇرخانىسىغا يەتكۈزۈپ قويدى. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، بېشى يېرىلىپ، كۆپرەك قان چىقىپ كېتىپتۇ، باشقا يېرى ساق ئىكەن.

بۇ خەۋەر ئەتىسى ئەتىگەندە ھوشۇرئاخۇننىڭ ئائىلىسىگە ئاڭلاندى. ئايالى ئالاقزەدىلىككە چۈشۈپ يېزىغا، بوستانگۈل ساقچى ئىدارىسىگە ماڭدى، پۈتۈن ئائىلە ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى.

چۈشتىن كېيىن يېزىغا قايتىپ چىققان بوستانگۈل يېزا دوختۇرخانىسىدا، بېشى ئاپپاق داكا بىلەن تېڭىلغان دادىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۆڭسۈلى ئۆچتى.

— دادا! ... — قىز دادىسىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۆپكىلەپ يىغلاپ كەتتى. ھوشۇرئاخۇن قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ كۈلۈمسىرىدى:

— قورقما، قىزىم ... ھېچقىسى يوق، ئازراق ھارام قان چىقىپ كەتتى، ئۆزى.

— مەن ساقچىغا خەۋەر قىلدىم، — دېدى بوستانگۈل كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— ئەخمەق بالا ئىكەنسەن، — دېدى دادىسى يۈزىنى ئۆرۈپ، — ئىككى - ئۈچ كۈندە ئوڭلىنىپ كېتىمەن، ئۆزى. ۋېلىسىپىتنىڭ باش - كۆزۈڭنىڭ سەدىقىسى، ھەممە بالا - قازا شۇنىڭ بىلەن كەتتى ئەمدى.

— نېمە دەۋاتقىنىڭ بۇ، ساقچىلار «تېپىلىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار» دېدى.

— بۇنداق ئىشلار كۆرمىڭ، بۇنى سۈرۈشتۈرىدىغان ساقچى نەدە تۇرۇپتۇ؟ بېشىم ئامان بولسا ئۇنداق ۋېلىسىپىتتىن نەچچىنى ئېلىپ بېرىمەن تېخى.

— ساقچى دېگەن پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى قوغدايدۇ، بۇنداق ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمىسە خەلق قانداق خاتىرجەم بولىدۇ، دادا؟

— ئەجەب چۈشەنمەيدىكەنسەن، ئوغرىنى تۇتۇپ ئاپىرىپ بەرسەڭ، ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ چىقىرىۋېتىۋاتسا ...

— گۇناھىغا قارايدۇ ئەمەسمۇ، بولاڭچىلارنى بوش قويمايدۇ.

— ھە، ماقۇل، سىنىڭ راست.

بوستانگۈل يېزىدىن مەيۈسلىنىپ قايتتى، ئاران قولى يەتكەن ۋېلىسىپىتىنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكى قىزغا قاتتىق تەسىر قىلغان، ئەگەر قولىقىدىكى ئالتۇن ھالقىسى يېتىپ كەتكەن بولسا، مۇشۇنچىلىك مەيۈسلىنىپ كەتمەس ئىدى. ۋېلىسىپىت ئۇستىدە غۇيۇلداپ ئۇچۇش ئۇنىڭ ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان شېرىن ئارزۇسى ئەمەسمىدى، بىرەر قېتىم مىنىپ كوچىلارنى ئايلىنىۋالسىچۇ كاشكى ... تېخى بۇ خۇش خەۋەرنى ئېلىشاتقا يەتكۈزگىنىچۇ، ئىسست، ئىسست ... بۇنداق بولار دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ ... بۇ ئىش گويا مەي باغلىغان شاپتۇلنى ئۈزۈپ ئاغزىغا سالاي دېگەندە، قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئېزىلىپ كەتكەندەك بىر ئىش بولدى - دە !

بوستانگۈلنىڭ مەيۈسلۈكى ئۇزاققا بارمىدى. خۇش خەۋەرنى بۇنداق تېز كېلىدۇ، دەپ ھېچكىم ئويلىمىغان ... ۋېلىسىپىتىنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بوستانگۈل پىشىپ قالغان تاماققىمۇ قارىماي، ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىش ۋاقتىنىمۇ كۈتمەي، سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزىغا قاراپ يولغا چىقتى. شۇنداق تېز ماڭغان قىز ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يېزىغا يېتىپ چىقتى.

— دادا، خۇش خەۋەر ! ... — قىز بالىنىست ئىشىكىدىن كىرىپلا ۋارقىرىۋەتتى، ئۇيقۇدا ياتقان دادىسى چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى.

— نېمە بولدۇڭ قىزىم، ۋارقىرىغان سەنمۇ؟

— ۋېلىسىپىت تېپىلىپتۇ !

— شۇ گەپمىدى ... نېمانچە خۇش بولۇپ كەتكەنسەن، بىر كاللەك ئالتۇن تېپىۋالغان ئادەمدەك ...

— تېپىلمايدۇ، باش - كۆزۈڭنىڭ سەدىقىسى دەۋاتاتتىڭ، تېپىلدىغۇ مانا؟

— تېپىلىدۇ، تېپىلماي نەگە بارىدۇ، ئۆزى.

— ۋىيەي ... بۇ كۈندە ئوغرىنى ئىزدەيدىغان ھۆكۈمەت نەدە، دېۋىدىڭ، قانداق، ھۆكۈمەت، ساقچى بارمىكەن؟

— ساقچىلار تېپىپتۇمۇ؟

— ساقچى تاپماي كىم تاپىدۇ؟ ئىككى ساقچى ئىككى كۈن ئىزدەپ تېپىپتۇ، دوختۇرخانىنىڭ چىقىمىنىمۇ شۇلارغا تۆلىتىدىكەن تېخى.

— ساقچىلارمۇ ئايلىقىغا مونەك - مونەك پۇل ئېلىۋاتقاندىكىن، تاپىدۇ دېگىنە. بەلەن ئىش بوپتۇ، ھۆكۈمەت، ساقچىلار بىزنى مۇشۇنداق قوغداپ بەرسە، بىر يىلدىلا خۇددى ھۆسەنباينىڭ ئۆزى بولىمەن دېگىنە، قىزىم، ئۇ چاغدا ساڭا كىچىك ماشىنىمۇ ئېلىپ بېرەلەيمەن.

ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ گېپى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، ياتاققا ساقچى كىرىپ كەلدى.

— ھوشۇرئاخۇن سىز بولامسىز؟

— شۇنداق، مەن، ئۆزى.

— بۇلاڭچىلار مەشەدىن تۇتۇلدى، ۋېلىسىپىتىڭىزنى سامانغا كۆمۈپ قويغان يەردىن تاپتۇق، ئەنە، ئىشىك ئالدىدا يېپيېڭى تۇرۇپتۇ.

— رەھمەت، ئۇكام، خىزمەت دېگەن مۇنداق بولىدۇ، ئەمما خىزمىتىڭلارنى يەردە قويىدىغان ئادەم ئەمەسمەن، دوختۇرخانىدىن چىقساملا، مۇكاپاتنى مەندىن ئالىسىلەر، ئۆزى.

ساقچى كۈلدى.

— رەھمەت، خەلقنى رازى قىلساقلا، بىزگە مۇكاپات دېگەن شۇ!

بوستانگۈل ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كوچىغا چىقتى. ئۇ ۋېلىسىپىتىغا يېنىش - يېنىشلاپ قارايتتى. شۇ تاپتا ھەممە نەرسە — ئادەملەرمۇ، دەل - دەرەخلەرمۇ، ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. مانا ئۇ ھازىرلا ئۇچماقچى، ئۇدۇل ئېلشاتنىڭ يېنىغا بارماقچى، بىراق خۇددى

ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىدا ئېلشات پەيدا بولۇپ قالدى، قىز ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى:

— سىز ... سىز ...

بوستانگۈلنىڭ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ئېلشات كۈلۈمسىرىدى:

— سىزنىڭ كەينىڭىزدىن چىقتىم، خۇشاللىقىڭىزغا ۋاقتىدا شېرىك بولاي دېدىم.

قىز تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، خۇددى كىچىك بالىدەك ئەندىكىپ كەتتى.

— سىز كىرىپ كېتىۋېرىڭ، مەن كەينىڭىزدىن كەچلىك ئاپتوبۇستا كىرىمەن، — دېدى ئېلشات.

— ياق، بىللە كىرىپ كېتىمىز، — ئېلشاتنى تاشلاپ قويۇپ كىرىپ كېتىشكە قىزنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى، — سىزنى بەخۇدۇك ئېلىپ يۈرەلەيمەن، ئۇچىمەن دەڭە، قېنى ئولتۇرۇڭ.

ئېلشات ۋېلسىپتنىڭ كەينىدە ئولتۇردى، بوستانگۈل غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى.

يېزىنىڭ كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدىكى سالقىنلىقى تارقىلىپ، ئىللىق شاماللىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى يەلپۈپ ئۆتمەكتە. ئىككىسىنىڭ مىنگىشىپ كېتىپ بارغانلىقىنى تەبرىكلىگەندەك، سان ـ ساناقسىز يوپۇرماقلار يېقىملىققىنا چاۋاك چېلىشماقتا ئىدى ... ئېلشات بېشىنى بوستانگۈلنىڭ دۈمبىسىگە ئاستا قويدى. قىز ھاياجانلىنىپ، ئىختىيارسىز قوزغالغان ھېسلىرىنى ئاران ـ ئاران بېسىۋالدى. ئۇنىڭ كۈتكىنى مۇشۇ ئىدى. ئۇ بەختلىك ئىدى. ئۇ ئارزۇسىغا يەتكەنىدى !

ئەتتەڭ ... شەھەرنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ قالدى ـ دە ...

ئېھ ... يوللار، ئۇزارساڭچۇ، قىزنىڭ شۇ تاپتىكى ئارزۇسىنى چۈشەنسەڭچۇ، بوستانگۈل كېچىچە يول بېسىپ ئۆز ئارزۇسىنىڭ قەنتىنى چاقسۇن، ئۇزار يوللار !

# غەزەپ

## 1

ئۇلار ئىككىسى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى. ھەر قېتىملىق يىغىنلاردا بىللە بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق بىللە بولۇپ قېلىش ھەر ئىككىسىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان، بىراق تۇرمۇشتا ئۆزۈڭنىڭ ئوي ـ خىيالىغا، خاھىشىڭغا قارشى كېلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن، سەن قانچىلىك نەپرەتلىنىپ يىرگەنسەڭمۇ تەتۈر قىسمەت دۈچ كېلىپ قالىۋېرىدىكەن، قاقشىغانلار قاقشاپ، يايرىغانلار يايراپ ئۆتىۋېرىدىكەن. بۇنىڭغا نېمە ئامال؟

ئۇلار بىللە بولۇپ قالغان چاغلاردا بىرىنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ـ نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنىسا، بىرىنىڭ كۆزىدىن ئوڭايسىزلىنىش، خۇشامەت ياناتتى ۋە ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىدە پەيدا بولغان بۇ خىل روھىي ھالەتلەرنى بايقىشاتتى.

— ئاۋۇتجان، شۇ چاغدا سىز بىر تال ئوقنى ئاياپ قالمىغان بولسىڭىز، مەن بۇ دۇنيادا يوق ئىدىم جۇمۇڭ، — دېدى ھالاۋىدىن قانداقتۇر بىر ئوڭايسىزلىنىش بىلەن ھىجىيىپ، — كۆرىدىغان كۈنۈم بار ئىكەن، قاراڭ، ھازىر ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە مەن.

— شۇ ئىشىمغا ھازىرمۇ ئۆكۈنىمەن، — دېدى ئاۋۇت ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ، — مېنى ھازىرغىچە قىيناۋاتقان بىر ئىش بار، بىلەمسىز، مېنىڭ روھىممۇ ئەمەتكە يۈز كېلەلمەيدۇ !

ھالاۋىدىن ئاۋۇتنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ سۈس كۈلۈمسىرىدى:

— تەقدىر شۇنداق، ئاۋۇتجان، تەقدىر ...

— مېنى ئازابلايدىغىنى نەق شۇ تەقدىر.

يىغىن مۇزاكىرىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق سۆزلەر بولۇندى. بۇگۈن ئىككىسى بىر يەردە ئولتۇرۇپ قېلىشقانىدى. مۇزاكىرە زالى ئىنتايىن پاكىز بولۇپ، پوللارمۇ، چوڭ - كىچىك تەشتەكلەردىكى گۈللەرمۇ، پىكۇسلارنىڭ ئالىقاندىن يوغان يوپۇرماقلىرىمۇ چاقناپ، پارقىراپ - ۋاللىداپ تۇراتتى. يۇمشاق دىۋانلاردا ئولتۇرۇشقانلار چىرايلىق كۈتكۈچى قىزلار ھېلىدىن - ھېلى قۇيۇپ تۇرغان پۇراقلىق چايلارنى ئىچىشىپ پىكىر بايان قىلىشاتتى. تالادا قار يېغىۋاتسىمۇ، مۇزاكىرە زالى باھاردەك يېقىملىق، راھەت ئىدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى. دۈگىلەك ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانلار تائاملارغا قول سوزۇشاتتى. بۇ يەردە ھەرقانچە يېسەڭمۇ تۈگىمەيدىغان ئېسىل تائاملار بولىدۇ، قۇۋۋەتلىك تائاملارنى كەينىدىن ئىچكەن ۋاژىلداپ تۇرغان پىۋىلار سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. ھالاۋىدىن نېرىقى ئۈستەلدە ئاۋۇتقا قارىمۇقارشى ئولتۇرغانىدى. ئۈستەل ئۈستىدە دورا - دەرمەكلىرى تېتىغان ھەر خىل قورۇمىلار، پىشۇرۇلغان ئۈستىخانلىق گۆشلەر، پولۇ، پىتىر مانتىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن چىنە قويغۇدەك يەر قالمىغانىدى. ھالاۋىدىن تاماق يېگەچ يېنىدىكىلەرگە بىرنېمىلەرنى دەيتتى، بەلكىم ئالدىدىكى تاماقلارنىڭ ئوخشىغانلىقى، ئېسىللىكىنى ماختاۋاتسا كېرەك، يېنىدىكىلەرنىڭ گەپلىرىگە بېشىنى لىڭشىتىپ، قەددىنى ئېگىپ جاۋاب قىلاتتى. ئىككى جاۋغىيىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەت - چىرايلىرىدىن بىرقىسما قىلىقلار چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا كاۋاپ كەلتۈرۈلدى. كاۋاپنى ئۇ بىراقلا سىيرىپ ئاغزىغا سالدى، كاۋاپنىڭ تاتلىقى قالغان بارماقلىرىنى يالىدى. شۇ قىلىقلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئاۋۇتنىڭ كۆڭلى ئىلەشتى ۋە بىردىنلا

جۇدۇنى تۇتتى: «ھەي، جان باقار ئابدال، ئاشۇ تائامىلارنى يېگۈچە زەھەر يېسەڭ، كىمگىلا بولسا خۇشامەت قىلىپ، ھىجىيىپ يۈرگۈچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ، — دەپ ئويلاۋاتاتتى ئۇ. ئۇنىڭ ئويلىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا ئىدى، — بۇنىڭغۇ بوپتۇ دەيلى، ئۇ گۇناھى، تىل قىسسىنچىلىقى بار ئادەم، شۇڭا ھىيلە بىلەن، خۇشامەت، قۇلچىلىق بىلەن ياشاۋاتىدۇ. گۇناھى، تىل قىسسىنچىلىقى يوق ئادەملەردىنمۇ خۇشامەتچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغانلار كۆرمىسەڭ، كۆرمىگىلاپ تېپىلىدۇغۇ، بۇ نېمە قىلىق؟ ... ئادەمنىڭ قەدرى ـ قىممىتى نېمىدە؟ ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى چۈشىنىشتە، ئۆزىنى بىلىشتە ئەمەسمۇ! سېنى خۇدا ياراتقان چاغدا، باشقىلارغا ئوخشاش ساڭىمۇ ئادىمىيلىك، غۇرۇر، مەغرۇرلۇقنى، ھالال ۋە پاكىز ياشاشنى بەخش ئەتمىگەنمىدى؟! بىرەر مەنپەئەتكە، پۇل، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە، ھوقۇق ـ مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاشۇ ئېسىل خىسلەتلەرنى چۆرۈۋەتسەڭ، ئۆزۈڭدە ئازاب، خورلۇق ھېس قىلمامسەن؟ قېنى سېنىڭ ئادەملىكىڭ؟ قېنى سەندىكى غۇرۇر ۋە ۋىجدان؟ ھەي خۇشامەتچى، كىشىلەرنىڭ يىرگىنچ، نەپرەت ـ لەنەتلىرى ساڭا خۇددى قامچىدەك تاراسلاپ تېگىۋاتسىمۇ، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنىڭگە ھەيرانمەن، ئۈچاڭغا كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، بوينۇڭغا گالستۇك تاقاپ كوچىلاردا، ئاشكارا سورۇنلاردا مەغرۇر، چېتىڭگە چۆپ قوندۇرماي يۈرگىنىڭنى كۆرگەن كۆزلەر ئۆزۈڭنىڭ ئادەملىكىڭنى ئۇنتۇپ، كىملەرگە باش قويۇپ، تاپىنىنى يالاپ يۈرگىنىڭنى كۆرمىدى دەمسەن؟ ... ئۇيات، نومۇس قىل ...»

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر، سىلەر شۇ تۇرقىدا بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندۇ؟ ئاۋۋت ھالاۋىدىنىدىن نېمىشقا شۇنچىلىك نەپرەتلىنىدىغاندۇ؟ نېمانچىلا ئۆچلۈك قىلىدىغاندۇ؟ ھالاۋىدىن نېمانچە خۇشامەت قىلىپ، ھىجىيىپ يۈرىدىغاندۇ؟ بۇ يەردە نېمە سىرلار باردۇ؟ دېگەن سوئاللارنى

قويۇپ ئويلاۋاتقانسىلەر، توغرا، سىلەردە شۇنداق سوئاللار تۇغۇلدى، سوئاللىرىڭلارغا جاۋاب بېرەي، بۇنىڭدىن سەل كەم قىرىق يىل بۇرۇنقى بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرسەم، سوئاللىرىڭلار جەزمەن يېشىلىدۇ.

## 2

1950 ـ يىلى باھار مەزگىلى ئىدى. ئاۋۇت شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيەنىڭ قانلىق جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كۆكسىگە «باتۇرلۇق» ئوردېنى تاقىغان، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى قەيسەر روتا كوماندىرى ئىدى. ئۇ ئۆز قىسمى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي، مۇنتىزىم ئارمىيەدىن ئالمىشىپ، ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى.

ئۇ يېڭى خىزمەتكە چۈشكەندە كۈنلەر تىنچ ئۆتۈۋاتاتتى. بىرەر ۋەقە ـ دېلولارمۇ يۈز بەرمىگەنىدى. سىرتتىن قارىغاندا ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر جىمجىت يۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچكى جەھەتتە يېڭى باشلىق ئاۋۇت ئىدارىدىكىلەرنى تەشكىللەپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن يېڭىلا ئۆتكۈزۈۋالغان ناھىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ سىياسىي قىياپىتى، ئىجتىمائىي ئورنى، قىلغان ـ ئەتكىنى قاتارلىق ئىشلىرىنى ئىگىلەۋاتاتتى. ئەھۋال ئىگىلەشمۇ ئاسانغا چۈشمەيۋاتاتتى. چۈنكى، بۇ ناھىيە تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان بولسىمۇ، ئازاد بولۇشنىڭ ئالدىدا ئىدارىدىكى مۇھىم ماتېرىيال ـ ئارخىپلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى.

يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ تىكلەنگەنلىكى ۋە بىر قاتار ياخشى ئىشلارنىڭ قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا ـ ئاستا بۇرۇنقى ئىشلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگۈچىلەر كۆپەيگىلى تۇردى. ئاۋۇتنىڭ بۆلۈمى ئەرز قىلىپ كەلگۈچىلەردىن خالىي

بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ خىزمەتنىڭ ئەمدى جىددىي باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن — ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

كەلگۈچىلەرنىڭ كۆپى بۇرۇنقى گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھالاۋىدىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى. بىرى: «ھالاۋىدىن ئىنىمنى قىزىل پاچاقلارنىڭ① تەشۋىقاتىنى قىلدىڭ، دەپ قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى بازارغا ئېسىپ، سازايى قىلغان» دېسە، بىرى: «ھالاۋىدىن جۇجاڭ كېچىسى بىرنەچچە ئادىمى بىلەن ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆزلىرى ساندۇقنىڭ كەينىگە بىر بولاق قەغەزنى تاشلاپ قويۇپ: مانا ئۆيۈڭدىن ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقات چىقتى، دەپ مال ـ مۈلكىمىزنى بۇلاپ چىقىپ كەتكەن، ئوغلۇم قارشىلىق قىلسا، شۇ يەردىلا ئېتىۋەتكەن» دەيتتى. يەنە بىرى: «خوتۇنۇمنى بىر ئىشنى ئېنىقلايمىز، دەپ تۇتۇپ كېتىپ، بىر ئاي خوتۇن قىلىپ، ۋىلايەتتىن باشلىقلار كەلسە، ئۇلارغا تارتۇق قىلىپ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئۆلۈكىنى يار بېشىدىن تاپتۇق» دېسە، يەنە بىرى: «بىر كۈنى ھالاۋىدىن جۇجاڭ دۇكانغا كېلىپ، بازار باھاسىنى بۇزۇپسەن، دەپ بىر ھارۋا ماتا ـ چەكمەننى بۇلاپ كېتىپ، كېيىن ئۇنى ئۆز ئادەملىرى بازاردا ئاشكارا سېتىپ، پۇلىنى بۆلۈشۈۋالغان» دەيتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. يامان يېرى، ھالاۋىدىن قېچىپ كەتكەنىدى. نەگە قاچتى؟ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر ئاينىڭ ئالدىدا تاڭ ئېتىشتىن سەل بۇرۇن ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىغا — توغراقلىققا كىرىپ كەتكەن.

ئاۋۇت ئۇزاق ئويلاندى، ئاخىر ئۇنىڭ كەلگەن قارارى: تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئىز قوغلاپ كىرىش، ئۇنى قەتئىي تۇتۇپ ئەكېلىپ، تېگىشلىك جازاسىنى بېرىپ، خەلقنىڭ ئەنتىنى

① قىزىل پاچاقلار — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنى دېمەكچى.

ئېلىپ بېرىش بولدى.
ئەتىسى ئۇ شۇ يەرلىك يېڭى ساقچى ئەمەت بىلەن ئىككى ئاتلىق بولۇپ، ئىككى كۆزىگە لىققىدە نان تولدۇرۇلغان خۇرجۇننى، سۇ قاچىلىرىنى غانجۇغىلاپ يولغا چىقتى. ئۇلار قۇملۇقتا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى ھاۋانىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. قاياققا مېڭىش كېرەك؟ ئوڭغىمۇ ـ سولغىمۇ؟ ... ھالاۋىدىن ئەلۋەتتە قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ ماڭسا «بارسا كەلمەس» يولغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىشى مۇمكىن. قۇملۇقتا ئادەم تۇرماق، بىرەر ھايۋاننىڭمۇ ئىزى كۆرۈنمەيتتى. ئەمەتنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە، ئوڭغا بۇرۇلۇپ بىرەر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، يىراقتىن قاراقۇر بىرنېمە كۆرۈندى. خېلى ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچ يېقىنلىمىدى.
— ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن نېمە ئۇ، ئەمەت؟ — دېدى ئاۋۇت ئات ئۈستىدە سىگار يان ئولتۇرۇپ.
— توغراقلىق.
— ھېچ يېتەلمەيمىزا؟
— يېرىم كۈن ماڭساق يېتىمىز.
— شۇنداقمۇ؟
— قۇملۇق ئىچى تىلسىملىق بولىدۇ.
ئاۋۇت ئۆز قىسمى بىلەن جۇڭغارنىڭ قۇملۇق، دەشت ـ دالالىرىنى تالاي كەزگەن، لېكىن مۇنداق كۆز يېتىم يەرگە يېرىم كۈن ماڭغان ئەھۋاللارنى ھېچ ئەسلىيەلمىدى.
— قورسىقىڭ قانداق، ئاچتىڭمۇ دەيمەن ؟ — دېدى ئاۋۇت ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.
— ئېچىپ قالدى.
— مېنىڭمۇ ئاچتى، قورسىقىمىزنى تويدۇرۇۋالايلى.
ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئوزۇقلىنىشقا ئولتۇردى. سەھەر يولغا چىققانلىقى ئۈچۈن قورساقلىرى راستتىنلا ئېچىپ كەتكەنىدى. ئاۋۇت تىنماي بېشىنى سىلكىۋاتقان ئاتلارغا نەزەر

تاشلىدى ـ دە، ئەمەتكە قاراپ:

— سۇنى ئاز ئىچەيلى، مۇشۇ قاچىلاردىكى سۇنى ئاتلارغا بېرەمدۇق، تېخى، — دېدى.

— قورقماڭ ئاۋۇتكا، ئالدىمىزدىكى توغراقلىقتا سۇ بار.

ئۇلار يولغا چىقتى. ئىسسىق تەپتىدىن قۇملۇقتىن «ۋىل ـ ۋىل» قىلىپ يالقۇن كۆتۈرۈلەتتى. «تومۇزلاردا بەئەينى تونۇر بولۇپ كېتىدىكەن ـ دە بۇ يەر» دەپ ئويلىدى ئاۋۇت. ئۆز ۋاقتىدا، 1945 ـ يىلى كۇزدە ئۇلارنىڭ قىسمى شىخەنزىنى ئىشغال قىلغان چاغدا ئاۋۇت رازۋېدكىچى ئىدى. ئۇ رازۋېدكىغا چىقىپ، قومۇشلۇق ـ چاتقاللىقلارنى تالاي قېتىم كەزگەن. شۇ چاغلاردا ھېچ ئويلىمىغان يەردىن — چوشقىلار خارتىلداپ قاچقان يەرلەردىن ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئوق چىقىپ قالغان. ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەن يەرلەردىن دۇشمەن پەيدا بولۇپ قالغان. ئۇ شۇ ئىشلارنى ئويلاپ، قۇم بارخانلىرى ئەتراپىغا، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇچراپ تۇرىدىغان يۇلغۇن، سۆكسۆكلەر ئارىلىرىغا دىققەت قىلىپ كېتىپ باراتتى. «شىلدىر» قىلغان ئاۋاز چىقسىلا ئېگەرنىڭ يېنىغا چۆكەتتى ـ دە، تاپانچىسىنى سۇغۇرۇپ ئالاتتى.

ئۇلار چۈشتىن ئۆتۈپ، كۈن خېلىلا قايرىلغان چاغدا، توغراقلىققا يېتىپ كەلدى. نېرىدا ئۆي كۆرۈندى. ئىككىسى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئالدى ئېچىۋېتىلگەن يالاڭ چاپانلىرىنىڭ ئىزمىلىرىنى ئېتىپ، شەپكىلىرىنى تۈزەپ كىيىپ، ئۆيگە يېقىنلاپ كەلدى. ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئېگىز بويلۇق، ئاپپاق ساقاللىق، كۆرۈنۈشىدىن تىمەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى.

ئاۋۇت بىلەن ئەمەت بوۋايغا سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاتتىن چۈشۈڭلار، بالىلىرىم، — دېدى بوۋاي ئۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ، — تايىنلىق، ھالاۋىدىن دېگەن مۇناپىقنى ئىزدەپ كەلدىڭلار.

ئەمەت بوۋاينى تونۇپ قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن

ئوتۇنغا چىقىپ، ئېشىكى يېتىپ كېتىپ، بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلگەندە، بوۋاينى كۆرگەنلىكىنى ئېيىسگە ئالدى. ئىككىسى بوۋاينىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئاۋۋال قېتىق ئىچتى، ئاندىن قوقاستا قىزىرىپ پىشقان نان بىلەن چاي ئىچتى. بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاۋۇت بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى.

— ئېيتقانلىرى توغرا، هالاۋىدىننى ئىزدەپ كېلىشىمىز. پۈتۈن ناهىيە خەلقى ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ جازالاپ بېرىشىمىزنى قاتتىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، سىلى ئۇنى مۇشۇ ئەتراپتا كۆردىلىمۇ؟ ئاق بوز ئاتلىق.

— ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ، ئاق بوز ئېتىنىمۇ تونۇيمەن، ئۇ مۇشۇ ئەتراپقىلا ئەمەس، ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ بىزنىڭ ئۆيگە ناماز دىگەر ۋاقتىدا كەلگەن. بۈرۈنمۇ كەلگەن.

ئاۋۇت جانلاندى:

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بالام، ئۇنىڭ كەلگىنىگە ھەپتە - ئون كۈن بولدى. ئۆزى ئوۋ قىلىپ كەلدىم دەيدۇ - يۇ، ئەمما بىرنەرسىدىن ئۈركۈپ، قورقۇپ تۇرىدۇ. چىرايىنىڭ ئۆڭى يوق، كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرىدۇ. بىر قوزامنى سويدۇرۇپ يېدى، قوندى.

— قاياققا كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىلىمۇ؟

— كۆرەلمىدىم. قىزىق، كەچتە ئېتىنى سوۋۇتۇپ ئوتقا قويدۇق، بىراق ئېگىرىنى ئېلىشقا ئۇنىمىدى. ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بەرسەك، ئۇنىماي، قىزىپ كەتتىم، دەپ ئۆگزىگە چىقىپ ياتتى. سەھەردە قوپۇپ قارىسام، كېتىپ قاپتۇ.

— ئەمىسە قاياققا كەتكەندۇ؟

— قاياققا كېتەتتى، ئۇدۇل كېتىدۇ. ئوڭغا بۇرۇلۇپ ماڭسا، يۇرتقا يېقىنلاپ قالىدۇ، سولغا بۇرۇلۇپ ماڭسا، قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كېتىدۇ. يۇرتتىن قېچىپ چىققان ئادەم يۇرتقا

يېقىنلىمايدۇ ـ دە، قۇملۇققىمۇ كىرمەيدۇ. ئۇدۇل ماڭسا، يالغۇز جاڭزىغا ماڭىدۇ، جەزمەن ئۇدۇل كەتتى. ئۇ بۇ يەرلەرنى ياخشى بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن نېرىغا ئۆتەلمەس.
ــ يالغۇز جاڭزىغا قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارغىلى بولار؟
ــ يالغۇز جاڭزا ئەسلىدە ئېشەكلىك ماڭسا، بىر كۈنلۈك يول، ئاتلىقا ئۇنچە كەتمەس.
ئاۋۇت ئويلىنىپ قالدى ۋە قانداق قىلىمىز، دېگەندەك قىلىپ ئەمەتكە قارىدى. بوۋاي ئۇنىڭ بۇ مەنىلىك قارىشىنى سەزدى بولغاي، مۇنداق دېدى:
ــ بۈگۈن يالغۇز جاڭزىغا يەتكىلى بولمايدۇ، مەشەدە قونۇڭلار، ئەتە ئەتىگەن ماڭساڭلار، بەلكىم چۈش پېشىندا يېتىپ بارىسىلەر.
ــ كېچىدە بارساق ياخشىراق بولاتتى.
ــ ئاتلىرىڭلار ھېرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇملۇق يول ـ ئېزىتقۇلۇق يول، كېچىدە ماڭغىلى بولمايدۇ.
ئىككىسى بوۋاينىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئەمما، خۇپپىيانە ھالدا يېرىم كېچىگىچە بىرى، تاڭ ئاتقۇچە يەنە بىرى ئۇخلايدىغان بولۇپ كېلىشىۋالدى.
ئىككىسى ئەتىسى سەھەر يولغا چىقتى.
بىپايان قۇملۇق ئىچىدە زېرىكىشلىك ئىز قوغلاش ئاخىرلىشىپ، يالغۇز جاڭزىغا بىر كىلومېتىردەك يول قالغاندا، ئۇلار ئاتتىن چۈشۈشتى. ئاۋۇتنىڭ ئويى بويىچە ئەڭ بولمىغاندا قاش قارايغان مەزگىلدە يېتىپ كەلگەن بولسا، ياخشى بولغان بولاتتى. خەيرىيەت، كېلىپ قالدى. ئەمدى ھەربىر قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن بېسىشقا توغرا كېلەتتى. ئاسمان ئاستى تىنچ بولغان بىلەن ئۈستى شاماللىق ئىدى. يۇندى رەڭ ئاسمان بارغانسېرى سۇزۇلۇۋاتاتتى. ئىككىسى ئاتلىرىنى يېتىلەپ ئوڭ تەرەپتىكى شالاڭ توغراقلىقنى دالدا قىلىپ ماڭدى. ھاۋا قىزىپ كەتكەچكىمۇ يا ئۇچار قۇش، يا چۆل ھايۋانلىرى كۆرۈنمەس

ئىدى. ئۇلار سەھەر يولغا چىققان، شۇ چاغدا ئاۋۇت ئۇچرىغان توشقان، قاغىلارنى ئاتقان. ئەمدى شۇ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. چۈنكى، تاپانچىسىدا بىر تاللا ئوق قالغانىدى. ئۇلار يالغۇز جاڭزىغا يېقىنلاپ قالدى. ئاۋۇت يېنىدىكى تاپانچىسىنى، ئەمەت مۈرىسىدىكى مىلتىقىنى قوللىرىغا ئالدى. جاڭزىغا يېقىنلاپ كېلىپ، ئاتلىرىنى توغراق شېخىغا باغلىدى. ئەمەت نېرىدا — جاڭزىنىڭ ئوڭ يېنىدا بوز ئاتنىڭ باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئەگەر يول بىلەن كەلگەن بولسا، ئۇ كۆرۈنمەس ئىدى.

— مانا مەشەدە ئىكەن، تازا ئۇستىدىن چۈشۈپتىمىز، — دېدى ئەمەت باشلىقىغا بوش ئاۋازدا شىۋىرلاپ، — ئەنە بوز ئېتى.

قىزىق يېرى شۇكى، جاڭزا جىمجىت بولۇپ، گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇلار بۇ ئەھۋالدىن ئەجەبلىنىپ قالدى - دە، قورۇ ئىچىنى كۆزەتتى. يەنە جىمجىتلىق، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى، ھەممە نەرسە مۈگدىنىپ تۇرۇپتۇ. ئىككىسى ئەندىشىلىك تۈيغۇدا قورۇنىڭ ئىچىگە ئاستا كىردى. تام ياقىلاپ مېڭىپ، قوتان - ئۆگزىلەرگە قارىدى. قورۇ ئىچىدە تۆت ئېغىز ئۆينىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. «ئېتى بۇ يەردە تۇرسا، ئۇ قاياققىمۇ بارالار؟ — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئاۋۇت، — پىيادە قانچىلىك يول باسالايتتى؟ قاپاقباش، ئېتىنى تۇزۇكرەك يەرگە يوشۇرۇپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەپتۇ - دە، ئېتىنىڭ بارلىقى — ئۆزىنىڭ بارلىقى، دېمەك ئۇ بىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالغان.»

ئىككىسى بىرىنچى ئۆيگە كىردى. ئۆيگە كىگىز سېلىنغان، پاكىز سۈپۈرۈلگەن، مېھمان كېلىدىغاندەك كۆرپىمۇ سېلىپ قويۇلغان. ئۇلار قوراللىرىنى تەڭلىشىپ، ئىككىنچى ئۆيگە كىرىشتى. بۇ ئۆيمۇ ئادەمسىز، جىمجىت بولۇپ، كىگىز ئۇستىگە ئانارگۈللۈك گىلەم سېلىنغان، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا يوتقان - كۆرپىلەر تىزىپ قويۇلغانىدى. ئىككىسى ئۈچىنچى

ئۆيگە كىرگەندە، ئۆزلىرىنى سۇر باسقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇ ئادەمسىز ئۆيلەردىن قانداقتۇر بىر دەھشەت يېغىپ تۇراتتى. قەيەردىندۇر تۇيۇقسىز ئوق چىقىپ كېتىدىغاندەك، قەيەردىندۇر بىرى پەيدا بولۇپ ئۆزلىرىگە ئېتىلىدىغاندەك غايىبانە كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىرىنچى ئۆيدىن باشقا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئىچىدىن بولۇپ، بىرىنچى ئۆيگە كىرگەن ئادەم ئاشۇ ئۆيدىنلا باشقا ئۆيلەرگىمۇ كىرەلەيتتى. بۇ ئۆي كىگىز ـ كېچەكسىز، ئۆيدە تىكلەكلىك بىرنەچچە تاغار، ھارۋىنىڭ كونا جابدۇقلىرىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇلار ئەمدى تۆتىنچى ئۆيگە كىرسە، ھەممە ئۆيلەرگە كىرىپ بولغان بولاتتى. تۆتىنچى ئۆينىڭ ئىشىكى تار بولۇپ، ھەم يېپىلمايتتى. بۇ ئىشىككە كەلگەندە، ھەر ئىككىسىدە قورقۇنچ، ئەندىشە پەيدا بولدى. قانداق قىلىمىز؟ دېگەندەك بىر ـ بىرىگە چەكچىيىپ، ئاستا قاراشتى. ئەمەت ياندا تۇرۇپ، قولىنى سوزۇپ، ئىشىكنى كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى. ئۆيئىچى راستىنلا كىشى ئەيمەنگۈدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئىككىسى ئىككى ياندا تامغا چاپلىشىپ تۇراتتى. بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئاۋۇت ۋارقىرىدى:

— قورالنى تاشلا! كەڭچىلىك قىلىمىز.

ئۆيئىچىدىن سادا چىقمىدى، بىرەر تىۋىشمۇ ئاڭلانمىدى. ئۇلارنى سۇر بېسىپ كەتتى.

ئاۋۇت يەنە ۋارقىرىدى:

— كۆن كۆرىمەن دېسەڭ، چىق بۇياققا!

يەنە جاۋاب يوق، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆيدە ئادەم بارمۇ ياكى ئۇلار ئادەمسىز ئۆيگە ۋارقىراۋاتامدۇ؟

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟

تېرىكىپ جىلە بولغان ئاۋۇت ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ بۇرۇلغانىدى، ئەمەت ئۇنى توختىتىۋالدى:

— توختاڭ، جۇجاڭ، مەن كىرەي.

ئەمەت دەھشەت يېغىپ تۇرغان بۇ قاراڭغۇ ئۆيگە ئاستا

كىردى. «تاڭ !» قىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلدى. ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئاۋۇت ئۆزىنى ئۆيئىچىگە ئاتتى. ئەمەت سەنتۇرۇلۇۋاتاتتى. ئاۋۇتنىڭ كۇچلۇك بارماقلىرى تېزلىكتە بىر گەۋدىنى گەجگىسىدىن قامالىلىۋالدى. ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىنى بېغىشىدىن قاتتىق سىقىۋىدى، تاپانچىسى يەرگە «تاراق» قىلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئاۋۇت ئۇنى ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى ـ يۇ، شۇئان مېڭىسىگە مۇنۇ خىيال كەلدى: «ئوقۇمغۇ بىر تال قالدى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلارمۇ بار، ئاتماي.» ئاۋۇت ئۇنى قاماللاپ تۇتقىنىچە بېرىقى ئۆيگە ئېلىپ چىقتى ـ دە، قولىغا كويزا سالدى. ئاندىن ئەمەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئاۋايلاپ يەرگە قويدى. ئۇ جان ئۈزۈپ بولغانىدى. غەزىپىنى باسالمىغان ئاۋۇت بازغاندەك ئېغىر مۇشتۇمى بىلەن يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان ئەمەتكە قارىيالماي قالغان ھالاۋىدىنىنىڭ ياڭىقىغا بىرنى سالدى. ئۇ ئىككى پۈكلىنىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىپ قالدى.

— ۋۇي، خاۋارىش ! ئۆلتۈرگەن ئادەملىرىڭ تېخى ئاز بولۇپ قالغانمىدى؟ ! تۇر ئورنۇڭدىن !

ئاۋۇتنىڭ كۆزلىرى يېنىپ كەتكەنىدى. ئەينى يىللىرى جىڭدىكى ئۇرۇشتا دۈشمەن پوتىيىنى پارتلىتىش ئۈچۈن، ئۆزىدىن ئالدىن ماڭغان سەپدىشىغا ئوق تېگىپ قۇربان بولغاندا، ئەجەل ياغدۇرۇۋاتقان ئوت توچكىلىرىغا تىكىلگەن كۆزلىرى مۇشۇنداق يانغانىدى. شىخەنزىدە رازۋېدكىچىلىك قىلىۋاتقاندا، يېقىنلا يەردىن تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئوقتىن ھەمراھى قازا قىلىپ، ئۇ دۈشمەننى قوغلاپ تۇتۇپ، كۆكسىگە ئاپتوماتنى تەڭلىگەن چاغدا كۆزلىرى مۇشۇنداق يانغانىدى !...

ھالاۋىدىنىنىڭ يېرىلغان ياڭىقىدىن قان ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى. ئۇ جەينىكىنى تىرەپ ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى.

— ماڭ، ھويلىغا چىق، سېنى پۈتۈن ناھىيە خەلقىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆزۈم ئاتىمەن !

ئۇ خام سىمىز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئاران ماڭدى. شۇ چاغدا قوتان تەرەپتىن ئىڭرىغاندەك بىر خىل ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋۇت ئەمەتنى بىلىنگەگە ئىلىپ ھويلىغا چىقتى ـ دە، ئۇنى يەرگە قويۇپ، قوتانغا كىردى. ئۇ يەردە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئايلىنىپ كەينىگە ئۆتتى. ئۆتتى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى. ئۈچ ئادەم يوغان ياغاچقا باغلاپ قويۇلغان بولۇپ، ئېغىزلىرى تېڭىۋېتىلگەنىدى. ئۇ ئۇلارنى بوشىتىپ ئىلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى — بوۋاي ـ موماي، ئۈچىنچىسى ياش يىگىت ئىدى.

— سىلەرنى باغلىغان مۇشۇ قاپاقباشمۇ؟

— تاپانچىسىنى تەڭلەپ باغلىۋالدى، تاس قالدى ئېتىۋەتكىلى ...

ھالاۋىدىننىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدىنى تىترەپ تۇراتتى. بوۋاي بىلەن موماي ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. ياش يىگىت ھالاۋىدىننى ئۇرۇپ ـ دەسسەپ، چەيلەشكە باشلىدى.

— سېنى باققاننىڭ سازايىمۇ، جاللات؟ ! ...

— بولدى ئۆلتۈرۈپ قويما، كېرىكى بار ئۇنىڭ.

ئاۋۇت ئۇنىڭغا قادىلىپ:

— تېخى ئۈچ جاننىڭ جېنىغا زامىن بولاتتىڭكەن ـ دە، — دېگەنىدى، ھالاۋىدىن:

— سىلەرنى جاڭزىدا ئادەم يوق ئىكەن، دەپ ئۆتۈپ كېتەرمىكىن دېگەنىدىم، — دېدى.

— بىزنى ئۆز ئادەملىرىڭدەك گالۋاڭ كۆرگەنمىدىڭ؟ ھەي قاپاقباش ! قولۇڭدا قورالىڭ تۇرۇپ، بىز جاڭزىغا كىرمەستە نېمىشقا ئاتمىدىڭ، بىزنى كۆرۈپتىكەنسەنغۇ؟

— قورقۇپ كەتتىم.

— كېرىكىڭ چىقىپ قالدى، بىر تال ئوقۇمنى ئاياپ قالدىم. بولمىسا ئۆزۈڭنى جەھەننەمدە كۆرەتتىڭ، خەير، بىرنەچچە كۈن ياشايدىغان بولدۇڭ، ئەمەتنى ئاتمىغان بولساڭ ئۇزاقراق ياشايتتىڭ.

ھالاۋىدىن سوراقتا ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى تەلتۆكۈس

ئېيتقاندىن باشقا پۈتۈن ناھىيەدىكى ئىشپىيونلارنىڭ تىزىملىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەت - شۇملۇقلىرىنى، كىملەرگە باغلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن ئادەملىرىنى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچىنىڭ ئۆزلىرى ئارقىلىق قىلغان - ئەتكەنلىرىنى تولۇق ئېيتىپ چىقتى. ئەمەلىيەتمۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ، نۇرغۇن سىرلىق تۈگۈنلەرنىڭ يېشىلىشىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىپ، يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى.

ئاۋۇتنىڭ ھالاۋىدىنغا ئۆچلۈك قىلىپ نەپرەتلىنىشىنىڭ سىرى مانا مۇشۇ ئىدى.

## 3

بۈگۈن يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈنى. چۈشتىن كېيىن كاتتا زىياپەت بېرىلدى. يېمەك - ئىچمەك ئىنتايىن مول بولدى. زىياپەتتىن ھالاۋىدىنمۇ، ئاۋۇتمۇ تازا بابىغا كېلىپ، شىركەيىپ بولۇپ چىقتى. ئىككىسى ياتاققا چىققاندىن كېيىن، يەنە ئاز - ئازدىن ئىچىشىپ پاراڭغا چۈشتى. ئوتتۇز نەچچە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئىككىسىدە ئۆزگىرىش زور ئىدى. ئاۋۇتنىڭ چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ، پېشانىسى، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى، ئېڭەكلىرىگە قويۇق قورۇقلار چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدىن ساغلام، جۇشقۇنلۇقى، تېتىكلىكى چىقىپ تۇراتتى. ھالاۋىدىننىڭ سېمىز گەۋدىسى ۋىجىكلەپ، يۈزىنىڭ تېرىلىرى ساڭگىلاپ، قورۇقلىرى چوڭقۇرلاپ كەتكەن، كۆزلىرىمۇ خىرەلىشىپ قالغانىدى.

— ھالاۋىدىن، — دېدى ئاۋۇت، — سىزنىڭ مۇزاكىرىدىكى سۆزلىرىڭىزگە ھەيران بولۇپ قالىمەن ...

— قايسى سۆزلىرىمگە ھەيران بولىسىز، ئاۋۇتجان؟

— سۆزلىرىڭىز بىر خىللا.
— خوش؟
— ھۆكۈمەتنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنى: ھازىرقى ئىسلاھات، يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىقتىسادىي سىياسەت، ئىگىلىك تەرەققىياتى، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىي ـ مائارىپ، قانۇن، جەمئىيەت تەرتىپى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەت ـ پىكىر بېرىش، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەمەسمۇ، سىز نېمە ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ماختاپلا ئولتۇرىدىكەنسىز!؟
— توغرا سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتسا، ھەممە ئىش جايىدا بولۇۋاتسا، نېمە دېگۈلۈك، ئاۋۇتجان؟ ... قويۇڭا بۇ گەپلەرنى، قاراڭ بۇ ھاراقنىڭ ئېسىللىقىنى، ئىچەيلى، قانغۇدەك ئىچەيلى.
ئىككىسى يەنە بىر رومكىدىن كۆتۈرۈشتى. ھالاۋىدىننىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىپ باراتتى.
— يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەت، بەلگىلىمىلەردە سەۋەنلىكلەرنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەردە كېڭىشىمىز، ئاڭلاۋاتىسىزغۇ، قانداق ياخشى تەكلىپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقىنىنى، شۇنىڭ بىلەن تولۇقلىنىدۇ ئەمەسمۇ، سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمىنىڭ مەنىسى شۇ.
— شۇنداق، شۇنداق، مەنىسى شۇ ... ھاراقتا سۆس ئىكەنسىز، ئاۋۇتجان. قاراڭا بۇ ھاراقنىڭ ئېسىللىقىنى، قۇيۇڭا، قانغۇدەك ئىچەيلى، ئەتىدىن باشلاپ نەدە دەيسىز مۇنداق ھاراقلار؟!
ئىككىسى يەنە ئىككى رومكىدىن ئىچىشتى. ھالاۋىدىن مەست بولۇپ قالدى.
— ھەي ھالاۋىدىن، ھالاۋىدىن، نېمىلا دېسە، ماختاپ ئولتۇرماي، ئۆزىڭىز ئاڭلاپ يۈرگەن خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى

گەپلەرنى قىلىش. تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بىر كىشىلىك هوقۇقىڭىزنى ئىشلىتىش ـ دە !

— هەي ئاۋۇتجان، هوقۇق دەيسىز ا، مەندە هوقۇق نېمە ئىش قىلسۇن؟! — ئۇ دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇردى، ياشاڭغىراپ قالغان كۆزلىرى ياندى، — بىلەمسىز، مەن هازىر بىر چومۇلە، دان توشۇپ، ئۇچەككە كىرىپ ياتساملا بولدى.

ئاۋۇتنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ئۆلۈمتۈكنىڭ گېپىنى ...

— راست، مەن هازىر ئۆلۈمتۈك ... — ئۇ سەنتۇرۇلۇپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئىسىت ئۇ چاغلار ... ئۇ چاغلاردا مەن قانداق ئادەمتىم، بىلەمسىز؟ ... هە، سىز بىلىسىز، بىر ئادەمنى ئات، دەپ ئاتقۇزۇۋېتەلەيتتىم، خەقلەرنىڭ چىرايلىق خوتۇنلىرىنى تارتىپ ئەكېلىپ خوتۇن قىلالايتتىم ... بىر كىشىلىك هوقۇقۇمنى شۇ چاغلاردا ئىشلەتكەن، شۇ چاغلاردا ئىشلەتكىنىم راستقۇ، هازىرچۇ؟ هازىر مەن بىر چومۇلە، جان ساقلاپ يۈرگەن ئۆلەرمەن چومۇلە، ئابايا مېنى سىز خۇشامەتچى دېدىڭىز، راست، خۇشامەت قىلمىسام، ئېيتىڭا، قانداق پۈت دەسسەپ يۈرىمەن؟ خۇشامەتمۇ بىر هۈنەر، مۇشۇ هۈنەر مېنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ، كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈۋاتىمەن ...

ئاۋۇتتا يانغان كونا ـ يېڭى غەزەپ ـ نەپرەت ئۇنىڭ قوللىرىنى، بارماقلىرىنى هەرىكەتكە كەلتۈردى ـ دە، مۇشتۇمى تۈگۈلۈپ تەييار بولدى.

هالاۋىدىن سەنتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى.

— مېنى سۆزلىتىپ نېمە قىلىسىز، ئاۋۇتجان؟ راست گەپنى قىلسام سىزنىڭمۇ كۈنىڭىز چاغلىق، سىز نېمىگە ئېرىشتىڭىز؟ ... بولدى، بۇ گەپلەرنى ئېغىزغا ئالمايلى، ئىچەيلى، قويۇڭە هارىقىڭىزدىن، بۇنىڭدىن پەيزىسى يوق، قۇيۇڭا ئىچەيلى.

# كېمىچى

## 1

كېمىچى قايغۇلۇق تۇستە دولقۇنلۇق دەرياغا تىكىلىپ تۇراتتى. كىشىلەردە خۇشاللىق قوزغىغان خاسىيەتلىك ئىش ئۇنىڭدا نېمىشقا قايغۇ قوزغىدى؟

دۇرۇس، دەسلەپتە ئۇمۇ خۇشال بولغان. دەرياغا سېلىنىۋاتقان كۆۋرۈك پۇتۇپ، ئۇ قات بىلەن بۇ قات تۇتاشتۇرۇلغاندا، نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر بىلەن ئۇمۇ قىن - قىنىغا پاتماي قالغان. ئۆزىنى باسالماي چۇقان سېلىپ تەنتەنە قىلغان. ئەمما، ياخشى ئىشنىڭ ئاخىرى ئۆزىگە قايغۇ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان.

خۇشاللىقىنىڭمۇ، قايغۇنىڭمۇ سەۋەبى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا دەريادىكى قاتناش قورالى ئەنە ئاۋۇ قىرغاققا چىقىرىپ قويۇلغان كېمە ئىدى. ئۇياق - بۇياققا ئۆتكۈچى ئادەملەر، ئات - هارۋىلار، ماشىنىلار ئاشۇ كېمە بىلەن ئۆتەتتى. كېمە توختاپ قالسا، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە سانسىزلىغان ئادەملەر كۈنلەپ تۇرۇپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ قاتتىن - ئۇ قاتقا ياكى ئۇ قاتتىن - بۇ قاتقا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە، زۆرۈر هەم ئالدىراش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ۋە يەنە جىددىي ئاغرىقلارنى شەهەرگە ئەكىرىشكە ماڭغانلارمۇ كۆپ بولاتتى. بەزىدە دەريا ياقىسىدا ساقلاۋېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئاغرىقلارنى، كېمىنىڭ پۇتۇشىگە تاقەت قىلالماي، يوغان بىر باغلام قومۇشنى دەرياغا تاشلاپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆتمەكچى بولۇپ جېنىدىن ئايرىلغانلارنى

ئاز دەمسىز؟ مۇشۇنداق پاجىئەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنغان، ئازابلانغان كىمچى بۇگۇن كۆۋرۈك پۇتۇپ، كىشىلەر خاتىرجەم، راۋان قاتناۋاتقاندا نېمىشقا خۇشال بولمىسۇن؟!

بىراق، كۆۋرۈك پۇتۇش بىلەن ئۇنى ئىشىدىن ئايرىپ دەم ئېلىشقا چىقارماقچى بولۇشتى. ئۆمرى دەريا بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن ئادەمنى خۇددى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىغاندەك مەزگىلسىز ئىشتىن بوشىتىپ قويسا، ئۇنىڭ قايغۇرماسلىقى، ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلىماي ئازابلانماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ !

بۇگۇن ئەتىگەن ئۇ دەريا باشقۇرۇش باشقارمىسىغا كىرىپ ئۆز تەلىپىنى يەنە قويغاندا، ئۇ يەردىكى تەلەتى سۆرۈن كادىرنىڭ قاپىقى تېخىمۇ تۇرۇلۇپ كەتتى.

— ھەي باستىكا، نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەمسىز !؟ — دېدى تەلەتى سۆرۈن كادىر ئۇنىڭغا گۆلىيىپ، — بېشىڭىزنى تاشقا ئۇرسىڭىزمۇ بەربىر ئىشتىن بوشايسىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟ ... ئەمدى گەپ تۇگىدى.

— مۇنداق ئاسان تۈگەيدىغان گەپ يوق، — دېدى باستىكىمچىمۇ، — ئوتتۇز تۆت يىل دەريادىن ئايرىلماي ئۆتتۇم. ئوتتۇز تۆت يىل دەگە ! سىزنىڭ يېشىڭىزدىنمۇ جىق يىل ئۇ.

— شۇنداق، ئۇزاق يىل ئىشلىدىڭىز، ئەمدى دەم ئېلىشنىڭ دەۋاتىمىزغۇ؟ !

— دەم ئېلىپ كەتكۇدەك قېرىپ كەتكىنىم يوق مېنىڭ، ئەمدى ئەللىك ياشقا كىردىم، ئۇكا.

— قىرىق ياشقا كىرگەن بولسىڭىزمۇ، ئىش يوق دېدىم، يوق ! — ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئۇستەل تارتمىسىنى تاراقلىتىپ ئېچىپ، قاتلاپ قويۇلغان گېزىتتىن بىرنى ئالدى ـ دە، ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە پەرۋامۇ قىلماي، ئۇنى ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

باستىكىمچىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ قوللىرى تىترەپ كەتتى.

جانىدىن ئۆتكۈدەك ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. لېكىن «ئېغىرلىق — راھمانلىق» دېگەن گەپ بار، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى. يېنىدىن كۆك تاماكىسىنى چىقىرىپ تىترەپ كەتكەن قوللىرى بىلەن گېزىت قەغىزىدە قوپال قىلىپ تاماكا يۆگىدى. ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ كەينى - كەينىدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم قاتتىق - قاتتىق شورىدى.

— ھەي ئۇكا، — دېدى ئۇ ئاچچىق ئىسنى ئاغزى - بۇرنىدىن پۇرقىرىتىپ چىقىرىپ، — مەن سىلەرگە ئەمەل بېرىڭلار، دېگىنىم يوققۇ، كۆۋرۈكنىڭ قاراۋۇللۇقىنى قىلاي دەۋاتىمەن.

— كۆۋرۈكنىڭ قاراۋۇللۇقىنى ئەمدى ھەربىيلەر قىلىدۇ.

— بىزدىنمۇ قىلار؟ ...

— گەپ بىر، قۇلاق ئىككى !

— بۇرناكۇن چوڭ باشلىقىقا ئېيتسام، «بىز سېنى ئۆزى تەلەپ قىلغان دەپ ئويلاپ قاپتىمىز، ئىشلەيمەن دېسەڭ، ئويلىشايلى»، دېدىغۇ؟!

— نېمانداق تولا گەپ قىلىسىز ئادەمنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۇرۇپ، — دېدى كادىر ئورنىدىن تۇرۇپ گۈركىرەپ، — شۇنچە چىرايلىق گەپنى ئاڭلىماي بېزىرىپ ئولتۇرغىنىڭنى، چىقىڭ بۆلۈمدىن، بۇ سالا قىلىدىغان جاي ئەمەس !

ئۇ ئىتتىك كېلىپ كېمچىنىڭ غولىدىن ئىتتەردى:

— چىقىڭ دەيمەن !

— ھوي، نېمانچە غالۋارەيسەنۈي نان قېپى، ئالدىڭدا تۇرغان ئىت ئەمەس، ئادەم !

— ئىتنىمۇ چاغ دېسە كېتىدۇ.

خورلۇق جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن باست كېمچى بىردىنلا ئۆرلىگەن غەزىپىنى باسالماي قالدى - دە، ئەلپازىنى بۇزۇپ ئالدىغا كەلگەن كادىرنىڭ ياقىسىغا كېلىشتۇرۇپ بىر مۇشت سالدى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، ئىش ئۈستىلىگە تىرىلىپ توختاپ قالدى. مۇشت ئۇنىڭغا ئوبدانلا تەگكەنىدى، ياقىقى

ئىششىپ چىقتى، ئەمما باسىت كېمىچىگە مۇشت ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

باسىت كېمىچى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تاماكىسىنى ئېلىپ، پۈرقىرىتىپ چەككىنىچە، بۆلۈمدىن ئالدىرىماي مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

بىر مۇشت ئۇنىڭ ئىشتىن ئۇزۇل ـ كېسىل ھەيدىلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇمۇ مەيلى ئىدى، بىراق ھېلىقى قاپىقى يامان: «كۆۋرۈكنى ھەربىيلەر قوغدايدۇ» دەۋاتاتتى، لېكىن ئىككى ياش يىگىت قاراۋۇللۇقتا قويۇلۇپتۇغۇ؟ ئەنە ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا يەڭلىرىگە قىزىل بەلگە تاقاپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭغا ئەلەم قىلغىنى ئەمدى دەريادىن ئايرىلىپ قالغانلىقى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۆزىنى خۇددى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقنىڭ تېپىرلاۋاتقىنىدەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

ــ «ئادەملەر كۆڭلىرىنى ئۆز خاھىشى، سۆيگەن كەسپى، ئارزۇ قىلغان ئىشى بىلەن تەر تۆكۈپ ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلۈپ ئۇ ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ رازى قىلالايدۇغۇ ... شۇنىمۇ چۈشەنمەيدىغانلار قانداقلارچە ئادەملەرنى باشقۇرىدىغان ئىشلارغا قويۇلۇپ قالىدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆپسەپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتقان گەپلىرىگە قانداق سىرلار يوشۇرۇنغاندۇ ـ ھە؟ تېخى بۇ ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يىللارمىش.»①

ئۇ تېخىچە ئاچچىق تاماكىسىنى پۈرقىرىتىپ چېكىپ، ياۋۇز كەلكۈنلىرىدىن تارتىپ قەھرلىك دولقۇنلىرىغىچە ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان دەرياغا كۆز تىكىپ تۇراتتى.

چىڭقىچۈش مەزگىلى، ئاپتاپ بەدەننى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدە قىزىق ئىدى. يېڭىلا توختىغان يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدىن ئالدىراپ

---

① بۇ 1970 ـ يىللاردىكى سىياسىي شوئار ئىدى(ت).

چۈشۈپ، ئۈسسۈزلۇقنى بېسىش ئۈچۈن بىر چەتتە تاۋۇز يەپ ئولتۇرغان ياش يىگىت باسىت كېمىچىنىڭ شۇ ھالىتىگە قىزىقىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئېگىز، قاتاڭغۇر بەستى، غەزەپ ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى، داردىيىپ كەتكەن بۇرۇتلىرى، ئالىقىنى پالاقتەك كەڭ قوللىرى ئۇنى ئۆزىگە تارتقانىدى.

ياش يىگىت ئۇنى قىچقاردى:

— ھەي تاغا، كېلىڭ، تاۋۇز يەڭ، ئۇسسىغانسىز؟

باسىت كېمىچى ئۆزىنى چاقىرغان ياش يىگىتكە تىكىلىپ قاراپ كەتتى ـ دە، ئالدىرىماي مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، گەپمۇ قىلماي زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى تاۋۇزدىن ئىككى تىلىم يەپ، ئېغىزىنى ئالىقىنى بىلەن سىيىرىپ ئېيتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان خاپىلىق، غەزەپ تېخىچە يىتمىگەنىدى. ئۇ قىزىل، كۆك، يېشىل تاۋاردىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن، مايلىشىپ، كىرلىشىپ كەتكەن موخوركا خالتىسىنى چىقىرىپ تاماكا يۆگەشكە باشلىدى.

— ئىسسىقتا قورساق ئانچە ئېچىپ كەتمەيدىكەن، — دېدى ياش يىگىت ئاپپاق قول ياغلىقى بىلەن ئېغىز ـ بۇرنىنى ئېيتىپ، — ئەمما ئۇسسۇزلۇق ئادەمنى قىينايدىكەن.

— تەشنالىق يامان.

— خاپا كۆرۈنىسىزغۇ، تاغا؟ بېشىڭىزغا ئېغىر كۈن كەلدىمۇ، قانداق؟ — دېدى ياش يىگىت ئۇنىڭدىن زۇۋان چىققانلىقىغا خۇشال بولۇپ.

باسىت كېمىچى ئۈن چىقمىدى.

— ئادەمنىڭ بېشىغا ئويلىمىغان يەردىن پالاكەت، پېشكەللىك، كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ قالىدۇ، — دېدى ياش يىگىت خۇددى كۆپنى كۆرگەن ئادەمدەك تەمكىن قىياپەتتە، — بەزىلەر ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن يېڭىدۇ. بەزىلەر ئۇنى سىڭدۇرەلمەي ئۈنسىز ئازابتا قالىدۇ، ئۆزىنى يوقىتىپمۇ قويىدۇ.

ئۇ يەنە ئۇن قاتمىدى.

— كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەمنى تاپماقمۇ تەس. ئادەملەر ھامان ئۆزىنىلا ئويلايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ياش يىگىت ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— ئۇكا، سەن كىم بولىسەن؟ — كېمىچى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالدى.

— گېزىت مۇخبىرىمەن.

— مۇنداق دېسەڭا، ئۇكا.

— مۇشۇ كۆۋرۈك پۇتۇپ قاتناش باشلانغاندا بىر كىچىك خەۋەر يازغانىدۇق. ئەمدى بۇرۇنقى قاتناشنىڭ جاپا - مۇشەققىتى بىلەن ھازىرقى قاتناشنىڭ راھەت - پاراغىتى توغرىسىدا تەپسىلىي خەۋەر يازماقچىمىز. مەن شۇنىڭغا چىقتىم.

— بۇرۇنقى قاتناشنىڭ جاپا - مۇشەققىتى، دېدىڭما؟

— شۇنداق، كېمە قاتنىشى توغرىسىدا. دەرياغا كېمە سېلىنىشتىن بۇرۇن كىشىلەرنىڭ نېمىلەر بىلەن قاتنىغانلىقى توغرىسىدا تولۇق مەلۇماتلار ئىگىلىمەكچىمەن، — ياش يىگىت باست كېمىچىگە قاراپ سورىدى، — ئاكا، سىز مۇشۇ ئەتراپتىن بولامسىز؟

— مۇشۇ ئەتراپتىن دېگىنىڭ نېمىسى ! ؟ نەق مۇشۇ دەريانىڭ ئۇستىدىن بولىمەن.

— سىز ... ئىسمىڭىز؟ ...

— باست.

— ھوي، توختاڭا، — مۇخبىر جانلاندى، — «مەشەدە باست كېمىچى دېگەن ئادەم بار، ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ» دېيۇىدى، شۇ ئادەم سىز بولۇپ قالماڭ يەنە؟

— شۇنداق، باست كېمىچى دېگەن مەن بولىمەن.

— قاراڭا، بۇ تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كېلىپ سىزنى ئاسانلا ئۇچراشتۇرۇپ قويغىنىنى، — مۇخبىر ئالىقانلىرىنى بىر -

بىرىگە سۇركىدى.

دەريا بويىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى. خالىيراق يەردە پاراڭلىشىش ئۈچۈن مۇخبىر يىگىت ئۇنى نېرىدىكى باراقسان سۆگەت ئاستىغا باشلىدى، باسىت كېمىچى ئۇنىماي ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كەتتى.

باسىت كېمىچى دەريا ياقىسىدىكى كىچىككىنە قورۇدا، كۆرۈمسىز، پاكار ئىككى ئېغىز ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئېگىز بويلۇق ئايالىدىن باشقا بىرەر بالىسىمۇ يوق ئىكەن. ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئوتتۇز ئىككى يىللىق ئۆمرى بالىسىز ئۆتۈپتۇ.

ئىككىسى بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچكەندىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشلارنى ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ھالقىغان مەزگىلگىچە سۆزلەپ تۈگەتتى.

مۇخبىر ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى.

ـــ سىزنىڭ جاننى ئالىقىنىڭىزغا ئېلىپ تۇرۇپ قىلغان ھېلىقى ئىشلىرىڭىزدىن باشقارمىدىكىلەرنىڭ خەۋىرى يوقمۇ؟ ـــ دېدى مۇخبىر ئەتىسى شەھەرگە مېڭىش ئالدىدا.

ـــ نېمىشقا خەۋىرى بولمايدۇ؟ ! بىزنىڭ چوڭ باشلىقىمىز مەن بىلەن يىگىرمە يىل پالاق ئۇرغان.

ـــ بولىدۇ، باسىت ئاكا، مېنى ئوبدان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدىڭىز. مەن مۇخبىرلىق قىلىپ يۈرۈپ شەھەردىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلەن دېگۈدەك تونۇشۇپ كەتكەن. سىزنىڭ ئۇۋالچىلىقىڭىزنى ئۈچرىغانلىقىڭىزنىمۇ ئۇلارغا ئېيتىمەن. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، سىزدەك ئادەمنى ئىشتىن ھەيدىۋېتىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

ئىككىسى خوشلاشتى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىگەن ئىشلىرىنىڭ ئىچىدىن باسىتنىڭ قانداق قىلىپ كېمىچى بولۇپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ قىلغان ئىشلىرى مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى ـ دە، ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە سۆزلەپ بەرگۈم كەلدى.

## 2

باست ئون ئالته ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدى. ئۇ ئەمدى كۆننى قانداق ئېلىش كېرەك؟ بىر پارچە يېرىمۇ يوق، بولغاندىمۇ ئۇنى جوڭقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، شەھەرگە كىرىپ ئىشلەش قارارىغا كەلدى: «شەھەر دېگەن ئاۋات، چوڭ يەر دېيىشىدۇ. ماڭا تۇشلۇق ئىشمۇ تېپىلىپ قالار، جېنىمنى شۇ يەردە جان ئېتىپ كېتەرمەن»، دەپ ئويلىدى ـ دە، يېزىدىن مېھرىنى ئۈزۈپ يولغا چىقتى. ئىككى سائەتتەك پىيادە يول يۈرۈپ دەريا بويىغا كەلدى.

دەريا بويىدا ئۇ قاتقا ئۆتۈش ئۈچۈن كېمە ساقلاپ تۇرغان ئادەملەر، هارۋىلار نۇرغۇن ئىدى. شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. دەريا دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا ئىدى. بېلىقچىلار قاناتلىرىنى تۈركەش قىلىپ ئۈزلىرىنى سۇغا ئۇرماقتا، كىشىلەر ۋارقىراپ ـ ۋارقىراپ سۆزلەشمەكتە ئىدى. تەقەززالىقتا خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كېمە قوزغالدى. ئەنە ئۇ، بۇ قاتقا كېلىۋاتىدۇ. ئۇستىدە نۇرغۇن ئادەملەر، ئات ـ ئۆكۈز هارۋىلار. قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان باست كېمىنىڭ كەينىدە بىر ئادەمنىڭ ئۈزۈن پالاقنى سالماق بىلەن سۇغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئاشۇ پالاق ئۇرۇلمىسا، كېمىنىڭ ماڭمايدىغانلىقىنى هېس قىلدى. كېمە قىرغاققا يېقىنلاشقانسېرى ئادەملەر قىمىرلاشقا باشلىدى.

ئۇ هازىر كېمىگە چىقىدۇ. ئۇ قاتقا ئۆتىدۇ، شەھەرگە ماڭىدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن كېملەرگە يولۇقىدۇ، نېمە ئىش قىلىدۇ؟ قىلغۇدەك ئىش چىقامدۇ، نەلەردە يېتىپ ـ قوپىدۇ، ئۆزىنى نېملەر كۈتۈۋاتىدۇ؟ بۇنى بىلمەيدۇ. ئەمما، ئۆزىگە بىرلا ئىش ئېنىق: ئۇ قاتقا ئۆتۈش، خالتىسىدىكى توقاچتىن بىرنى

سۇغا چىلاپ يەپ شەھەرگە مېڭىش.

كېمە قىرغاققا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىقىنىدىكى ئۇزۇن تۆمۈر زەنجىر يەرگە ئورنىتىلغان تۇۋرۇككە باغلىنار ـ باغلانمايلا كېمىدىكىلەر چۇشۇشكە، قىرغاقتىكىلەر ئالدىراپ چىقىشقا باشلىدى. كېمىچىنىڭ:

— ئۆلۈشەمسەنۇي ئۆلگۈرلەر! ئالدىراشمىساڭمۇ چىقىشىسەن. تويغا ماڭغانىدەك ئالدىرايدا! — دېگەن قوپال ۋارقىراشلىرىغا ھېچكىممۇ پەرۋا قىلمايتتى.

باست، كېمىچىنىڭ گەۋدىلىك بەستىگە، تىكىلىشىپ كەتكەن قويۇق قاشلىرىغا، قارىچۇغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىگە، ئېچىلىپ تۇرغان پالاقتەك كەڭ ئالىقانلىرىغا تىكىلىپ قارىدى، ھەممىنىڭ كەينىدىن ئۇمۇ كېمىگە چىقتى ـ دە، كېمىنىڭ كەينىدىكى بالداقتا يۆلىنىپ تۇردى. ھارۋىكەشلەر ئات ـ ئۆكۈزلىرىنىڭ بېشىدىكى نوختىلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشتى.

تۆمۈر زەنجىر يېشىلىپ، كېمە قوزغالدى. باياتىن بېرى گۇرۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان شامال ھېلىلا بورانغا ئايلىنىدىغاندەك قىلاتتى، كېمىچىنىڭ كۆزلىرى ياندى.

باست كەينىگە بۇرۇلۇپ سۇغا تىكىلدى. سۇ يۈزى داۋالغۇماقتا، كېمىنىڭ ئىككى يېنىدىن شىددەت بىلەن ئۇرۇپ كەلگەن دولقۇنلار پۇكۇلۇپ، پالاقنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ قاتتىق شارقىرىماقتا. ئۇ گويا ئاغزىنى يوغان ئاچقان ئەجدىھادەك، ھەممە نەرسىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. باستىنىڭ بېشى پىرقىراپ كەتتى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇۋالدى. بورانغا ئايلانغان شامال كېمىنىڭ ئۇستىدىكىلەرنى ئورنىدىن يۇلۇپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

بىردىنلا داد ـ پەرياد كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. باست دەرھال كۆزىنى ئېچىپ، ئۇ قاتتىن ـ بۇ قاتقا تارتىلغان، كېمىنى تارتىپ تۇرىدىغان نوغۇچتەك تومۇلۇقتىكى سىم تانابقا بېكىتىلگەن

غالتەك سېپىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. كېمە سۇنىڭ ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىپ، ئىختىيارىنى دەرياغا تارتقۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ ئەمدى كېمىنى دۈم كۆمتۈرۈۋېتەمدۇ يا تىك يارلىقنىڭ ئاستىغا شىددەت بىلەن ئاپىرىپ ئۇرۇپ، ئادەم ھەم ئات ـ ئۇلاغلارنى يۇتۇۋېتەمدۇ، ئىختىيار ئۆزىدە ئىدى.

داد ـ پەريادلار، ئىچىنىشلىق نالىلەر، يىغا ـ زارلار ئۈزۈكسىز كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن قىرغاقتىكى ئادەملەر مەيلىنى يوقاتقان كېمە بىلەن تەڭ يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. كېمە بىردە پىرقىراپ، بىردە داۋالغۇپ — پۇلاڭلاپ ئاقاتتى. كېمىچى كېمىنىڭ ئېقىشىغا قاراپ، پالاقنى بىردەم ئوڭدىن، بىردەم سولدىن ئۇراتتى. بەزىلەر ئات ـ ئۇلاغلىرى، ھارۋىلىرىغا قارىماي ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتماقتا ئىدى، باسىت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، كېمىچىنىڭ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، پالاقنى پەم بىلەن ئۇرۇشىغا، چاققان، جۇشقۇن روھىي ھالىتىگە قاراپلا قالغانىدى.

كېمە ئاقماقتا، كېمىچى پالاقنى ھەدەپ ئۇرماقتا، كېمىدىكىلەر قىرغاقتىكىلەرگە قاراپ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ۋارقىراشماقتا.

— بىزگە دۇئا بېرىڭلار، دۇئا ! ...

— خەير ئاغىنىلەر، ئۇ دۇنيادا كۆرۈشەيلى ! ...

قىرغاقتىكىلەرمۇ ئۇلارغا تەسەللى بېرەتتى:

— ئىمانىڭلار سالامەت بولسۇن، ئامىن ! ...

— خەير ئاغىنىلەر، شېھىت كەتتىڭلار، ئامىن ! ...

قىرغاقتىكىلەرمۇ يىغا ـ زار قىلىشماقتا ئىدى. ئۇلار قۇتقۇزۇۋالايلى، دەپ دەريادا ئۈزۈپ ھالىدىن كەتكەنلەرگە ئۇزۇن تاياقلارنى، چەنزىلەرنى سۇناتتى. كېمىنىڭ داۋالغۇشى بىلەن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئات ـ ئۆكۈزلەر قىرغاققا چىقىشماقتا ئىدى.

كېمىچى تېخىچىلا قارا تەرگە چۆمۈلگىنىچە پەم بىلەن كۈچەپ

پالاق ئۈرماقتا ئىدى.

باسىت ئۆلۈمنىمۇ، سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشنىمۇ ئويلىمىدى. ئۇ كېمىچىنىڭ ئاجايىپ جاسارىتىگە، ئورۇن يۆتكەپ پالاق ئۇرۇشلىرىغا داڭ قېتىپ قاراپ قالغانىدى. كېمىچى تېخىمۇ كۈچلىنىۋاتقاندەك پالاقنى تېز - تېز ئۇرۇشقا ئۆتتى، كېمە بارغانسېرى قىرغاققا يېقىنلاشماقتا. ئاخىر ئۇ ئورنىنى تېز - تېز يۆتكەش، پالاقنى كۈچ بىلەن بۇراپ ئۇرۇش ئارقىلىق كېمىنى دەريانىڭ لېۋىدىكى پاتقاققا پاتۇرۇپ توختىتىۋالدى.

كۆڭۈللەر تىندى - دە، بىردىنلا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۆلۈم دەھشىتىدىن كۆزىنى يۇمۇپ دۇرۇت ئوقۇۋاتقانلار كۆزلىرىنى ئاچتى. ئېسىدىن كېتىپ قىيسىيىپ قالغانلار ئېسىگە كەلدى. قىرغاقتىكىلەرنىڭمۇ، كېمىدىكىلەرنىڭمۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى ...

— يارايسەن، ئىسمائىل كېمىچى. ئاتاڭغا رەھمەت!

— خۇدايىم بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن!

كىشىلەر ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان تەشەككۇر، رازىمەنلىكلىرىنى ئىزھار قىلىۋاتقاندا، ھالىدىن كەتكەن ئىسمائىل كېمىچى دەريانىڭ قىرغىقىدا كۆزىنى يۇمۇپ، تېز - تېز نەپەس ئېلىپ ئوتىدا ياتاتتى.

كىشىلەر ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كېتىشتى. ئەمما، باسىت قولىدىكى خالتىسىنى مىجىقلاپ تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ تېزرەك كۆزىنى ئېچىشىنى ھەم تېزرەك ئۆيىگە كېتىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— «دەريادىن ئۆتمەك ئاسان ئەمەس ئىكەن. كېمە بولمىسا بولمايدىكەن. كېمە بولسىمۇ مۇنۇ ئادەم بولمىسا يەنە بولمايدىكەن ... كېمىچىلىك كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپلا قالماي، مۇشۇنداق پالاكەت باسقاندا كىشىلەرنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىش ئىكەن، — دەپ ئويلاۋاتاتتى باسىت، — راست ئەمەسمۇ، مۇنۇ ئىسمائىل كېمىچى بىزگە باشقىدىن جان

بەردىغۇ ...»
ئىسمائىل كېمىچى كۆزىنى ئېچىپ، ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بالىنى كۆرۈپ:
— سەنمۇ كېمىدىن چۈشتۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھەئە، مەنمۇ ئۆلگىلى تاس قالدىم.
— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟
— سىز ھېچنېمە بولمىغانسىز؟
— مېنىڭدىن ئەنسىرەۋېتىپسەن - دە، ئەنسىرىمە، مۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ ... قانداق، كېمىچى بولۇش ئاسان ئىشمىكەن؟
— تەس ئىش ئىكەن ھەم ياخشى ئىش ئىكەن.
ئىسمائىل كېمىچى ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالدى - دە، بالىنىڭ ئۆسكىلەڭ بويىغا سەپسېلىپ قارىدى ۋە بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا كۆز تىكتى. بوران بىرئاز پەسلەپ قالغانىدى. ئۇ يېنىدىن موخوركا خالتىسىنى چىقىرىپ ئالدىرىماي تاماكا يۆگىدى ۋە سەرەڭگە چېقىپ، ئوتنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ تاماكىسىنى تەسلىكتە تۇتاشتۇرۇپ چەكتى.
— خوش، ئۆزۈڭ نەگە ماڭدىڭ؟
— شەھەرگە.
— ئالدىراش ئىشقا ماڭغان ئوخشىمامسەن؟
— ياق، ئىش ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن.
— ئىش ئىزدەپ؟
— ھەئە.
— كىمنىڭ بالىسى سەن؟
— ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كەتكەن ... ئۆز ئالدىمغا دېھقانچىلىق قىلالمىدىم. شەھەردە جېنىمنى جان ئەتكۈدەك بىرەر ئىش چىقىپ قالار، دەپ مېڭىشىم.
— ھە، مۇنداق دە، سەن يالغۇز بالىمىدىڭ؟

— ھەئە، بىر تاللا.
— شەھەردە ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇشلىرىڭ بارمۇ؟
— يوق.
— شۇنداقمۇ؟ — ئىسمائىل كېمىچى ئويلىنىپ تاماكىسىنى كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم شورىدى، — سەن خاتا مېڭىپسەن. سەن ھازىر ماڭساڭ، شەھەرگە قاراڭغۇ چۈشكەندە بارىسەن. خوش، نەدە ياتىسەن؟ كىمنىڭ ئالدىغا بارىسەن؟ شەھەردە ئىش ئىزدەپ يۈرگەن نى - نى ئوغۇل باللار بار، ئۇلارنىڭ ئالدىدا سەن بىر رەزگى نوتا. ساڭا قورۇسىدىكى يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلدۇرىدىغان بىرەر باي ئۇچراپ قالسىغۇ ياخشى ئىدى، لېكىن شۇنداق باينىڭ ئۇچراپ قېلىشىغا كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟ نەگە دوقۇرىسەن؟
باسىت ئويلىنىپ قالدى.
— «كۆرمىگەن يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى تولا» دېگەن گەپ بار. يېنىڭدا بەلكىم بەش - ئون تەڭگە يامىقىڭمۇ باردۇ، ئۇمۇ تۈگەيدۇ، قانداق قىلىسەن؟ نەلەردە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرىسەن؟ ئۇكا، بۇ نىيىتىڭدىن يان.
— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟
— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟
— ئون ئالتىگە.
— ئېتىڭ نېمە؟
— باسىت.
— خوش، باسىت، قانداق قىلاتتىڭ، مېنىڭ كەينىمگە چۈش. بويۇڭمۇ بار ئىكەن، ئىككى يىلدا راسا قاۋۇل كېمىچى بولىسەن. قانداق دەيسەن؟
— مەيلى.
— ئوبدان ئويلاپ «مەيلى» دە، مەن يەنە يولۇڭنى توسقان بولۇپ قالماي. شەھەرگە چۈشۈپ بايقاپ باقىمەن، دېسەڭمۇ بولىدۇ. ساڭا لايىق ئىش چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بولمىسا

قايتىپ چىقساڭمۇ بولىدۇ. مەن گېپىمدىن يېنىۋالمايمەن.
— بولدى، كېمىچى بولاي.
— بولىدۇ ئۇكا، ماڭىمۇ ساڭا ئوخشاش ھەمراھ ياردەمچى كېرەك. خالتاڭدىكى نېمە ئۇ؟
— نان.
— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟
— ئاچتى.
— ئەمىسە بۇياققا قارا، — ئىسمائىل كېمىچى ئورنىدىن تۇرۇپ، قولى بىلەن كۆرسىتىپ دېدى، — ئاشۇ مەھەللىگە كىر، ئوڭ تەرەپتىن سانىغاندا بەشىنچى قورۇ بىزنىڭ قورۇ. ئۆيگە كىرىپ يەڭگەڭگە: مەن ئىسمائىل كېمىچىگە شاگىرتلىققا كىردىم، چاي بېرىڭ، دېسەڭ، راسا قايماقلىق ئەتكەنچاي ئېتىپ بېرىدۇ. ماڭ، يۈگۈر، چاي ئىچىپ كەل.

## 3

ھايات ئۇنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ كېمە بويىغا كەلگۈچە شەھەردىكى كېيىنكى تىرىكچىلىكى، ھايات يولىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن قايغۇرۇپ، ئەندىشىلىك خىياللاردا بولغان. ئويلىمىغان يەردىن ئۇچرىشىپ قالغان ئىسمائىل كېمىچىنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان ئاتىدارچىلىقلىرى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قايغۇ، ئەندىشىلىرىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ھايات يولى ئېچىلىپ يۈرىكىدە ئۈمىد پەيدا بولدى. بىراق، ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپى كۆڭلىدە ئەندىشە، قورۇنۇش قوزغاپ قويدى. «ئۆيگە بېرىپ چاي ئىچىپ كەل، دېگىنى نېمىسى؟ كۆرمىگەن، تونۇمىغان ئادەمنىڭ ئالدىغا قانداق كىرىدۇ؟ قايسى ئېغىزى بىلەن ‹ماڭا چاي بېرىڭ› دەيدۇ؟ ئۆزى باشلاپ ئەكەلسە، ئۆيدىكىلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويسا ياخشى بولماسمىدى؟ ... لېكىن، ئۇ دېگەنىكەن كىرمەي بولمايدۇ.

مىجەزى چۈس ئادەمدەك قىلىدۇ، شۇنچە خەقنى كۆزىچىلا تىللىغان يەردە مېنى ئاياپ قوياتتىمۇ، ۋارقىراپ - جارقىراپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟»

باسىت بار - يوقى تۆت توقاچ سېلىنغان خالتىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، بويىنىنى باغلىغاندەك ئاستا ماڭدى. ئۆزى ئىختىيار قىلمىسىمۇ قەدەملىرى ئۇنى مەھەللىگە ئېلىپ كىردى. ئۇ دەرۋازىلارنى ساناپ مېڭىپ، بەشىنچى قورۇ ئالدىدا توختىدى. يۈرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتاتتى. دەرۋازا ئالدىغا باردى، دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئىتتىرىش ئۈچۈن قولىنى سوزدى - يۇ، تۇيۇقسىز ھەرە چېقىۋالغاندەك ئىتتىك تارتىۋالدى. كەينىگە بۇرۇلۇپ مەھەللىگە ئىچكىرىلەپ كىردى ۋە بىردەمدىلا مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالدى. ئۇ يەنە كەينىگە بۇرۇلدى. بەشىنچى قورۇغا يېقىنلاپ كەلدى. شۇ مىنۇتتا كۆز ئالدىغا ئىسمائىل كېمىچى كەلدى - دە، ئەمدى چوقۇم كىرىمەن، دەپ ئويلىدى. بىراق، دەرۋازىغا بۇرۇلۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئۆتۈپ كەتتى.

باسىتنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەندى. قانداق قىلىش كېرەك؟ يېنىپ ئاشۇ قورۇغا كىرىش كېرەكمۇ ياكى ئىسمائىل كېمىچىنىڭ ئالدىغا ئاچ قورساق بېرىش كېرەكمۇ؟

ئۇ بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، دەريا بويىغا چۈشتى. يېتىمنىڭ كۆڭلى مىسكىن بولىدۇ. بىردىنلا ئۇنى يىغا تۇتتى - دە، تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئالدىدا دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تىكىلدى. بوران پەسلىگەندىن كېيىن، دەريا ئۈستىدە بېلىقئالغۇچلار يەنە پەيدا بولغانىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئاران توختىتىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى. خالتىسىدىن بىر تال توقاچنى ئېلىپ، سۇغا چىلاپ يەپ، قورسىقىنى تويدۇردى - دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئىسمائىل كېمىچىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىسمائىل كېمىچى كېمە بويىدا ئىدى.

— خالتاڭنى ئۆيگە قويۇپ قويساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ غودۇڭشىپ، — نېنىنى بىرى يەۋالىدىغاندەك ياندۇرۇپ كەلگىنىنى بۇنىڭ.

باسىت ئۈن چىقمىدى.

— ھە، يەڭگەڭ چاي ئېتىپ بەردىمۇ؟

— ھەئە.

— قورسىقىڭ تويدىمۇ، يە ئىزا تارتىپ ئولتۇردۇڭمۇ؟

— تويدى.

— ياخشى خوتۇن ئۇ، بىلىپ قالىسەن. بالىلارغا ئامىراق. نېمىشقا دېمەيسەنغۇ؟ سەن بىلمەيسەن، ئۇكا، تۇنجى ئوغلىمىز بولغان بولسا سېنىڭدەك بۇ يىل ئون ئالتىگە كىرگەن بولاتتى.

— ئۆلۈپ كېتىپتىكەن ـ دە؟

— بىر ياشتىن ئاشقاندا ئۆلۈپ كەتكەن. ئەر كىشى چىدىغان بىلەن ئايال چىدىمايدىكەن. تاس قالغان ساراڭ بولۇپ قالغىلى. سېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى ـ دە، ئۇ.

ئىسمائىل كېمىچى قويۇق قارا قېشىنى يىمىرىپ قويۇپ، يىراققا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قايغۇ، ئېچىنىش، غەزەپ ئالامەتلىرى ئۇچقۇنداپتتى. گەۋدىلىك بەستىدە ئابايىقى ھارغىنلىقىنىڭ ئەسىرىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ سۇرلۇك تۇستە نەلەرگىدۇر تىكىلىپ بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن، كەينىگە شارتتىدە بۇرۇلۇپ مېڭىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. باسىتنى يەنە ئەندىشە چۇلغىۋالدى. ئابايا ئۆيگە كىرمىگىنىگە پۇشايمان قىلىۋاتاتتى.

كېمە بويىغا ئۇياق ـ بۇياقتىن كېلىپ يىغىلىپ قالغان كىشىلەر بۇگۇنكى پالاكەت ـ پېشكەللىكتىن قايغۇرۇشتىن كۆرە، قاتناشنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسمائىل كېمىچى پەيدا بولدى.

— ئاشۇ سىمغا بېكىتىدىغان، — دېدى ئۇ دەريانىڭ بۇ قېتىدىن - ئۇ قېتىغا تارتىلغان توم سىم ئارغامچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — غالتەكنىڭ سېپىنى ئوڭشاش، كېمىنى سۆرەپ ئەكېلىش كېرەك. كېمىنى بىر - ئىككى كۈنگىچە ماڭدۇرمىساق بولمايدۇ. قارا، ئەلنىڭ دەۋرەپ كەتكىنىنى، ئەلنىڭ قارغىشىغا قېلىش يامان، ئەلنىڭ قارغىشىغا قالساڭ، كۆكلىيەلمەيسەن. جۇر ئۆيگە قايتايلى. ئەتە ئىشقا كىرىشىمىز. سېنىڭ بىرىنچى ئىشىڭ بۇزۇلغاننى قانداق تۈزەشنى كۆرۈشتىن باشلىنىدىغان بولدى. بۇمۇ ياخشى بولدى، دېگىنە.

كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئىككىسى ئۆيگە ماڭدى. باستىنىڭ يۈرىكى يەنە ئۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئىسمائىل كېمىچىنىڭ چوڭ - چوڭ قەدەملىرىگە يېتىشەلمەي، يۈگۈرگەندەك كېتىپ باراتتى.

— مېنىڭ بۇ شاگىرتىمغا ئاپايا ئوبدان چاي ئېتىپ بەرگەنسەن، ئىززەت !؟ — دەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ئىسمائىل كېمىچى.

— نېمە دەۋاتىدىغانسىز؟ ! — دېدى ئىززەتخان هاڭ - تاڭ قېلىپ، — بۇ شاگىرتىڭىزنى ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن.

— نېمە !؟ ... ئاپايا چاي ئىچىپ كەلدىغۇ؟ ...

— باشقا ئۆيدىن ئىچكەن ئوخشايدۇ.

— مەن ئۆينى ئېيتىپ بەردىمغۇ، نەدىن ئىچتىڭ؟ — دېدى ئۇ تېخىچە يەردىن كۆزىنى ئالماي بوسۇغىدا ئۆرە تۇرغان باستىقا قاراپ، — باشقا ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟

— هېچنەدىن ئىچمىدىم.

— نېمە دەيدۇي مۇنۇ !؟ ئاپايا، ئىچىپ كەلدىم، دەيسانا؟

باستى ئۈن چىقمىدى.

— ئۆزىڭىز باشلاپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟ تونۇمىغان ئۆيگە كىرىشتىن ئىزا تارتتى - دە، — دېدى ئىززەتخان.

— ۋاي تاۋى نازۇكەي، تېخى نومۇسچان ئىكەنسەن - دە، مايافقا ئۆت، تاشلا خالتاڭنى.

باسىت خالتىسىنى سۆيىنىڭ بىر چېتىگە قويۇپ، ئىززەتخاننىڭ زورلىشى بىلەن ئىسمائىل كېمىچىنىڭ يېنىغا بېرىپ قورۇنۇپ ئولتۇردى. ئىسمائىل كېمىچى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان يېتىم بالا بولۇپ، ئىسمىنىڭ باسىت ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە قانداق ئۇچراپ قالغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ كېمىچى بولۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

دەسلەپتە ھاڭ ـ تاڭ قالغان ئىززەتخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى. تەبەسسۇم يانغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاربدى. «خۇدايىم ئاھۇزارىمىزغا يېتىپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇن تۆت ـ ئون بەشلەرگە كىرىپ قالغان قىزى باھارگۇل بۇ ئىككىز بويلۇق، يەردىن كۆزىنى ئالماي قورۇنۇپ ئولتۇرغان يوچۇن بالىغا يەر تېگىدىن قاراپ ـ قاراپ قويىاتتى. ئۆيدە لەڭمەن ئېتىلىۋاتقان بولۇپ، ئىززەتخان سوزۇۋاتاتتى، باھارگۇل قازان بېشىدا ئىدى. باسىت خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بۇگۈن يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ھەم قورقۇپ، ھەم ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى بىزنىڭ ئوغلىمىز بولدۇڭ، — دېدى ئىسمائىل كېمىچى تاماكىسىنى كىگىزنىڭ قېتىغا سۈركەپ ئۆچۈرۈپ، — بىرنەچچە كۈن ئۆيدە تۇر، كېمە بويىدىكى بوتكىنى تۈزەشتۈرىمىز، شۇ يەردە يېتىپ ـ قوپىسەن. قورقامسەن يا؟

— ياق.

— مەنمۇ ئون ئالتە يېشىمدا يالغۇز قالغان. ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىسەن. ئەمدى كېمە بويىنىڭ خوجايىنى بولىسەن.

— خۇدايىم بىر تال ئوغۇل بېرىپ، ئۆزى ئېلىپ كېتىۋىدى، — دېدى ئىززەتخان تەخسىلەرگە ئاش سېلىۋېتىپ، — مانا چوڭ قىلىپ ياندۇرۇپ بېرىپتۇ ـ دە، «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەن راست گەپ ئىكەن.

— چوڭ قىلىمەن، دەپ سېنى ئاۋارە بولمىسۇن دېدى ـ دە.

بىر تاللا قىزى بار بۇ ئائىلىگە باستىنىڭ كېلىپ قوشۇلۇشى ئىسمائىل كېمىچىنىمۇ، ئىززەتخاننىمۇ، باھارگۇلنىمۇ خۇشال قىلدى.

## 4

ئىككى كۈندىن كېيىن كېمە ئىشقا چۈشتى. باستىنىڭ قوشۇلۇشى ھەپتىگىچە ئىسمائىل كېمىچىگە ئەگىشىپ، ئەتىگەندە ئىشقا كېلىپ، كەچتە ئۆيگە قايتىپ يۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دەريا بويىدا — بوتكىدا يالغۇز ياتىدىغان بولدى. كەچ كىرىپ كېمە توختىشى بىلەن دەريا بويىدا بىرمۇ ئادەم قالماي، ئەتراپ سۈرلۈك تۇسكە كىرىپ قالاتتى. ئۆيگە بېرىپ تاماق يەپ قايتقۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى ـ دە، بوتكىغا كىرىپ چىراغنى يېقىشقا ئۈلگۈرمەي جىنى ئالدىرايتتى. دەسلەپكى كېچىلەرنى قورقۇش، ئەندىشىدە ئۆتكۈزدى. كېچە جىمجىتلىقىدا شىۋىرلاپ يېتىپ كەلگەن شامال، دەريا شارقىرىشىنىڭ تۈيۈقسىز ئۆزگىرىشى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قالىدىغان غەيرىي ئاۋازلار ئۇنى قورقۇنچقا سالاتتى. قانداقتۇر دەھشەتلىك مەخلۇقلار بوتكىغا بېسىپ كىرىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى ـ دە، ھاسىراپ تەرلەپ كېتەتتى.

ئۇ تىرىكچىلىك، تۇرمۇش يولىغا مانا مۇشۇنداق كىرىپ كەلدى. كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلالمايتتى. ئۇ بەزى تىنچ كېچىلىرى تەگسىز خىياللارغا پېتىپ قالاتتى. «چوڭلار ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا ھەر خىل ئىشلار كېلىدۇ دەيدىغان، راست ئىكەن. ماڭا ھېلىتىنلا كېلىشكە باشلىدى. ئۇن ئالتە ياشقا كىرەر ـ كىرمەيلا قارا يېتىم بولۇپ قالدىم. مانا ئەمدى يالغۇزدىن ـ يالغۇز جېنىمنى يەپ، ۋەھىمە قوزغاپ تۇرىدىغان بۇ كەپىدە يېتىپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى ئىسمائىلكامغا ئۇچراپ قاپتىمەن، بولمىسا نەلەردە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرەتتىمكىن؟! ... يەنە قانداق كۈنلەرگە قالىمەن،

نېمىلەرنى كۆرمەن، كىم بىلىدۇ؟! ...»

ۋاقىت ئۇچقاندەك تېز ئۆتىدىكەن. باستىنىڭ كېمە ئۇستىدە يۈرگىنىگە مانا ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇ هازىر ئۇستا كېمىچى. ئىسمائىل كېمىچى بولمىسىمۇ، ئۇ كېمىنى مۇستەقىل هەيدەپ، باشقۇرالايدۇ. ئۇنىڭ كۆنلىرى پۇتۇنلەي دېڭەندەك دەريا ياقىسى، كېمە بويىدا ئۆتۈۋاتىدۇ. بۇرۇنلاردا ئۆيگە تاماقتا بارماي قالمايتتى، هازىر ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بارمايدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭدىن ئىسمائىل كېمىچى، ئىززەتخان خاپا بولغان بىلەن باهارگۈل خۇشال، ئۇنى تاماقتا كەلمىسىكەن، دەپ ئويلايدۇ. ساقلاپ ـ ساقلاپ كەلمىگەندىن كېيىن ئاپىرىپ بېرىدۇ ـ دە، قىز تاماق ئاپارغان چاغدا كېمە بويىدا بىرمۇ ئادەم قالمىغان مەزگىل بولۇپ، باستىنىڭ بوتكىدا ياكى بوتكا ئالدىدا يالغۇز ئولتۇرغان بولىدۇ. مۇنداق چاغدا ئەگەر جۈرئەت قىلىدىغانلا بولسا، هەرقانداق گەپنى قىلغىلى بولىدۇ ـ دە. كىم ئۆز غېمىنى قىلمايدۇ، كۆڭلىدە مۇهەببەت سېزىمى ئويغانغان هەرقانداق قىز ـ يىگىت ئەپلىك پۇرسەتنىڭ كويىغا چۈشىدۇ ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. باستىنىڭ تاماققا ئارىلاپ كەلمەيدىغان بولۇۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى ئاللىقاچان چۈشەنگەن باهارگۈل «ئۇ كېلىپ قالمىغىيدى» دەپ ئەنسىرەپ، كېمە بويىغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ.

ئەنە، ئۇ داستىخانغا ئورالغان تاماقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، بوتكىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئەمما ئىشىكنى ئاچمىدى.

— كىرەيمۇ؟ — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— كىرىڭ، سىزگە ئىشىكىم ئوچۇق.

— ئوچۇق دەيسىز، يېپىۋاپسىزغۇ، مېنى يىراقتىن كۆرۈپلا يېپىۋالغانسىز، تايىنلىق؟

— ئۇقماي قاپتىمەن، شامال يېپىۋەتكەن ئوخشايدۇ. بولمىسا ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەن بولاتتىم، — باستى شۇنداق دېدى ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ كۈلدى.

باھارگۈلنىڭ ئېلىپ كەلگىنى بىر تەخسە لەڭمەن ئىدى. ئۇنى قويىدىغان يەر تاپالمىغاچقا، باستىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. باستىنىڭ كىچىككىنە بوتكىسىدا تۆت تال تاختاي بىلەن ياسىۋالغان كارىۋات، ئورۇن - كۆرپە، بىر چۆگۈن، بىر كۇرۇشكىدىن باشقا نەرسە يوق، ئولتۇرغۇدەك بىرەر ئورۇندۇقمۇ يوق.

باھارگۈل كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قورۇنۇپقىنا ئولتۇردى. باستىمۇ قورۇنۇپ، تاماقنى خۇددى قىزلاردەك ئۇن چىقارماي يەۋاتاتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە بىر - بىرىگە ئېيتماقچى بولغان گەپلىرى بار، لېكىن ئېيتىشقا جۈرئىتى يوق. بىر - بىرىنى كۆرمىگەن، خىيال سۈرگەن چاغلىرىدا ئاشۇ گەپلىرىنى چوقۇم ئېيتماقچى، باتۇرلۇق قىلماقچى بولۇشىدۇ. كۆرۈشكەن چاغدا تىترەپ كېتىدۇ، تىلى تۇتۇلىدۇ، قورقۇنچ باسىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ھېسسىياتتا تولغىنىپ يۈرگىنىگە بىر نەچچە ئاي بولدى.

— تاماقنى كىم ئەتتى؟

— قانداق؟

— ئەجەب ئوخشاپتۇ، — دېدى باستى ئېغىزىنى ئالىقىنى بىلەن ئېتىپ، — راستىنى دەڭە؟

— مەن.

— شۇ ... سىزنى ئەتتىمىكىن دېۋىدىم.

— قانداق بىلدىڭىز؟

— تەمىگە قاراپ.

— ئاپامنىڭ ئەتكىنى تەمسىز ئىكەن - دە، ئاپام تاماقتا مەندىن ئۇستا.

— ئاپىڭىزغۇ ئۇستا، لېكىن سىزنىڭ ئەتكىنىڭىز نېمىشقىدۇر ماڭا ئالايىتەنلا تېتىپ كېتىدۇ.

قىزىرىپ كەتكەن باھارگۈل يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي دېدى:

— ئاۋۋال ئاغزىڭىزنى تاتلىق قىلىۋالدىغان ئوخشايسىز.

— ھەئە، سىز ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتقان چاغدىلا مېنىڭ ئاغزىمغا تەم كىرىشكە باشلايدۇ.

— ۋىيەي ... — باھارگۈل ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە تەخسىنى ئالمان - تالمان ئوراپ ماڭدى. ئۇنى قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ تىترىتىۋەتكەنىدى.

— بىردەم ئولتۇرۇڭ.

— ئاپام نېمانچە يوقاپ كەتتىڭ، دېسە نېمە دەيمەن؟

— ئولتۇرۇپ قاپتىمەن دېمەمسىز.

— سىزگە ئاسان، ماڭا تەس.

باھارگۈل چىقىپ كەتتى. بىراق يەتتە - سەككىز قەدەم ماڭار - ماڭمايلا يەنە بىردەم ئولتۇرمىغىنىغا ئۆكۈنۈپ كەينىگە قايرىلىپ قارىدى. باسىت ئىشىكى ئالدىدا ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. باھارگۈل ئۆز قەدەملىرىنىڭ ئاستىلاپ قالغانلىقىنى تۇيمىدى. «ئۆتكەندە تاماق ئېلىپ كېلىپ يانغاندا، يولدا قىزلار ئۇچراپ قېلىپ، ئۆيگە خېلى كېچىكىپ بارغان. شۇ چاغدا ئاپام گەپمۇ قىلمىغان، — دەپ ئويلاپ كېتىپ باراتتى ئۇ، — بىردەم ئولتۇرساممۇ بوپتىكەن، نېمانچە يوقاپ كەتتىڭ، دېسە، قىزلار ئۇچراپ قالدى، دېمەيتتىممۇ. ھەي، مېنىڭ قورقۇنچاقلىقىم، باسىت ئاكام بۈگۈن ئاران بىر گەپ ئاچقاندا قېچىپ چىققىنىم نېمىسى ...»

ئەمما، باسىت باشقىچە ئوي - خىيالدا قالغانىدى: «باھارگۈل ساددىلىق قىلىپ: قارا، ئاپا، باسىت ئاكام سىزنىڭ ئەتكەن تامىقىڭىز ماڭا ئالايىتەنلا تېتىپ كەتتى، دەپ كېتەرمۇ؟ شۇنداق دېسە، ئىززەتخان ھەدەم بۇ گەپنى ئىسمائىل ئاكامغا ئېيتسا، قانداق قىلارمەن؟ ئېغىزىمغا كەلگەن گەپنى ئويلىمايلا دەۋېتىدىغىنىم ...»

باھارگۈل باستقا تاماق ئېلىپ ماڭغاندا ئىسمائىل كېيىنچى ئايالىغا مۇنداق دېگەنىدى:

— ئىززەت، بىر ئىشنى سېزىۋاتامسەن؟

— نېمە ئىشنى؟
— قىزنىڭ باستقا تاماق ئاپىرىشقا نېمانچە خۇشتار؟
— ۋاي تاڭەي ...
— ھەي، سەن زېرەك خوتۇن ئەمەسسەن ـ دە، ئانا دېگەن قىزنىڭ ھەرىكىتىنى بايقاشقا ماھىر بولىدىغان، سەنزە ...
— ھە، سىز نېمىنى سەزدىڭىز؟
— قىزىڭنىڭ ھەرىكىتىگە قارا، ئاغزىڭدىن گەپ چىقىپ بولغۇچە تەييار بولىدۇ. كۆزۈڭنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە چىقىپ كېتىدۇ.
— تېزرەك ئاپىرىپ بېرەي دەيدىغاندۇ؟
— ساددىلىقىڭنى قارا سېنىڭ، ئۇ كەلگۈچە مەن بېرىپ بولاي، دەيدۇ. ئۇ كەلسە سەن بار، مەن بار. ئۇ يەرگە بارسا باستىن باشقا ئادەم يوق، قىزنىڭ شۇنى ئويلايدۇ. باستىمۇ تاماقنى ئارىلاپ كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇمۇ، مەن بارمىسام ئۇ كېلىدۇ، ئىككىمىز بىللە بولىمىز، ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشىمىز، دەپ ئويلاۋاتىدۇ.
— ئىككىسى شۇنداقلا ئويلىشىۋاتقان بولسا مەيلى ئەمەسمۇ، ئىلاھىم شۇنداق بولغاي.
— مېنىڭچە، ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىش خەقنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ، ئېغىزغا چىقىپ بولغۇچە تويىنى قىلىپ قويساق، دەپ ئويلاۋاتىمەن. باستىمۇ ئون سەككىزگە، باھارمۇ ئون يەتتىگە كىردى، تازا ۋاقتى، قانداق دەيسەن؟
— شۇنداق قىلساق خويما بولاتتى، گۈلى گۈلىگە كەلدى دېگەن شۇ ... ئوغۇل ئۆيلىگۈچىمۇ ئۆزىمىز، قىز تاللىق قىلغۇچىمۇ ئۆزىمىز بولاتتۇق، ئىشمۇ ئاسان توگەيتتى.
— ئۇنداق بولسا قىزىڭدىن ئاسماقچىلاپ گەپ ئېلىپ باق.
باست بىلەن باھارگۈلنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىپ، خالىي جاينى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئىززەتخان

سەزمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭمۇ ئويلاپ كېلىۋاتقىنى مۇشۇ ئىش. باسىت مۇشۇ ئۆيگە كەلگەن چاغدىلا كۆڭلىگە پۈككەنىدى. باسىت يېتىم بالا، ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىمى يوق. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باسىتمۇ يىگىت بولىدۇ، باھارگۈلمۇ رەسىدە بولىدۇ. يالغۇز قىزىنى ئۇنىڭغا بەرسە، ئىككىسى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ ئالدىدا تۇرسا، ئۆزلىرىدىن كېيىن قالسىمۇ، تاپقان ـ تەرگىنى، تۈگكەن تۈگۈچى ئۇلارغا قالسا، ئۆزلىرىنىڭ چىرىغىنى يېقىپ، مۇشۇ قورۇغا ئىگە بولۇپ ئولتۇرسا، بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى ئىش بولامدۇ؟! شۇڭلاشقا، ئېرىنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇۋەتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كېلىشتى: ئىززەتخان قىزىدىن ئاسماقچىلاپ گەپ ئالماقچى. ئىش ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولسا، ساراي تېمىغا يۆلەپ، بىر ئېغىز ئۆي سېلىپ، كەچ كۈزگە تارتىپ ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىپ قويماقچى بولۇشتى. ئۇلار مۇشۇ مەسلىھەتكە كەلگەن چاغدا، باھارگۈلمۇ باسىتنىڭ كىچىككىنە بوتكىسىغا كۆڭلى قىيمىغان ھالدا كەينىگە يېنىپ ـ يېنىپ قاراپ كېلىۋاتاتتى.

## 5

كېمىچىلىك دېگەن دەم ئېلىش يوق ئىش. شۇنداق بولسىمۇ ئىسمائىل كېمىچى بىلەن باسىت ئىككىسى ئەتە ـ ئاخشىمى بىر سائەت، ئىككى سائەتتىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆزلىرى تام سوقۇپ، كېسەك قۇيۇپ، ئونىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا بىر ئېغىزلىق ئۆينى پۈتكۈزۈۋالدى. بىراق، بىرەر ھەپتىدىن كېيىن توي قىلارمىز، دەپ تۇرغاندا جاھان ئەنسىزلىشىپ كەتتى. ئاڭلىغان مىش ـ مىش گەپلەر راست چىققىلى تۇردى: «ھۆكۈمەتنىڭ ئالتە ئوغرى دېگىنى ئالتە باتۇر ئىكەن»، «نىلقىدا ئىنقىلاب پارتلاپتۇ»، «ھازىر ئۇرۇش بولۇۋېتىپتۇ» ... دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەرنىڭ كېمە بويىدىمۇ ئىپادىسى كۆرۈلۈشكە

باشلىدى.

گومىنداڭ چېرىكلىرىنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشى كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن، كېمىگە چىقسا، زورلۇق قىلىپ ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەمنى چىقارمايتتى. ھەممە ئادەمگە گۇمانسىراپ قارايتتى. قاياقتىن «تىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقسىلا مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىنى شۇ ياققا قارىتاتتى. كىم پىچىرلاشسا ئۇ سوراققا تارتىلاتتى. شۇنداق قىلىپ كېمە بويى ناھايىتى سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق تۇسكە كىردى.

بەزى كۇنلىرى چېرىكلەر تاغ تەرەپتىن قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغان ئادەملەرنى ھەيدەپ كېلەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ قوللىرى باغلاقلىق تۇرسىمۇ، چېرىكلەر مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىنى ئۇلارغا تەڭلەپ تۇراتتى، كۆزلىرىنى ئۇلاردىن ئالمايتتى. مۇنداق تۇتقۇن قىلىشلار كۇندىن ـ كۇنگە كۆپىيىۋاتاتتى.

— كۆردۇڭمۇ، باسىت، — دەيتتى ئىسمائىل كېمىچى، — ھۆكۈمەت نېمانچە تېپىرلايدۇ؟ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟ ... بايقاۋاتقانسەن، شۇنچە ئەسكەرلەر قېنى؟ تاغ تەرەپكە كېتىدۇ، نېمىشقا قايتمايدۇ؟

— راست ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ.

— شۇنداق، ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. مۇنۇ ھەيدەپ كەلگەنلىرى ئىنقىلابچىلارنى قوللىغانلار، ئۇلارغا ئۇن قاتقانلار، زۇلۇم چېكىدىن ئېشىپ كەتتى ـ دە، ئۇكا.

— ئەمدى بۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟

— خالىغىنىنى قىلىدۇ. بەزىلىرىنى ئاتىدۇ، بەزىلىرىنى تۈرمىگە تاشلايدۇ ... بەزىلىرى تۈرمىدىن قېچىپمۇ چىقىدۇ تېخى، سادىر پالۋان دېگەن ئادەمنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— ئاڭلىغان.

— ھە، شۇ پالۋانمۇ تۈرمىدىن نەچچە قاچقان ئەمەسمۇ، بۇلارمۇ بوش ئادەملەر ئەمەس ـ دە ...

ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان بولسىمۇ باسىت زادىلا ئۇخلىيالمىدى، بوتكىدىن سىرتقا ئىككى قېتىم چىقتى. ئايسىز، سۇرلۇك كېچە ئىدى. ھەيۋەتلىك دەريا ئاقىرىپ، شاۋقۇنلىنىپ ئاقماقتا، سوغۇق شامال غەلىتىلا ئاۋازلارنى ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. باسىتنا ھازىر بۇرۇنقىدەك ۋەھىمىلىك، ئەنسىز تۇيغۇلار قوزغالمايدۇ. ئۇ ھەممىگە ـــ تىكەندەك يالغۇزلۇقىمۇ، تۆت ئەتراپ ئادەمگە ئەنسىزلىك سېلىپ تۇرىدىغان سۇرلۇك ھالەتلەرگىمۇ، كېچىدىكى غەيرىي قورقۇنچلۇق ئاۋازلارغىمۇ كۆنۈپ كەتكەن.

ئۇنىڭ ئۇخلىيالماسلىقىغا مۇنۇ ئىككى ئىش سەۋەب بولۇۋاتاتتى: بىرى، تۇيۇقسىزلا ئۆپۈر - تۆپۈر باشلىنىپ كېتىپ تويىنى قىلالمايۋاتقانلىقى؛ يەنە بىرى، چېرىكلەرنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك قولى باغلانغان ئادەملەرنى شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقى. «قورقۇمسىزلىرى، ئىشى ئوڭدىن كەلگەنلىرى قېچىپمۇ قۇتۇلار. قالغانلار قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ بالىچاقىلىرى باردۇ؟ ئەگەر ئېتىلىپ كەتسە، ئۇلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟»

شۇنداق ئوي - خىياللار بىلەن ئۇ قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تۇيمىدى، بىراق يەر تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك بىر ئاۋاز بىلەن ئويغىنىپ كەتتى.

ـــ كېمىچى ...

ئۇ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، سىرتتىن بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ـــ كېمىچى، ھوي كېمىچى !

ـــ مانا - مانا، ـــ باسىت كىيىملىرىنى ئالمان - تالمان كىيىپ، سىرتقا چىقتى. ئالدىدا تۆت ئادەم تۇراتتى.

ـــ نېمە دەيسىلەر؟

ـــ بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قوي، ئۇكا.

ـــ كېچىسى كېمە ھەيدەش خەتەرلىك.

— ئېقىپ كەتسەك مەيلى.
— سىلەر نېمە ئادەملەر؟
— تۇرمىدىن قېچىپ چىققانلار، تېزرەك ئۆتكۈزۈۋەتسەڭ، كەينىمىزدىن چېرىكلەر قوغلاپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.
— بىزنى قۇتقۇزۇپ قال، ئۇكا، ئۇلار كېلىپ قالسا ئېتىۋېتىدۇ.
ئۇلار ھاسىراپ سۆزلەيتتى. ئالدى - ئارقىسىغا تېز - تېز قارايتتى.
باسىت ئويلاندى: بۇلار ھېلىقى قولىنى باغلاپ ئېلىپ كىرىپ كېتىلگەنلەردىن ئىكەن - دە، ئىسمائىل ئۇستام بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئاتىدۇ، بەزىلىرى قېچىپمۇ چىقىشى مۇمكىن دېۋىدى، قېچىپ چىقىپتۇ - دە. راست، كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلار بولۇشى مۇمكىن. تېزرەك ئۆتكۈزۈۋېتەي. ئۇستامغا خەۋەر قىلغۇچە ئۇلگۇرەلمەي قېلىشى مۇمكىن، بۇلارغا ئۇستاممۇ، مەنمۇ ئىچ ئاغرىتقان ئەمەسمىدۇق.
باسىت ئەندىشىدىمۇ، ئىككىلىنىشتىمۇ بولمىدى. كېمىنىڭ تۇۋرۇككە باغلانغان تۆمۈر زەنجىرىنىڭ قۇلۇپىنى چاقانلىق بىلەن ئاچتى. ئۇلار كېمىگە چىقتى، پالاق ئۇرۇلدى، كېمە قوزغالدى. ئۇ قاتتا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار باشتا مىڭبىر رەھمەتلەرنى ئېيتىپ تاغ تەرەپكە يول ئالدى ۋە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.
سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. باسىت ئۆزىدە يېنىكلىك، خاتىرجەملىك ھېس قىلىپ، سوغۇق تاغ شامىلىدىن راھەتلىنىپ، پالاقنى سالماق بىلەن ئۇرۇپ بۇ قاتقا ئۆتتى. كېمىنىڭ زەنجىرىنى تۇۋرۇككە باغلاي دەپ تۇرۇشىغا چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئىسمائىل كېمىچى كەلدى - دە، سورىدى:
— كىمنى ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ؟
— تۇرمىدىن قاچقانلارنى.
— راستما؟

— راست، ئىككىسىنى تونۇپمۇ قالدىم.
— يارايسەن !
— سىزگە خەۋەر قىلالمىدىم. كەينىدىن قوغلىغانلار كېلىپ قالمىسۇن دەپ تېزلا ئۆتكۈزۈۋەتتىم، — دېدى باسىت.
— ئەنە قوغلىغانلارمۇ كەلدى، — دېدى ئىسمائىل كېمىچى، — ئۇلارنى كۆرمىدۇق دەپ چىڭ تۇر.
ئۈچ ئاتلىق چېرىك تاراسلاپ يېتىپ كەلدى - دە، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئىسمائىل كېمىچىدىن سورىدى:
— ئۇلار قېنى؟
— كىملەر؟
— ئوغرىلار.
— قايسى ئوغرىلار؟
— تۇرمىدىن قاچقان ئوغرىلارچۇ، تولا خۇپسەنلىك قىلما ! — ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇراتتى.
— بىز ھېچكىمنى كۆرمىدۇق.
— يالغان ! سەن ئۇلارنى ھېلى ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ.
— ھېچكىمنى ئۆتكۈزمىدۇق.
ئۇلارنىڭ كۆزى تېخى تۇۋرۇككە باغلانمىغان زەنجىرگە چۈشۈپ قالدى. ئالدىدىكى باشلىقى يېنىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئىسمائىل كېمىچىنىڭ كۆزىگە تەڭلىدى.
— راست گەپنى قىلامسەن - يوق !؟ — ئۇ ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىۋىدى، باسىتنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. يەنە بىرىمۇ مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن دۈمبىسىگە ئىككى - ئۈچنى ئۇرۇۋەتتى:
— راست گەپنى قىلمىساڭ، ھېلى ئۆلىسەن !
— چانىۋەتسەڭمۇ كۆرمىدىم، كۆرمىدىم !
— شۇنداقمۇ؟ ... ھەيدە بۇنى !
— نەگە ھەيدەيسەن؟
— سېنى راست گەپ قىلدۇرىدىغان يەرگە.

ئىككى چېرىك ئىسمائىلنىڭ قولىنى ھېلىقى تۇتقۇنلاردەك كەينىگە قىلىپ باغلىدى ـ دە، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى. كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن باسىت تاس قالدى: ئۆتكۈزۈۋەتكەن مەن، ئۇستامنى قويۇۋەت، دېگىلى. لېكىن، ئىسمائىل كېمىچىنىڭ «كۆرمىدۇق» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرغانلىقىنى ئويلاپ، توختاپ قالدى. ئۇ ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى.

ئىسمائىل كېمىچى كەينىگە قايرىلىپمۇ قويمىدى.

باسىت ئويلىمىغان ھالدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. «ئۇستامنىمۇ تۇرمىگە تاشلايدىغان بولدى ـ دە، ھېلىقىلاردەك قېچىپ چىقارمۇ ياكى ئېتىلىپ كېتەرمۇ؟ دەپ ئويلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بىئارام بولدى «ئۆيگە قانداقمۇ بارارمەن، ئۇلارغا نېمە دەرمەن، ئىززەتخان ھەدەم نېمە بولۇپ كېتەر. باھارگۈلچۇ؟ ...»

ئىسمائىل كېمىچىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئىش بولدى. ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلغانلىقىنى باسىتتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ سىرلىق بىر تۈگۈن بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىگىلا ئەمەس، دەريا ياقىسىدىكى بۇ كىچىككىنە مەھەللىگىمۇ ئەنسىزلىك چۈشتى. يېزىلىقلار شەھەردە «تۇت ـ تۇت» بولۇۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلايدىغان، ئەمدى ئۆز مەھەللىسىدىنمۇ تۇتۇلۇۋاتىدۇ. ئۇلار گويا ئەتە ـ ئۆگۈن ئۆزلىرىنىمۇ تۇتۇپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى.

ئىسمائىل كېمىچىنىڭ ئائىلىسى قانتىمىدىن، يۈلەنچۈكىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغاندەك ماتەمدە قالدى. باسىت تۇرمىدىن قاچقانلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى. ئۆتكۈزۈپ قويمىغان بولسا، ئىسمائىل كېمىچىمۇ تۇتۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى ـ دە، توۋا، ئىچ ئاغرىتىپ قىلغان ئىشنىڭ

بىر بالاسى چىقىدىكەن ـ دە، تىپتىنچ كىتىۋاتقان ئائىلە قاراپ تۇرۇپ غەمدە، قايغۇ ـ ئەلەمدە قالدىغۇ ...

بىراق، ئۇلارنىڭ غەم ـ قايغۇسى ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. ئەتىسى سۇبھى يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەندە، ئىسمائىل كېمىچى قېچىپ چىقتى. ئاۋۋال ئۇ ئالدىراش ئۆيىگە كىرىپ، ئايالى، قىزىنى خۇشال قىلدى. ئاندىن بىرنەچچە كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيىدىن چىقتى ـ دە، كېمە بويىغا كەلدى.

باست تېخى ئۇيقۇدا ئىدى. كېمىچى ئۇنى تېزلىكتە ئويغىتىپ چىقتى. ئىشنىڭ مۇنداق چاپسان ئوڭغا تارتقانلىقىدىن ھەم خۇشال بولغان، ھەم ھەيران قالغان باست ئۇنىڭدىن بىرنەچچە گەپلەرنى سورىۋىدى، ئىسمائىل كېمىچى قولىنى سىلكىدى:

— تولا گېپىڭنى قوي، كېمىنى ھەيدە، مېنى ئۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ قوي. تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىمەن. بىر ھەپتە، كۆپ بولسا ئىككى ھەپتە يوشۇرۇنۇپ يۈرىمەن. ئاندىن ئاشكارا يۈرىدىغان چاغ كېلىدۇ، بول !

باست چاققانلىق بىلەن زەنجىرنى يەشتى. ئىككىسى كېمىگە چىقتى، كېمە ئەمدىلا قوزغىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى ئۈچ ئاتلىق چېرىك قوراللىرىنى پۇلاڭلىتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىسمائىل كېمىچىنى تۇتۇپ ئەكىرىپ كېتىش نىيىتى يوق ئوخشايدۇ. ئالدىدىكى باشلىقى ئاتتىنمۇ چۈشمەي، تاپانچىسىنى ئۇنىڭغا توغرىلىدى ـ دە، ئاتتى. ئۇ بىر سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدى ۋە قەھر بىلەن چېرىكلەر باشلىقىغا تىكىلىپ قارىدى. ئىككىنچى پاي ئوق ئۇنى يىقىتىۋەتتى.

ئىسمائىل كېمىچى تۈرمىدىن قانداق تېز قېچىپ چىققان بولسا، ھاياتىدىنمۇ شۇنداق تېز ئايرىلدى.

چېرىكلەر كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، تاراسلاپ يۈرۈپ كەتتى.

باسىت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېتىپلا قالدى.

## 6

11 ـ ئاينىڭ باشلىرى. كېمە بويىدىكى ئەنسىزلىك، ئوپۇر ـ توپۇر تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدا ۋەھىمە، ئالاقىزەدىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئەمما، ئەمدى باسىت خاتىرجەم. ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە ئۇستىسىنىڭ: «بىر ھەپتە، كۆپ بولسا ئىككى ھەپتە يوشۇرۇنۇپ يۇرىمەن، ئاندىن ئاشكارا يۈرىدىغان چاغ كېلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قوللىرى پالاقتا، كۆزلىرى يىراقتا، كۆڭلىدە بولسا ئۇستىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئىرادىسى تىكلەنمەكتە ئىدى. تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان سوغۇق شامال يالاڭ چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى قايرىپ يەلپۈتۈۋاتىدۇ، دەريا تىنىمسىز شارقىراپ ئۆركەشلەۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر ئۆيلەنگەن. ئۇستىسىنىڭ قىرىق نەزىرىدىن كېيىن ئىگىسىز قالغان ئائىلىگە باشپاناھ بولۇش ئېھتىياجىدىن، مەھەللىدىكى ئاقساقاللارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر كېچىدىلا نىكاھ ئوقۇپ، باھارگۈل ئىككىسىنى قوشۇپ قويغان.

كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئۇ قاتقا ئۆتتى. ئەمدى بۇ قاتقا قايتماقچى بولۇۋاتقاندا، تاغ تەرەپتىن بىر توپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي، قېچىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇلار شۇنچە ئىتتىك يۈگۈرۈۋاتىسىمۇ كەينىگە تىنىماي قارايدۇ، ئارىلاپ ئوق ئۈزىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بارلىقىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. باسىت كېمىنى دەرھال ھەيدەپ بۇ قاتقا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇلار يېتىپ كەلدى ـ دە، ۋارقىرىدى:

— توختا، ھارىمى! ھېلى ئۆلىسەن!

ئۇلار كەلدى ـ دە، دۈكۈرلىشىپ كېمىگە چىقتى،

ئالاقزەدىلىك يانغان كۆزلىرى تاغ تەرەپتە ئىدى.
— ھەيدە ! تېز ھەيدە، بول !
پالاق ئاستا ئۆرۈلدى، كېمە قوزغالدى. ئەسكەرلەر بىر ئورۇندا تۇرالمايتتى. بەتلەكلىك ئاپتومات، مىلتىقلىرىنىڭ ئۈچىنى تاغ تەرەپكە قارىتاتتى. ھېلى كېمىنىڭ باش تەرىپىگە بارسا، ھېلى ئاياغ تەرىپىگە كېلەتتى. باستىقا دەممۇدەم «تېز ھەيدە !» دەپ ۋارقىرايتتى. سوغۇق شامال ئۇرماقتا. دەريا دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلمەكتە. كېمە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلەي دەپ قالغاندا، تاغ تەرەپتىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەر خىل كىيىملىك يەتتە - سەككىز پارتىزان كۆرۈندى ۋە ئۇلار تېزلىكتە دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى.
باستى كېمىدىكى گومىنداڭ ئوفىتسېرىغا ۋە قىرغاققا يېتىپ كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈۋاتقان پارتىزانلارغا بىر قارىدى - دە، پالاقنى دەرياغا ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى ۋە ئۆزى سۇغا شۇڭغۇدى. كېمە توختاپ قالدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋارقىرىشىپ ئۇنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئۈزدى.
باستى بىر كۆرۈنۈپلا يوقاپ كەتتى. ئۇلار ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ، ئالاقزەدىلىكتە چۈشۈپ، سۇغا قارىتىپ توختىماي ئوق ئۈزۈۋاتقاندا، قىرغاقتىكى پارتىزانلارنىڭ ئاتقان ئوقىدىن ئىككىسى يىقىلدى. قالغانلىرى يېتىۋېلىشتى. كېمە يا ئۇياققا، يا بۇياققا ماڭالماي دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى.
باستى دەريانىڭ ئايىغىدىن ئۇ قىرغاققا ئۈزۈپ چىقتى ۋە ھاسىراپ كەتكەن بولسىمۇ پارتىزانلارنىڭ قېشىغا چاپتى.
— يارايسەن، ئۇكا، — دېدى پارتىزانلار ئۇ يېتىپ كېلىشىگە، — ئۇلار تىرىك يولۋاس ئىدى، ئەمدى ئۆلۈك يولۋاسقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭ.
پارتىزانلار كېمىدە يېتىۋالغانلار ئۈستىدىن ھالقىتىپ، مىلتىق، ئاپتوماتلىرىدىن بىراقلا ئوق ئۈزدى. كېمىنىڭ

ئەتراپىغا بىرنەچچە تال گىرانات تاشلىدى.

— هاي، كېمىدىكىلەر ! ئۆلمەي دېسەڭ، ياخشىلىقچە ئورنۇڭدىن تۇرۇش، تاشلا قورالنى !

قىرغاقتىكى پارتىزانلار ئاگاھلاندۇرۇپ ۋارقىرىدى.

ئامالسىز قالغان چېرىكلەر ئورۇنلىرىدىن ئاستا تۇرۇشۇپ، قوللىرىدىكى ناگان، مىلتىق، ئاپتوماتلىرىنى تاشلىدى ۋە قىرغاقتا ئۆزلىرىگە قورال تەڭلەپ تۇرغانلارغا تىترىشىپ قاراپ تۇرۇشتى.

كېمە بىر ئورۇندا تەۋرىنىپ تۇراتتى.

— ئەمدى ئۇلارنى ئەكېتىشىمىز كېرەك، ئۇكا.

— بۇ ئاسان، — دېدى باسىت، — ئەنە ئاۋۇ قولۋاق بىلەن كېمىگە چىقىمىز.

ئۇ بۇ قاتتىكى بوتكىدىن ئۇزۇن سېپى بىلەن غالتەكنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن ـ بۇ قېتىغا تارتىلغان سىم ئارغامچىغا بېكىتتى. قولۋاقنىڭ ئۇچىدىكى تۆڭگىگە باغلاپ، بىرنەچچە تال تاختاينى سېپىنى قولۋاققا توغرىسىغا قويۇپ، سۇپا ياسىدى. سۇپىغا تۆت پارتىزان چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۇچى ئاپتوماتلىق، بىرى قول بومبىلىق ئىدى. باسىتنىڭ پالاق ئۇرۇشى بىلەن قولۋاق قوزغىلىپ، كېمىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. پارتىزانلار ئاپتوماتلىرىدىن ئوق ئۈزۈۋېتىدىغاندەك، قول بومبىسىنى ھېلى ئېتىۋېتىدىغاندەك قىياپەتتە ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، كېمىگە چىقتى.

— رەھمەت، ئۇكا، — دېدى پارتىزانلار باشلىقى كېمە ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلگەندە، — ئىنقىلاب تارىخىمىزغا يېڭى، جەڭگىۋار بىر بەت قوشتۇڭ، ئىنتايىن ئۇلۇغ خىزمەت كۆرسەتتىڭ، ئەنە ئاۋۇنىڭدىن ...

ئۇ نېرىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان گومىنداڭ ئوفىتسېرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەنە دېدى:

— بۇ قېتىمقى غۇلجىغا قىلىنىدىغان ھۇجۇمنىڭ

غەلىبىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم ماتېرىياللارنى ئالالايمىز. سەن ئۆزۈڭنى پەقەت ئىككى كۈنلا دالدىغا ئېلىپ تۇر.

پارتىزانلار چېرىكلەرنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ، تاغ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى.

## 7

غۇلجىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان گېزىتىدە باسىتنىڭ خېيىم - خەتەردىن، ئۆلۈمدىن قورقماي ئىنقىلاب ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمىتى پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىش ئورنى، قىلىۋاتقان ئىشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناۋەت، ئابرۇيى ئۆستى. قېرىلار ھەر نامىزىدا، ئاللا رەھمەت قىلسۇن، دەپ دۇئا قىلاتتى. ياشلار ئۇنىڭ نامىنى ئىپتىخار - ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى. ئۇمۇ ئۇنىڭدىن باشقىنى كۈتمىدى.

ئۆمۈرنىڭ رازىمەنلىكى، شادلىقى — ئۆزى كۆڭۈل قويغان ئىشىدىن بىر دەممۇ ئايرىلماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆمرى ئۆزى سۆيگەن ئىش بىلەن دەريادىن خۇددى بېلىقتەك ئايرىلماي ئۆتتى. بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتكەن يىللار يېشىنى ئەللىككە ئەكېلىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ ھەر كۈنى ئۆزىنى مۇكاپات ئېلىۋاتقاندەك، كۈندىن - كۈنگە ياشىرىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ھازىر «ئۇستا كېمىچى باسىت» دەپ ئاتىلىدۇ. ھېلىمۇ بەستىدىن كۈچ تېمىپ، كۆزلىرىدىن پەم - پاراسەت، جاسارەت چاقناپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇ ئەنە شۇنداق چېغىدا ئىشىدىن ھەيدىلىپ، ئېغىر ئازاب، قايغۇغا چۆكۈپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ ھالىغا ئىچ ئاغرىتقان ھېلىقى مۇخبىر يىگىت شەھەردە ئۆزى بىلىدىغان باشلىقلار، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا باسىت كېمىچىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپمۇ كۆۋرۈكنىڭ

قاراۋۇللۇقنى ئېلىپ بېرەلمىدى. ئۇنىڭ داد ـ پەريادىغا قۇلاق سالىدىغان بىرمۇ ئادەم تېپىلمىدى.

باستى كېمىچى بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى، تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن دەريا بويىدىن ئايرىلىش قارارىغا كەلدى ـ دە، كىچىككىنە قورۇسىنى تاشلاپ، تىرىكچىلىك ئىستەپ، شەھەرگە يول ئالدى. ئەنە ئۇ ئاپالى باھارخاننى ئەگەشتۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ. ئەمما، ئۇ ھەرقانچە ئازابلانسىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىنى يوق. بىرمەھەل ھاۋا ئۆزگىرىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەندە، تەلۋە سولخايلارنىڭ: «سەن ئوغرى، ئوغرىلارنىڭ شېرىكى» دېگەن قارا سۆركەشلىرىگە، تۇرمىدىكى قىيىن ـ قىستاق، ئازابلىرىغا چىدىغان. بۇنىڭغىمۇ چىدايدۇ. چۈنكى، ئۇ سەۋرچان، چىداملىق ئادەملەرنىڭ ئەۋلادى.

# چىمەنگۈل

## 1

ئۇ خۇددى چۆل - جەزىرىدە ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايتتى.

بەزىلەر ئۇنى ياۋا كەپتەر، قولغا ئۆگەنمەيدۇ، دېسە، بەزىلەر ئۇ قارلىغاچ، بەرىبىر كۆزدە كېتىپ قالىدۇ، دەيتتى. بۇ ئۈرۈمچىدىكى سەنئەت ئىنستىتۇتىنى تۈگىتىپ كەلگەن قىز چىمەنگۈل بۇ يەرگە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن چاغدا بولۇنغان گەپلەر ئىدى. ئۇ بىر يۈز يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتىكى بۇ كەنتكە ماگىزىننىڭ مال ئېلىپ قايتقان ھارۋىسىدا كەلگەنىدى. قاپقارا چېچىنى بۇدۇر قىلغان، ئۈچىسىغا تېگى ئاق يوغان - يوغان سېرىق گۈللۈك، ئويما يەڭلىك، ئېتىكى تىزدىن خېلىلا يۇقىرى دۇڭپاڭلى كۆڭلەك كىيگەن، پايپاقسىز پۇتىغا كەشىدەك ئاددىيلا ئاياغنى كىيىۋالغان بۇ قىزنى كۆرۈپ كىشىلەر ھەيران قېلىشقانىدى:

بىر ئەپەندى قىز كېلىدۇ دەۋاتاتتى، قارىغىنا، ئالۋاستى كەپتۇغۇ؟

— چەت ئەلدىن كەلدىمۇ يا؟

— چۈشۈپ قالغان چەت ئەللىك باردۇ بۇ يەرگە كېلىدىغان ...

— ھەرھالدا ئادەمگە سەل - پەل ئوخشايدىغان بىرنېمە كەپتۇ، دېگىنە.

ئۇ مالنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بۇ ئۇزۇن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتەڭگە كەلگەن چېغىدىلا ئۆتەڭنىڭ ئىگىسى — بۇرنى پۇچۇق موماي قىزنىڭ كىملىكىنى، نېمىگە ماڭغانلىقىنى ئۇقۇپ، سىياقىغا قاراپلا: «ھەي، بۇ قىز ئۇ يەرگە كۆنەلمەيدۇ،

بۆرىدىن قاچقان كىيىكتەك قېچىپ كېتەرمىكىن» دېگەنىدى.
كەنت باشلىقى هارۋىدىن چۈشۈپ كىشىلەرگە قاراپ قېتىپلا قالغان چىمەنگۈلنى ئىشخانىغا تەكلىپ قىلىپ:
— قېنى، بۇياققا كىرىڭ قىزىم، دەم ئېلىپ تۇرۇڭ، مەكتەپ مۇدىرى هازىر كېلىپ قالار، — دېدى. ئۇلار ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن چىمەنگۈلگە يېنىدىكى يىگىتنى تونۇشتۇردى، — بۇياق كەنتنىڭ كاتىپى خېۋىر بولىدۇ، سىزنىڭ تامىقىڭىزنى مۇشۇ يىگىت ئورۇنلاشتۇرىدۇ.
كەنت باشلىقى چىقىپ كەتتى. چىمەنگۈل باياتىن ئۆزىنىڭ يۈك - تاقىنى ئىشخانىغا كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن بۇ ياش يىگىتكە سەپسېلىپ قارىدى. قارىقۇمچاق، يۇزىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرغان، كالپۇكلىرى يېرىلىپ شورلانغان، چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەن خېۋىر ئىسىملىك يىگىت چىمەنگۈلگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. چىمەنگۈل ئۇزۇنچاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تەرلەپ كەتكەن يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن يەلپۈدى. خېۋىر توپا بېسىپ كەتكەن چايداننى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. چىمەنگۈلنىڭ كۆزى ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە دەستىلەپ قويۇلغان گېزىت - ژۇرناللارغا چۈشتى - دە، ئۇلارنى بىردىن ئېلىپ كۆردى: «تارىم»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ هەممىسى تۇراتتى. «بۇ سەت مۇشۇ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ هەممىسىنى ئوقۇمدىكىنە؟» هەيران بولۇپ ئويلاپ قالدى ئۇ، ئاڭغىچە قايناق سۇ ئېلىپ خېۋىرمۇ كىرىپ كەلدى.
— بۇ گېزىت - ژۇرناللارنى بۇ يەردە كىم ئوقۇيدۇ؟ — دەپ سورىدى قىز گېزىتلەرنى كۆرسىتىپ.
— ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر كېلىپ قالسا ئوقار، دەپ يىغىپ قويغان، — دېدى خېۋىر پەس ئاۋازدا.
— بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى نېمانداق سەت، — دېدى چىمەنگۈل يەنە نېپىز لەۋلىرىنى پۈرۈشتۇرۇپ، — خۇددى هازىرلا خاڭدىن چىققاندەك كۆزلىرى پارقىراپلا تۇرىدۇ.

خېۋىر قىزاردى. لېكىن، ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزى قىزارغىنىنى بىلىندۈرمىدى.

— بۇ شامالسىز يەر، قىشتا شىۋىرغان، يازدا بوران توختىمايدۇ، تومۇز كىرگەندە بىر ئاز بېسىلىپ قالىدۇ. قېنى قايناق سۇ بولسىمۇ ئىچىڭ، ئۇسسىغانسىز، — ئۇ قايناق سۇ قۇيۇلغان كۇرۇشكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. قىز ئۇسساپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇممۇ ئىچمىدى. خېۋىر كەنتتە يەتتە سىنىپلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بارلىقىنى، ئۇ يەردە ياتاق، ئاشخانا بولمىغاچقا، چىمەنگۇلنىڭ ھەدىسىخان ئاتلىق مومايىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپىدىغانلىقىنى، تاماقنىمۇ موماي بىلەن ئېتىپ يەيدىغانلىقىنى، مومايىنىڭ ناھايىتى پاكىز، ئاش ـ تاماقتا ئۇستا ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشلارنى تۇنۇگۇن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويغانلىقىنى ئېيتتى.

— ياق، ياق، ھەرقانچە پاكىز بولسىمۇ خەقنىڭ ئۆيىدە تاماق يېمەيمەن، — چىمەنگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ياتاق تېپىپ بەرسىڭىزلا بولدى، تاماقنى ئۆزۈم ئېتىپ يەيمەن. مەكتەپتىن بىرەر ئېغىزلىق ئۆي چىقماسمۇ؟

— چىقىشىغۇ چىقىدۇ، مەكتەپ سىرتىدىراق، كېچىسى قورقامسىزكىن، ئاۋۇ بۇلۇڭدا بىر ئۆي بار، يارىتامسىزكىنتاڭ ... كېچىسى كۆزەتچىمۇ بار.

— كۆرۈپ باقايلى.

خېۋىر ئۆمۈچۈك تورلىرى باغلاپ، چاڭ ـ توزانغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ كونا ئۆينى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، ئۆز ئىشخانىسىدىكى چېلەك، چۆگۈنلىرىنى ئەكىرىپ بەردى. يەنە ئۆزىنىڭ ئۇستىلىنى، ئامباردىكى تاشلىنىپ قالغان كارىۋاتنى قويۇپ بەردى. چىمەنگۇل بىرنەچچە چېلەك سۇ ئەكىرىپ ئۆينىڭ تېگىگە ياتقۇزۇلغان خىشلارنى يۇيۇپ، تام ـ تورۇسلارنى سۇپۇردى. ئۇ قانچە تازىلىسىمۇ، ئۆي چاشقان پۇراپ تۇراتتى. ئۇ بىر قۇتا ئەترىنى ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا، دېرىزە تەكچىسى،

كارىۋاتنىڭ ئاستىغا چاچتى ـ دە، باش ـ كۆزىنى يۇيۇپ تاراندى. خېۋىر ئىشخانىسىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ خۇشال ئىدى. بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن ئادەم پەيدا بولدى، ئەتە ـ ئۆگۈن كۆنۈپ قالىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭدىن ياش ئاياللار، قىزلار مەدەنىيەت ئۆگىنىدۇ. ئىسكىرىپكىسى بار ئىكەن، ئۇنى چالسا باشقىلار ئەتراپىدىن كەتمەيدۇ، بەلكىم ناخشىمۇ ئېيتىپ بېرەر ... ياخشى بولدى، ئەمدى مەدەنىيەت ئۆيى قۇرساق، كىتاب ـ ژۇرناللارنى، مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ئالساق، چىمەنگۈل مەدەنىيەت ئۆيىنى قوشۇمچە باشقۇرسا، بۇ ئۈگدەك باسقان مەھەللىمىز جانلىنىپ كېتىدىغان بولدى ...

— چايداننى ماڭا بېرىڭ !

خېۋىر چۆچۈپ كەتتى. ئۇ خىيالغا بېرىلىپ كېتىپ چىمەنگۈلنىڭ كىرگىنىنى تۇيماي قالغانىدى. ئاپپاق، يالىداپ تۇرغان يۈز، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلەر، چوغدەك قىزىل كۆڭلەك كىيگەن، زىلۋا بەدەن قىزنى كۆرۈپ، خېۋىرنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى.

— نېمە ... نېمە دېدىڭىز؟

چىمەنگۈل كۈلۈۋەتتى.

— سىز نەدە؟ ... چايدىنىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭ دەۋاتىمەن.

— ھە، ئېلىڭ، ئېلىڭ ... توختاڭ، چاي ئىچەتتىڭىزما؟ ... مەن قىزىق چاي ئەكىرىپ بېرەي، — ئۇ چايداننى كۆتۈرۈپ يۇگۇرگىنىچە چىقىپ كەتتى. چىمەنگۈل ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلۈمسىرەپ قاراپ قالدى. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتتىمىكىن، خېۋىر چايداننى كۆتۈرۈپ ھاسىرىغىنىچە چىمەنگۈلنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى.

— ھەي كاتىپ ئەپەندى، ئىشىكنى چېكىپ كىرىدىغان، — دېدى قىز مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئۇسۇپلا كىرسىڭىز بولامدۇ؟ رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، چاي ئىچىپ چىقىڭ.

خېۋىر رەھمەت دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇپ، خۇددى بىرى قوغلىغاندەك چىقىپ كەتتى. راست، ئىشىكنى چېكىپ كىرىشىم كېرەك ئىدى، قارا باسقاندەك نېمە بولغاندىمەن، دەپ ئويلىدى ۋە چىمەنگۈلنىڭ ئەتىگەنكىدىن ئوچۇق - يورۇق، سىپايىلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

## 2

ئەسلىمە كىشىدە خۇشاللىقمۇ، قايغۇمۇ قوزغايدۇ. چاي ئىچىپ ئولتۇرغان چىمەنگۈلگە نېمىشقىدۇر يىغا يامىشىپ، كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى ... ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ، ھەسرەتلىك تولغاندى. ئەتراپنى ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلۇق ئوراپ، ئۆيئىچى كۆڭۈلسىز، مۇڭلۇق تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى چۆلگە تاشلانغان گۈلدەك سولىشىۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدى، كىرپىكىگە ئىلىنغان ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى. ئۇ شەھەردىكى پېشقەدەم كادىرنىڭ قىزى ئىدى. يالغۇز قىز بولغانلىقى ئۈچۈن كىچىكىدىن ئەركە ئۆسكەن ۋە كىچىكىدىنلا ناخشا - ساز، ئۇسسۇلغا قاتتىق بېرىلگەن. تېخى كىچىككىنە تۇرۇپلا ئېيتقان ناخشىسى، ئوينىغان ئۇسسۇلغا ھەممىسىنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى. دادىسى قىزىنىڭ ماھارەت، ئىشتىياقىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا ئىسكىرىپكا ئېلىپ بەرگەن. ناخشا - ساز، ئۇسسۇلغا بولغان بۇ ھەۋەس، ئىشتىياق ئاخىر ئۇنى سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئېلىپ كېلىپ چېچەكلى ئېچىلغان. بىراق، مۇنداق يەرگە كېلىپ قېلىش ئۇنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى.

ئۇ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى ۋاقىتتا كۆڭلى خۇددى شەھەرگە سېلىنىۋاتقان بىنالار يىلدىن - يىلغا ئېگىزلەۋاتقاندەك ئۆسۈپ، كۆتۈرۈلۈپ بارغان، ھەيۋەتلىك شەھەردىكى جۇشقۇن ھايات ئۇنىڭ روھىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەن ئەمەسمىدى ...

مەكتىپى ناخشا ـ مۇزىكا دۇنياسى ئىدى. ھەربىر ياتاق ـ سىنىپلاردا مۇزىكىلار ياڭراپ، ناخشىلار ئېيتىلاتتى، ئۇسسۇللار ئوينىلاتتى. مەكتەپ قورۇسىنىڭ خىلۋەت جايلىرىدا گۈزەل رەسىملەر سىزىلاتتى. ئادەملەر دۇنياغا ناخشا ـ مۇزىكا ئۈچۈنلا كەلگەندەك، گۈزەللىكنىڭ جىمى تۈرلىرىنى يارىتىش ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئاشۇ گۈزەل، جۇشقۇن ھايات قېنى؟ نەلەردە قالدى؟ ئاچچىق پۇشايمان، ئېغىر مەيۈسلۈك ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا ياش تامچىلىرىنى تىزماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ شۇنىڭغىلا پۇشايمان قىلىۋاتقىنى يوق. ساۋاقدىشى ئېلشاتنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلغانلىقىغىمۇ ئۆكۈنمەكتە ئىدى. ئېلشات ئۇنى ئۈچ يىلغىچە ئەگىپ يۈرگەنىدى. چىمەنگۈلنىڭ دوستلىرى ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىقىنى، ئۇنىڭ سەممىي مۇھەببىتىنىڭ قەدرىگە يېتىشىنىڭ لازىملىقىنى قايتا ـ قايتا ئېيتقان. مۇھەببەت ھەرقانداق توغرا مەسلىھەت، ياخشى پىكىرلەر بىلەن قوزغىلىدىغان نەرسە ئەمەس ئىكەن، چىمەنگۈلنىڭ ئۇنىڭغا نىمىشقىدۇر مەيلى چۈشمىدى، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى زورلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم كىنو ـ تىياتىرلارغا باردى. كەچكى سەيلىلەرگە چىقتى، شۇ چاغلاردا ئېلشات ئۇنىڭ مەڭزىگە، لەۋلىرىگە سۆيۈپمۇ ۋالدى، بىراق ئۇنىڭغا قولىنى سۆيگەنچىلىكمۇ تەسىر قىلمىدى. ئېلشات باشلىقنىڭ ئوغلى ھەم ئۈرۈمچىلىك بولغاچقا، تەقسىماتتا شۇ يەردە قالدى. ئۇ چىمەنگۈلگە تەكلىپ قويغاندا ماقۇل دېسە ئوقۇش تۈگەتكەندە، ئۈرۈمچىگە تەقسىم قىلىنىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى، ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ يول ماڭىدىغانلىقىنى پۈرتىپمۇ ئېيتقان. مەيلى يوق ئادەمگە ماقۇل دېيىش ـــ ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىش دېگەن سۆز ـــ دەپ ئويلىغانىدى ئۇ، ـــ ئۈرۈمچىدە قالىمەن، دەپ مەيلىم چۈشمىگەن ئادەمگە قورچاق بولۇپ بېرەمدىم؟ بىلىمەن، بەزى قىزلار ئۈرۈمچىدە قېلىش ئۈچۈن ھەر

خىل كوچىلارغا كىرىدۇ، بەزىلىرى سۆيگىنىدىن ئەتەي ئايرىلىپ، باشقا بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ، ئۇرۇمچىدە قېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ، بەزىلىرى مەيلى يوق ئادەمگە باش ئېگىدۇ، ئۇنىڭ قورچىقى بولىدۇ، يەنە بەزىلىرى ھەتتا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاشقا رازى بولىدۇ ... شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ياشلىقى، گۈزەللىكى ۋە مۇھەببىتىنى قۇربان قىلىۋېتىپ ئۆمۈر بويى ئازابلىنىپ ئۆتىدۇ. مەن ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەس. كۆڭلۈم تارتمىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. چىمەنگۇل ئۇرۇمچىدە — قايناق، مەدەنىيەتلىك شەھەردە ئۆتكەن كۈنلىرىنى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى، كەلگۈسىگە تەئەللۇق بولغان ئىشلارنى، يېڭى خىزمەت ئورنىغا كېلىپلا پەيدا بولغان تەسىرلەرنى ئويلاپ، پۇشايمان ئازابىدا تولغاندى. بىراق، ئەسلىمىلىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى: توغرا، قىلغان ئىشلىرىمغا نېمىشقا پۇشايمان قىلىمەن؟ ئۆمرۈم بۇ يەرگە بەند قىلىنىپ كەتمىگەندۇ؟

ئۇ ئۇستەلگە جەينىكىنى تىرەپ ئولتۇردى. كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى قۇيۇلماقتا ئىدى. چىمەنگۇلگە بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ سەت، كۆرۈمسىز كۆرۈنگىنى راست. شاماللىق يەردە چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرمايدىغان، قارىدىمىغان، يۈزلىرى يېرىلمىغان ئادەمنى تېپىش تەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ناھىيەدىن يىراق، ئىنتايىن نامرات يەر. نامرات ئادەملەرنىڭ گۈزەللىك، نەپىسلىك بىلەن ئانچە ئىشى بولمايدۇ - دە، كۆپرەك قورسىقىنى، ئۇچىسىنى ياپقۇدەك كىيىمنى ئويلايدۇ.

خېۋىر ئۆيىگە كەلگەندە بولغان ئىشلارنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بەردى.

— ياخشى بولماپتۇ، بالام، نېمىشقا ئۆيگە باشلاپ كەلمىدىڭ؟ — دېدى ئاپىسى، — قىز بالا دېگەن نازۇك بولىدۇ، بۇ يەرلەرگە كۆنەلەرمۇ دېگىنە تېخى ...

— ئۆيگە باشلاپ كېلىشنى ئويلىغان، ئۇنىمايدىغاندەك

قىلىدۇ، بەك نازۇك قىز ئىكەن، ئاپا، ھەدىسخان موماينىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، ياتاقتىن، تاماقتىن قىيىنىلىپ قالىسىز، دېسەك، مەن كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ياتمايمەن، ئۆزۈم تاماق ئېتىپ يەيمەن، دەپ ئۇنىمىدى.

— يېتىرقايدۇ ـ دە، قىز بالا ئەمەسمۇ، ئۆيگە كەلگىلى ئۇنىمىسا، مەن تاماق ئېتىپ بېرەي، سەن ئاپىرىپ بەر، غېرىبسىنىپ قالمىسۇن.

ئاپىسى تاماققا تۇتۇش قىلدى، خېۋىر كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردى. لېكىن، مېڭىسىگە ھېچنېمە چۈشمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مىجەزى چۈس، گېپى قوپال چىمەنگۈل كېلىۋالغانىدى. تەرسالىق قىلماي ھەدىسخان موماينىڭ ئۆيىدە تۇرسا بولاتتى، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، — كۆزەتچى بار دېگەن بىلەن كېچىسى قورقىدۇ، ئادەمنىڭ قارا بېسىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، مەھەللىدە قولىغا پۇل چۈشسىلا ھاراق ئىچىدىغانلار بار، كېچىسى دېرىزىسىنى چېكىپ ئاۋارە قىلارمۇ؟ تېخى پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالسا ...

خېۋىر داستىخانغا ئورالغان تاماقنى ئېلىپ ئۆيدىن چىققاندا، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ قىزنىڭ ياتىقىغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىنىڭ ئىتتىك سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ياتاق دېرىزىسىدىن پىلىلدىغان چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. ئۇ قەدەملىرىنى ئېھتىيات بىلەن بېسىپ، دېرىزە تۇۋىگە كەلدى ـ دە، بويىنىنى سوزۇپ ئۆيئىچىگە ئاستا قارىدى. چىمەنگۈل جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرەپ، ئېڭىكىنى ئالىقىنىغا قويۇپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۈستەل ئۈستىدىكى چىراغ يورۇقى ئۇنىڭ يۈزىنى، كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش تامچىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ نېمە قىسمەتتۇ؟ كۆز يېشىنىڭ تۆكۈلۈشى نېمىدىندۇ؟ بىرەرى كۆڭلىنى رەنجىتمىگەندۇ؟ ئۇ يا ئۆيگە كىرىشنى، يا كېتىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. كېتەي دېسە، كۆڭلى ئۇنىمايدۇ، كىرەي دېسە،

ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغلاۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كىرىشمۇ ئەپسىز ـ دە. يە تەسەللىگە موھتاجمىدۇ؟ ئۇ ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ ئاخىر كېتىش قارارىغا كەلدى. بىراق، كېتىش ئالدىدا يەنە بىر قېتىم قاراپ باقماقچى بولۇپ، دېرىزە تۈۋىگە كېلىۋىدى، ئۆيئىچىدىن:

— كىم ! — دېگەن ئاۋاز چىقتى. خېۋىر تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىگە داجىدى، مەڭدەپ كەتكەنلىكتىن يا ئۇنىنى چىقىرىشنى، يا چىقارماسلىقنى بىلەلمەي قالدى.

— كىم دەيمەن؟

— مەن ... مەن ...

— مەن دېگەن كىم؟

— مەن خېۋىر.

— خېۋىر بولسىڭىز نېمىشقا دېرىزىدىن مارايسىز، ئىشىكنىڭ قاياقتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭىزما؟

ئۇ غەزەپ بىلەن ئىشىكنى ئىچىپ چىقىشىغا، خېۋىر ئايلىنىپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى. چىراغ يورۇقى ئۇنى غۇۋا يورۇتتى.

— ھە، نېمە دەيسىز؟ — ئۇ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن خېۋىرغا قادالدى. ئۇنىڭ ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ چىقىشىدىن، غەزەپلىك ئاۋازىدىن ئاچچىقلانغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. خېۋىر ھودۇقۇپ كەتتى.

— ئاپام تاماق ئېتىپتىكەن، سىزنى يەپ باقامدىكىن دەپ ...

— مەن سىزگە تاماق ئەكېلىپ بېرىڭ دېگىنىم يوق، تامىقىڭىزنى نەگە ئاپارسىڭىز ئاپىرىڭ ! — ئۇ ئىشىكنى جالاققىدە يېپىپ كىرىپ كەتتى. خېۋىر ئورنىدا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى. ياخشى ئىش قىلىمەن دېگەن ئادەم مۇنداق ئاھانەتلەرگىمۇ قالىدىكەن ـ دە، قىزنىڭ ھېچ ئويلىمىغان يەردىن مۇنداق قىلىشى ئەكەلگەن تامىقىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئاتقاندىنمۇ ئېغىر بىلىندى. ئۇ ئاپىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ تاماق

كۆتۈرۈپ كەلگىنىگە ئىچىدە ئۆزىنى مىڭنى تىللىدى.

## 3

خېۋىر تۆت ـ بەش كۈنگىچە چىمەنگۈلنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى. بولمىسا ئەتىسىلا ئۇنىڭغا ئوچاق سېلىپ بەرمەكچى ھەمدە قاتتىق ـ يىرىك ئىشلىرىغىمۇ قارىشىپ بەرمەكچى بولغانىدى. ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن.

چىمەنگۈل مەكتەپكە بارغان كۈنى مۇدىر ئۇنى ھەممە سىنىپقا ئەكىرىپ ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇپ چىقتى. ئۆسمۈرلەر ناخشا ئېيتىشقا ئامراق بولغاچقا، بىر ھەپتە ئىچىدىلا بىرنەچچە باللار ناخشىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قالايمىقان ۋاڭ ـ چۇڭلىرى بېسىلىپ، رىتىملىق، جاراڭلىق ناخشا ـ مارشلار ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ ئىش چىمەنگۈلنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مۇھەببىتىنى قوزغاپ، ئۇنى ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. بۈرناكۈندىن باشلاپ ئۇنى ئېيتقۇسىز خۇشال قىلىۋاتقان يەنە بىر ئىش بولۇۋاتاتتى: بىر قىز ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل ئەكېلىپ بېرىۋاتاتتى. كۆڭۈل ئىنتايىن نازۇك بولىدۇ، كىچىككىنە بىر ئىشقا تۇتۇلۇپ، كىچىككىنە بىر ئىشتىن ئېچىلىدۇ، چىمەنگۈلنىڭ ھەممىدىن بەك خۇشاللىقى مۇشۇ ئىش بولۇپ قالدى. بۈگۈن چىمەنگۈل مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئىشخانا ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە، چۈشتە مەكتەپكە ماڭغاندا، قايتقاندا ئىشخانا ئىشىكى ئېتىك بولىدىغان، ھېلىقى خېۋىر ئىسىملىك كاتىپ يىگىت ئىشخانىغا كەلمەيۋاتامدۇ، يا كەلسىمۇ، ئىشقا ماڭغان ـ قايتقان چاغلاردا ئۆيىگە كېتىپ قالامدۇ، بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ، نېمىلا بولسۇن ھازىر ئوچۇق تۇرۇپتۇ.

— كاتىپ يىگىت، توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان يېرىڭىزنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزىڭىز تىكمۇەتتىڭىزمۇ نېمە؟ — ئۇ ئىشخانىغا شۇنداق دەپ كىرىپ كەلدى. خېۋىر «تارىم» ژۇرنىلىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— مەكتەپكە ئۆگىنىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئۆگەنمەي نېمە ئىلاج ... ماڭا ئوچاق سېلىپ بەرمەكچىدىڭىز، قۇرغۇيىنى قويۇۋەتتىڭىزمۇ نېمە؟

— سىزگە يارىتىپ سالالمىسام، بېشىمغا ئاتامدىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— يارىتىپ سالالمىسىڭىز ئەلۋەتتە ئاتىمەن.

— ئۇنىڭدىن سىڭگەن نېنىمنى يەي ...

— شۇنداق دېسەم قورقۇپ كەتمەڭ، مۇشۇ يەرگە لايىق قىلىپ سالارسىز، ئىس ماڭىدىغان بولسىلا بولدى، ئۆيدىن ئەكەلگەن توقاچلىرىممۇ تۈگىدى، هازىر سېلىپ بېرىڭ.

— ماقۇل.

— مۇشۇ ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىنى سىز ئوقۇمسىز؟ ئاۋۇ ئوقۇۋاتقىنىڭىز نېمە؟

ئۇ ژۇرنالغا بېسىلغان مۇقام توغرىسىدىكى ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرسەتتى.

— توۋا، سىزمۇ مۇشۇنداق ماقالىلەرنى ئوقۇيدىكەنسىز - دە، مۇقامنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟

خېۋىر چىمەنگۈلگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى:

— مۇقام دېگەنما! ... — ئۇ سەل توختىۋېلىپ مۇنداق دېدى، — ئوقۇغۇچىلىرىڭىزغا ئۆگىتىۋاتقان ناخشىلارنىڭ ئانىسى. ئۇنى مۇشۇنداق كۆرۈمسىز يەرلەردە ياشىغان خەلقلەر ئىجاد قىلغان!

چىمەنگۈل بۇ سۆزلەرنى ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئوقۇغۇچىلار ھۆرمەت قىلىدىغان پىروفېسسورنىڭ لېكسىيەسىدىن ئاڭلىغانىدى. ئەمدى دۇنياغا پەقەت كۈننى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا

كەلگەندەك كۆرۈنىدىغان، بېشىغا چاچ قويۇشنىمۇ بىلمەيدىغان مۇنۇ كۆرۈمسىز يىگىتتىن ئاغلاۋاتىدۇ. ئۇ ھەيران بولۇپ، خېۋىرنىڭ بېشىدىن تا ئايىغىچە قاراپ چىقتى ـ دە، كۆزىنى پەسكە ئالدى ۋە بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ـ سوزۇپ قارسىلدىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— قاراڭ خېۋىر، — دېدى چىمەنگۇل ئارىدىكى ئېغىر جىملىقنى بۇزۇپ، — بۇرناكۇندىن باشلاپ بىر قىز ماڭا بىر دەستە گۈل ئەكېلىدىغان بولدى. ھەيرانمەن، مۇشۇ يەردىمۇ ئادەمنى قەدىرلەيدىغانلار بار ئىكەن.

— مۇنداق يەردىكى قەدىرلەش — غەرەزسىز، ھەقىقىي قەدىرلەش. تېخى ئاستا ـ ئاستا بىلىپ قالىسىز.

چىمەنگۇل ئوقۇغۇچىلارغا بىرنەچچە ناخشا ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن نوتا ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئوقۇغۇچىلارنى ئىسكىرىپكا بىلەن ناخشىغا يېتەكلەش بىرئاز قىيىنراق ئىدى. مەكتەپ مۇدىرىغا قايتا ـ قايتا ئېيتىپ يۈرۈپ، گارمون ئالدۇردى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېپىشىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ھاياتىغىمۇ بىر يېڭىلىق — جۇشقۇن كەيپىيات قوشۇلدى.

ئۇ دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سىنىپلار ئارا ناخشا ئېيتىش، دېكلاماتسىيە قىلىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ كۆڭۈللۈك پائالىيەت پۈتۈن كەنتنىكىلەرنى قىزىقتۇردى. مەكتەپ مەيدانىغا ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، قېرى ـ چۆرىلەرمۇ، ئۇششاق بالىلارمۇ يىغىلغانىدى. چىمەنگۇل ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىپ گارمون چېلىپ بەردى. ئۆزى يالغۇز ئورۇنلىغان «گۈزەل يۇرتۇم» ناخشىسى پۈتۈن مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. چىمەنگۇل تەلەپ بويىچە كەينى ـ كەينىدىن بەش ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى ـ

ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ، دېھقانلارنىڭمۇ تەشنالىقى قانمىدى. كۆپچىلىك يەنە خېۋىردىن ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ھودۇقۇپ، قىزىرىپ ئاخىر «سارىخان» ناخشىسىنى باشلىۋىدى، چىمەنگۈل خۇددى بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن مەشىق قىلىۋالغاندەك گارموننى بىمالال تەڭكەش قىلدى. ئۇ گارموننى چېلىۋېتىپ، بىر تەرەپتىن قايسى كۈنى كېچىسى كوچىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتكەن يىگىت مۇشۇ خېۋىر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشىنى ناھايىتى چىرايلىق ئېيتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، كىم توي قىلسا چىمەنگۈلنى چاقىرىدىغان، توي - تۆكۈن ئۇنىڭسىز ئۆتمەيدىغان بولدى. توي، ئاياللار سورۇنى، قىز ئولتۇرۇشلىرى ئۇنىڭ گارمونى، ئېيتقان ناخشىسى بىلەن جاراڭلاپ، بۇ يەردىكى تويلار سورۇنىغا جۇشقۇن كەيپىيات، ئۆزگىچە شادلىق قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن چىمەنگۈلنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرۈپ قالدى، ھۆرمىتىنى قىلىدىغان بولدى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. شۇ كۈنلەردە چىمەنگۈل مەھەللە يىگىتلىرىنىڭ ئۆزىنى ئەگىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ سېزىپ قالدى. توي - تۆكۈنلەردىن قايتقان چاغلاردا يىگىتلەر ئۇنى ياتىقىغا ئەكىلىپ قويۇشقا ئۇرۇنۇپ باقاتتى. چىمەنگۈل پەقەت خېۋىرغىلا ئىشىنەتتى، باشقىلىرىغا قاراپمۇ قويمايتتى. «ھالىغا باقماي ماڭا قانات سۆرەپ يۈرگىنىنى بۇ قارىۋايلارنىڭ، ماڭا ئىسىلغۇچە، ئاۋۋال ئەينەككە قاراپ بېقىشقىنا ...» دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

— خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، — دېدى خېۋىر بىر كۈنى كەچتە ئۇنى ياتىقىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ.

— «خوش»قا ئالدىرىماڭ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار، ياتاققا كىرىڭ.

خېۋىر، نېمە دەيدىغاندۇ بۇ قىز، ماڭا ئەمدى خېلى ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدىغۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

چىراغ يېقىلدى. خېۋىر ياتاققا ئەيمىنىپرەك كىردى.

— مەيەگە كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، نېمانداق بېشى تۆرەپ قالغان ئادەمدەك تۇرىسىز، بۇ يەردىن باشقا ئولتۇرىدىغان ئورۇنمۇ يوق.

خېۋىر ئۇنىڭ يېنىدا — كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇۋىدى، قىزدىن گۈپپۈلدەپ ئەتىر ۋە قىزلارغىلا خاس بىر خىل يېقىملىق پۇراق دىمىقىغا ئۇرۇلدى. ئۇ بىرقىسما بولۇپ بېشى ئايلانغاندەك بولدى.

— يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ناھىيەدە ئۆسمۈرلەرنىڭ ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، — دېدى ئۇ خېۋىرغا بۇرۇلۇپ قاراپ. خېۋىر قىزنىڭ ئىسسىق تىنىقى ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالدى، — مۇسابىقىدە ئېيتىلىدىغان ناخشىنىڭ ئاھاڭىمۇ، تېكىستىمۇ يېڭى بولۇش كېرەك ئىكەن، شۇ پائالىيەتكە ئوقۇغۇچىلىرىمنى قاتناشتۇراي دەۋاتىمەن.

— ياخشىغۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي، — بۇ يەردە بۇ تېخى قىلىنمىغان ئىش.

— مېنى بوش چاغلىماڭ، مەن كىشىلەر قىلمىغان ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان قىز، — ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى، — بىر يېڭى ئاھاڭ ئىجاد قىلالماقچىمەن، سىز كۆپ كىتاب ئوقۇيدىكەنسىز، گېزىت - ژۇرناللارنىمۇ كۆپ كۆرىدىكەنسىز، ماڭا تېكىست تېپىپ بېرىڭ، مەكتەپ ھاياتى، ئۆسمۈرلەر تۇرمۇشىدىن بولسۇن. ئاھاڭنى ئويلاپ قويدۇم. ئىككى - ئۈچ كۈندە پۈتكۈزىمەن، تېكىستنىمۇ شۇنىڭغىچە تاللاپ بەرسىڭىز، قانداق؟

— تېكىستنى تېپىپ بېرەي، بىراق ئاھاڭنى تېكىستكە قاراپ ئىجاد قىلارسىز، — خېۋىر بېشىنى كۆتۈرۈپ چىمەنگۈلگە قانداق دەيسىز، دېگەندەك تىكىلىپ قارىدى. كۆزلەر ئۇچرىشىپ قالدى.

— توغرا، سىز ئاۋۋال تېكىست تېپىپ بېرىڭ، ئاھاڭنى شۇنىڭغا قاراپ ئىشلەي.

چىمەنگۈل ئۆزىدىن پەقەت خېۋىرنىڭلا كەمچىلىك

تاپالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تاپقان كەمچىلىكلىرىنى رەت قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قاراپ، بۇ قارىقۇمچاق بالىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئويناپ ـ چاقناپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ تۇنجى قېتىم سەزدى.

**4**

خېۋىر ئىككى كۈن ئاۋارە بولۇپ گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئاختۇرۇپ، ئۆز يېرىگە ماس كېلىدىغان بىرەر تېكىست تاپالمىدى. ئاخىر ئۆزى يازماقچى بولۇپ، يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ بىر تېكىست يېزىپ چىقتى.

— ناھايىتى تەسلىكتە تاپتىم بۇنى، — دەپ بەردى ئۇ چىمەنگۈلگە، — كۆرۈپ بېقىڭ، بولماي قالسا، باشقىنى تېپىپ بېرەي.

چىمەنگۈل تېكىستنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىرىماي كۆرۈپ چىقتى.

— ئوھۇي، نېمىدېگەن ئېسىل تېكىست بۇ! ئاھاڭىمۇ چوقۇم ياخشى چىقىدۇ!

چىمەنگۈل پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاھاڭ ئىشلەشكە بېرىلىپ كەتتى. ئۇ دەرستىن كېيىن گارمونىنى ئالاتتى ـ دە، مەكتەپنىڭ كەينىدىكى دۆڭگە چىقىۋېلىپ چالاتتى، ئىزدىنەتتى. ئۇزۇك ـ ئۇزۇك يېڭى ئاھاڭلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇراتتى. چېلىپمۇ، ئېيتىپمۇ نوتىسىنى يېزىپمۇ ھارمايتتى. ئاخشاملىرى ياتىقىدىن ناخشا، گارمون ئاۋازى بېسىلمايتتى. ئۈچ كۈن بولدى دېگەندە كوللېكتىپ ئۇسسۇللۇق ناخشا — «تاغلىق يېزا مەكتىپى»نى يېزىپ پۈتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇللۇق ناخشىسى ئۆزىگە شۇنچىلىك ياراپ كەتتىكى، قىن ـ قىنىغا پاتماي دۆڭدىن گارمونىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ ـ چېپىپ چۈشتى ۋە ئۆيلىرىگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغان كەنت باشلىقى

بىلەن خېۋىرنى توختىتىۋېلىپ ئىجاد قىلغان ناخشىسىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇسسۇللىرىنى ھەرىكەت بىلەن كۆرسەتتى ۋە ئۇلاردىن پىكىر سورىدى.

— ياخشى بوپتۇ، — دېدى خېۋىر، — ئەمما مېنىڭ بىر پىكرىم بار، قوبۇل قىلىسىڭىز: ناخشىنىڭ ئەۋجى بەك يۇقىرىدەك قىلىدۇ، سىزمۇ قىينىلىپ ئېيتتىڭىز، مۇنداق بولسا ئاھاڭنى ئەينەن، چىرايلىق چىقارغىلى بولمايدۇ، چىڭقىلىپ ئېيتىلغان ناخشا ھامان بۇزۇلىدۇ، بالىلارغا ئېغىر كېلەمدىكىن دەيمەن.

— بۇنى ئىشلىگىنىمگە شۇنچە خۇشال بولسامىمۇ، كۆڭلۈمدە بىر غەشلىك بار ئىدى، — دېدى چىمەنگۈل ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — بۇ نېمىكىن دېسەم، سىز ئېيتقان نۇقسان ئىكەن، قېنى، ئەتە ئاڭلاپ بېقىڭ.

چىمەنگۈل ياتىقىغا كىرگەندە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ قالدى. توۋا، قاچانلا بولسا توغرا گەپ قىلىدۇ، ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. بۇ يەرلىكلەر ئۇنى «خېۋىر كىتاب» دەيدىكەن، زادى قانچىلىك ئوقۇغان بالىدۇ ئۇ؟

خېۋىر كۆپ ئوقۇيالمىغان، ئۇ تۇل خوتۇننىڭ بالىسى بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئاپىسىنىڭ دېھقانچىلىقىغا قاراشقان. تۆت يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئالدىنقى يىلى كەنت ئۇنى كاتىپ قىلىۋالغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ دېھقانچىلىقتىن قول ئۈزۈپ كەتكىنى يوق. ھېلىمۇ ئاپىسى، سىڭلىسى بولۇپ، ئۈچ ئادەمنىڭ كۆتۈرە ئالغان يېرى بار. ئەسلىدە ئۇ ياخشى ئوقۇغانىدى. ئوقۇتقۇچىلىرى: چوڭ بولسا، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولىدۇ بۇ، دەيتتى. لېكىن، كۆپ ئوقۇيالمىدى، كۆپ ئوقۇيالمىغىنى بىلەن كىتاب ئوقۇش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە قاتتىق بېرىلدى، نۇرغۇن گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولدى. بۇ يەردىكى كاتىپلىق سۆيۈپ قىلىدىغان ئىش بولغاچقا، ئوقۇش، ئۆگىنىشكىمۇ ۋاقتى كۆپ چىقاتتى.

چىمەنگۈل ئۇسسۇللۇق ناخشىسىنى ئۆزگەرتىپ چىققان بولسىمۇ، خېۋىرغا ئېيتىپ بېرەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن مۇۋاپىق پەيتتە ئۇچرىشىشقا زادىلا پۇرسەت بولمىدى. ئۇسسۇللۇق ناخشا تاللاپ چىقىلغان ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىلدى. ئەمدى مۇسابىقە ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىشىگىلا قاراپ قېلىندى. كىشىنىڭ زېرىكىپ ئىچى پۇشقاندا، ئاخشاملىرى باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ ـ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشنى خالاپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. يالغۇز ئىچى پۇشقان چىمەنگۈل خېۋىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كېلىشنى ئويلاپ قالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندى. ئۇ ياتىقىنى ئېتىپ شۇ ياققا ماڭدى ھەم يېقىندىن بېرى ئۇ كۆزۈمگە كۆپرەك قارايدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق چاغدا ئۆيىگە بارسام ئۇمىدلىنىپ قالارمۇ يا؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ كېتىپ بېرىپ، — ياق، ئۆيىگە بېرىپ قويغانغا ئۇنچىلىك ئويلاپمۇ كەتمەس، ئۇ ئاڭلىق بالىغۇ. لېكىن، ئۇ خېۋىرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۆيىگە كىرىشتىن يالتىيىپ قالدى. خېۋىرغۇ ئۇمىدلىنىپ قالماس، بىراق ئاپىسى ... ئۇ كەينىگە ياندى.

## 5

خېۋىر چىمەنگۈلنى كۆرسىلا بەدەن ـ بەدەنلىرىدىن ھودۇقۇش، ئەيمىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ قوزغىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن قوزغالمايدىغان ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ھازىر قوزغىلىۋاتقانلىقىغا ئۇ بىر تەرەپتىن ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىدە سۆيۈنۈش سېزەتتى.

چىمەنگۈلنىڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ ناخشا ئېيتىش، دېكلاماتسىيە قىلىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ناھىيەگە ئېلىپ كەتكىنىگە ئۈچ كۈن بولدى. ئۈچ كۈن خېۋىرغا تولىمۇ

ئۇزاق بىلىندى. ئۇ كېتىدىغان چاغدا: «ناخشا تېكىستى كىمنىڭ دېسە، نېمە دەيمەن؟ بولۇڭ، ئېيتىپ بېرىڭ، ئاپتورنى ئېيتمىسا زادى بولمايدىكەن» دەپ تۇرۇۋالغانلىقى، ئاخىر ئۆزىنىڭ يازغانلىقىنى بىلگەندە «مۇنداقمۇ ھۇنەر بار دەڭە، مۇشۇ يەرنىڭ گۈلى ئىكەنسىز جۇمۇڭ» دەپ ئۆزىگە زوقلىنىپ قاراپ كەتكەنلىكىنى يادىغا ئالدى. نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟ ياخشى كۆرۈپ قېلىش دېگەن ئادەمنىڭ ئۆز ھالىغا باقمايدىكەن - دە ... مەن كىم؟ ئۇ كىم؟ مەن دېگەن بىر چالا ساۋات، ئۇ دېگەن ئالىي مەلۇماتلىق قىز. مېنىڭمۇ «گۈل» دېدى، گۈل بولسام، بۇ يەردىكى چىغىرتماقگۈلىمەن، ئۇ دېگەن قىزىلگۈل ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق سۆيگىنى باردۇ، كاتتا، مەدەنىيەتلىك شەھەردە ئوقۇغان، نۇرغۇن يىگىتلەر بىلەن ئارىلاشقان قىزنىڭ سۆيگىنى بولماي قالارمۇ؟ ساۋاقداشلىرى ئىچىدىن بىرەرى بىلەن پۈتۈشۈپمۇ قويغاندۇ بەلكىم ... ياق، ئەگەر شۇنداق بولسا، سۆيگىنى بۇ چاغقىچە كېلىپ كۆرۈپ كېتەر ئىدى، ھەر قېتىم پوچتا كەلسە، شۇنچە قاراپ كېتىمەن، خەت كەلسىلا «دادىڭىز ئەسئەتتىن» دەپ كېلىدۇ.

ئاخشىمى چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان خېۋىر ئاشۇ خىياللىرى بىلەن بىرھازاغىچە ئازابلاندى.

— يارايسىز، قىزىم، — دېدى پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرى مۇسابىقىدىن قايتىپ كەلگەن چىمەنگۈلنىڭ مۇرىسىگە قېقىپ مەمنۇنلۇق بىلەن، — مەكتىپىمىز بىنا بولغاندىن بېرى بىز مۇنداق لەۋھە، ماددىي مۇكاپاتلارنى ئالماق تۇگۇل، بىرەر قېتىم ئېغىزغىمۇ ئېلىنمىغان، بۇ شان - شەرەپنى سىز ئېلىپ كەلدىڭىز.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، مەتنىياز ئاكا، — دېدى چىمەنگۈل كۈلۈپ، — ناخشا ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار قاملاشتۇرۇپ ئېيتالمىغان بولسا، بۇ شان - شەرەپكە

ئىرىشەلمەيتتۇق.

چىمەنگۇل تەييارلاپ ئاپارغان ئۇسسۇللۇق ناخشا «تاغلىق يېزا مەكتىپى» بىرىنچىلىكنى ئالغاندىن سىرت، ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىگىمۇ تاللانغانىدى. چاقناپ تۇرغان دۇخاۋا لەۋھە مۇدىر بۆلۈمىنىڭ تۆرىگە ئېسىلدى. بۇ شان - شەرەپتىن مەكتەپلا ئەمەس، پۈتۈن كەنت خۇشاللىققا چۆمۈلدى. بۇلا ئەمەس، ئۆز تەۋەسىدىكى مەكتەپ ئىرىشكەن ئۇتۇقتىن يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ پەخىرلىنىپ، مەكتەپكە بىرنەچچە چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېلىپ بەردى.

چىمەنگۇل كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيىگە قايتىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغان خېۋىرنى ياتىقىغا باشلاپ كىردى.

— بۈگۈن سىزنى مېھمان قىلاي دەۋاتىمەن، — دېدى چىمەنگۇل ئۇستەل ئۇستىنى سۈرتۈپ.

— سىزنى مەن مېھمان قىلسام بولاتتى.

— ناھىيەدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىم بار، بىللە چاي ئىچەيلى. سەل تەخىر قىلىڭ، ھېلىلا چاي قاينىتىمەن.

— ئاۋارە بولماڭ، چاينى بولسىمۇ ئۆيدىن مەن ئەكېلەي، تاماق ئەكەلسەم بېشىمغا ئاتىسىز، تايىنلىق.

— ياق، چاينى سىز ئەكەلسىڭىز، مېھمان قىلغىنىمنىڭ يېرىمى سىزدىن بولۇپ قالىدۇ، — دېدى چىمەنگۇل كۈلۈپ.

— مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ياتىقىڭىزدا مېھمان بولسام سەت ئەمەسمۇ، يا بىزنىڭكىگە بارمايدىكەنسىز، نەچچە قېتىم ئېيتتىم، بىرىپمۇ قويمىدىڭىز؟

— نېمىسى سەت بولىدىكەن، سىز كەلسىڭىزمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ.

چىمەنگۇل ئۇستەل ئۇستىنى ئالما، گىلاس كونسېرۋاسى، پىششىق گۆش، قەند - گېزەك، پېچىنە، قاتلىما نانلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، چاينى ئاچچىق قىلىپ دەملىدى.

— تاڭلىيىڭىز چاكىلداۋاتامدۇ؟ پىۋا بولسىمۇ ئالغاچ كېلەي

دېگەن، بىراق كىشىلەر كۆرسە هاراق ئىچىدىكەن، دېمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلدىم.

— مېنى مېھمان قىلىشنى شۇ يەردىلا ئويلاپتىكەنسىز ـ دە؟

— ئويلىغان، شان ـ شەرەپىنىڭ يېرىمى سىزنىڭ تۇرسا.

ئىككىسى كۈلۈشۈپ، قىزىق پاراڭلار بىلەن ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. چىمەنگۈل خېۋىر بىلەن پاراڭلىشىشقا خۇشتار ئىدى. سۆھبەتنىڭ قىزىشى، ئۇزاق داۋاملىشىشى ئۇچۇن ئورتاق تىل بولۇشى كېرەك. قىز خېۋىر بىلەن پاراڭلاشسا، بىر سەنئەت ئەھلى بىلەن پاراڭلاشقاندەك بولۇپ قالاتتى. تېخى بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈنلۈكىنى ھېس قىلاتتى.

— ئالدىڭىزدا دېمەيدىغان بىر گەپنى دەي، — دېدى خېۋىر كۈلۈپ ئولتۇرغان قىزغا قاراپ، — سىزدە ئىجتىھات، ئىرادە خېلى كۈچلۈك ئىكەن، بىر ئادەمدە ئۆز كەسپىگە نىسبەتەن زور تىرىشچانلىق، قايناق مۇھەببەت بولسىلا، ئۇ چوقۇم نەتىجە قازىنالايدۇ. بۇنداق چۆللۈكتە باش قاتۇرۇپ نېمە قىلاي، كۈنۈمنى تىنچلا ئۆتكۈزەي، دېگەن بولسىڭىز، مۇشۇ شان ـ شەرەپ نەدىدى؟ ئادەمدە ئىرادە، تىرىشچانلىق بولسىلا ھەرقانداق ناچار شارائىتنىمۇ ئوڭۇشلۇق پەيتكە ئايلاندۇرالايدۇ، يېڭىلىق يارىتالايدۇ.

— راست ئېيتىسىز، — قىز ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەندى، — روزى تەمبۇر مەھەممەت موللا دېگەن مۇقامچىدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدىلا ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسى، مەشرىپى، داستان ـ مەرغۇللىرىنى ئۆگىنىۋالغانىكەن. يەنە كېلىپ ھەر كۈنى ئەمەس، مەشرەپ ـ سورۇنلاردا ئۆگىنىۋاپتۇ. ئاشۇ ئادەم ئۆز كەسپىگە قاتتىق بېرىلمىگەن بولسا، ئۇ شۇنداق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتىمۇ؟! ...

— مەن مۇقامچى تۇرداخۇننىڭ ئىجتىھاتى، زېھنىگە ھەيران قالىمەن، ئون ئىككى مۇقامنى ساقلاپ قالغان شۇ ئادەم ئىكەن. ئۇ ئادەم دادىسىدىن ئون ئىككى مۇقامنى يىگىرمە يېشىدا

ئۆگىنىپ بوپتۇ، بۇ نېمىدېگەن زور تالانت ـ ھە! ئاڭلىسام ھازىر ئۇرۇمچىدە مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى بار ئىكەن، ئۇن يىلدىن ئېشىپتۇ، تېخىچە ئۆگىنىپ بولالماپتۇ. ھازىر نېمىشقا شۇنداق ئادەملەر چىقمايدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن خېۋىر شۈككىدە ئولتۇرۇپ قالدى، چىمەنگۈل ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— قايسى كۈنى گېزىتتىن كۆرۈپ قالدىم، — دېدى خېۋىر يەنە، — بىر قىز ناخشا ئېيتىپ بىرىنچىلىكنى ئاپتىكەن، رەڭلىك تېلېۋىزور مۇكاپات بېرىپتۇ. تۇرداخۇن مۇقامچىنىڭ يىگىرمە يېشىدا ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىپ بولغىنىغا نېمە بەرگەندۇ؟ شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىدىغانلار چىققانمىدۇ؟

— ئۇ چاغلاردا قەدرىگە يېتىدىغانلار چىققانمىدۇ، دەيسىزغۇ، بەلكىم چىققانلارمۇ باردۇ، — چىمەنگۈلمۇ قايناپ قالدى، — ئەمما ھازىرمۇ ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغانلار، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىجاد قىلىپ بىزگە مىراس قالغان، مەدەنىيەتلىك ياۋروپالىقلارنىمۇ ھەيران قالدۇرۇۋاتقان مۇشۇ ئېسىل بايلىقىمىزنى ياراتمايدىغانلار بار ئەمەسمۇ؟ — چىمەنگۈلنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى:

— راست ئېيتىسىز، بار، — دېدى خېۋىر قېشىنى يىمىرىپ قويۇپ، — ئۆزىنىڭ بايلىقىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئۇنى باشقىلارغا ئاسانلا بېرىپ قويىدۇ. سەنئەتچى ئالدى بىلەن ئۆزى مىللىي مىراسلىرىمىزنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىشنى بىلىشى كېرەك.

ئىككىسى جىمىپ كېتىشتى. كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. توخۇنىڭ چىللىشى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرمىدى. چىمەنگۈل چوڭقۇر خىيالغا كەتكەن، مۇشۇنداق قاقاس، نامراتچىلىق يېغىپ تۇرغان يەردىمۇ ئېسىل ئادەملەر بار ئىكەن ـ ھە! مەن بۇلارنىڭ قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىگە، ئۆڭگەن،

يىرتىلغان كىيىملىرىگە قاراپ، ئۆزۈمنى خۇددى ياۋايى ئادەملەر ئارىسىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋىدىم، ياق، ئەسكى چاپان ئىچىدىمۇ چاقناپ تۇرغان ئادەملەر بار ئىكەن، بۇ يىگىت چاقناپ تۇرغان ئالتۇن ئىكەن، گۆھەر ئىكەن!

خېۋىر ئۆيگە كېتىۋېتىپ، چىمەنگۈلنى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئويلاپ قالدى. كېتەي دەپ ئورنىدىن قوزغالغان چاغدا، ئۇ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىڭ، دەپ زورلاپ تۇرۇۋالغان ۋە كۆزلىرىگە كۈلۈمسىرەپ كۆز ئۈزمەي قارىغان. شۇ چاغدا خېۋىر ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نازۇك، مۇھەببەتلىك ئۇچقۇنلارنىڭ پىلدىرلىغانلىقىنى بايقاپ قالغان. چىمەنگۈلنىڭ بەزىدە سېھىرلىك، بەزىدە بالىلارچە كۈلۈپ قاراشلىرى ئۇنى ھودۇقتۇرۇپمۇ قويغان.

ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىگە نېمە سىرلار يوشۇرۇنغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئورنىغا كىرىپ ياتقاندىمۇ.

ئەتىسى چىمەنگۈل ئاخشامقى ۋەدىسى بويىچە، كەچ كىرىشى بىلەنلا خېۋىرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. خېۋىرنىڭ ئاپىسى ئۇنى قانداق شامالنىڭ ئۇچۇرۇپ كەلگەنلىكىگە ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. خېۋىرنىڭ سىڭلىسى — چىمەنگۈلنىڭ ئوقۇغۇچىسى كۈلۈمسىرەپ، تارتىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— ھوي ... بۇ ماڭا ھەر كۈنى گۈل ئەكېلىدىغان قىزغۇ ...

— ھە، مېنىڭ سىڭلىم، — دېدى خېۋىرمۇ كۈلۈمسىرەپ.

— ھە ... مۇنداق دەڭ ...

چىمەنگۈلمۇ ھەيران بولۇپ، بىردەم ئوقۇغۇچىسىغا، بىردەم خېۋىرغا قاراپلا قالدى.

## 6

قىش ئۆتۈپ، باھار كەلدى. دۆڭ - قىرلاردا ئېچىلغان سېرىق

چېچەكلەردىن، سۇس كۆكىرىپ چىققان شىۋاقلاردىن، ئېرىق ياقىلىرىدىكى جىگدىلەردىن تارقالغان پۇراقلار دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ، كۆڭۈللەرنى غىدىقلاپ ـ ئويغىتىپ ئۆتمەكتە ئىدى. باھار ئىللىق ھاۋاسى، تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈل چېچەكلىرى، ئويناق سۇلىرى بىلەن گۈزەل ئىدى، كۆڭۈللەردە گۈزەل تۇيغۇلارنى قوزغايتتى.

چىمەنگۈل مەكتەپنىڭ كەينىدىكى دۆڭگە چىقىپ ئېتىزلارغا، دالىلاردا، كىشىلەردە ھايات زوقىنى قوزغىغان باھار مەنزىرىلىرىگە نەزەر تاشلايتتى. ئۇ ئېتىزلاردا، دالىلاردا ۋە قەلبلەردە يېڭىچە گۈزەللىك پەيدا قىلىۋاتقان باھار ھەققىدە مۇزىكا ئىشلەشكە تەييارلىق قىلماقتا ئىدى.

يېقىندىن بېرى ئۇ ئاشۇ دۆڭدە، چىملىق ئېرىق بويىدا پات ـ پاتلا پەيدا بولىدىغان، قولىدىن ئىسكىرىپكا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق، ئۇ «باھار تۇيغۇلىرى» مۇزىكىسىنى جىددىي ئىشلىمەكتە ئىدى. مۇزىكا ياخشى چىقىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا بىخلىغان مۇھەببىتى جىگدە چېچىكى بىلەن چېچەكلەشكە باشلىغانىدى.

ئۇ مۇزىكىنى جىددىي ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدىن مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. ئابايا مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى بۆلۈمىگە چاقىرىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— سىزگە ئۆگىنىپ قېلىۋېدۇق، قىزىم، بىزنى تاشلاپ كېتىدىغان ئوخشايسىز، سىزنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىڭىزنى تېزرەك بېجىرىپ بېرىڭلار، دەپ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن خەۋەر كەلدى.

چىمەنگۈل قىشلىق تەتىلدە ئۆيىدە بولۇنغان ئىشلارنى يادىغا ئالسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىن جاۋاب بولماي تۇرۇپ، ئۇ ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ بارغانلىقىغا ھەيران قالدى.

— مەن ھېچكىمگە يۆتكىلىمەن دېمىگەنىغۇ، — دېگەنىدى قىز، — يېزىلىق ھۆكۈمەت نەدىن تاپتى بۇ گەپنى؟

— يېزىلىق ھۆكۈمەتكە شەھەر باشلىقى شۇنداق بۇيرۇق قىپتۇ. قانداق، سىزنىڭ يۆتكەلگۈڭىز يوقمۇ؟

— مەن ھېچكىمگە يۆتكىلىمەن، دېمىدىم، يوق گەپ بۇ! — چىمەنگۈلنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا، بولدى، — دېدى مۇدىر خۇشال بولۇپ، — بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، سىز خاتىرجەم ئىشلەۋېرىڭ، سىزنى ھەرگىز بەرگۈمىز يوق، ئۇلارغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن.

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شۇنداق بۇيرۇق قىلىشىدا سەۋەب بار، ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىدى: چىمەنگۈل قىشلىق تەتىلدە ئۆيىگە بېرىپ، بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئانىسى:

— قىزىم، ئوقۇدۇڭ، خىزمەتكىمۇ چىقتىڭ، «قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلاقلىق» دېگەندەك، ساڭا كەيىنى ـ كەينىدىن ئەلچىلەر كىرىشكە باشلىدى. توختا، مۆڭگەكلىمەي ئاۋۋال گەپنى ئاڭلا، شۇلارنىڭ ئىچىدىن مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، ھازىر پېنسىيەگە چىققان ئادەمنىڭ ئوغلى بىزگە يارىدى، ئىسمى ئابدۇللا. ئۇلارنى داداڭ ياخشى بىلىدىكەن. سېنى يۆتكەپ كېلىپ، تويۇڭنى قىلايلى دەۋاتىمىز، قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

— ياق ئاپا، مەن تېخى ئۇنداق ئىشلارنى ئويلىغىنىممۇ يوق، ئاۋۋال بىر ـ ئىككى يىل ئىشلەي.

— ياق، دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ چۆلدە نېمە بار ساڭا؟ يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالدىڭ، ئويلىشىدىغان ۋاقتىڭ ئۆتۈپمۇ كەتتى.

— ئادەم دېگەندە كۆڭۈل بولىدۇ، ئاپا، كۆڭۈلگە ياقىدىغان ـ ياقمايدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ، مەن ئۇ بالىنى كۆرمىسەم، بىلمىسەم، ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوق قانداق قىلىپ ماقۇل دەيمەن؟ سىلەرمۇ قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىلە.

— كۆرمىگەن بولساڭ، كۆرۈپ باق، ساڭا ئوخشاش ئۇرۇمچىدە ئوقۇغانىكەن، ھازىر دادىسىنىڭ ئىدارىسىدە ئىشلەيدىكەن.

— تـوۋا، — دېدى ئۇ مـيـىقىدا كۈلـۈپ، — ئۇ بالـمۇ مېنـى كۆرمەي، قانداقلارچە ئەلچى كىرگۈزگەندۇ؟

— سېنى نەچچە كۆرۈپتىكەن، تونۇشمايدىكەنسىلـە، ئەسلـي بۇ ئىشنى ئۇنىڭ دادىسى بىلەن داداڭ مەسلىھەت قىلىشقانىكـەن، ئۇ بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ماقۇل كۆرۈپتۇ.

— مەن تېخـى ئۇ يەرلـەرگـە ئەمدىلا باردىم، تەشـكـىلنىـڭ ئادىمىمەن، مېنى بېرەمدۇ ـ بەرمەمدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشى، ئاپا.

— ئۇ تەرەپلـىرنىـمۇ ئوبـدان سۈرۈشـتۈرۈپ قـويغان، داداڭ شـەھـەر باشلىقىنـى ياخشى تـونۇيدىكـەن، بۇرۇن قولـىدا ئىشلـەپتىكـەن، مېنىڭ گېپىمنى يىرمايدۇ، دەيدۇ. ئىشـنىـڭ قـىزنىڭدا بـولغىنـى ياخشى.

چىمەنگۈل مۇنداق ئاسان ئىشنىڭ يوقلۇقىنى، تونـۇمايدىغـان ـ بىلمەيدىغان ئادەمگە ماقۇل دېمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كـەتتى. ئاپىسـىمۇ گېپـىدە چىڭ تـۇرۇۋالـدى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى دەتالاش خېلى يەرلەرگە يېتىپ باردى. ئاخىرىدا قىز ئاپىسىنىڭ زورى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشقا قوشۇلدى ـ دە، كىنوغا باردى. ئابدۇللا ئاتلىق يىگىتمـۇ ئېگىـز، خېلى قاملاشقان بالا ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپمۇ كۆردى.

— ياق، ئاپا، — دېدى ئۇ ئەتىسى، — ئۆزىمۇ ياخشى بالىدەك قىلىدۇ، بىراق كۆڭلۈم تارتمىدى. كۆڭۈل تارتمىغان ئىش ياخشى بولمايدۇ، يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن.

— ھەي، جېنىم بالام، كـۆڭـۈل دېگەن يـاۋا قـۇش، ئۇنـىمـۇ ئۆگىتىۋالغىلى بولىدۇ، ئاستا ـ ئاستا تارتىپ قالار.

دەتالاشـنىڭ داۋامى چـىمەنگـۈل قايتىـپ كېتـىپ، يازغـىچـە ئويلىشىپ جاۋاب بېرىدىغان بولۇپ ئاخىرلاشقانىدى. بىراق، بـۇ نېمە قىلىق؟ ئىش شەھەر باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىچە — يۇقىرى رەسمىيەتلىرىنىڭ بېجىرىلىشىغىچە يېتىپتۇ. ئـۇ تېخى جاۋاب بەرمەي، بـولـۇش ـ بولماسلىقىنى ئـويلىشىـپ، بىر قـارارغـا كـەلمەي، ئىشنىڭ بـۇ دەرىجىگە يېتىشىنى ئـۇ خـيـالـىغـىمـۇ

كەلتۈرمىگەن. جىددىي ھالدا مۇزىكا ئىشلەۋاتقان قىزنىڭ تۇرۇپلا مەيۈسلىنىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىدى.

چىمەنگۈل ئېرىق ياقىسىدا — سايىدا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى. خېۋىر ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— بايا دۆڭدە ئىدىڭىز، ئەمدى سايىغا كېلىۋاپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— ئاسماندىن تېگىۋاتقان ئوت بىلەن يۈرىكىمدىكى ئوت بەدەنلىرىمنى قىزىتىۋەتتى، سايىغا قېچىپ كېلىۋالدىم، — چىمەنگۈل شۇنداق دېدى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئادەم ياشلىقىدا ئاپتاپتىن قاچىدۇ. قېرىغاندا قەيەرگە ئاپتاپ چۈشسە، شۇ يەرگە بېرىۋالىدىكەن، — دېدى خېۋىرمۇ كۈلۈپ، — قاراڭا ئاۋۇ بوۋاينىڭ ئاپتاپقا بېرىۋالغىنىنى.

— شۇنداق، ياشلىقنىڭ ئوتى كۈچلۈك بولىدۇ، قېرىغاندا ئۇ ئۆچىدۇ.

— ئۇنداقتا مۇزىكىڭىزدا ياشلىقنىڭ ئوتىنى ئۇرغۇتۇۋېتىپسىز - دە، قانچە ئۇرغۇتسىڭىز، ياشلار شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ. ئاڭلاۋاتقانسىز، مۇكاپاتلانغان ناخشىڭىزنى ھازىر باللارلا ئەمەس، ياشلارمۇ ئېيتىپ يۈرىدۇ. مەنمۇ ئۇنى ئۆيدە پات - پات غىڭشىپ قويىدىغان ئوخشايمەن. سىڭلىم قايسى كۈنى «ئاكام بىزنىڭ مۇئەللىمنىڭ ناخشىسىنىلا ئېيتىدۇ» دېۋىدى، ئاپامنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ كەتتىم.

— نېمىشقا ئىزا تارتتىڭىز؟

— ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يۈزىڭىزگە ئېيتسا، سىزمۇ قىزىرىسىز.

— ياق، مەن قىزارمايمەن.

چىمەنگۈل شۇنداق دېسىمۇ، قىزىرىپ كېتىپ، خېۋىرغا قارىيالماي قالدى.

ئىككىسى ئۆيۋاقتىن - بۇياقتىن گەپلىشىپ ياتاققا كىردى. شۇ تۇرقىدا ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرەك قاتلىرىدا سىرتقا چىقىشقا

ئىنتىلىپ تۇرغان يېقىملىق گەپلەر بار. ھەر ئىككىسى ئۇنى ئېيتىشنى شۇنچىلىك خالىسىمۇ، نېمىشقىدۇر جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەمما، ئۇلار كۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى، ئەگىتمە گەپلىرى بىلەن ھەممە نازۇك، يېقىملىق گەپلەرنى ئېيتىپمۇ بولغان. ئۇلار قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇشقان بىلەن يۈزلىرىنىڭ، لەۋلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى يوشۇرالمايتتى.

شۇ چاغدا سىرتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىمەنگۈلنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

— بىزمۇ قېرىيمىز، ئۆلىمىز، — دېدى خېۋىر تۇيۇقسىزلا، — ئەمما دۇنياغا ئىجادىي ئەمگەكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەم ئۆلمەيدۇ، — ئۇ ئويلىنىپ قىزغا قارىدى، — تۇرداخۇن مۇقامچى، روزى تەمبۇرلار مۇقام ئىجاد قىلغان ئەمەس، لېكىن ئۇلار ئاشۇ ئېسىل مىراسلارنى ساقلاپ قالغان ئەمگىكى بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. ئۇلارنى خەلق ئۇنتۇمايدۇ، تارىخمۇ ئۇنتۇمايدۇ. سىز ئىجادىي ئىش بىلەن ئەمدىلا شۇغۇللىنىۋاتىسىز، مۇزىكىڭىزمۇ ياخشى چىقىۋېتىپتۇ، ئالدىڭىزدىلا دەي: سىزدە ئىرادە، تىرىشچانلىق، ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى كۈچلۈك ئىكەن، مۇشۇ روھ سىزنىمۇ ئۇنتۇلماس ئادەمگە ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن. كىشىلەر بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئالىملىرىنى، يازغۇچى - سەنئەتكارلىرىنى ئەسلەيدۇ، يادلايدۇ، ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئەمما، شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئىمتىيازلىق، كاتتا مەنسەپدار - ئەمەلدارلىرىنى ھېچقاچان ئېغىزغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ. ئادەملەر دۇنياغا نېمىشقا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىكەن.

چىمەنگۈلدە قوزغالغان سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئۆزىنى بېسىۋېلىشتىن ھالقىپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا خېۋىرنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭمۇ تۇتۇشىنى ئىستەپ، كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. خېۋىر يېنىپ كەتكەن، مۇھەببەتلىك ئۇچقۇنلار چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا

تىكىلدى، ئەمما نېمىشقىدۇر ئۇنى تۇتۇشقا، ئۆزىگە تارتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئىككىسى شۇ ھالدا خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى.

## 7

ياز كىرىشى بىلەن چىمەنگۈلنىڭ «باھار تۈيغۇلىرى» مۇزىكىسى پۈتتى. پۈتۈن جانلىقلارغا يېڭىچە ھايات زوقىنى بەخش ئەتكەن باھار ئالامەتلىرى مۇزىكىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. مۇزىكا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدا گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ چىن دىلىدىن ماختىشىغا ئېرىشتى. خېۋەر ئۇنى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئاپىرىشقا، ئۇلارنىڭ پىكىر بېرىشىگە، ئورۇنلاپ چىقىشقا مەسلىھەت بەردى.

چىمەنگۈل شەھەرگە ماڭىمەن، دەپ تۇرۇشقا ئاپىسى كېلىپ قالدى - دە، قىشتىكى دەتالاش يەنە باشلاندى. ئىككى كۈندىن بېرى ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا دېيىلمىگەن گەپ ئاز قالدى. ئاپىسى يولدا يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ كەلگەن، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، كەنت باشلىقى، مەكتەپ مۇدىرى بىلەنمۇ سۆزلەشتى. ئۇلار چىمەنگۈلنىڭ يۆتكىلىشىگە قوشۇلغانلىقىنى، لېكىن قىزىنىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

ئىككى كۈندىن بېرى شۇنچە زورۇقۇپ، قىزىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ يېگۈزەلمىگەن ئانا ئاخىر بوغۇلۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ غەزەپ، ئەلەملىرىنى تۆكەتتى. چىمەنگۈل ئۇن چىقمايتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە «كېتىش» بىلەن «قېلىش» ئۆزئارا ئېلىشماقتا ئىدى.

— بۇ يەرنىڭ نېمىسىگە قىزىقىپ قالغانسەن؟ — دېدى ئانا جالاقلاپ تىترەپ، — كەتمىسەڭ، ئەبەدي مۇشۇ يەرلىك بولۇپ كېتەمسەن؟

— مەن مەڭگۈ كەتمەيمەن دېمىدىمغۇ، بىرنەچچە يىل ئىشلەي، كېيىن بىر گەپ بولار دەۋاتىمەن.
— بىرنەچچە يىل؟ — ئانا چۆچۈپ كەتتى، — ئۆي ـ ماكان، جاھان تۇتىدىغان، كۆڭۈل يايراپ ئىشلەيدىغان يەرمۇ بۇ، ئويلاپ باققىنا، ئادەملىرىگە قاراپ باققىنا، بەئەينى بۆجى، ھېلىمۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭ كۆتۈرۈپتۇ ...
— ئادەملەرنى ئۇنداق ھاقارەتلىمە، سەھرادىكى تۇغقانلىرىڭ قانداق ئادەملەر، ئۇلارمۇ بۆجىمۇ؟
— بارىنى دەۋاتىمەن، ئۆز ۋاقتىدا گۇناھكارلارنى پالايدىغان يەر ئىدى بۇ؟
— ئۇنداق بولسا، ياخشى ئادەملەرنىڭ يۇرتى ئىكەن.
— سېنىڭ شۇنچە تارتىشىپ كېتىشىڭدە بىر گەپ بار.
— ھېچ گەپ يوق.
— بولمىسا نېمىشقا بويۇن تولغايسەن؟ ئورنۇڭنى ھەل قىلىپ قويدۇق، تەشكىلىڭمۇ قوشۇلدى، تارتىشىدىغان نېمىسى قالدى ئەمدى؟ بىرىگە باغلىنىپ، كەتسەڭ بولمايدىغان بىرەر ئىش ئۆتكۈزۈپ قويدۇڭمۇ يا؟
— ئاپا! سەن ... — چىمەنگۈل بوغۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — نېمەدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟
— ھەممە ئادەم شەھەرگە كېلەلمەي يۇرسە، سەن بۇ دەشت ـ چۆلگە يېپىشىۋالساڭ، خەق نېمە ئويلىمايدۇ، كېلەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، دېمەمدا؟ داداڭ نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟
چىمەنگۈل ئاخىر كېتىدىغان بولدى. كۆڭلى سۆيگەن بۇ خىلۋەت زېمىندىن، چۈشىنىپ يەتكەن بۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەملەر ئارىسىدىن، ياخشى كۆرۈپ قالغان خېۋىرنىڭ يېنىدىن كېتىدىغان بولدى. ئۇ شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقتى، كۆزى ياشتىن قۇرۇمىدى، ئۆزىنى بوينى باغلانغاندەك، دېمى سىقىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.
ئەتىگەندە ھېچكىمگە تۇيدۇرمايلا كەتمەكچىدى، بىراق

ماڭىدىغان چاغدا، مۇدىر، مۇئەللىملەر يېتىپ كېلىشتى. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئات قوشۇلغان هارۋا تۇراتتى.

ياتاقتىن يوغان چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن خېۋىر چىقىپ كەلدى.

— يېڭى كەلگەن چېغىڭىزدا، — دېدى خېۋىر مەيۈس ئاۋازدا، — كىشىلەر سىزنى ياۋا كەپتەر، بۇ يەرگە ئۆگەنمەيدۇ، دېۋىدى ...

— كېيىن تازا بۇقۇلدايدىغان كەپتەر ئىكەن، دېيىشكەندۇ، — چىمەنگۈل ياشلىق كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە چىرايىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، — راست، كىشىلەرنىڭ پەرەزلىرى كۆپ چاغلاردا توغرا چىقىپ قالىدۇ ... ئۆگىنىشىمغۇ ئۆگەنگەن، كۆنۈپمۇ كەتكەن، بىراق ... بىراق كەتمەي بولمىدى ... شەهەرگە بارغاندىن كېيىن، قانداق قىلىشىمنىمۇ بىلمەيمەن.

— بۇ چۆلدە ئېچىلغان گۈل ئىدىڭىز، قىزىم، كېتىشىڭىز خۇددى گۈل توزۇپ كەتكەندەكلا بىر ئىش بولدى، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى، — خەير ... ئاقيول بولسۇن.

— خوش، بىزدىن رازى بولۇڭ.

— بىزدىن ئۆتكەن بولسا، كەچۈرۈڭ ...

سەمىمىي گەپلەر هارۋىغا چىقىپ ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان چىمەنگۈلنىڭ كۆزىنى يەنە ياشلىدى. ئۇ ئۆزىگە ئاقيول تىلەۋاتقانلارغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي، قولىنى پۇلاڭلاتتى. خېۋىر قولىنىمۇ پۇلاڭلاتماي، تۇرغان ئورنىدا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى.

هارۋا ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى. ئەتراپتىكى هەممە نەرسە — چىمەنگۈل دائىم چىقىپ ساز چالىدىغان دۆڭمۇ، كىتاب ئوقۇيدىغان چىملىق ئېرىق بويىمۇ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ناخشا ئۆگىتىدىغان مەكتەپ مەيدانىمۇ خېۋىرنىڭ كۆزىگە بارغانسېرى غۇۋالىشىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چىمەنگۈلنى ئۇزاتقىلى چىققانلار ئاللىقاچان تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ تۇرغان ئورنىدا مۇڭلىنىپ تۇراتتى، ئۆزىنىڭ قانچىلىك تۇرغانلىقىنى،

نىمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇقمايتتى.
ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چىمەنگۈل كەتكەن تەرەپتىن قارا كۆرەڭ بىرنېمە كۆرۈندى. ئۇ بارا - بارا يوغىنىدى، يېقىنلىشىشقا باشلىدى. بۇ سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتقان چىمەنگۈل ئىدى.
— چىمەنگۈل !
خېۋىر يۈگۈردى، چىمەنگۈلمۇ يۈگۈردى.
— يېنىپ كەلدىم، كەتمەيمەن ! — دېدى قىز خېۋىرنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ھاسىراپ تۇرۇپ.
— راستما؟
— راست، ئەمدى كەتمەيمەن، بۇ يەرگىمۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىمغىمۇ، سىزگىمۇ قىيالمىدىم ...
خېۋىر ھېسسىياتىنى باسالماي قالدى، كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش ئېتىلىپ چىقتى.
— كېتىشكە توغرا كەلسە، سىز بىلەن كېتىمەن.
چىمەنگۈل ئاپپاق قول ياغلىقى بىلەن خېۋىرنىڭ مەڭزىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى ئاۋايلاپ سۈرتتى.

1990 - يىلى يانۋار، غۇلجا

# قىزنىڭ كۆڭلى

قىزنىڭ بەدىنىگە چۈشكەن كۆكلەرنى كۆرۈپ، ئاپىسىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. پۈت ـ قوللىرى دىرىلداپ تىترەپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ تاپىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى، چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىپ قىيا يۇمۇلۇپ قالغان كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئاچتى. قىزى رازىيە ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي ئىرىدىن يىگەن تاياقلىرىنى كۆپسەپ سۆزلىمەكتە ئىدى ... ئۇنىڭ يىنىدا ئۆيىدىن يوشۇرۇنچە ئەكەلگەن كىچىككىنە بوپىسى قىسىپ تۇراتتى.

ئانا ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس دەرىجىدە پىچىرلىدى: شۇنچىمۇ ئۇرامدۇ ... ئۆي دىگەندىغۇ، ئۇرۇش ـ جىدەل بولۇپ تۇرىدۇ ... تاياقمۇ يەيدۇ ... ئەمما ئۇردۇم، دەپ شۇنچىمۇ ئۇرغان بارمۇ؟ ... بەدىنىنىڭ ساق يىرى قالماپتۇ ... توۋا قىلدىم خۇدايىم، قىزىمنىڭ ئورۇق، زىلۋالىقىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەپتۇ ـ دە ... شۇ ھالى بىلەن تاياق كۆتۈرەلەمدۇ بۇ ... مەنمۇ كۇرمىڭ قىتىم تاياق يىگەن، لىكىن بىردەمدىن كىيىنلا گۇرسۇلدەپ مىڭىپ ئىشلىرىمنى قىلىپ كەتكەن ... تەگمە، خەقتىن سورۇشتۇرسەم، قاپىقى يامان بالا، دەيدۇ، دىسەم ئۇنىمىدى ... قىز بالىنىڭ ئەرگە تەگكۇسى كەلسە، كۆزىگە ھىچنىمە كۆرۈنمەيدىكەن ... ياخشى كۆرۈپ قىلىش دىگەن قىزلارنىڭ كۆزىنى كور، قۇلىقىنى پاڭ قىلىۋىتىدىكەن، ھەممە ئەيىبلىرى يىپىلىپ، نۇقسانسىز، دۇنيادا ئەڭ ئىسىل ئادەم بولۇپ بىلىنىدىكەن ... ئەمدى دادىسىغا نىمە دەرمەن؟ ... ئۇمۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالغاندا، بوپتۇلا، بىرەيلى، ئۆزى ياخشى كۆرگەندىكىن مەيلى ئەمەسمۇ، دەپتىكەنمەن ... ھەي ئانىلار، ھەي ئانىلار، بالىلارنىڭ گىپىنى ئاڭلىمايمەن، دەپ

تۇرۇپ، يەنە ئاڭلاپ قالىدىغان، ئاخىرىدا پۇشايماندا قىلىپ پۇچۇلىنىدىغان ئانىلار، بالىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ، ئۆزلىرى دەرد ـ ئەلەمگە، ئازابقا قالىدىغان ئانىلار ...

رازىيە ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە تەسلىكتە كەلدى. ئۇ ئىرىدىن شاپىلاق، مۇشت يېگەندىن باشقا، پۇت، يانپاش، ئاچ بىقىنلىرىغا قاتتىق تېپىكمۇ يېدى. تاياق يېگەن كۇنى يېتىپلا قالدى، ئەتىسى ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، كىچىككىنە تۇگۇنچەكىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئاران ـ ئاران مېڭىپ، مەھەللىسىگە يېتىپ، ئۆيىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، كىمنىڭدۇر دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرۇشقان ئىككى ـ ئۈچ ئايالغا ئۇچراپ قالدى. ئۇلار:

— تىنچلىقمۇ قىزىم، نېمە بولدىڭىز، ئاقساپ قاپسىزغۇ؟ — دېگەندى، رازىيە:

— مەنما ... ئوك يانپىشىمغا يارا چىقىپ قېلىپ، ساقايغۇچە ئاپامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كېلەي، دەپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى. ئۇلار رازىيەنىڭ تاياق ئىزى يېتىمىگەن يۇزىگە قاراپ بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قېلىشتى.

— خوش، قېنى سۆزلىگىنە، نېمە سەۋەبتىن سېنى ئۆلگۇدەك ئۇرۇپ كېتىدۇ ئۇ؟

رازىيە يىغلاپ تۇرۇپ ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئۈچ كۇننىڭ ئالدىدا رازىيە ئېرى سېلىمجاندىن:

— ئاپام چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ، كۆرۈپ كېلەيمىكىن، ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، — دەپ رۇخسەت سورىدى. سېلىمجان:

— بوپتۇ، بارساڭ بار، ئەمما ئەتىگەنرەك يېنىپ كەل، — دەپ جېكىلىدى.

رازىيە ئۆيىگە كەلسە، «چۇشكە نېمە كىرمەيدۇ» دېگەندەك، ئاپىسى ساپساق ئىكەن. ئۇ ئاپىسى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە قول ـ قولچە كەچلىك تاماق ئېتىپ يېدى. تاماقتىن كېيىن ئۆيىگە قايتاي، دەپ تۇرغاندا دادىسى ئۈچ ـ تۆت ئاغىنىسىنى باشلاپ كىرىپ، تاماق ئېتىڭلار، بىز بىردەم ـ

يېرىمدەم ئۆلتۈرىمىز، دېدى. رازىيەنىڭ ئاپىسى: بالام داداڭنىڭ مىجەزىنى بىلىمەن، بۇلارنى بىكارغا باشلاپ كەلمىدى، ھەرقاچان ھاراق ئىچىشىدۇ، سەن تاماق ئېتىپ بېرىپ، ئاندىن كەتسەڭ بولاتتى، مەن ھېرىپلا تۇرىمەن، ــــ دېدى. رازىيە ماقۇل بولۇپ، تاماقتا تۇتۇش قىلدى. دادىسىنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە ئاۋۋال قورۇما قورۇپ، ئۇلارغا ئەكىرىپ بەردى. ئاندىن يەنە لەڭمەن ئەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قورۇما قورۇدى. رازىيە بۇ ئىشلارنى ھەرقانچە چاققانلىق بىلەن تۈگەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈپ، ۋاقىت خۇپتەندىن ئېشىپ كەتتى. ۋاقىتنىڭ بۇ مەزگىلگە كېلىشى ئانىنى ئەنسىرىتىپ قويدى.

ــــ بۇ كېچىدە قانداقمۇ كېتەرسەن، بالام؟ كوچىدا ھازىر ئەسكى ئادەملەر جىق ...

ــــ كەتمىسەم بولمايدۇ، ئاپا، سېلىمجانغا قونىمەن دېمىگەن، ئۇ ئەنسىرەپ كېتىدۇ.

ــــ ئەنسىرەيدىغىنى بىز، ئۆيۈڭگە بارغۇچە نەچچە تار كوچىلار بار، سېلىمجان ھەرقانچە ئەنسىرىسىمۇ، سەن بىزنىڭ ئۆيدە ئەمەسمۇ.

ــــ قونىمەن، دەپ قويمىغاندىكىن، ئۇ ئەنسىزلىككە چۈشۈپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ جىلە بولۇپ ئۆلتۈرامدىكىن، ئاپا، ئۇ بەك تېرىككەك ئىكەن، تېرىكسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىكەن.

ــــ ئاپىسىنىڭ ئۆيدە بولغاندىكىن ئۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس.

دادىسى گەپنىڭ ئۇستىگە كىرىپ قالدى:

ــــ سېنىڭ بۇياققا كەلگىنىڭنى بىلەمدۇ يا سورىماي كەلدىڭمۇ؟

ــــ سوراپ كەلگەن.

ــــ ئۇنداق بولسا قورقما، بۇ كېچىدە سېنى يالغۇز قويۇپ بەرگىلىمۇ بولمايدۇ ـ دە، بەلكىم ئەنسىرەپ ئۆزى كېلىپ قالار، كەلمىسە قونۇپ قالارسەن، بۇمۇ ئۆز ئۆيۈڭ بولغاندىكىن ... ــــ

رازىيە دادىسىنىڭ گېپىنى يېرالماي قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى ...

— شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆيگە باردىم، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ سىلىمجان ئىشتىن كەلگۈچە تاماق ئېتىپ تۇراي، دەپ ئۇ ياخشى كۆرىدىغان لەغمەن ئەتتىم، — دېدى رازىيە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ياشلىق كۆزلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭىگە ئېرتىپ، — لەغمەن سوزۇپ ئولتۇرسام، ئۇ ئۆيگە قارا بوراندەك گۈركىرەپ كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ قورقۇپ كەتتىم ... يەنە ئىش تېرىيدىغان بولدى، ئەمدى قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلىدىم دەككە ـ دۈككىدە.

— ھە، ئاخشام نەگە باردىڭ؟ — ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار يېنىپ كەتكەنىدى.

— دەۋاتقان گېپىڭىزنى ... ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمنى بىلىسىزغۇ ...

— مەندىن سورىماي، ئۆز مەيلىڭچە قونىدىغان بولدۇڭمۇ قانجۇق! — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئېتىلىپ كېلىپ، ئاۋۋال قاتتىق شىبلىت بىلەن مەيدەمگە بىرنى تەپتى، كەينىمگە ئۇچۇپ ئوڭدامغا چۈشتۇم، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، ئىچىم ئېلىشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇرۇپ، تېپىپ ـ دەسسەپ كەتكەنلىكىنى سەل بىلىمەن. ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، ئۆيدە ھېچكىم يوق، ئۇ تاماقمۇ يېمەي چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. سوزۇلغان لەغمەن پىلتىلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ. پۈتۈن بەدەنلىرىم سىرقىراپ، ئۇستىخانلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك زىڭىلداپ ئاغرىۋېتىپتۇ. قولۇمنى ئاران مىدىرلىتىپ يۈزۈمنى سىلىسام قولۇمغا قان يۇقتى ... مىدىرلىغۇدەك ھالىم يوق، قوپاي دەپ شۇنچە كۈچەپمۇ قوپالمىدىم ...

— ئۇنىڭ ئالدىدا سېنىڭ ھايۋانچىلىكمۇ ئەتىۋارىڭ بولماپتۇ ـ

دە، — دېدى كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئانا، — هايۋانىمۇ ئۇنچىلىك ئۇرماس، ئادەمنىڭ كۆڭلى قارا بولسا، ئادىمىيلىكتىن چىقىپ ۋەهشىي يىرتقۇچقا ئايلىنىپ قالىدىكەن ... جۇۋاينىمەك !

— شۇنىڭ بىلەن قوپالماي يېتىپ قالدىم. بىر ئاش پىشىمغىچە يېتىپ، مىڭ تەسلىكتە تامغا يۆلىنىپ ئاستا قوپتۇم. ئاقساپ يۈرۈپ ئۆينى يىغىشتۇرۇپ، يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ، بىرىپ يەنە ياتتىم، ماڭغۇدەك مادارىممۇ قالماپتۇ، كەچ كىردى، قاراڭغۇ چۈشتى. ئۇ تېخىچە يوق، كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئاغرىقنىڭ دەستىدىن ئۇخلىيالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا بىردىنلا قورقۇنچ يېپىشقىلى تۇردى ... يېرىم كېچە بولغانمىكىن، ئىشىك قاتتىق جالاقلاپ ئېچىلدى، قورقۇپ ئۆلەي دېدىم، قارىسام، ئۇ دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلدى - دە، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا «گۈپىلا» قىلىپ يىقىلدى. ئۆيئىچىنى هاراقنىڭ سېسىق هىدى بىر ئالدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ ياتقان يېتىچە ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلدىم. يەنە تەسلىكتە قوپۇپ بېرىپ ئايىغىنى، كىيىملىرىنى سالدۇردۇم. سېلىپ قويغان ئورۇنغا ئۇنى تارتىپ زادىلا ئەكېلەلمىدىم. مەست ئادەم بىر زەمبىل لايدىنمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنىڭمۇ كۈچىگۈدەك هالىم بولمىغاچقا، ئاخىر ئۈستىگە يوتقاننى يېپىپ قويدۇم.

— ۋاي جېنىم بالام، ئۇ لۈكچەككە زايە كەتكەن بالام ... شۇ چاغلاردا مەن نېمە دېدىم، داداڭ نېمە دېدى؟ ... بىر قارىساڭ بىر ئوبدانلا، بىر قارىساڭ پەيلى يامان لۈكچەك ئىكەن، داداڭ خەقنىڭ ماجىراسىنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان بالا دەيدۇ، دېمىگەنمىدى، ئۇنىماي تۇرۇۋالساق، ناهەق ئىشلارنى كۆرگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالمايدىكەن، دەپ ئۇنى ئاقلىدىڭ، مانا خەقنىڭ دېگىنى راست ئىكەنغۇ، بىكار گەپ چىقمايدۇ، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىغان نەدە بار؟

— بولدىلا، ئاپا، ئۇ ئىشلارنى تەگمە، دېسەكمۇ شۇ،

دېمىسەكمۇ شۇ، ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن قەتئىي ئاجرىشىمەن !
ئانىسى چۆچۈپ كەتتى.
— جۆيلۈمە، خەق نېمە دەيدۇ، ئۇياقتىن توي قىلىپ، بۇياقتىن ئاجراشساڭ؟ يىغۋالغىلى توي قىپتىكەن، يوتقان يىغدى خەق ئىكەن دېمەمدۇ ... داداڭمۇ شۇنداق تاياقچى ئىدى، ئاستا ـ ئاستا تۈزۈلۈپ كەتكەن، بىرنەچچە زامان چىدا، تۈزۈلۈپ كېتىدۇ ... تۈزەلمىسە كۆزىمىز كۆرەر.
— ياق، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، خەق نېمە دېسە دېسۇن، خەق ئۈچۈن ياشايتتىممۇ؟ سەن بىلمەيسەن، مانا بىز توي قىلغىلى ئۈچ ئاي بولدىغۇ، مۇشۇ ئالتىنچى قېتىم تاياق يېيىشىم، ئاپا.
— نېمە دەيسەنۇي؟ شۇنچىلىك زالىم ئىكەن ـ دە، ۋاي جېنىم بالام، شۇنچە دەردلەرنى تارتىپ يۈرۈۋېرىپسەن ـ دە ... نېمىشقا بۇرۇنراق ماڭا دېمىدىڭ؟ دەردنى ئىچىڭگە سىلىپ يۈرۈۋەرسەڭ، تۈگىشىپ كېتىسەن، بالام.
— ئۇنى ياخشى كۆرگەنگىمۇ، سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلىماي، ئۇنىڭغا تەگكەنگىمۇ تويدۇم، ئاپا، ئەر دېگەن شۇنداق بولسا ئىككىنچى ياتلىق بولماسمىنا ...
— شۇنچە تاياقلارنى يەپسەن، قېنى ئېيتقىنا، زادى سەندىن نېمە سەۋەنلىكلەر ئۆتكەن؟
— مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ تەگكەن تۇرسام، مەندىن نېمە سەۋەنلىكلەر ئۆتىدۇ دەيسەن، ئاپا؟ تايىنى يوق ئىشلارغىلا ئۇرۇپ كېتىدۇ، سەۋر قىلار، سەۋر قىلار دەپ ئاخىر چىدىماي، بۈگۈن قېچىپ كەلدىم، ھەممىنى ساڭا دېمەي بولمىدى، تارتقۇلۇقۇم بار ئىكەن، مېنىڭ تارتىۋاتقان دەردلىرىمنى ئوبدان ئاڭلاپ قوي، ئاپا.
بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش بولغان: مەھەللىدىكى بىرنەچچە خوتۇنلار بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا يىغىلىپ، قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ

كەتتۇق. ئادەتتە تۆت خوتۇن بىر يەرگە يىغىلسا، تۈگىمەس غەيۋەتكە چۈشىدۇ. غەيۋەتنىڭ شېرىنلىكىدە ۋاقىتنىڭ قانچىلىك تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قاپتۇق. بىر چاغدا خوتۇنلاردىن بىرى: ۋىيەي ... خىزمەتچىلەر ئىشتىن يېنىپتۇ ئەمەسمۇ، ئەنە بىزنىڭ ساۋۇتجان كېلىۋاتىدۇ. كەچكە تاماق ئەتمەكچىدىم، دەپ ئۆيگە ئالدىراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن: مەنمۇ تاماق ئېتەتتىم، دەپ ئۆيگە يۈگۈردۈم. كۆكتاتلارنى ئاقلاپ ـ تازىلاپ ئولتۇرسام سېلىمجان كېلىپ قالدى.

— تېخىچە تاماق ئەتمىدىڭما ـ ھە؟ — دېدى ئۇ گۈركىرەپ.

— خوتۇنلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، كىچىككىنە دېمىڭىزنى ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مانا ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دېدىم.

— خوتۇنلارنىڭ غەيۋىتىنى ئاڭلاپ بەرسەڭ، ئۆي تۇتمىساڭ بولىدۇ، كىم بىكار، سەن بىكار، ئىشلەپ ھېرىپ كەلگەندە تاماقنىمۇ ئۈلگۈرتەلمىدىڭمۇ، لەقۋا، لالما ئىت، ھارامتاماق!

سېلىمجان ئەلپازىنى بۇزۇپ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلدى ۋە گەجگەمدىن قاماللاپ كۆتۈردى ـ دە، كاچىتىمغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى، كۆزلىرىمدىن ئوت يېنىپ كەتتى.

قورسىقى راسا ئېچىپ كەلگەندە، تاماقنىڭ تەييار بولماسلىقى ئۇنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىپ غەزىپىنى ئەۋجگە چىقارغانىدى. ئۇ شۇ ئاچچىق، غەزەپتە مېنى يەنە بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

رازىيە يىغلاپ تۇرۇپ مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سېلىمجاندىن يېگەن بىرنەچچە قېتىملىق تاياقلىرىنى، ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن ئېغىر دەرد ـ ئەلەملىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ چىقتى. ئايسىمۇ قىزىنى بەزلەۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى.

تۇرمۇش شۇنداق قىسمەتلەرگە باي: قىزىڭ بويىغا يېتىپ تالالىق بولغۇچە كەچلەردە كىنو ـ تىياتىرلارغا كەتسىمۇ، دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە ماڭسىمۇ ۋە ياكى پالانى يەرگە بېرىپ

كېلەي، دەپ ئۆيدىن چىقىسىمۇ، ئۇ يېنىپ كەلگۈچە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئۇخلىيالماي ئۆرە ئولتۇرىسەن، تالاغا نەچچە چىقىسەن، تىت ـ تىت بولىسەن، ۋەھىمىگە چۈشۈپ قورقۇنچلۇق خىياللارغا چۆكىسەن ... ئاخىر ياتلىق قىلىپ: ئۇھ، خۇدا، ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇردۇمغۇ، دەپ خاتىرجەم بولغىنىڭدا، خاتىرجەملىكىڭ ئۇزاققا بارمايدۇ. سەن ئويلىمىغان ئىشلار چىقىپ تۇرىدۇ، بېشىڭنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭلۈڭنى پاراكەندە قىلىدۇ، ھەتتا بالايىئاپەتلەر يۈز بېرىدۇ. بالىنىڭ دەردى سۆزسىز چىقىپ تۇرىدۇ. كۆلۈپ يۈرگەن ئادەملەرگە ئىنچىكە سەپسالغىنا، ئىچىدە مىڭ پاتمان دەردى بارلىقىنى سېزىسەن. بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئىش. بەلكىم سەنمۇ ئاتا ـ ئاناڭنى مۇشۇنداق دەردلەرگە قويغان بولغىيدىڭ.

كېچىسى ياتىدىغان چاغدا، ئانا قىزىنىڭ يامانلاپ كەلگەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن ئۆيىنى تاشلاپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى، سىلىمجاننىڭ ناھايىتى تاياقچى ئىكەنلىكىنى، كۆڭلى قارا، رەھىمسىزلىكىنى، قىزىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى ئېرىگە سۆزلەپ بەردى. ئېرى يېتىپ بولغانىدى. ئۇ چوڭقۇر تىندى ـ دە، ئۆرە ئولتۇرۇپ تاماكا يۆگىدى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك غەزىپى كەلدىكى، كۆزلىرى يېنىپ، قىرقىما بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى.

ــــ مەن نېمە دېگەن؟ ئۇ لۈكچەك بالا ئىكەن، بەرمەيلى دېسەم، ئۇنىمىدىڭ، مانا دېگىنىم كەپتۇغۇ، تېخى يىغلايسىنا، تويىسۇن ئەمدى !

ــــ ياشلىقتا نادانلىق قىلىدىغاندۇ، بىر ئۆي بېشىغا چۈشكەندىن كېيىن، تۈزۈلۈپ كېتەر، دەپ ئويلاپتىمەن، ــــ دېدى ئانا يېشىنى ئېرتىپ.

ــــ قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ، دەپ كونىلار بىكار ئېيتمىغان. خوش، ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟

— ئۆزىڭىز دادامنىڭ دېگىنىنى راست ئىكەن، مەن بالىلىق قىپتىمەن، كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن، بىراق چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، قەتئىي ئاجرىشىپ كېتىمەن، دەپ يىغلاپ تۇرىدۇ.

— ئۇنداق شەرمەندە گەپنى ئىككىنچى ئېغىزىڭغا ئالمىسۇن، ئوپۇل - توپۇل شۇنداق دېگىنىنى قارا ئۇنىڭ، قانداق قىلاتتى، دەردىنى تارتىپ ئۆيىنى تۇتسۇن. ئادەم ئەۋەتسە، ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن، دېگەن ۋەدىسىنى ئېلىپ قوشۇپ قويايلى.

※ ※ ※

سېلىمجان بىر ھەپتىگىچە رەللە بولۇپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ يۈردى. يالغۇزلۇقتا ئۆيى بوران ئۇچۇپ يۈرگەندەك چۆلدەرەپ، سۈرلۈك بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ رازىيەنىڭ مەھەللىسىدە پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى چۈشتە، كەچتە ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئەگىپ يۈرەتتى. ئەمما، رازىيەنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنى رازىيەنىڭ ئون تۆت ياشلىق سىڭلىسى بىرنەچچە قېتىم كۆردى. چۈشلۈكى مەكتەپتىن يانغاندا، كەچتە ئۆيىگە قايتقاندا كۆرۈپ يۈردى. بىراق، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆيىگە كىرىپ كېتەتتى. دەسلەپتە سېلىمجان ئۇنىڭدىن ئۈمىدلەندى: كىرىپ ھەدىسىگە دەيدۇ، ئاڭلىغان ھامان ئۇ ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىدۇ ... دەپ ئويلىدى.

ھەرقانچە ئۈمىدلەنسىمۇ، زارىقىپ كۈتسىمۇ ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. لېكىن، سېلىمجانمۇ كېلىشنى، ئەگىپ يۈرۈشنى توختاتمىدى. چۈشتە يېرىم سائەتتەك ئايلىنىپ يۈرسىمۇ، كەچتە تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئەل قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكۈچە، ئۇلارنىڭ ئىشىكىدىن ئۇياققا ئۆتۈپ، بۇياققا ئۆتۈپ، بەزىدە ھويلىنىڭ كەينىدىكى «پادىشاھلىق باغ» تەرەپكە ئۆتۈپ پىرقىراپ يۈردى.

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈندە دېگۈدەك بۇ مەھەللىدە پەيدا بولۇشى ئاخىرلاشمايدۇ؟ ئۇ قىلىپ قويغان ئىشى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتامدۇ ياكى ئۇنى ئالداپ ـ سىلاپ ئۆيىگە ئەكېتىپ: ھە، يامانلامسەن يەنە، دەپ تېخىمۇ قاتتىق ئۇرماقچىمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ ئۆزىدىنلا كەچۈرۈم سورىماقچىمۇ؟ بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ، بىز ئۇنىڭ رازىيەنىڭ ئۆيىنى ئايلىنىپ ـ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنىلا بىلىمىز.

رازىيەنىڭ سىڭلىسى ئاپىسىغا سىلىمجاننىڭ مەھەللىدە، ئۆينىڭ ئەتراپىدا پات ـ پات پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاپىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، چىرايى بىرقىسما بولۇپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى ۋە كۆڭلىگە يەتمىگەن ئويلار يېتىپ، ئاخىر بۇ ئىشنى ئېرىنىڭ سەمىگە سالدى:

— قارىسىلا، ھېلىقى سىلىمجان دېگەن نەرسە تەپ تارتماي، بىزنىڭ كوچىنى، ئۆينى ئەگىپ، خەقنىڭ ئالدىدا ئادەمنى ئەسكى قىلىۋاتقىنىنى، ئۇنداق قىلغۇچە، بىرنەچچە كىشى ئەۋەتسە بولمامدۇ، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ ...

دادىسىنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى:

— كوچىغا چىقسا ئالداپ ئەكېتىمەن دەيدىكەن ـ دە، چۈجە بولغىيدى، بۇ سادەك ئەپقاچىدىغان ... ئۆيىمىزنى ئەگىپ بىزنى نومۇسقا قويماقچىكەن ـ دە، ھارىمى!

— قائىدە ئۇقمايدىغان، نەدە چوڭ بولغان نېمىدۇ ئۇ؟ — دېدى ئاپىسى كۈچەپ.

— توختا، ھازىرمۇ بىزنى رەسۋا قىلىپ، مەشەنى ئايلىنىپ يۈرگەن بولسا، قاتتىقراق گەپ قىلىپ قوياي، ھەر ئىشنىڭ يولى بولىدۇ ـ دە، ئەگەر پەيلىنى بۇزۇپ ماڭا يانسا، راسا ئەدىپىنى بېرىپ قوياي جۇمۇ ئۇنىڭ، بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ ئۇ ـ ھە!

شۇ ئاچچىقىدا دادىسى گۈرسۈلدەپ مېڭىپ كوچىغا چىقتى. كۆز باغلىنىپ قالغان چاغ، جىمجىت كوچىنى ئاستا ـ ئاستا

قاراڭغۇلۇق باسماقتا ئىدى. ئۇ ئۇياق ــ بۇياققا قارىدى، تازا زەن قويۇپ قاراپ نېرىدا تۇرغان كۇيۇ ئوغلىنى تونۇپ قالدى. ئۇ بىر چامداپ، ئىككى چامداپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. سىپىلىمجان بەستلىك، گەپلىرى قوپال قېيىنئاتىسىنى كۆرۈپ، سەل ئەيمەندى ــ دە سالام قىلدى.

ــ ھە، سالام قىلىشنى بىلىسەنكەنۇ، ئۆيگە كىرىشنى بىلمەمسەن؟ نېمە قىلىپ يۇرسەن بۇ يەرنى ئەگىپ، بىزنى سازايى قىلىپ؟ ...

ــ رازىيە چىقسا ... ئازراق ... گېپىم ... ــ سىپىلىمجان ئوڭايسىزلىنىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

ــ ئۇنى مەن ئاچىقىپ بېرەيمۇ يا؟

ــ ئۆزى چىقىپ قالار.

ــ ئۆزى چىقىپ قالار؟ ... چىقىدىغان بولسا نەچچە كۈندىن بېرى چىقمامدۇ، شۇنچىلىك خورلۇق تارتقان بالا يەنە ئۆزى چىقىپ قالامدا ــ ھە؟! ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن قونۇپ قالغانغا شۇنچىلىك ئۇرۇپ كېتىپسىنا، ئۇ نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن؟ بۇزۇقچىلىق قىلغانمۇ؟ يە ئوغرىلىق قىلغانمۇ؟ ئېيتە لۇكچەك !

سىپىلىمجان ئۆڭدى. ئىچ ــ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان ئاچچىق غەزەپ بەدەن ــ بەدەنلىرىنى ياندۇرماقتا ئىدى. «لۇكچەك !» ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر ھاقارەت ئىدى. قېيىنئاتىسىدىن باشقا ئادەمدىن شۇنداق ھاقارەتنى ئاڭلىغان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان چاپان سالغان بولار ئىدى. «گەپكە ــ گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىنمۇ يانما» دېگەندەك سىپىلىمجان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى ــ دە، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى دەۋەتتى:

ــ ئۇرسام ئۆزۈمنىڭ خوتۇنىنى ئۇردۇم، ئۆزۈمنىڭ ھوقۇقى، سىلەرنىڭ نېمە كارىڭلار؟!

ــ شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ بالام بىلەن كارىم بولمايدىكەن ــ دە؟ سېنىڭ ھوقۇقۇڭ شۇنچىلىك چوڭمىدى؟ ــ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى

دىرىلداپ تىترەپ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياندى، — ئۇنىڭغا ئۆتكەن تاياق ساڭىمۇ ئۆتەمدىكىن، قېنى كۆرۈپ باق، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئالدىدا تاتىرىپ تۇرغان كۈيئو ئوغلىنى گەجگىسىدىن قامالللاپ تۇتۇپ خۇددى ئاسلاننى كۆتۈرگەندەك يەردىن يۇلۇپ كۆتۈرۈۋالدى، سېلىمجان خۇددى تورغا چۈشكەن بۆدۈنىدەك تېپىرلىدى. ئۇ شۇ كۆتۈرگىنىچە ئۇنى غەزەپ بىلەن ئاتتى. سېلىمجان نېرىغا دۈملا چۈشتى. بىراق، سول قولى ئۆز گەۋدىسى بىلەن پارچە تاشنىڭ ئارىسىدا قېلىپ بىلىكىدىن سۇنۇپ كەتتى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي، ئۇنى يەنە كۆتۈرۈۋېلىپ كاچاتلىرىغا نەچچىنى سالماقچىدى، بىراق سېلىمجان قېيىنئاتىسىنىڭ دەھشەتلىك ئەلپازىنى بايقاپ، قورققىنىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ «ۋاي قولۇم» دېگىنىچە قاچتى. ئۇ: «خەپ هارىمى، تەلىيىڭ بار ئىكەن، قېچىپ قۇتۇلدۇڭ» دەپ كەينىدىن ئالىيىپ قاراپ قالدى.

※ ※ ※

دادىسى ئۆيگە قاپاقلىرى سېلىنغان، مۇشتلىرى تۈگۈلگەن هالدا كىرىپ كەلدى.

— هارىمى «ئۇرسام ئۆز خوتۇنۇمنى ئۇردۇم، سىلەرنىڭ نېمە كارىڭلار» دېمەسمۇ، شۇنداق ئاچچىقىم كەلدىكى، يەردىن يۇلۇۋېلىپ ئېتىپتىكەنمەن، قولى ئاستىدا قېلىپ سۇندىمۇ، يا قايرىلىپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر ۋاي - ۋايلاپ قېچىپ كەتتى. بولمىسا تاياق ساڭىمۇ ئۆتەمدىكەن، دەپ راسا سالماقچىدىم، — دېدى ئۇ ئەنسىرەپ ئولتۇرغان خوتۇنىغا.

ئانا «ۋاي خۇدايىم» دېگىنىچە ئېرىگە قاراپلا قالدى.

— بولغۇلۇق بولدى، — دېدى دادىسى تاماكا يۆگەپ، — ئەمدى قىزىمىزنى چىقىرىۋالمىساق بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى.

ئانا تەگسىز خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نۇرغۇن ئىشلار چىگىچلىنىپ كەلدى ۋە ئويغا كەتتى: ئىككى ئوتتۇرىدىكى رىشتە ئاخىر ئۈزۈلۈپتۇ ـ دە ... ئەمدى ئۇنى ئۇلىغىلى بولارمۇ؟ ... كۆڭۈلگە چۈشكەن داغ يۇيۇلۇپ كېتەرمۇ؟ ... قاداق چۈشكەن چىنە بەرىبىر ساق چىنىدەك بولمايدۇ ـ دە ... بىلىمەن، قىزلار شۇنداق بولىدۇ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئاچچىقلىرى تارقىلىپ ئۆيىنى، ئېرىنى سېغىنىپ قالىدۇ، بۇ شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتقان ئىشلار ... ھەي دادىسى، ھەي دادىسى، ئوپۇل ـ توپۇل شۇنچىلىك ئىشلارنى تېرىۋەتكەن بارمۇ، ئۇنى چىرايلىق گەپ قىلىپ ياكى ھەيۋە قىلىپ يولغا سېلىۋەتسە بولماسمىدى ...

ئانىسى ئىككى ئوتتۇرىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى، يۈز بەرگەن ئىشلارنى قىزىغا سۆزلەپ بەردى.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ، ئاپا، ماڭا ئۆتكەن تاياق ئۇنىڭغىمۇ ئۆتكەندۇ، خوپ بوپتۇ، ھالال تاياق يەپتۇ.

بۇ گەپتىن ئانىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، رازىيەنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك، خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلەنمەكتە ئىدى.

سېلىمجان بولۇنغان ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنمىدى. سۇنغان قولىنى تېڭىقچىغا تاڭدۇرۇپ، بوينىغا ئېسىپ يۈرۈۋەردى. سورىغانلارغا: مەست بولۇپ قېلىپ كېچىدە ئېرىقتا يىقىلىپ چۈشتۇم، دېدى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن يىگىرمە كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. رازىيەلەرنىڭ ئۆيىنىڭ كەينى سازلىق، سۆگەتلىك بولغاچقا، تام توختىماي، ھويلىنىڭ كەينىنى چەتپەنلەر بىلەن قورشاپ قويغانىدى. كىشىلەر بۇ سۆگەتلىك يەرنى «پادىشاھلىق باغ» دەپ ئاتىشاتتى. يىگىرمە كۈندىن كېيىن، سېلىمجاننى بىرىنچى قېتىم يەنە رازىيەنىڭ سىڭلىسى پادىشاھلىق باغدا كۆرۈپ قالدى ۋە ئۆيگە يۈگۈردى.

— ھەدە، ھېلىقى بىرنېمەڭ پادىشاھلىق باغدا تىمىسقىلاپ

يۇرىدۇغۇ، بىر قولى سۇنغان ئوخشايدۇ، تېگىپ بوينىغا ئېسىۋاپتۇ، دادام كۆرۈپ قالمىغىيدى، دەپ قورقۇپ ئۆلەي دېدىم، — دېدى ئۆگسۆلى ئۆچۈپ.

— يۇرسە يۇرمەمدۇ، ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم؟ قولى سۇنغۇچە بىلى سۇنسىچۇ جۇۋاينىمەكنىڭ، — دېدى ھەدىسى تاتىرىپ.

※ ※ ※

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەچكە يېقىن تۇيۇقسىزلا رازىيە يوقاپ كەتتى. بۇ دادىسى بازاردىن قايتمىغان، ئانىسى تويدىن تېخى يانمىغان، سىڭلىسى مەكتەپتىن كەلمىگەن چاغ ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ھەممىسى كېلىشىپ رازىيەنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ، ئۇنى ئىزدەشكە چۈشتى. ئاۋۋال رازىيەنىڭ مەھەللىدىكى دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن، يېقىن ئەتراپتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىشتى. كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يىراقتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ بېقىشنى ئەتىگە قالدۇرۇپ يېتىپ قېلىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە مېگىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان كىچىك قىزىغا ئانىسى مۇنداق دېدى:

— قىزىم، ئەتىگەنرەك ماڭ، ئاۋۋال ھەدەڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تىڭتىڭلاپ باق، ئىت ئۇرغۇچىسىغا ئامراق دېگەندەك، ئۇ ئۆيىگە بېرىۋالغان بولمىسۇن يەنە.

— توۋا دېگىنە، ئاپا، ھەدەم ئۇ ئۆيىگە ئەمدى قايسى يۈزى بىلەن بارىدۇ؟

— بېرىپ باق دېگەندىكىن، بېرىپ باق، سەن تېخى كىچىك، بەزى ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن، بىز بۇ يەردە سەد پارە بولۇپ

يۈرۈۋەرمەيلى، بېرىپ باق.

سىڭلىسى ھەدىسىنىڭ مەھەللىسىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باردى ۋە شەپە چىقارماي، دەرۋازا يوچۇقىدىن ھويلىغا ئاستا قارىدى، قارىدۇ ـ يۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھەدىسى سېلىمجان بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق ھالدا گەپلىشىپ، تېخى كۈلۈشۈپ ھويلىسىدىكى كۆكتاتلارنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتاتتى.

# ئۆتى كۆچلۈك خەت

## 1

تېخى كۆرمىگەن، كۆرسىمۇ تونۇمايدىغان ئاشۇ قىزغا نىسبەتەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئىسسىق بىر تۇيغۇ قوزغىلىپ قالغانىدى. بۇ تۇيغۇنىڭ قوزغالغىنىغا مانا ئىككى يىل بولدى، ئۆچكىنى يوق، تېخىمۇ ئۇلغىيىۋاتىدۇ. ياخشى كۆرۈپ قېلىش دېگەنمۇ قىزىقلا سېزىم ئىكەن، ئىسمىنى يوشۇرغان قىز ئاقمۇ ـ قارىمۇ، تۇزمۇ ـ مايماقمۇ، ئۇنى كىم بىلسۇن؟! ئەمما، ئۇ ئۇنىڭ ئىشقىدا مەست.

ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئەسقەرنىڭ قەلبىدە يانغان مۇھەببەت ئوتى كۈچەيگىلى، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان تۈنلىرى كۆپەيگىلى تۇردى. ئەسقەر ئۇ قىزنىڭ بوي ـ تۇرقىنى، چىراي ـ شەكلىنى قىياس قىلىپمۇ باقاتتى: بەزىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاق يۈزلۈك، بويى ئۆزىدەك ئېگىز، چىرايىدىن ئېغىر ـ بېسىقلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر قىز كەلسە، بەزىدە بۇغداي ئۆڭلۈك، چېچى تاپىنىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر قىز گەۋدىلىنىپ كېلەتتى. يەنە بەزىدە چىرايى قارىراق بولسىمۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، كىشىنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلىدىغان زىلۋا بويلۇق بىر قىز كېلەتتى ۋە «ئۇ قىز چىرايلىق بولمىسا، مۇنداق ئىشەنچلىك خەت يازالايتتىمۇ» دەپ ئويلايتتى.

مۇشۇنداق چىراي ـ گەۋدىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتىۋېرىپ، ئۇلار ئەسقەرگە تونۇشتەك، دائىم كۆرۈپ تۇرغان قىزلاردەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۇلار بىلەن غايىبانە پىچىرلىشىپ ـ گەپلىشىپمۇ كېتەتتى. هازىر شۇ نەرسە ئېنىق بولۇپ قالدىكى، ئۇ ئاشۇ قىزنىڭ مەستلىكىدە خېلىدىن

بىرى ئۆزىگە ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەن قىسمىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسىگىمۇ قاراپمۇ قويمايدىغان بولدى.

قىش ئۆتۈپ، ماناس دەرياسى ۋادىسىغا باھار كەلدى. تەبىئەت دۇنياسى يېشىل تون كىيىشكە باشلىغان، ئىللىق باھار شامىلى ئۇچقان، نەغمىچى قۇشلارنىڭ ناخشىسى باشلانغان بۇ مەزگىل ئەسكەرنىڭ قىزنى سۇرۇشتۇرۇش - تېپىش ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. كۆڭلىدە بىرەر ئوي، ئۈمىد پەيدا بولغان ئادەم جىم تۇرالامدۇ؟ ... ئالدى بىلەن ئۇ ھەربىي كىيىملەرنى نەدە تىكىدىغانلىقىنى بىلىۋالماقچى بولۇپ ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن سۇرۇشتۇردى. ئۇ بىلدى: ھەربىي كىيىملەر شۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدە، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى ئۇيۇشتۇرغان ماشىنىچىخانىلاردا، بەزىلىرى شەخسىي ئۆيلەردە تىكىلەتتىكەن. بۇ غۇ ئېنىق بولدى. ئەمدى ئىسمىنىڭ باش ھەرپىگە «ئا» كېلىدىغان قىزنى قانداق تېپىش كېرەك؟ بۇنداق باش ھەرپى «ئا» بىلەن باشلىنىدىغان قىزلار ئىسملىرى ئازمۇ؟ بىر شەھەردە كەم بولغاندا يىگىرمە - ئوتتۇزى باردۇ ... مەيلى، نېمە بولسىمۇ، غۇلجىغا بېرىپ سۇرۇشتۇرۇش كېرەك. ئاپام ئاغرىق ئىكەن، دەپ رۇخسەت سورىسا، بېرىشى مۇمكىن. ھازىر تىنچ مەزگىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ پىدائىي بولۇپ سەپكە كىرگەندىن بېرى بىر قېتىممۇ سوراپ باققىنى يوق.

ئۇ شۇنداق قىلدى، باتالىيون ئىشتابىدىن يەتتە سوتكا رۇخسەت ئالدى - دە، تەمىنات باشقارمىسىنىڭ قارا ماشىنىسىدا يولغا چىقتى: «دۇنيادا ئاجايىپ ۋەقەلەر بولىدىكەن - دە، تۇۋا، كۆرمىگەن، ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان قىزنى ئىزدەپ كېتىپ بارغىنىمنى ... — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بوپتۇ، كۆرمەي تۇرۇپمۇ بىر - بىرىگە كۆڭلى - مۇھەببىتى چۈشۈپ قالىدىغان ئىشلار بولغانغۇ، بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىرى بىر - بىرىنى كۆرمەي، ئۇقماي توي قىلىشىپ، پەرزەنت كۆرۈشۈپ، ۋاپادار ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ قالغانلارغۇ؟! بىزمۇ

بەلكىم شۇنداق بولۇپ كېتەرمىز ... بىز بىر - بىرىمىزنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، ئەمما بىرىمىز شەرت قويغان، بىرىمىز ئۇنى ئورۇندىغانلاردىن. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن؟! ... بەلكىم شۇ تۇرقىدا ئاشۇ قىزمۇ قۇشقاچ تىلىدەك قىسقا خېتىنى كىملەر كىيگەن كىيىمنىڭ يانچۇقىدىن چىققانلىقىنى ۋە شۇ خەتنى ئالغان جەڭچىنىڭ ئۆزىنى قاچان ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندۇ. قىز بالا دېگەن ئوغۇللارغا قارىغاندا ھېسسىياتلىقراق بولىدىغان، بەلكى مەندىنمۇ چوڭقۇرراق، ئازابلىقراق ئويلاردىدۇ ...»

## 2

كىشى ئائىلىسا كۈلگۈسى كەلگۈدەك بۇ ئىش ئەسقەرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ھاياجان قوزغاپ، ھاياتىدىكى مۇھىم بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغاندى. بىراق، بۇ تېخى بىر خىيال، ئۇمىد، خىيالنىڭ ھەممىسىلا رېئاللىققا ئايلانمايدۇ. ئۇ بەزىدە ئۆزىدە ئەندىشىلىك، ۋەھىمىلىك ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قوزغىلىپ قالىدىغانلىقىنى سېزەتتى. ئۇ ھال رەڭ چېچەك ئاچقان يۇلغۇنلار ئارىسىدىكى قۇم - شېغىللىق، كاتاڭلىق يولدا قاتتىق سىلكىنىپ كېتىپ بارسىمۇ، ئۇچقۇر خىياللىرىدا غۇلجىغا بېرىپ بولاتتى ۋە ئانچە ئىزدەپ كەتمەيلا باش ھەرپى «ئا» ئىسىملىك قىزنىمۇ تاپقان بولاتتى. بىراق، قىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: سىزگە قويۇلغان شەرت خەلقىمىزنىڭ سىزدىن كۈتكەن ئۇمىدى دېسە، نېمە دېگۈلۈك؟ ياكى كەچۈرسىز، بۇ ئىشقا ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتتى، سىزدىن جاۋاب بولمىغاچقا، مەن تۇرمۇشقا چىقىپ كەتكەن، دېسىچۇ؟ ۋە ياكى ئۇ قىز ناھايىتى سەت بولسىچۇ؟ ... ئەسقەر يۇقىرىقى ئىنتايىن دەھشەتلىك ئىككى سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. پەقەت ئەپسۇسلىنىپ، سۈلتىيىپ كەينىگە ياناتتى. ئەمما، ئۈچىنچى سوئالغا ئىشەنچلىك

جاۋاب بېرەلەيتتى: مەيلى، سەت بولماق تۇگەل، مېيىپ بولسىمۇ مەيلى، چۈنكى مەن ئاشۇ خەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئالاھىدە روھلىنىپ، قەسەم ئىچىپ جەڭگە كىرگەن، كۆكسۈمدىكى ئىككى ئوردېن ئاشۇ سەت قىز يازغان خەتنىڭ ماڭا بېغىشلىغان كۈچىدىن كەلگەن.

ئۇ خىياللىرى بىلەن بىردەم روھلىنىپ، بىردەم مەيۈسلىنىپ غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۈمىد بىلەن كوچىغا چىقتى. ئۇ ھازىر ئاددىي جەڭچى ئەمەس، تۆۋەن دەرىجىلىك بولسىمۇ ئوفىتسېر - پراپپورشىك. ئەنە، مۈرىسىدىكى پاگونىدا بىر بالداق بىر يۇلتۇز چاقناپ تۇرۇپتۇ؛ ئۈچىسىدا ناسۋال رەڭ گىمناستوركا بىلەن گەلەپى شىم؛ پۇتىدا پارقىرىتىلغان ئۆتۈك؛ كۆكسىدە قاتار تىزىلغان «پىدائىي»، «باتۇرلۇق» ئوردېنى.

ئەسقەر كوچا كېزىپ كېتىپ بارىدۇ، نەگە بېرىشنى، نەدە توختاشنى بىلمەيدۇ، بىرىدىن سوراي دېسە، نومۇس قىلىدۇ، يا ئىسمىنى بىلمىگەن، تونۇمىغان ئادەمنى قانداقمۇ سۈرۈشتۈرگىلى بولسۇن؟! ... كوچىدا ئادەملەر نۇرغۇن ئىدى، قىزلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. كىم بىلىدۇ؟ بەلكىم، ئاشۇ كېتىپ بارغان قىزلارنىڭ بىرەرسى شۇدۇر. بەزىلىرى شۇنداق چىرايلىق، بەزىلىرى سەت. تېخى بەزىلىرى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراۋاتىدۇ، خۇددى مەيلى باردەك، بىرنەرسىنى تۇيغاندەك مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراۋاتىدۇ. بىراق، بەزىلىرى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ ... ھەي، شەيتان قىزلار، خۇدايىم سىلەرنى ياراتقاندا، پېشانەڭلەرگە ئۆز ئىسمىڭلارنى پۈتۈپ قويسىچۇ كاشكى !

ئۇ شەھەردىكى ماشىنىچىخانىلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك باردى، ئەمما ئىچىگە كىرەلمىدى. بىر تونۇشىنى ئىزدىگەن بولۇپ، ھەربىي تەمىناتنىڭ ئىش تىكىۋاتقان ئىشخانىلىرىغا كىردى. كۆڭلى تارتىپ قالغان بەزى ماشىنىچىخانىلارنىڭ

ئالدىدىن بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا بىرنەچچە قېتىم ئۆتتى، بەزىلىرىنىڭ ئالدىدا ئون مىنۇت ـ ئون بەش مىنۇت توختاپمۇ قالدى. بەزى ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئېچىۋېتىلگەن ئىشخانىلاردا چاقچاق قىلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئىشلەۋاتقان قىزلارنى كۆردى. كىم بىلسۇن، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرمەك ئاسان ئەمەس ئىكەن، بۇ ئىش دۈشمەننىڭ ئارىسىغا، ئارقا سېپىگە كىرىپ رازۋېدكىچىلىك قىلىشتىنمۇ ياكى بىرەر «تىل» تۇتۇپ كېلىشتىنمۇ تەس ئىكەن، ئۇ نەچچە قېتىم مۇنداق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغان، ئەمما بۇنچىلىك قىيىن ھېس قىلمىغان، ئازابلانمىغان، تىت ـ تىت بولمىغان. بۈگۈن تېپىشماقلىق، تىلسىملىق ئايلىنىشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، ئەتە ئۆز قىسمىغا قايتىشى كېرەك، ئىككى يىللىق ئازابلىق خىيال، ئۈمىدلىنىش، ئىچىدىن يېنىش ـ كۆيۈش، مۇنۇ ئۈچ كۈنلۈك كوچا كېزىش، ئىشخانىمۇئىشخانا قاتراشتىن زادى نېمە مەنە چىقتى؟ شۇنچە گۈزەل ئارمان، ئەقىدىلەر ئوچاقنىڭ كۈلىدەك توزۇپ كېتەرمۇ؟ ... ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ، بىر تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، بىر تۇرۇپ چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك بولاتتى.

ئاخىر ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، سۇلتىيىپ قالغان ئەسقەر توغرا كۆۋرۈكتىكى ماشىنىچىخانىنىڭ ئالدىدا يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان، ساقىلى پاكىز قىرىلغان، ئەمما ئاپپاق ئاقارغان بۇرۇتىنى قويۇۋەتكەن، پاگونى بىر بالداق ئىككى يۇلتۇزلۇق، كۆكسىدە «ساداقەت» ئوردېنى بار مۇنۇ ئادەمنى يەنە كۆرۈپ قالدى. مىللىي ئارمىيەنىڭ ئارقا سەپ بۆلۈمىدە ئىشلىسە كېرەك ئەتىمالىم، ئەسقەر ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ھەربىر ماشىنىچىخانىلارغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەنلىكىنى، بەزىلىرىدىن پۈتكەن قىشلىق ھەربىي چاپان ـ شىملارنى ھارۋىغا بېسىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئاق بۇرۇتلۇق كىشى ئەسقەرنىڭ ئۆزىگە بىرنېمە دەيدىغاندەكلا قىلىپ تۇرغان ھالىتىدىن، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى:

— يولداش پراپپورشىك، — دېدى ئۇ، — سىز ئالدىنقى سەپتىن كەلگەنغۇ دەيمەن؟
— شۇنداق، تاپتىڭىز، يولداش پاتپارۇچىك.
— سىزنى ئىككى كۈندىن بېرى ماشىنىچىخانىلارنىڭلا ئالدىدا ئۇچرىتىمەن، بىرىنى ئىزدەپ يۈرسىڭىز كېرەك؟
— بۇنىمۇ تاپتىڭىز، يولداش پاتپارۇچىك.
— كىمنى ئىزدەيسىز؟ بەلكى، ياردىمىم تېگىپ قالار.
— مەنمۇ سىزدەك بىر ياردەمچىگە تەشنا بولۇپ تۇراتتىم، يولداش پاتپارۇچىك، ئاۋۋال ئىسمىڭىزنى بىلىۋالسام، ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى.
— ئىسمىم - فامىلەم قاسىموف ھاشىم.
— ھاشىمكا، — دېدى ئەسقەر ھەربىيلەرگىلا خاس سۆزلەرنى قايرىپ قويۇپ، — مەن بىرىنى ئىزدەپ كەلدىم، بىراق ئىزدىگەن ئادىمىمنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن، كۆرسەممۇ تونۇمايمەن.
— بۇ قانداق گەپ؟ — ئۇ تەئەججۇپلىنىپ ئەسقەرگە قارىدى. ئەسقەر ئوڭايسىزلىنىپ:
— بۇ جاۋاب تېپىش قىيىن بولغان تېپىشماق، ئەمما مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ماناس دەرياسى بويىدىن كەلدىم، — دېدى.
— ئىزدەيدىغان ئادىمىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دېدى ئۇ بۆرۈتىنى سىلاپ ئويلانغان ھالدا.
— ماشىنىچىلىق قىلىدۇ.
— ئەرمۇ - ئايالمۇ؟
— قىز.
— ھە، مۇنداق دەڭ، — قاسىموف ھاشىم كۈلۈمسىرىدى، — شۇڭا ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىمۇ بىلىنمىدى دەڭە ... ئىزدەيدىغان قىزىڭىزنىڭ بىرەر بەلگىسىنى بىلەمسىز؟
— بىلىمەن، — ئەسقەر قىزىرىپ كەتتى - دە، تۆش يانچۇقىدا ئىككى يىلدىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى قۇشقاچ تىلىدەك قىسقىلا خەتنى قاسىموفقا ئۇزاتتى، — مانا

بەلگىسى.

ئۇ خەتنى ئوقۇپ مەنىلىك كۈلۈمسىرىدى:

— بۇ خەت سىزگە بېرىلگەن كېيىمنىڭ يانچۇقىدىن چىققانمۇ؟

— شۇنداق بولغان.

— ئۆزى قىسقا يېزىلغان بىلەن ئوتى كۈچلۈك ئىكەن ـ دە ...

قاسىموف يەنە كۈلۈمسىرىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۈلكىسىدە ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— بىراق، ئۇكا، — دېدى ئۇ، — بىر مۇشكۈل ئىشنىڭ كەينىگە كىرىپسىز، 1945 ـ يىلى پۈتۈن خەلق دېگۈدەك سەپەرۋەر قىلىنىپ، ھەربىي كىيىم تىككەن، ئۇ چاغلاردا نۇرغۇنلىرى ئۆيدە تىككەن، بىز ئۇ ئۆيلەرگە بارمايتتۇق، ئۆزلىرى ئەكېلىپ بېرەتتى. يېڭىدىن ئېچىلغان ماشىنىچىخانىلاردىمۇ تىككەن، مۇنۇ ئىشخانىلاردىن يېزىلغان بولسا، بەلكىم ئاسانىراق بولار، بىراق قىز بالىلاردىن بۇنى سۈرۈشتۈرۈشمۇ قىيىنراق دەڭە، شۇڭا تېپىشمۇ ئاسان ئەمەس، سىز قاچانىراق قايتىسىز؟

— مېنىڭ ۋاقتىم توشۇپ قالدى، — دېدى ئەسقەر، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، ئاقىرىپ كەتكەنىدى، — ئەتە قايتىشىم كېرەك.

— سىزمۇ بىلىسىز، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەردىن بۇنداق خەتلەرنى ئالغانلار كۆپتۇر. مۇشۇنداق خەتلەرنى يېزىپ پۈتكەن كىيىملەرنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىپ قويغان قىزلار ئاز ئەمەس، بۇرۇنمۇ سالغان، ھازىرمۇ سېلىپ قويۇۋاتقانلار بار. بىراق ئۇكا، بەزىلىرى چىن دىلىدىن شۇنداق يازسىمۇ، بەزىلىرى، بەلكىم كۆپچىلىكى ئوينىشىپ يېزىپ قويىدۇ ... ئەمدى ... شۇنداق بولسىمۇ، سۈرۈشتۈرۈپ باقاي، بەزىلەردىن ئاسماقچىلاپ سوراپ باقاي، تەلىيىڭىز ئوڭدىن كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— بۇ بىر چۈش كۆرگەندەكلا ئىش، — دېدى ئەسقەر

ئوڭايسىزلىنىپ، — بۇ يەرگە ئۆزۈمنىڭ قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن.

— بولىدۇ، ئۇكا، سىزگە ياردەم قىلاي، ھەرھالدا بۇ بىرنەچچە كۈندىلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ھەربىي تۈزۈمنى مەن سىزدىن چوڭقۇرراق چۈشىنىشىم مۇمكىن، سىز ئەتە قايتىۋېرىڭ، ماڭا مۇشۇ خەتنى، ئىسىم ـ فامىلىڭىزنى، ئادرېسىڭىزنى تولۇق قالدۇرۇپ كېتىڭ، يا قايىنامدىن، يا سايرامدىن، دېگەن گەپ بار، قېنى، بەختىڭىزنى سىناپ باقمامدۇق.

ئېككىسى كۈلۈشتى ۋە ئايرىلىشتى.

### 3

بىر كۈن ئۆتتى. قاسىموف ھاشىم توغرا كۆۋرۈكتىكى ماشىنىچىخانىنىڭ زاكاز قوبۇل قىلغۇچى ئادىمى بىلەن پۈتكەن ـ پۈتمىگەن كىيىملەرنىڭ ھېساباتىنى قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئىش تىكىۋاتقان قىزلاردىن، ئىشخانا ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى پەنەركە بىلەن ياسالغان كىچىك بوتكا ئايرىپ تۇراتتى. قىزلار بىردىنلا چاقچاق قىلىشىپ، كۈلۈشۈپ، ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ كەتتى:

— قىزلار، شۇنچە نۇرغۇن خەتلەرنى سېلىۋېتىۋۇق، بىزنى بىرەرسىمۇ ئىزدەپ كەلمەيدۇغۇ؟

— سائادەت، سەن قانچىسىغا سالدىڭ؟

— مەن بەش گىمناستوركىنىڭ يانچۇقىغا بەشنى سالدىم.

— مەن ھازىرغىچە ئوننى سالدىم.

— مەن سەككىزنى ...

— قىزلار، ھەممە يىگىتلەر بىر چاغدىلا كېلىپ بىزنى تالىشىپ كەتسە، قانداق قىلارمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، ئۆزۈڭلار بۆلۈشۈۋېلىڭلار، دەپ تۇرۇپ بېرىمىز ـ دە.

قىزلار ئىشخاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— بىزنىڭ ئوينىشىپ يازغىنىمىزنى جەڭچىلەرمۇ بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، بولمىسا بۇ چاغقىچە بىرەرسى ئىزدەپ كېلەر ئىدى.

— ياق، مەن ئوينىشىپ يازمىدىم، — دېدى يەنە بىرسى، — ئۈچ دۈشمەننى يوقاتسىڭىز ... بولدى ...» دەپ بىر لا گىمناستوركىنىڭ يانچۇقىغا سالدىم. سىلەرمۇ ئېغىزىڭلاردا ئوينىشىپ دەپ قويغان بىلەن كۆڭلۈڭلارنىڭ نېرىسىدا باشقا ئوي باردۇ؟

— ئامىنە، سەن ئاران ئۈچىنىلا دېدىڭما؟ راستىنىلا ئۈچ دۈشمەننى يوقاتقان جەڭچىگە ئۆزۈڭنى سوۋغا قىلالامسەن؟

باياتىن بېرى بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان قاسىموف هاشىم «ئامىنە» دېگەن ئىسىم ئاڭلىنىشى بىلەنلا، ئەسقەر تاشلاپ كەتكەن هېلىقى خەتنى ئەسلەپ، بوتكىدىن بېشىنى چىقىرىپ قىزلارغا قارىدى.

— گېپىم گەپ، — دېدى ئامىنە ئىسىملىك قىز قەتئىي هالدا، — ئۈچىنىلا يوقاتسا، مەن شۇنىڭ!

قىزلار يەنە كۈلۈپ كەتتى.

يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئۇرۇپ كەتكەن قاسىموف هاشىم هاياجانلاندى: «چوقۇم شۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئەسقەر قالدۇرۇپ كەتكەن خەتنى ئەسلەپ، — «ئۈچ دۈشمەننى يوقاتسىڭىز، مەن سىزنىڭ. ئا.» بۇ مۇشۇ ئامىنە، قەتئىيلىكىدىن تال - تال كىرپىكلىرى كىمگىدۇر قادالغان ئاشۇ ئامىنە!»

ئامىنەنىڭ چىرايىدا نە نازلىق خۇلق، نە خۇشخۇي كۈلكىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى.

— سەن ئۆزۈڭنى سوۋغا قىلىدىغان جەڭچىنىڭ، — دېدى بايىقى قىز، — ئۇرۇشتا بىر قولى ئۈزۈلگەن بولسىچۇ؟

— مەيلى.

— قولتۇق تاياقلىق بولسىچۇ؟
— مەيلى.
— كۆزىدىن ئايرىلغان بولسىچۇ؟
— يەنە مەيلى! — ئامىنەنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى سۇرلۇك تۇس ئېلىپ، قوي كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەندى، — ئۆز خەلقىنىڭ، ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئەگەر ئۇ جەڭچى پۇتىنى، قولىنى ياكى كۆزىنى ئايىمىغان بولسا، مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ئايامدىم؟! ... بىلىپ قوي: ئۇنداق جەڭچى ۋەتەنىنىڭ پەخرى! خەلقىنىڭ ھەقىقىي، مەرد ئوغلى!

قىزنىڭ ھاياجان بىلەن ئېيتقان سۆزىدىن باشقىلار تەسىرلىنىپ كەتتىمۇ ياكى ئويىنىشىپ يېزىپ قويغان دېگىنىگە نومۇس قىلدىمۇ، ھەممىسى شۈك بولۇپ قالدى. يېشىنىڭ ئەللىكتىن ئېشىپ قالغانلىقىغا قارىماي، گومىنداڭغا قارشى بىرىنچى ئوق ئېتىلىشى بىلەنلا بۇ سەپكە كىرگەن، بۇرۇتلىرى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن قاسىموف ھاشىم ئامىنەنىڭ مەردانە سۆزىگە، قەتئىيلىكىگە، ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا قاراپلا قالغانىدى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئىشتىن قايتقان ئامىنەنى يولدا ساقلاپ تۇرغان قاسىموف توختىتىۋالدى:

— ئامىنە، — دېدى ئۇ سەل تىترەپ، — مەن ھەربىي ئادەم، گەپلىرىم قوپالراق بولسىمۇ، خاپا بولماڭ ھەم مەندىن ئىزامۇ تارتماڭ، سىزگە بىر گەپنى ئېيتماي بولمىدى. مەن سىلەرنىڭ ئىشخانىدا قىلىشقان بايىقى گەپلىرىڭلارنى تولۇقى بىلەن ئاڭلىدىم، سىزنىڭ سۆزىڭىزگە، ئىرادىڭىزگە قايىلمۇ بولدۇم. مۇھىمى مەن ئىزدىمەكچى بولغان ئادىمىمنى — سىزنى شۇ يەردىن تاپتىم، قىزىم. سىزنىڭ ئىككى يىل بۇرۇن ئۆزىڭىز تىككەن گىمناستوركىڭىزنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويغان خېتىڭىزنى ئالغان جەڭچى سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن ...
— ھە! ...

— شۇنداق.

— قاچان ؟ — قىز شۇنداق سوئال قويدى ـ يۇ، ئالدىراپ قويغان سوئالى ئۈچۈن قىزىرىپ كەتتى. قاسىموفنىڭ تېخى گېپىمۇ ئاخىرلاشمىغانىدى.

— تۈنۈگۈن كەچتىكەن، ئۇ تېپىشماقلىق خەتنىڭ ئىگىسىنى ئۈچ كۈن ئىزدەپتۇ، سىلەرنىڭ ئىشخانىڭىنىڭ ئالدىدا ماڭا يولۇقۇپ قالدى.

— تۈنۈگۈن قىزلار، مەشەنى بىر كوماندىر ئەگىپ قالدى دەۋاتاتتى، شۇمىكىنە؟ ... مەن دىققەت قىلماپتىمەن.

— دىققەت قىلغان بولسىڭىزمۇ، ئۇ سىزنى تونۇمىغاندەك، سىزمۇ ئۇنى تونۇمايتتىڭىز ـ دە، بەلكىم شۇدۇ، ئۆزى قوشۇما قاش، ئېگىز بويلۇق يىگىت ئىكەن، سول پۇتىنى سەل ئاياپ دەسسەيدىكەن، ئۇ سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئالغاندىن كېيىن، قەسەم ئىچىپ جەڭگە كىرىپتۇ، ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۈچ ئەمەس، تۆت دۈشمەننى يوقىتىپتۇ. قەھرىمانلىقلىرى ئۈچۈن مەيدىسىگە ئىككى ئوردېن چىقىپتۇ. خەتتىكى شەرتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، سىزنى يەنى ئىسمى «ئا» بىلەن باشلىنىدىغان قىزنى ئىزدەپ كەپتۇ. بىراق، ئۇ سىزنى تاپالماي بۈگۈن كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ تېپىشماقنى تېپىشقا ياردەم قىلماقچى بولغان، مۇنداق ئاسانلا تېپىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى بىر ـ ئىككى كۈن توختىتىپ قالغان بولاتتىم.

قىز يېرىم نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ، ئۆزىنى بېسىۋالالمىغان هالدا:

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى.

— ئەمدى ئاسان، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىكى خەتلەرنى ئېلىپ، — مانا ماۋۇ سىزنىڭ خېتىڭىز، ماۋۇسى ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسى.

ئامىنە هاياجاندىن تىترەپ كەتكەن قوللىرى بىلەن سۇنۇلغان خەتلەرنى ئاستا ئالدى. ئىزا تارتتىمۇ، ئوقۇشقا جۈرئەت

قىلالمىدى. ئەمما، كۆزىنىڭ قىرى چۈشۈپ قالغان خەتتىن ئۆز پوچېركىسىنى تونۇدى.

— ئەمدى ئاسان، — دېدى ئۇ يەنە، — يا سىز، يا مەن مۇشۇ ئادرېسقا خەت يازىمىز، ئۇ ئۈچ - تۆت كۈنگە قالماي يېتىپ كېلىدۇ. ئەمما، ماڭا بېرىدىغان سۆيۈنچىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

قاسىموف هاشىم يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان تاغ ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەندەك يېنىك تىندى - دە، ئامىنە بىلەن خوشلاشتى.

پۈتۈن ئەزايى بەدىنى ئۈمىد، هاياجاندىن تىترەپ، يۈرىكى ئويناپ كەتكەن ئامىنە خەت يېزىشنىمۇ قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن جەڭچىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، ئەتىسى ئەتىگەندە ھەربىي ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە — ماناس دەرياسى بويىغا قاراپ يولغا چىقتى. نەق شۇ مەزگىلدە ئۆز قىسمىغا قايتىشنى بىر ھەپتە كېچىكتۈرۈشكە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تېلېفوندا سۆزلەشمەكچى بولغان ئەسقەر ئۆيىدىن چىقتى - دە، ئۇدۇل پوچتىخانىغا قاراپ ماڭدى.

1987 - يىلى 8 - مارت، غۇلجا

# ئەمەتهاجى

ئەمەتهاجى بوۋايىنى بىزنىڭ مەھەللىدىكى كىشىلەر ياخشى كۆرەتتى ۋە كەمبەغەللىكىگە قارىماي ھۆرمەت قىلاتتى. دادىسى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئەمەتهاجى» دەپ ئىسىم قويىدى، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. ئېھتىمال، ئۇ بالىسىنىڭ چوڭ بولغاندا ھاجى بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاندۇ ياكى دۆلەتمەن باي بولۇشىنى ئويلىغاندۇ. ناۋادا دادىسى شۇنداق ئارزۇلارنى قىلغان بولسا، ئۇ ئۆمرىدە بۇلارنىڭ بىرىگىمۇ ئېرىشەلمىدى. غېرىب - مۇساپىر بولۇپ دۇنيادىن ئۆتتى. مەيلى قانداق بولسۇن، كىشىلەرنىڭ بۇ غەلىتە ئادەمنى يادلاپ تۇرۇشى، نامىنىڭ ئۆچۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ھېكايىنى يازغۇم كەلدى.

## 1

مېنىڭ باللىق چاغلىرىم ئىدى. ئەمەتهاجى بوۋاي بىزنىڭ قورۇغا تام قوشنا ياغاچچىلىق دۇكىنىدا يېتىپ - قوپاتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قەشقەردىن چىققىنىغا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپتۇ، ھازىرغىچە يا بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقىنى، يا بىرەر ئېغىز ئۆيىمۇ يوق، پۈتۈن ئۆمرى تىكەندەك يالغۇزچىلىقتا، مۇساپىرچىلىقتا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ بىرەر يېقىن ئاغىنە - بۇرادىرىمۇ يوق ئىدى، بىر يۇرتلۇقلىرى بولسىمۇ، ئىزدىمەيتتى، ئىزدەپ كەلسە، خۇش بولمايتتى. قىسقىسى، ئاۋۋال قانداق بولسا، شۇنداقلا يېگانە ياشايتتى. مەن بوۋاينىڭ بۇ غەلىتە مىجەزىگە ھەيران قالاتتىم.

ئەمەتهاجى بوۋاي ساقاللىق، يېشى ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتمىشلاردا بار، لېكىن بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، تېخى ئەللىككە يەتمىگەن، مۆكچىيىپ سەل ئالدىغا ئېگىشىپ قالغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا ياز كۇنلىرى ئاق ماتادىن ئۇزۇن يەكتەك، قىشتا بولسا، چەكمەن چاپان كىيىپ يۈرەتتى، يۇڭلۇق مەيدىسى قىش - ياز ئوچۇق تۇراتتى، ئۇنىڭ نۇرسىز ئورا كۆزلىرى كىشىگە غەمكىنلىك بىلەن پىلدىرلاپ قارايتتى. ئۇ قاچانلا قارىسىڭىز قايغۇرغان هالدا هارغىن يۈرەتتى ۋە جاهاندىكى هەممە ئىشلارغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قارايتتى. گويا ئۇنىڭ قەلب دەردلىرى، سىرلىق خىياللىرى پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى يەپ، قېنىنى شوراپ كېتىۋاتقاندەك چىرايى سولغۇن، هەسرەتلىك ئىدى. ئۇ تاپاۋەتكە — پۇلغا قىزىقمايتتى. بىرەرى ئۇنىڭغا توق تۇرمۇش، جاراڭلىق ناخشا، ئارامبەخش خىياللارنى ئاتا قىلسا، ئۇ بۇلارنىڭ هېچقايسىسىنى قوبۇل قىلمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئەمەتهاجى بوۋاي كۆپرەك ۋاقتىنى ياغاچچى ئۇستامنىڭ دۇكىنىدا چاق پىرقىرىتىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى دۇكانغا يانداش تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقى ئالدىدا تاكى يېرىم كېچىگىچە ئولتۇراتتى - دە، ئاندىن ياغاچخانىغا كىرىپ، چەكمەن چاپىنىنى يېپىنىپ ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇ مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن، مۇشۇ بىر خىل تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزەتتى.

مەن بەزىدە يۇزا - خەشەك ئالغىلى دۇكانغا كىرەتتىم - دە، ئىچىم سىيرىلغان هالدا بوۋايغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈگىمەس خىياللىرى بىلەن مۇڭداشقان هالدا بىر خىلدا چاق پىرقىرىتاتتى. ئۇ گويا چاقنى ئەمەس، خىيال يىپلىرىنى يۆگەۋاتقاندەك ۋە بۇ يىپلار يۆگەلگەنسېرى چىگىچىلىنىپ، كاللىكىلىشىپ كېتىپ بارغاندەك قىلاتتى. لېكىن، بوۋاي هالال ياشايتتى. كىشىلەر ئالدىدا بويۇن قىسىشنى، ساماندەك سارغىيىشنى، ئوچۇق ئېيتقاندا، بىر پارچە

نانىنىڭ غېرىبى بولۇپ ياشاشنى كۆڭلىگە زادىلا سىغدۇرالمايتتى. مەن: «خۇدايىم بۇ بوۋاينى نېمىشقا مۇشۇنداق يالغۇز، مىسكىن ياراتقاندۇ؟ ...»دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم - يۇ، تېگىگە يېتەلمەيتتىم.

بىر قېتىم بوۋايغا ئىچىم ئاغرىپ، ئۆيدىن بىر توقاچ ئاچىقىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم. بوۋاي ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— نانىنى ئوغرىلاپ ئاچىقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ. مەن:

— ياق، ئاپامدىن سوراپ ئاچىقتىم، — دېدىم.

— رەھمەت بالام، قورسىقىم توق، — دېدى ئۇ ۋە نانىنى ئالمىدى.

ماڭا بوۋاينىڭ قورسىقى ئاچتەكلا تۇيۇلغاچقا ۋە نانىنى يەنە تەڭلىدىم:

— قورساقلىرى ئاچقاندا يېسىلە.

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— كېيىنكى ئىشنى شۇ چاغدا كۆرىمىز.

يەنە بىر قېتىم دادام ھويلىدا تونۇر قويۇۋېتىپ:

— ئەمەتھاجىنى چاقىرغىنا، قارىشىپ بەرسۇن، — دېدى ماڭا.

مەن ئۇنى چاقىرىپ كىردىم. بوۋاي دادام بىلەن بىللە يېرىم كۈن ھەپىلىشىپ تونۇر قويۇشتى. كەچقۇرۇنلۇقى دادام بىر تەخسە لەڭمەن چىقارتتى. مەن كۆڭلۈمدە: «تايىنلىق، بوۋاي بۇنى ئالمايدۇغۇ» دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ئۇ گەپ قىلمايلا تەخسىنى ئالدى - دە، لەڭمەننى پاكپاكىز يەۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا قاراپ مەن دادامنىڭ دائىم ماڭا ئېيتىدىغان: «ئوغۇل بالا دېگەن بىر پارچە نانىنى ھالاللاپ يېيىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەمەتھاجى قېرى بولسىمۇ، ھەرگىز كىشىلەرنىڭ قولىغا قارىمايدۇ» دەيدىغان سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى.

## 2

ئەمەتهاجى بوۋاي ناخشىنى چىرايلىق ئېيتىدۇ، دېسە، ئاڭلىمىغان ئادەم ئىشەنمەيدۇ. مەن ئۆزۈممۇ مەھەللىمىزدىكى قەشقەردىن چىققان باشقا ئادەملەرنىڭ ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىمىغان، پەقەت ئەمەتهاجى بوۋايلا ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشلىرىگە يات هالدا ئىلى ناخشىلىرىنى ناهايىتى چىرايلىق ئېيتاتتى. ئېيتقاندىمۇ قايسى ۋاقىتتا دېمەمسىلەر، كېچىسى كوچىدا بىرمۇ ئادەم قالمىغان، پۈتۈن مەھەللە ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا ئېيتىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولسىڭىز، ئۇنىڭ يېنىغا كەلمەسلىكىڭىز، كۆزىگە كۆرۈنمەسلىكىڭىز كېرەك. يېنىغا كەلسىڭىز، تاڭ ئېتىپ كەتسىمۇ، ئېيتماي ئولتۇرۇۋالىدۇ ياكى ياغاچچىلىق دۇكىنىغا كىرىپ كېتىدۇ. مەن كۆپ هاللاردا دەرۋازىنىڭ كەينىگە شەپىسىز كېلىپ، مۆكۈپ تۇرۇپ تىڭشايتتىم.

ئۇنىڭ ناخشىسىدا پۈتۈن مەھەللە تەۋرىنىۋاتقاندەك ياكى دەردلىك ئازابتا تولغىنىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مەن شۇنىڭغا هەيران قالاتتىمكى، ئادەتتە چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى كۆپ قىلىدىغان بۇ ئادەم، ناخشا ئېيتقاندا قوشاقلىرىنىڭ سۆزلىرىنى دانىمۇدانە چىقىرىپ ئېيتاتتى:

گۈل دېگەنگە گۈل بولامدۇ،
قاتى - قاتى بولمىسا.
يار دېگەنگە بار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا.

قىزىلگۈلۈم، قىزىلگۈلۈم،
ئەجەب ۋاقتا خازان بولدۇڭ.

مېنى مەيخانىغا تاشلاپ،
ئۆزۈڭ يولغا راۋان بولدۇڭ.

بۇ مېنىڭ مەستۇنلۇقۇم،
مەستلىكىم مەيدىن ئەمەس.
هاۋادا پەرۋاز قىلىپ،
ئۇچماقلىقىم پەيدىن ئەمەس.
.......................

ناخشىدىن كېيىن ئۇ قۇدۇقتا چۇشۇپ كەتكەن ئادەمدەك جىمىپ كېتەتتى ـ دە، بىرهازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاران ـ ئاران ئاڭلانغۇدەك هالدا مۇنداق سۆزلەرنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ قالاتتىم:

— هەي كاج پەلەك ... ۋاپاسىز ئالەم ... قىتىغۇر زامان ... !

ئۇنىڭ دەردلىك ناخشىسى هەممە ئادەمنى ئۆزىگە جەلىپ قىلاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشاشقا ئادەتلەنگەندى. دادام ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشاپ بولۇپ پات ـ پات:

— ئەمەتهاجىنىڭ كىشىلەرگە ئېيتمايدىغان بىر دەردى بار ـ دە، — دەپ قوياتتى. مەن: «ئۇنىڭ نېمە دەردى باردۇ؟» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم، بىراق دادامدىن سورىيالمايتتىم.

ئەمەتهاجى بوۋاي هەر كۈنى دېگۈدەك هاراق ئىچەتتى، لېكىن جېدەل چىقارمايتتى. هېلىمۇ ئېسىمدە ، بىزنىڭ مەهەللىدە «ئاۋۇت ماجىرا» دەيدىغان يەنە بىر هاراقكەش ئادەم بار ئىدى. ئۇ هاراق ئىچتىمۇ، جېدەل چىقارماي قويمايتتى. بىكاردىن ـ بىكار كىشىلەرگە: «نوچى بولساڭ چىق، هەرقانداقىڭنى سالىمەن» دەپ دېۋەيلەيتتى. ئۇچراشقانلا ئادەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ مۇشت ئاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئۆلگۈدەك تاياق يەپ، ئاندىن جىمىپ قالاتتى. ئەمەتهاجى بولسا ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى. ئۇ ياغاچچى

ئۇستامدىن كۆنلۈك ھەققىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇدۇللا مەيخانىغا بېرىپ، نەچچە ئون يىل ساقلانغان مەيدىن ھېجىرغا تۆت سەر قۇيدۇراتتى ــ دە، قاسساپتىن ئالغان ئىككى دانە بۆرەكنى يېرىپلا مەيگە چىلايتتى. بۆرەك ۋاژىلداپ قايناپ توختىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مەينى ئىچىۋېتىپ، كەينىدىن بۆرەكنى يەيتتى. ئۇ جىددىلمۇ چىقارمايتتى، خۇشخۇيلىشىپ ئېچىلىپ ــ يېيىلىپمۇ كەتمەيتتى. پەقەت مەي ئىچمىگەن چاغدىكىدەك غەمكىن ــ مىسكىن ھالدا تىپتىنچلا يۈرەتتى (مەي ئىچسە، نوچىلىقى تۇتىدىغان كىشىلەرگە ئۇ زادىلا ئوخشىمايتتى). ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقىمۇ شۇ بولۇپ قالاتتى. بەزىلەر:

— ئەمەتھاجى، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ شۇ پۇلغا ئون دانە مانتا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېسە، ئۇ قانداقتۇر خىجالەت بولغاندەك:

— ئوتتۇز يىل بوپتۇ، مۇشۇنىڭغا ئۆگىنىپ قاپتىمەن، — دەيتتى. مۇنداق چاغلاردا ياغاچچى ئۇستام:

— ئەمەتھاجىنىڭ ئىككى ئاغرىقى بار، بىرى ناخشا، بىرى ھاراق، — دەپ قوشۇپ قوياتتى.

راست، بوۋاي ماڭا دۇنياغا ھاراق ئىچىش، ناخشا ئېيتىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بوۋاينىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر ئۇنىڭغا خېلى ئوبدان لايىقلارنىمۇ تېپىپتىكەن، لېكىن بوۋاي ئۆيلەنگىلى زادى ئۇنىماپتۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭ ھاياتىغا ئېچىنغان بىلەن، ئۆزى ئېچىنمىسا نېمە ئامال بار؟!

**3**

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى.

مەن كېچىسى كوچىغا يۈندى تۆككىلى چىققانىدىم، دۇكان

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن چۈشكەن كىچىككىنە ئۇزۇنچاق يورۇقنى كۆرۈپ قالدىم. «ئەمەتھاجى بوۋاي نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئاستا بېرىپ مارىدىم، قارا چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا بوۋاينىڭ تورۇسقا تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇنى ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ دەپ پەرەز قىلىپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى، ئۇ زادىلا مەسچىتكە كىرمەيتتى. بۇ دېمەتلىك ئادەملەر بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلماي ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىزنىڭ مەھەللىدە نامازنىمۇ تاشلىمايدىغان، ھاراقنىمۇ تاشلىمايدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ئىش مەن ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپمۇ كەتتى، لېكىن بوۋاي كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي ھامان جىمجىت، خۇددى قېتىپ قالغان ئادەمدەك ئولتۇراتتى. يەنە بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بۇگۈكىنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە ساندۇقتىن بىرنەرسىنى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى. مەن تازا سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ بىر دانە ئۈزۈك ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۈزۈك ئالتۇن ئۈزۈكمۇ ياكى جا ئۈزۈكمۇ پەرق ئېتەلمىدىم، بىراق چىراغ يورۇقىدا ئۈزۈك كۆزىنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بوۋاي بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ـ دە، نۇرسىز كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى ... ئۇ ياشلىرى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن ساقىلىنى سىلىغان ھالدا ئۈزۈكنى بىرنەچچە قېتىم سۆيدى. بىر قېرى بوۋايدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئالامەتلەر مېنى ھەيران قالدۇردى. ياش دېگەن كىشىنىڭ كۆزىدىن ، بولۇپمۇ ياشانغان ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئاسانلىقچە چىقامدۇ؟ ! يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، مېنىڭمۇ كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. «ھەي بىچارە ... مۇشۇ ئادەمنىڭ نېمە دەردى باردۇ» دەپ چوڭقۇر ئازابقا چۆمۈلدۈم. ئەگەر ئاپامنىڭ مېنى چاقىرغان ئاچچىق ئاۋازى ئاڭلانمىغان بولسا، بوۋاي چىراغنى

ئۈچۈرۈپ ياتقۇچە قاراپ تۇرغان بولاتتىم.
ئۈيگە كىرىپ ياتقان بولساممۇ، لېكىن زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. ئۈيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ كەتتى، بىراق مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن بايىقى كۆرۈنۈشلەر ھېچ نېرى كەتمەيتتى. دادامنىڭ: «ئەمەتھاجى بوۋاينىڭ كىشىلەرگە ئېيتمايدىغان بىر دەردى بار ـ دە» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئاستا چۈشەنگەندەك قىلاتتىم ـ يۇ، بىراق باش ـ ئۇچىغا چىقالمايتتىم. «بوۋاي نېمىشقا يىغلايدۇ؟ ئۇنىڭ زادى نېمە دەردى بار؟ ئۇزۇكچۇ؟ ...» بۇ بىر قاتار سوئاللار ماڭا ئارام بەرمەي ئۇيقۇمنى قاچۇردى. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ سىرنى ماڭا ئېيتىپ بەرمەيدۇ، مەن تۇرماق، خېلى ـ خېلى چوڭ ئادەملەرگە ئېيتمىغان تۇرسا، مېنىڭدەك بىر پىندەككە ئېيتاتتىمۇ؟ !
مەن تاڭغا يېقىن توخۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن چىللاشقا باشلىغاندا، ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

## 4

يىللارنىڭ كەينىدىن يىللار ئۆتۈۋەردى. مەن ئوقۇشقا كەتتىم. بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈكتىكى نۇرغۇن ۋەقەلەر، ئائىلىمىزدە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلار ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. لېكىن، ئەمەتھاجى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى مىسكىن، دەردلىك قىياپىتى، ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان ۋەقەلەر ئېسىمدىن زادى چىقمىدى. بوۋاي ئېسىمگە كەلسىلا كۆڭلۈم بۇزۇلاتتى، ئازابلىناتتىم ...
ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. مېنىڭ كەلگەن كۈنۈم ئەمەتھاجىنىڭ ۋاپات بولغان كۈنىگە توغرا كەپتۇ. ئائىلىدە مېنى قارشى ئېلىش ئانچە تەنتەنىلىك بولمىدى. چۈنكى، ئەمەتھاجىنىڭ ۋاپاتى بىزنىڭ ئائىلە ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش بولغاندەك

قىلاتتى.

مەھەللىمىزدىكى ئاقساقاللار ئۇنىڭ كىچىك ساندۇقىنى ئاختۇرۇپ بار - يوق دۇنياسى — ھېلىقى ئۇزۇك بىلەن بىر پارچە خەت تېپىپتۇ. بوۋاي كۆز يۇمۇشتىن سەللا بۇرۇن ھال سوراپ يوقلىغان كىشىلەرگە ئۇزۇكنى ئۇزى بىلەن بىللە كۆمۈۋېتىشنى ۋەسىيەت قىلغانىكەن، لېكىن مەھەللە ئۆلىمالىرى «بۇنداق قىلىش بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلامغا توغرا كەلمەيدۇ» دەپ ئۇزۇكنى سېتىۋەتتى - دە، ئۆلۈم مەرىكىسى ئۈچۈن ئىشلەتتى. بوۋاينىڭ ئۆلۈمى ئاددىيلا ئۆزتىلدى.

بوۋاينى يەرلىككە قويۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەھەللە چوڭلىرىدىن بىرى ماڭا:

— سەن ئوقۇغان ئادەم، رەھمەتلىكنىڭ مۇنۇ خېتىنى ئوقۇپ باق، — دەپ قېلىن بىر قەغەزنى بەردى.

مەن ئۇنى شۇ كۇنى كېچىدىلا ئوقۇپ چىقتىم ۋە ھەممە نەرسە — ئۇنىڭ مىسكىن - غېرىب ھاياتىنىڭ ھەقىقىي سىرى، ھېلىقى كېچىسى بوۋاينىڭ ئۇزۇكنى يېنىپ - يېنىپ سۆيۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ۋە دادام دائىم دەيدىغان «ئەمەتھاجىنىڭ كىشىلەرگە ئېيتمايدىغان بىر دەردى بار» دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئايان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بۇ غەلىتە بوۋايغا بولغان ھۆرمىتىم ئاشتى، ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ساقلىغان ئەقىدىسىگە قايىل بولدۇم.

خەت سامان قەغەزگە قالايمىقان يېزىلغان، ئىملا خاتالىرىمۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەزى سۆزلىرى ئۆچۈپ قاپتۇ. خەتنىڭ يېتىپ كېتىشى، ئۆچۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ مەزمۇنىغا تەگمەي، جۈملىلىرىنى تۈزىتىپ، خاتىرە دەپتىرىمگە تۆۋەندىكىدەك كۆچۈرۈپ قويدۇم:

«مەن قەشقەر قوغاندىكى كېرىماخۇننىڭ ئوغلىمەن. دادام تۆزچىلىق قىلاتتى. بىزنىڭ بار - يوقى بىر ئېشىكىمىز بولغاچقا، دادام ئاۋاتتىن شۇ ئېشەككە تۇز ئارتىپ كېلىپ

ساتاتتى. كەمبەغەل بولساقمۇ ئارزۇلۇق بالا ئىدىم، چۈنكى مېنىڭدىن بۇرۇن تۇغۇلغان تۆت ئوغۇل، تۆت قىز ئۆلۈپ كېتىپ، مەن ئەڭ ئاخىرىدا تۇرۇپ قالغانىكەنمەن. دادام مېنى سەككىز يېشىمدىن ئون يېشىمغىچە كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ ئوقەتكە سالدى. بىر كۈنى دادام توساتتىن ماڭا:

— ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، بىز تارتايلى بالام، سەن بىزنىڭ بارىمىزدا ئوقۇۋال، چوڭ بولغاندا جاپا تارتمايسەن، — دېدى.

مەن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتىم، بۇ چاغدا قەشقەردە پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلغان بولۇپ، مەن دېمەتلىك باللار بويۇنلىرىغا جىلتىلارنى ئېسىپ، رەتلىك ۋە يېڭىچە كىيىملەرنى كىيىشىپ ئوقۇشاتتى. مەن بۇ باللارنى كۆرگەندە، ئۇلارغا زوقۇم كېلىپ، تەلمۈرۈپ قاراپ كېتەتتىم، مەنمۇ مۇشۇلاردەك ئوقۇسام نېمە بولار، دەپ ئارمان قىلاتتىم. دادامنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ ئوقۇشقا بەرگىنىدىن خۇددى قاناتلىنىپ ئاسمانغا چىقىپ ئۇچقاندەك خۇشال بولدۇم.

بىزنىڭ سىنىپتا مەتكىرىمباينىڭ قىزى ئانارگۈلمۇ ئوقۇيتتى. قىز ناھايىتى شوخ، خۇشخۇي، تېتىك ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، كەچ كۈزنىڭ بىر كۈنى، تەنەپپۇس ۋاقتىدا باللار بۆك «تاشلاش» ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. مەن بىر چەتتە بوينۇمنى قىسىپ، تىترەپ تۇراتتىم. ئانارگۈل ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— يامانلاپ قالغاندەك نېمىشقا چەتتە تۇرىسىز؟ يۈرۈڭ ئوينايمىز، — دېدى ـ دە، مېنى قولۇمدىن تارتىپلا مەيدانغا چۈشۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئانارگۈل بىلەن يېقىنلىشىپ كەتتۇق.

ئۇ باينىڭ قىزى بولغاچقا، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆيىدىن ئوچاق سامسىسى، پىشقان گۆش ياكى گۆشناننىڭ بىر پارچىسىنى ياغلىققا تۈگۈپ كېلەتتى ۋە ماڭا تەڭلەيتتى. ئالمىسام قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

— يۈزىڭىزگە ئىككىنچى قارىمايمەن، — دەيتتى. ئالغاندىن كېيىن ئىچىلىپ كېتەتتى. كېيىنرەك دەپتەر، قېرىنداشلارنىمۇ ئەكېلىپ بېرىدىغان بولدى. شۇڭا باللار ئارىسىدا مۇنداق گەپ - سۆزلەر چىقىپ كەتتى:
— كىم ياخشى ئوقۇسا، ئانارگۈلنىڭ گۆشنىپنىغا شېرىك بولالايدۇ.

— ئەلاچىلار تاپقاننى تەڭ يەيدۇ - دە!
— ئەمەتنىڭ نېمىسى بار؟
— تىلەپ يەيدىغان قولى بار.
.....................
بۇ سۆزلەر مېنى خىجىل قىلاتتى، بولۇپمۇ كېيىنكى سۆز جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتەتتى - دە، نېمىشقا خۇدايىم بىزنى كەمبەغەل قىلىپ ياراتقاندۇ، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ بىر ئىلاج قىلىپ ئارىلاپ - ئارىلاپ بولسىمۇ ئانارگۈلگە ئانار ئەكېلىدىغان بولدۇم. قىز مەندەك تارتىنىپ كەتمەيتتى، خۇشخۇي هالدا ئانارنى ئېلىپلا يەيتتى ۋە:
— ئانىرىڭىز ئەجەب شېرىن ئىكەن، — دەپ ماختايتتى.
بىز ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا نېمىشقىدۇر بىر - بىرىمىزگە ئەكېلىدىغان نەرسىلىرىمىزنى باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان بولۇپ قالدۇق. لېكىن، كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنى يوشۇرمايتتۇق. ئانارگۈل شۇ يېشى بىلەنمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ نامراتلىقىغا ئېچىناتتى ۋە ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ كەلگۈسىدە باياشات كۈن كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتۈرەتتى. كۈنلەر مانا شۇنداق ئۆتۈشكە باشلىدى.
بىراق، شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئائىلىگە بىر پېشكەللىك كەلدى. دادامنىڭ ئاۋاتتىن تۇز توشۇيدىغان ئېشىكى يولدا ئۆلۈپ قاپتۇ. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز شۇنىڭ بىلەن ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ تىرىكچىلىكىمىز نېمە بىلەن ئۆتىدۇ؟ يوقسۇزلۇق،

تىرىكچىلىك يولى دادامنى سارغايتىپ، ئانارگۈلنىڭ دادىسى مەتكېرىمباينىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. دادام يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن ئون تەڭگە ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرىدىغان بولۇپ، بايدىن ئوتتۇز تەڭگە قەرز ئالدى ۋە ئۇنىڭغا بىر ئېشەك سېتىۋېلىپ، يەنە ئوقىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۈچ ئايدىن كېيىن دادام ئوتتۇز تەڭگە ئەمەس، ئۈچ تەڭگىمۇ ئېشىنالمىدى. ئاخىر باينىڭ زورى بىلەن مەن ئۇنىڭغا مالاي بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

شۇنداق قىلىپ مەكتەپتە ئوقۇيالماس بولدۇم. ئاتا ـ ئانام ئۆزىنىڭ بار ـ يوقىغا قارىماي، مېنى نېمە ئۈمىدلەر بىلەن ئوقۇتۇۋاتاتتى؟ مېنىڭ تەلپۈنۈپ تۇرغان بالىلىق ئارزۇلىرىم نەلەرگە كەتتى؟ بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئۆپكەمنى باسالماي قالدىم ... ئاۋۋال ئانام، ئاندىن داداممۇ يىغلىدى، ھەتتا ئانارگۈلمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى ـ دە، دادىسىنى: «تويمىغۇر قېرى» دەپ تىللىدى. مەن شۇ چاغدا ئانارگۈلنىڭ دادىسىنى تىللىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىدىم. نېمە ئامال بار؟ باي قورۇسىغا باردىم. ئىلاجسىزلىقتىن ئوقۇشتىن قېلىشىم مېنى، ئانارگۈلنى قاتتىق قايغۇغا سالغان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئاشۇ ھويلىدا ئىشلىشىم ھەر ئىككىمىزگە ئۈمىد بېغىشلايتتى.

ئانارگۈل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا دادىسى تۇيۇقسىزلا ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. ئانارگۈلنىڭ دېيىشىچە، دادىسى: «بولدى، قىزىم، رەسىدە بولۇپ قالدىڭ، يۈزۈڭنى ئېچىپ كوچىدا يۈرسەڭ مۇسۇلمانچىلىقىمىزغا توغرا كەلمەيدۇ» دەپتۇ.

ئەمدى بىزمۇ كەمدىن ـ كەم كۆرۈشىدىغان بولدۇق. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ كىچىككىنە بېشىمغا ئېيتقۇسىز ئېغىر قايغۇ كەلدى. پەقەت يىگىرمە كۈن ئىچىدىلا ئاتام بىلەن ئانام كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتتى. مەن قارا يېتىم بولۇپ قالدىم. مەتكېرىمباي ئاتام بىلەن ئانامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقاچقا، مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭ باغلاندىم. ئەمدى مېنىڭ بىردىنبىر

ئۈمىدىم، چىرىغىم، يۆلەنچۈكۈم ئانارگۈل بولۇپ قالغانىدى.

مالايلاردىن ئۈچ كىشى مۇشۇ چوڭ قورۇدىن تاماق يەيتتۇق. لېكىن، باينىڭ ئەتىۋارلىق ئالا ئىتى بىزدىن ئوبدانىراق يەيتتى. بىر كۈنى كېچىسى ھاۋا ناھايىتى تىنچىق بولۇپ كېتىپ، ماللارنىڭ يېنىدىكى كىچىك غىمسا ئۆيدە ياتالماي، ئۆگزىگە چىقىپ كەتتىم. ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە، ھويلىدا شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم، ئانارگۈل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كېلىۋاتاتتى. يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كەتتى، ئۇ ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ كەلدى ـ دە، شوتىغا ياماشتى، ئايىغىنى يۇقىرىقى بالداققا ئالغاندا، ئۆيدىن مەتكېرىمباي چىقىپ قالدى.

— چۈش بۇياققا ! ھوي ... نومۇسسىز ... — دەپ ۋارقىرىدى باي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — قولتۇقۇڭدىكى نېمە ئۇ؟ ھە، سەن تېخى شۇ ھارامدىن بولغانغا مۇشۇ گۆشنانىنى بەرمەكچىمىدىڭ ... ئۆزىنى بىلمەيدىغان قەدىرسىز، ئۇ زېدى پەس گادايغا بەرگۈچە ئىتقا بەرسەڭ بولمامدۇ بۇنى ...

باي گۆشنانىنى يەرگە ئاتتى. قىز بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۈن ـ تىنسىز تۇراتتى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، باي مېنى ئاۋاتتىكى چوڭ ئەنجۈرلۈك بېغىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىدىغان بولدى. مەن مېڭىشىنىڭ ئالدىدا، ئانارگۈل ئىككىمىز ھويلا كەينىدىكى كىچىك باغدا ئۇچراشتۇق، قىزنىڭ كۆزلىرى ياش، چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايى سولغۇن ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى:

— سىز مەن ئۈچۈن نۇرغۇن ئازار يېدىڭىز، — دېدىم مەن.

— مەيلى قانچىلىك ئازار يېسەممۇ ھەرگىز قايغۇرمايمەن، — دېدى ئۇ يەردىن كۆزىنى ئالماي، — سىز ئۈچۈن ھەرقانداق ئازار يېيىشكە تەييارمەن، دادام سىزنى قانچە يىراق يەرگە قوغلىۋەتسىمۇ، كۆڭلۈمدىن قوغلىۋېتەلمەيدۇ !

ئانارگۈلنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان بۇ سۆزلىرى مېنىڭ

قايغۇلۇق يۈرەك ـ باغرىمنى ياشارتتۇەتتى. مەن ھاياجان بىلەن ئۇنى باغرىمغا باستىم:

— دۇنيادا مېنىڭ سىزدىن باشقا ھېچنېمەم يوق، سىزنى دەيمەن، مەڭگۈ سىزنى دەيمەن ! ...

بىز بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلماسلىقىمىز، مۇھەببىتىمىزگە ئاخىرىغىچە سادىق بولۇپ، ئۆمۈرلۈك بولىدىغانلىقىمىز ھەققىدە قەسەم ئىچىشتۇق. بارماقلىرىمىزدىن قان چىقىرىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆكسىگە بېسىشتۇق. ئانارگۈل ماڭا بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك يادنامە قىلدى.

مەن شۇ كۈنلا باينىڭ ئاۋاتتىكى ئەنجۈرلۈك بېغىغا چىقىپ كەتتىم، ئانارگۈل قالدى.

مەن ئانارگۈلدىن يىراق، چەت يەردە ئىشلىسەممۇ، لېكىن يۈرىكىم شۇ ھويلىدا قالغاندەك بولدى. كۈنلىرىم ئانارگۈلنى سېغىنىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. مەن سېغىنىشنىڭمۇ ئادەمگە كۈچ ۋە لەززەت بېرىدىغانلىقىنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم سەزدىم ھەم يۈرىكىمدىن يالقۇنلىنىپ چىقىۋاتقان مۇھەببەت ئوتلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ يۈردۈم. ھەر قېتىم ناخشا ئېيتسام، بىر ئارام ئالغاندەك بولاتتىم:

گۈل دېگەنگە گۈل بولامدۇ،
قاتى ـ قاتى بولمىسا.
يار دېگەنگە يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا.
..................

شۇنداق سېغىنىش، ئىنتىزارلىق بىلەن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، قايسى قولىقىم بىلەن ئاڭلاي، ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئانارگۈل ئۆزىنى قىزىل دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ، دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدىم. پۈتۈن ئالەم قاراڭغۇلىشىپ

كۆزۈمگە تىقىلغاندەك، يۈرىكىم دەھشەتتىن يېرىلىپ كەتكەندەك بولدى. شۇ كۈنىلا ھېچنېمىگە قارىماي شەھەرگە چاپتىم. ئانارگۈل راستتىنلا ئۆلۈۋالغانىكەن، بۇ ئىش مۇنداق بوپتۇ:

مەتكېرىمباي ئانارگۈلنى شەھەردىكى بىر چوڭ باينىڭ ساۋۇر بايۋەچچە ئاتلىق ئوغلىغا كىچىك خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بوپتۇ. قىز قارشىلىق قىلىپ قاڭغىر قاقشاپتۇ ... قانچە قىلىپمۇ ماڭا ئادەم چىقىرالماپتۇ ‹ئۇ چاغدا باي قورۇ بىلەن ئاۋاتتىكى باغنىڭ بېرىش - كېلىشىنى ئاتايىن ئۈزۈۋەتكەنىكەن›. ئاخىر قىز نىكاھ كۈنى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ.

مەن قىزنىڭ ھاياتىغا شۇنچىلىك پاجىئەنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى قىلچە ئويلىماپتىكەنمەن، تەقدىرنىڭ بۇ شەپقەتسىزلىكىدىن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويدۇم. مەن ئۈچۈن پەقەت ئانارگۈللا بۇ يورۇق جاھاندىكى بىردىنبىر يۆلەنچۈكۈم، ئۈمىدىم ئىدى. ئەمدى ياشاشنىڭ نېمە مەنىسى قالدى؟ ! ... ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدەمگە سادىق بولۇپ، مەنمۇ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كېلىپ، قىز ئۆزىنى قەيەردىن تاشلىغان بولسا، شۇ يەرگە كەلدىم. قىزىل دەرياسى سۈرلۈك تۈس ئېلىپ، ۋەھشىيلەرچە دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا ئىدى. لېكىن، شۇ چاغدا ماڭا ئۇشتۇمتۇتلا بىر خىيال كەلدى: ‹بىزنى مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك جۇدالىققا سالغان مەتكېرىمباي ئەمەسمۇ ! ئۇنىڭدىن ئانارگۈلنىڭمۇ، ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆچۈمنى ئالماي قانداقمۇ ئۆزۈمنى ئوغۇل بالا دەپ بېلىمنى باغلاپ يۈرىمەن؟! ... ›

شۇ كۈنى كەچتە ئۆزۈمگە تونۇش بولغان باينىڭ سامانخانىسىغا مۆكۈنۈپ، باينىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ئەلياتقۇ چاغدا باي تالاغا چىقتى. مەن سامانخانىدىن قانداق ئېتىلىپ چىققىنىمنى بىلمەيمەن، بارغان پېتى باينىڭ ئۇتتۇر كەلگەن يېرىگە پىچاقنى نەچچە قېتىم سىلىۋېتىپ، ھويلىنىڭ ئارقا تېمى بىلەن قاچتىم، ئەتىسى ئاڭلايمەن، مەتكېرىمباي ئۆلمەپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن باينىڭ ئادەملىرى، ھۆكۈمەت چېرىكلىرى مېنى قاتتىق ئىزدەشكە چۈشتى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتۇمدا تۇرۇشقا ئامال بولمىدى. ئاخىر ئانارگۈلنىڭ قەبرىسىنى تاشلاپ، تاغ ئارقىسىغا ــ ئىلىغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەمدى بۇ ناتونۇش، ياقا يۇرتتا ھاياتىمنىڭ نېمە بولىدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ، بەلكى داۋانلار ئارىسىدا ۋەھشىي ھايۋانلارغا يەم بولارمەن ياكى يەنە بايلار ئالدىدا خارلىنارمەن، ئەمدى ھەممىسى بەرىبىر، ئەمما ئانارگۈلنىڭ روھى ھەممە يەردە مەن بىلەن تاكى ئۆلگۈچە بىللە بولىدۇ! مەنمۇ ئۇنىڭغا بەرگەن قەسىمىمگە ئەبەدىي سادىق بولىمەن ...»

1981 ـ يىلى ئۆكتەبىر، غۇلجا

# ھاسلىق ئادەمنىڭ پۇلى

## 1

پۇلنىڭ ئىگىسىنى قانداق تېپىش كېرەك؟

ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن، بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان نىجات قوشۇمىسىنى تورۇپ، كىچىككىنە كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قالغانىدى. مۇشۇ سوئال ئۇنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى قاتتىق قىينىماقتا. ھەر كۈنى ئۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، كىشىلەرگە زەن سېلىپ قارايتتى، ئۇچراپ قالسىكەن، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئېگىز بويلۇق، يۈزلىرى تاتىراڭغۇ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا قوناقچىلىك خالى بار ھاسلىق ئۇ ئادەم زادىلا ئۇچرىمايتتى. «ئەستا، — دەپ جىلە بولۇپ تېپچەكلەيتتى نىجات، — مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ، جەللىگۈرگە ئۇچراپتىمەن ـ دە، دېگەنمىدۇ ياكى تازا قارا كۆڭۈل ھارامزادىگە يولۇقۇپتىمەن ـ دە، دەپ قالغانمىدۇ؟ ...» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن خورلىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى، نەچچە ئۇنلىغان قوللار غەزەپ بىلەن جونۇۋاتقاندەك ئازابلاندى.

بۈگۈن ئۇ مەكتەپتىن يېنىپ يەنە كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئۇ ھەممە ئادەمگە دېگۈدەك سەپسېلىپ قاراپ چىقتى، لېكىن ھېلىقى ئادەم كۆرۈنمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ... ئۇ مۇنداق «ئەتە» دىن نەچچىنى ئۆتكۈزدى، ئۇ ئادەم تۇرماق، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. شۇ چاغدا ئۇ مۇنۇ نەرسىنى ھېس قىلىپ قالدى: بۇ چاغدا بۇ يەرگە ئادەملەر كەلمەيدۇ ـ دە. كەچقۇرۇنراق، كىنو باشلىناي دېگەندە، ئادەملەر كۆپىيىدۇ. شۇنىڭغىچە ساقلىسام ئۇ ئادەم كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

نىجات كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتكۈچىلەرگە قاراپ تۇردى. ئۇ ئارىلاپ پۇل بار يانچۇقىنى تۇتۇپ قوياتتى. قولى پۇلغا تەگسە تىت ـ تىت بولاتتى. ئۇنىڭ كۆزى كىنوخانا ئالدىدىكى مەيداننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزىگە ئوخشاش بوينىغا جىلتا ئاسقان بىر توپ بالىنىڭ تەپمە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. «ئاشۇلار ئوشۇق ئوينىغاچقا، دادام مېنى قاتتىق تۇتۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇلار ئۆيىگە ۋاقتىدا قايتقان بولسا، ئوشۇق ئوينىمىسا، دادامۇ مېنى بۇنچىلىك چىڭ تۇتۇپ كەتمەيتتى» دەپ ئويلىدى ئۇ.

دادىسى ئېسىگە كېلىش بىلەن ئۇنى قورقۇنچ باستى، دادىسىنىڭ سوئاللىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ كەتكەندەك بولدى:

— نېمىشقا كېچىكتىڭ؟ ئوشۇق ئوينىدىڭمۇ؟

— نەدە يۈردۈڭ؟ بازار ئارىلىدىڭمۇ؟

— ئەخلەت ساندۇقلىرىنى كوچىلاپ يۈردۈڭمۇ؟

ئۇ دادىسىنىڭ ئاشۇ سوئاللىرى بىلەن چەكچەيگەن كۆزلىرى، تىترىگەن غەزەپلىك قوللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ـ دە، ئۆيىگە قاراپ چاپتى، پۇلاڭلاپ كەتكەن جىلتىسىنى بىر قولىدا تۇتۇۋېلىپ، ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

نىجاتنى دادىسىنىڭ بۇنچىلىك چىڭ تۇتۇشىدا سەۋەب بار، ئاتا ـ ئانىلار سۆھبەت يىغىنىدا نىجاتنىڭ سىنىپ تەربىيەچىسى: «... بالىلارنى تەربىيەلەشتە، مەكتەپ تەربىيەسى بىلەن ئائىلە تەربىيەسى بىرلىشىشى كېرەك. بالا مەكتەپتە ئاران بەش ـ ئالتە سائەتلا بولىدۇ، قالغان ۋاقىتتا ئائىلىدە بولىدۇ. بىز بالىلارنى چىڭ تۇتىمىز، ئاتا ـ ئانىلارمۇ چىڭ تۇتۇشى كېرەك. چۈشتىن كېيىن دەرس ئۈچ يېرىمدا تۈگەيدۇ، تۆت يېرىمغىچە تازىلىق، تۈرلۈك كۇرۇژوك پائالىيىتى، ئىختىيارىي ھەرىكەت بولىدۇ، سائەت بەشكىچە ئۆيىگە بارمىغان بالا كوچىدا يۈرگەن، باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ۋاقتىدا قايتماي نەلەردە يۈرگەنلىكىنى ئاتا ـ ئانىلار

سۇرۇشتۇرۇشى كېرەك» دېگەنىدى.

كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن قورۇسىنىڭ ئالدىغىچە يۈگۈرۈپ كەلگەن نىجات بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىپ قورۇغا كىردى. چايخانىدا ئاپىسى كۆكتات توغراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇدۇللا خالىي جايغا كىرىپ كەتتى. يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ، بىر پارچە سولياۋغا ئوراپ، بۇلۇڭدىكى كۆمۈر كۇمىلاچنىڭ كەينىگە تىقىپ قويدى ـ دە، سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى تەكرارلىنىۋاتقىنىغا يەتتە كۈن بولغانىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى شۇ يەردىن پۇلنى ئالاتتى ـ دە، مەكتەپكە ماڭاتتى. ھېلىقى ئادەم ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيگە كېلىپلا ئاشۇ يەرگە يوشۇرۇپ قوياتتى.

ـــ نېمانچىلا تەرلەپ كەتتىڭ؟ ـــ دېدى ئۇنىڭ كەينىدىن قورۇغا كىرگەن دادىسى، ـــ قىزىۋاتامسەن؟

ـــ ياق، قىزىمىدىم، باللار بىلەن چېپىشىپ كەلگەن.

ـــ خالىي جايغا ئارانلا ئۈلگۈرۈپسەن ـ دە، ماڭ، جۈگۈ، كالىنى سۇغىرىۋېتىپ تاماق پىشقۇچە دەرسىڭنى ئوقۇ.

ـــ ماقۇل، دادا. دەرسنى باغقا چىقىپ ئوقۇيچۇ؟

ـــ مەيلى، ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ ـ ھە ...

نىجات كالىنى يېشىپ سىرتقا ماڭدى. دادىسى ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. نىجاتنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى ـ دە، مېڭىشتىن توختاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

نىجات ئۇ پۇلدىن نېمانچە ئەنسىرەيدۇ؟ نېمىشقا ھەر كۈنى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا بىر ئادەمنى كۈتىدۇ؟

ئىشنىڭ بېشىغا كېلەيلى:

نىجاتنى دادىسى قاتتىق باشقۇراتتى. ئۇنىڭ مەكتەپتىن ۋاقتىدا قايتىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرگەندىن باشقا، كەچلىكى كىنوغا بېرىشقا، باللار بىلەن كوچىدا ئويىنىشىغا، ئاخشىمى تېلېۋىزور كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلمايتتى. پەقەت شەنبە كۈنىلا تېلېۋىزور كۆرسە بوپتۇ، دەيتتى. بالىنى بۇنداق قاتتىق باشقۇرۇشقا ئانىنىڭ ئىچى ئاغرىسىمۇ ئىچىدە

بىلەتتى. بەزىدە ئانىسى چىدىماي كوتۇلدىسا، دادىسى: ھە، بۇنىمۇ قىزىقىدەك قىلاي دەمسەن، دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايتتى.

نجات ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە بارسا، بەزى باللار ئاخشام كىنوخانىدا، بەزىلىرى ئۆيىدە تېلېۋىزوردا كۆرگەن كىنولىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىپ كېتەتتى. تېخى بەزى باللار مەھەللىدە ئوينىغان «بەك يات»، «مۆكىمۆكىلەڭ»، «قوغلاشماق» ئويۇنلىرىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى، موملىرىدىن ئاڭلىغان چۆچەكلىرىنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىكەنلىكلىرىنى بەس ـ بەس بىلەن سۆزلەيتتى.

نجات مۇنداق قىزىق ئويۇنلاردىن مەھرۇم ئىدى. شۇنداق ئويۇنلارنىڭ گېپى بولسا مەيۇسلىنىپ قالاتتى: «مېنىڭ دادام نېمىشقا باشقىلارنىڭ دادىسىغا ئوخشىمايدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلاپ كېتەتتى غەمكىنلىك بىلەن، — كىنو كۆرگەنگە، ئازراق ئويناپ قويغانغا ئادەم يولدىن چىقىپ كېتەمدۇ؟ دادام ھەدېسىلا يولدىن چىقىپ كېتىسەن، دەرستىن قالىسەن، دەيدۇ. مەن يا دەرستە ناچار بولمىسام، ھەر مەۋسۇمدا ئەلاچى بولۇۋاتىمەنغۇ، دىلشات ھەر كۈنى تېلېۋىزور كۆرىدىكەن، ماڭا ئوخشاشلا ئەلاچىغۇ ...» باللارنىڭ شۇنداق سۆزلىرى كۆپەيگەنسېرى، نجاتنىڭ دادىسىغا ئۆچلۈكى قوزغىلىشقا باشلىدى: ئەجەب قاپىقى يامان ئادەم ماڭا دادا بولۇپ قاپتىكەن، بىر ئېغىزمۇ ياخشى گېپى يوق، ۋارقىراپلا تۇرىدۇ، كۆزلىرىدىن بەك قورقىمەن ...

— دادا، باللار بىلەن بىردەم ئويناپ كىرەيچۇ؟

— ھە، ئاينىۋاتامسەن؟ ... ھەممە ئەسكىلىك ئاشۇ ئويۇندىن باشلىنىدۇ. ماڭ جۇگۇ، دەرسىڭنى ئوقۇ، مۇنداق گەپنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما، ئۇقتۇڭمۇ !

— ئۇقتۇم.

نجات سۇلتىيىپ بېرىپ قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان جىلتىسىنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ دەتالىشى باشلىنىپ قالدى. نجات دېرىزە تۈۋىگە

كېلىپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى:

— كىچىك بالا دېگەن ئويۇنغا ئامراق بولىدۇ، بىردەم ئويناپ كىرگەنگە نېمە بولىدۇ ئەمدى ...

— نېمە بولاتتى، بۇزۇلىدۇ !

— كىچىككىنە ئويناپ كىرگەنگە بالا بۇزۇلۇپ كەتسە، مەھەللىدە بۇزۇلمىغان بالا قالماس.

— ھېلىمۇ بۇزۇلۇپ بوپتۇغۇ، سەن سىنىپ يىغىنلىرىغا بارمايسەن، نىجاتنىڭ سىنىپىدا ئەللىك بالا ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ ئوتتۇز ئىككىسى ئۆتەلمەپتۇ، بۇ نېمە؟

— نىجات ياخشى ئوقۇيدۇغۇ؟

— مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ، ياخشى ئوقۇمايدۇ. ئاشۇنداق كەينىگە ماڭغان باللارمۇ بار ئىكەن.

— ھەرقانداق ئادەم ئۆزىدىن.

— ئۇنداق دېمە، بالا ئويۇنغا بېرىلىپ كەتسە، زېھنىنى يەپ قويىدۇ، كىچىكىدىن چىڭ تۇتمىساق، چوڭ بولغاندا ئىگە بولالماي قالىمىز. مەھەللىدىكى باللارنى كۆرمەيۋاتامسەن، نەچچىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي يىغلاپ يۈرىدۇ. مەيلىگە قويۇۋەتكەننىڭ پايدىسى شۇ. بالىغا كۆڭۈلچەكلىك قىلساڭ، ئەتە ـ ئۆگۈن بالىغا قوشۇلۇپ يىغلاپ قالىسەن ...

— شۇنداق بولسىمۇ، كىچىككىنە بالىغا بۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلغان بارمۇ ...

— بىلەمسەن، مېنىڭ بالىغا قاتتىقلىق قىلغىنىم — ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىكىم. چوڭ بولغاندا، مېنىڭ قاتتىق تۇتقانلىقىمنىڭ تېگىگە يېتىپ قالىدۇ، مەندىن شۇ چاغدا رازى بولىدۇ. ئويۇن دېگەن قېچىپ كەتمەيدۇ، تەتىللەردە ئوينىسىمۇ قانىدۇ. چوڭ بولسۇن، ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتسۇن، ئاق ـ قارىنى، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا، ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭالايدۇ. بۇ مەزگىلدە بىز چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ ـ دە.

ئۇلار جىم بولۇپ قالدى. نىجاتمۇ دېرىزىنىڭ تۈۋىدىن كەتمەي، دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى.

## 2

ئەتىسى ئەتىگەندە سىنىپتا بىرنەچچە بالا ئاخشام پاكىستاننىڭ بىر يېڭى كىنوسىنى كۆرگەنلىكىنى، كىنونىڭ ئىنتايىن قىزىقلىقىنى سۆزلىگىلى تۇردى. بالىلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقتى. كەينىدە كىرگەن بىرسى ئاشۇ قالتىس كىنونىڭ بۈگۈن سائەت ئالتىدە يەنە قويۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىرنەچچە ئوقۇغۇچى بۈگۈن كۆرىمىز، جەزمەن كۆرىمىز، دېيىشتى.

نىجات ماختىلىۋاتقان بۇ كىنونى شۇنچە كۆرگۈسى كەلسىمۇ، دادىسىدىن قورقۇپ، ئۇنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالماي، ئۇن - تىن چىقىرالماي، مەيۈسلىنىپ شۇككىدە ئولتۇراتتى. ئوقۇغۇچىلاردا مەكتەپ رۇخسەت قىلمىغان ئىشلارنى قىلىشتا، ئەلاچى بالىلارنى قوشۇۋېلىشقا ئىنتىلىدىغان ئەھۋال بولىدۇ. چۈنكى، كېيىن ئۇ ئىش مەلۇم بولۇپ قالسا، ئوقۇتقۇچىلاردا ئەلاچى بالىلارغا ئانچە قاتتىق گەپ قىلىپ كەتمەيدىغانمۇ ئادەت بولىدۇ. شۇڭا بالىلار نىجاتنى ئاشۇ كىنونى كۆرۈشكە دالالەت قىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن قىستاشقا باشلىدى:

— كەچكىچە مۇئەللىملەر كۆرۈپ قالسا دەيدىكەنسەن، مۇئەللىملەر پوستتا تۇراتتىمۇ؟

— كىنو باشلانغاندا كىرمەيمىزمۇ؟

— بۇ توخۇ يۈرەك، قاچانلا بولسا شۇنداق ...

— دادام نەگە باردىڭ دېسە نېمە دەيمەن؟ دادامنىڭ ئاچچىقى يامان، — دېدى نىجات غەمكىنلىك بىلەن يەرگە قاراپ.

— تازا دۆت نېمە ئىكەنسەن، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۆيىدە قىيىن ھېسابلارنى بىللە ئىشلىدۇق، دېمەمسەن، — دېدى بىرسى.

— ھەرقانداق ئادەم ئىشىنىدىغان گەپ بولدى بۇ، — دېدى يەنە بىرسى.

نىجات ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ تاپقان چارىسى بولىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇلار پۇللىرىنى يىغىپ كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۈگۈنكى كىنو ھەقىقەتەن قالتىس، ئېسىل كىنو چېغى، كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر مىغىلداپ تۇراتتى. ئۇلار بېلەتلىرىنى ئېلىپ قويۇپ، ۋاقىت توشقۇچە ئۇنى كۆرۈپ، بۇنى كۆرۈپ يۈرۈشتى. ئۆزىچىلا بىر خىل ئەندىشە - قورقۇنچ ئىچىدە قالغان نىجات بۆجەندەك بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا چەكچىيىپ قارايتتى.

— بالام ! — نىجات چۆچۈپ كەتتى. كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۆزىگە بەش سوملۇق پۇلنى تەڭلەۋاتقان مەڭزىلىرى ئىچىگە كىرگەن، ھاسىلىق ئورۇق بىر ئادەمنى كۆردى، — ماڭا بىر بېلەت ئاچىقىپ بەرگىنە، پۇتۇم ئاجىز ... — دېدى ئۇ ئادەم. نىجات گەپ قىلمايلا پۇلنى ئالدى - دە، بېلەت ساتىدىغان يەرگە كەلدى. ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ قولتۇق ئاستىلىرىدىن كىرىپ، تۆشۈككە يېتىپ باردى - دە، بىر بېلەت ئېلىپ چىقتى. بېلەتنى ئىگىسىگە بېرىش ئۈچۈن شۇياققا ماڭغانىدى، نېرىدا دادىسىنىڭ ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. شۇ ھامان يۈرىكى جىغ قىلدى - دە، پۈتۈن ئەزايى بەدىنى تىترەپ كەتتى ... ئۆزىنى ئادەملەر توپىنىڭ ئىچىگە ئالدى ۋە ھېچنېمىنى ئويلىمايلا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ كەينىگە قاراپمۇ قويماي، ئۇچقاندەك يۈگۈرەيتتى. شۇ يۈگۈرگەنچە بىردەمدىلا مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. قولىدىكى سىقىمداپ تۇتۇۋالغان پۇل، بېلەتكە قارىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ... بۇ خەقنىڭ — تونۇمايدىغان بىر ئادەمنىڭ پۇلى، بېلىتى تۇرسا ... بىچارە ئادەم مېنى بېلەت ئېلىپ چىقىدۇ، ھېلى كېلىدۇ، دەپ ساقلاۋاتقاندۇ؟ ...

نجات تولغىنىپ كەتتى ۋە كىچىككىنە بەدىنى ئەلەمدىن سىلكىندى. ئۇ كەينىگە، يۈگۈرۈپ كەلگەن تەرەپكە ئازابلىنىپ قارىدى، يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. ئەمما، دادىسىنىڭ كۆرۈپ قالمىغىنىغا خۇش بولۇپ قورۇسىغا كىرىپ كەتتى.

سائەت بەشكىچە ئۆيگە كەلمىگەن نىجاتنى ئىزدەپ كىنوخانىنىڭ ئالدىغا بارغان دادىسىدىن، دادىسىنىڭ قادىلىپ تۇرۇپ سورىغان سوئاللىرىدىن ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ بايىقى ئۆگەتكەن سۆزلىرىنى دەپ بېرىپ قۇتۇلۇپ كەتتى.

نىجاتنىڭ مەكتەپتىن يېنىپ، خالىي جايغا كىرىپ پۇل يوشۇرۇشىنىڭ، كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى ھاسىلىق ناتونۇش بىر ئادەمنى ئىزدىشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇشۇ ئىدى.

ئۇ ئۈچ كۈنگىچە تۆت سوم ئاتمىش تىيىن پۇلنى، بىلەتنى ساقلاپ يۈردى. كېيىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بىلەتنى ساقلاپ نېمە قىلاي، دەپ ئۇنى يىرتىپ تاشلىۋەتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ يىغقان پۇلىدىن قىرىق تىيىننى قوشۇپ، ھېلىقى كىشىنىڭ پۇلىنى تولۇقلاپ بەش سوم قىلىپ قويدى. ئەمما، ئۇنى ھازىرغىچە ئىگىسىگە تاپشۇرالمىغىنىغا بىر ياقتىن خىجىل بولۇپ، بىر ياقتىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرمەكتە ئىدى.

ھەر كۈنى مەكتەپتىن يانغاندا كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى ئادەملەرگە سەپسېلىپ قاراش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ئازابى چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ پۇلنى ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرەيمىكىن ياكى ساقچىغا بېرىۋېتەيمىكىن، دەپمۇ ئويلىدى. ئويلاش جەريانىدا ئەقلىمۇ تاپتى: ئوقۇتقۇچىسىغا تاپشۇرۇپ بەرسە كىنوغا بارغانلىقى پاش بولۇپ قالاتتى، ساقچىغا بېرىۋەتسە، ئۇ ئادەم پۇلىنى ئالالماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

نجات ھەر خىل ئويلار بىلەن دېلىغول بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ئادەم كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ھاسىسىنى بىقىنىغا تىرەپ، تاماكا چېكىپ

تۇراتتى. نىجات ئىزدەپ يۈرگەن ئادىمىنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتى. لېكىن، قورقىسىمۇ، پۇلنى بېرىۋېتىش كېرەك ئىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، پۇلنى تەڭلىدى.

— مانا، ھېلىقى پۇلىڭىز، — دېدى ئۇ ئەيمىنىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭغا قاراپ.

— نېمە پۇل بۇ؟ — ئۇ ھەيران بولۇپ ئالدىدىكى پۇل سۇنۇپ تۇرغان بالىغا قارىدى. ئۇ ئىش ئۇنىڭ ئېسىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئون كۈننىڭ ئالدىدا سىز ماڭا بېلەت ئېلىپ چىقىپ بەر، دەپ بەش سوم بەرگەن، بېلەتنى ئېلىپ چىقسام، دادام مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ قېچىپ كېتىپ، پۇلىڭىز بىلەن بېلەتىڭىزنى بېرەلمەي قالغان ...

— راست ـ راست، بىر بالىغا پۇل بېرىۋىدىم، سەن ئىكەنسەن ـ دە ...

نىجات قورۇنۇپ تۇرۇپ، بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— سىزنى كۈندە ئىزدىدىم، تاپالمىدىم، بۈگۈن ئاران دېگەندە ...

— يارايسەن، بالام ... — ھاسىلىق كىشى ھاياجانلىنىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، — ياخشى تەربىيەلىنىپسەن، رەھمەت ساڭا، رەھمەت ...

ھاسىلىق كىشى پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر سومنى چىقىرىپ، نىجاتقا ئۇزاتتى:

— مانا ماۋۇ ساڭا مۇكاپات، بالام، مە، ياق دېمە، خەجلىمىسەڭ دەپتەر ـ قېرىنداش ئالارسەن.

— رەھمەت، چوڭ دادا.

— رەھمىتىڭنى قوي، مە، ئال، كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بەردىم.

نىجات كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، يۈگۈردى.

— توختا ۋۆي ...

ئۇ ئاياغلىرى يەرگە تەگمەي، گويا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىكلەپ، خۇشاللىقىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىدىكى، ساۋاقلىرىدىن يۈز نومۇر ئالغاندىمۇ مۇنچىلىك خۇشال بولمىغانىدى.

1990 - يىلى 30 - يانۋار

# ئەسلەش

ئاتاقلىق يازغۇچى، دىراماتورگ، بىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز زۇنۇن قادىر ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا، جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭالمىغىنىمغا، قەبرىسىگە تۆت كەتمەن توپا تاشلىيالمىغىنىمغا قاتتىق ئېچىنىماقتىمەن. ئادەم تۇغۇلىدۇ، چوڭ بولىدۇ، ئاخىر دۇنيادىن ئۆتىدۇ. ئۆلۈمغۇ تەبىئەتنىڭ ئىنسان بېشىغا سالغان ئەڭ رەھىمسىز قانۇنى، بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بىراق، زۇنۇن قادىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى، قەلىمى پىششىپ كامالەتكە يەتكەن يازغۇچى، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۇرگەن، ئەخلاقلىق، ئەسكى ئىللەتلەردىن خالىي، پەزىلەتلىك ئەدىب ئىدى. ئۇنى ھەممىلا ئادەم «ياشىسىكەن» دەپ ئارمان قىلاتتى. ئەپسۇس، تەبىئەتنىڭ ئۆز كۈچىنى بۇنچە تېز كۆرسىتىشىنى كىم ئويلىغان؟! ... نەزىرىمىزدىكى شۇنداق بۈيۈك ئادەمنىڭ ئارىمىزدىن كېتىشى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ھاياتىنىڭ قايتا ئەسلىنىشى كىمنى قىينىمايدۇ؟ كىمنى ئازابلىمايدۇ؟! شۇ تاپتا مەنمۇ ئازابلىق ھېسسىيات ئىلكىدە ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىكى ئۇنتۇلماس ئىشلىرى ھەم ماڭا قىلغان تەسىرىنى ئەسلەپ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئەسلىمە يېزىش كىشىلەرنى خۇشال قىلسىمۇ، قايغۇغا سالسىمۇ ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ تېخىمۇ يارقىن تىكلىنىشىدە بىر ئۈلۈش بولۇپ قالار، دېگەن ئويدىمەن.

زۇنۇن قادىر كىچىكىدىنلا بەدىئىي ئەدەبىياتقا تەشنا بولۇپ ئۆسكەن. قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى ھەم بىكار ۋاقىتلىرىنى ساتىراش ـ موزدۇزخانىلاردا خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى،

چۆچەك ـ رىۋايەتلىرىنى ئاڭلاش، قاينىغان بازار ـ مەيدانلاردا مەدداھلارنىڭ تۈرلۈك جەڭنامە ـ قىسسىلىرىنى تىڭشاش بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق بېرىلگەن. ئۇ دىنىي، پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ساۋاتىنى ئوبدان چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، يازما ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ «ئالتۇننىڭ تەسىرىدە»، «پەرمان»، «رودۇپاي» قاتارلىق ئەسەرلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىدىن روياپقا چىققان.

1935 ـ يىلى ئۇ، غۇلجىدا ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى پۈتكۈزۈپ ئوقۇتقۇچى بولغان. 1936 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە رەسمىي كىرىشكەن. ئۇ، دەسلەپكى ئىجادىيىتىنى شېئىر يېزىشتىن باشلاپ، نۇرغۇن شېئىر ـ داستانلارنى يازغان. ئارقىدىنلا دراما ئىجادىيىتىگە ئۆتكەن. 1937 ـ يىلى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغان. ئۈرۈمچىگە بېرىشىدا، غۇلجىدا يېزىلىپ، بىرنەچچە قېتىم ئاددىي سەھنىلەردە ئوينالغان «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق درامىسىنى ئالغاچ بارغان ۋە ئۇنى ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكار ئارتىسلارنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن قىسقا تەييارلىقتىن كېيىن سەھنىگە چىقارغان. زۇنۇن قادىر ئۇنىڭغا ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان، رولمۇ ئالغان. «جاھالەتنىڭ جاپاسى» بىرىنچى مەيدان ئوينىلىشىدىلا زور قىزىقىش، چوڭقۇر تەسىر قوزغاپ، تاماشىبىنلارنىڭ تەلىپى بويىچە كۆپ قېتىم ئوينالغان.

ئىلغار پىكىرلىك زۇنۇن قادىر شۇ مەزگىللەردە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان ھەم يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە ئاكتىپ باشلامچىلاردىن بولغان. شۇ چاغلاردا يازغان شېئىر ـ داستان، درامىلىرى، ئاكتىپ پائالىيەتلىرى بىلەن ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ، ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ

ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالغان.

يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇنىڭ ئىلھام، تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئەدىب ئىنتايىن ئاز بولسا كېرەك. ھېلىمۇ ئېسىمدە: 1949 ـ يىلى كەچ كۈز مەزگىلى، مېنىڭ غۇلجا ھەرەمباغ مەكتىپىدە تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىم. دىراماتورگ ماناپ قادىرى شۇ چاغدا بىزنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز ئىدى. بىر كۈنى دەرسكە كىرىپلا:

ــــ «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 8 ـ سانى قايسىڭلارنىڭ ئۆيىدە بار؟ ــــ دەپ سورىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۆلدۈرلەپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. مەن ئۇ ژۇرنالنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتىم. بىر ـ ئىككى مىنۇتتەك ئويلانغاندىن كېيىن، تېخى تۈنۈگۈنلا ئاكامنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالدىم.

ــــ بىزنىڭ ئۆيدە بار، ــــ دېدىم مەن ۋە مۇئەللىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن ژۇرنالنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئۆيگە چاپتىم. ئۆيگە كىرسەم راست دېگەندەك، ژۇرنال ئۈستەل ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. خۇشال بولۇپ، ئۇنى ئالدىم ـ دە، مەكتەپكە قاراپ يەنە چاپتىم (ئۇ چاغلاردا مۇئەللىم ئىشقا بۇيرۇسا، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتەتتۇق). ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ سىنىپقا كىرگىنىمدە ئوقۇتقۇچىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ژۇرنالنى قولۇمدىن ئېلىپ:

ــــ ھازىر سىلەرگە زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» دېگەن ھېكايىسىنى ئوقۇپ بېرىمەن، ياخشى ئاڭلاڭلار، ــــ دېدى ـ دە، ئوقۇشقا كىرىشتى. ھەممىمىز ھېكايىنى بېرىلىپ تىڭشىدۇق. سىنىپ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان جەلپكار، ھەسرەتلىك ئاۋازدىن باشقا، ھېچقانداق تىۋىش يوق ئىدى. ھېكايە ئوقۇلغانسېرى باقى ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسى پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىۋاتاتتى ... ئەنە، باقى ئالەمدىن ئۆتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بۇ قايغۇلۇق مەنزىرە مۇنداق تەسۋىرلەنگەندى: «... جىنازا ئالدىدا باقىنىڭ يەتتە ياشلىق

ئوغلى يىغلامسىراپ، بۇرنىنى تارتىپ، ئۆز گەۋدىسىنى جوڭقۇرالماي، مۇدۇرۇپ ـ مۇدۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بەش ياشلىق سىڭلىسى پىلدىرلاپ ئەگىشىپ باراتتى. بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرى ئايلاپ تاغاق كۆرمەي پاخپاق بولۇپ قالغان، پۇتى يالاڭغىداق، ئۇچىسىدا ھەر خىل رەڭلىك لاتىلار بىلەن يامالغان يىرتىق، كىر كۆڭلىكى بار ئىدى. ئۇ كىچىككىنە كۆزلىرىنى كۈچ بىلەن ئېچىپ، بىر ئارقىسىغا، بىر ئالدىغا مۆلدۈرلەپ قارايدۇ؛ بىر يۈگۈرەيدۇ، بىر توختاپ ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ مۇنچاقتەك پارقىرىغان كۆزىدىن: «ئاپام قېنى؟ ئەمدى دادامنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ بىز قانداق قىلىمىز؟» دېگەن مەنىلەر ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. خۇددى شۇ ۋاقىتتا باقىنىڭ تۇمانلىق ۋە قاراڭغۇ ھاياتى ئېغىر كۆلەڭگە بولۇپ، جىنازا ئۈستىدىن ئۆتەتتى. مەن تەسىر دەرياسىغا چۆمگەن ھالدا بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ بارىمەن، مېنىڭمۇ بەش ياشلىق چاغدىكى تەجرىبىسىز يۈرىكىمدە مۇنداق كۈنلەرنىڭ ئاچچىق دېغى قالغانىدى ...» ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇشۇ قۇرلار ئوقۇلغاندا، بىز ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماي قالدۇق، كۆزلىرىمىزدىن ئىختىيارسىز ھالدا تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. ئوقۇتقۇچىمىز ماناپ قادىرنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كەتتى ... سىنىپ ئىچىنى قانداقتۇر بىر ئېغىر روھىي ئازاب چۇلغىۋالدى.

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئاكامنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئاختۇرۇۋىدىم، قولۇمغا «ئالماناخ» ماۋزۇلۇق بىر كىتاب چىقىپ قالدى. ئۇ 1947 ـ يىلى نەشر قىلىنغانىكەن. كىتابقا زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» دىرامىسىدىن بىر پەردە، «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىسى بېسىلغانىدىكەن. بۇ ئەسەرلەرنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ ئوقۇپ چىقتىم، ئوقۇغانسېرى قىزىقىشىم ئېشىپ، قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇدۇم. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، بۇ ئەسەرلەر ماڭا يادقا بولۇپ كەتتى. ئادەم

هاياتىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك چۈش كۆرىدۇ، ئەمما نۇرغۇنلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بىز ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇپ تۇرىمىز، ئۇنىڭمۇ نۇرغۇنلىرى خۇددى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن چۈشتەك يادىمىزدىن پاتلا چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما، زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايىلىرى، دىراممىلىرى، 1940 ـ يىللاردىن تارتىپ ھازىرغىچە ـــ مەرھۇم شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋ توغرۇلۇق يازغان ئاخىرقى ئەسلىمىسىگىچە ئېسىمدىن چىققىنى، ئۇنتۇلۇپ كەتكىنى يوق، مېنى داۋاملىق چوڭقۇر ئويلارغا سېلىپ كەلمەكتە. نۇرۇم، غۇنچەم، ئۆمەر شاڭيو، مەشرەپلەرنىڭ سۆزلىرى پات ـ پاتلا يادىمغا كېلىپ قالىدۇ ـ دە، ئاپتورنىڭ خەلق تىلىغا پۇختا، ئۇستىلىقىدىن، دىيالوگلار ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشقا ماھىرلىقىدىن تەسىرلىنىپ كېتىمەن.

شۇنداق قىلىپ زۇنۇن قادىرنىڭ باللىق چېغىمدىلا ئوقۇغان، يادلىغان ئەسەرلىرى مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىم، ئىشتىياقىمنى قوزغىغان ھەم ئۇلار دەسلەپكى ئۇستازىم بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا زۇنۇن قادىر دېگەن ئىسىم قەلبىمدە ئەڭ ھۆرمەتلىك، سۆيۈملۈك بىر ئىسىم بولۇپ قالدى. ئۇنى بىر كۆرۈشنى ھەر ۋاقىت ئارزۇ قىلىپ يۈردۈم. 1957 ـ يىلى ماي ئېيىدا بىرىنچى قېتىملىق يازغۇچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. مەن ئارزۇلىغان ئادەمنى كۆرۈش پەقەت مۇشۇ قۇرۇلتايدىلا نېسىپ بولدى.

1960 ـ يىلمىكىن ياكى 1961 ـ يىلمىكىن، يازدا غۇلجىغا كەلدىم. بىر كۈنى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى ئابدۇرېشىت ئىككىمىز ئۇنى يوقلاپ كېلەيلى، دەپ ئۆيىگە باردۇق (ئۇ چاغدا زۇنۇن قادىر ئالتەشوئار مەھەللىسىدە ئولتۇراتتى). ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە ئۇ خۇشال بولۇپ كەتتى:

ـــ ياخشى كەلدىڭلار، ـــ دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، ـــ راسا ئۇلپەت سېغىنىپ ئولتۇراتتىم.

— سىزگىغۇ ئۇلپەتنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق، — دېدى سېغىنىشنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ئايالى كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ بىزنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، بىرھازاغىچە يوقاپ كەتتى. كېيىن بىر تەخسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. قارىساق گۆشسىز پىدىگەن قورۇمىسى ئىكەن. ئاندىن تومپۇچكىدىن بىر بوتۇلكا پارچە ئاق ھاراق ئالدى ۋە ئۈستەل ئۈستىدىكى قېتىپ كەتكەن يوغان ئىككى ئۆي نېنىنى قاراسلىتىپ سۇندۇردى.

— كىشىلەر ياراتمايدۇ، چەيزىنى گاڭ سىركە بىلەن قورۇسا، قالتىس مەززىلىك سەي بولىدۇ. قاتتىق نان ھەرقانداق يۇمشاق ناندىن تاتلىق بولىدۇ، نېمىشقا دېسەڭ، ئۇنى غاجىلاپ، تەمشىپ يەيسەن ئەمەسمۇ، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، راھەتلىنىپ كۈلدى.

ئاز - ئازدىن ئىچىشىپ پاراڭغا چۈشتۇق.

— زۇنۇنكا، نېمە يېزىۋاتىسىز؟ — دېدىم مەن قىزىقىشىمنى ئېچىپ.

— «غېرىب - سەنەم» نى سىنارىيەلەشتۈرۈپ چىقتىم، — ئۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىشقىڭنى ئىزھار قىلىپ ناخشا ئېيتىپلا يۈرمەي، دۈشمەنلىرىڭ بىلەن ئېلىش، دەپ غېرىبنىڭ قولىغا قىلىچ تۇتقۇزۇپ قويدۇم، ۋەقەلىكنى ئەسلىدىكىسىدىن مۇرەككەپلەشتۈردۈم، قارىمۇقارشىلىقنى ئۆتكۈرلەشتۈردۈم، ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ يەنە مۇنداق دېدى، — خەلق داستان - قىسسىلىرىنى رەتلىگەندە، ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ قويماسلىق كېرەك. رېئاللىققا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا قانات - قۇيرۇقىنى بىرئاز قىرقىپ ۋە ئۇنىڭغا زۆرۈر ئېپىزوتلارنى قوشۇپ، يۇقىرى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك. بەدىئىيلىكى يۇقىرىراق بولسا، كىشىلەرگە چوڭقۇرراق تەسىر قىلىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ۋەزىپىسى خەلقنى تەربىيەلەش، بەدىئىي زوق بېرىش ئەمەسمۇ ! — ئارقىدىن ئۇ سەدىردىن ئەيىنىنىڭ «خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىنى ماختاپ

سۆزلەپ كەتتى، ــــ «ئاكام تۇگمەنگە كىرىپ كەتتى، مەن ھالـۋا يېدىم.» ئۇ نېمىشقا شۇنداق، دەپ يازدى؟ بۇ يەردە ئۇ ئاددىي ھالدا ئاكىسىنىڭ تۇگمەنگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھالۋا يېگەنلىكىنى دەۋاتقىنى يوق، ئۇنىڭدا سەۋەب بار، مەقسەت بار، ــــ دېدى ئۇ، ئەمما قانداق سەۋەب، نېمە مەقسەتنىڭ بارلىقىنى دېمىدى.

ــــ سەدىردىن ئەينى، ــــ دېدى ئۇ سەلدىن كېيىن، ــــ ئىجادىي ئۆمرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆتمۈشنى يېزىشقا سەرپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتمۈشنى يېزىش كېرەك، ياشلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىدىن بەدىئىي خاتىرىلەر قالدۇرۇش كېرەك. سىلەر ياش، ئۆتمۈشنى كۆرمىگەن، كۆرگەن بولساڭلارمۇ، ئۇنىڭ ئاچچىق ئۇچىيىنى بىلمەيسىلەر. بىز كۆرگەن، خېلى چوڭقۇر بىلىمىز ...

ئۇ ئۆزىنىڭ باللىقىدىن تارتىپ، ئۇرۇمچىگە ئىلىم ئىزدەپ بارغۇچە بولغان جەريانىدىكى، يەنى 1920 ـ يىلىدىن تارتىپ 1937 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئەھۋاللارنى بايان قىلىدىغان سەرگۈزەشتە خاراكتېرلىك بىر ئەسەر يېزىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇستەل تارتمىسىدىن بىر تۇرتەك قول يازمىلارنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئالدى بىلەن «مېنىڭ ساختا بېلەت سېتىپ تۇتۇلۇپ قېلىشىم» دېگەن بىر بابنى ئوقۇدى. ئۇنىڭدا غۇلجىغا تۇنجى قېتىم ئاۋازسىز كىنو كەلگەنلىكى، ئۇنى لەززە بېشىدا بورا بىلەن توسۇپ ياسىغان كۇلۇبتا قويغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئاجايىپ قىزىققانلىقى يېزىلغانىدى. ئەمما، ئۇنى يېرىمىغىچە ئوقۇپ توختىتىپ قويدى. ئاندىن ھېلىقى قول يازمىلار ئىچىدىن «ياغاچ ئاستىدىكى يىگىت» دېگەن يەنە بىر بابنى ئېلىپ، ئازراقلا ئوقۇپ ئۇنىمۇ توختىتىپ قويدى. بىز ئاخىرغىچە ئوقۇپ بېرىشىنى شۇنچە تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالساقمۇ ئۇنىمىدى، «ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ، بېسىلغاندا كۆرۈڭلار» دەپ

تۇرۇۋالدى.

— بۇنى 1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يازغانىدىم، گېزىتكە بەرسەم، باشلىقلار كىملەردىنىدۇر ئېھتىيات قىلىپ باسمىغان، — دېدى ئۇ.

سۆھبىتىمىز قىزىدى. مەن ئۇنىڭدىن بەدىئىي ئەدەبىيات ھەققىدە ئىككىنچى قېتىم بىۋاسىتە دەرس ئالدىم. ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرى ئادەمگە سىڭىپ تۇراتتى. بىز كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلدۇق.

1960 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرى، مەن خىزمەت بىلەن ئالتايغا بېرىپ، قايتىشىمدا شىخۇدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم. بىر كۈنى قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدا تۇرسام، ئۈرۈمچى تەرەپتىن كەلگەن بىر قارا ماشىنا بېكەت ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان زۇنۇن قادىرنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمغا خۇشال بولۇپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا باردىم. ئۇ ماشىنىدىن چۈشتى، كۆرۈشتۇق. ماشىنىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغان زۇنۇن قادىر توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. شوپۇر ماشىنىدىن چاتاق چىققانلىقىنى، ئۇنى ئوڭشىغۇچە كەم دېگەندە تۆت سائەت كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— نەگە ماڭدىڭىز، زۇنۇنكا؟ — دېدىم مەن.

— نەگە بولاتتى، ئۆيىنى كۆچۈرۈپ كەلگىلى غۇلجىغا ماڭدىم، — دېدى ئۇ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ. ئۇ چاغدا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى.

— قاراڭغا بولۇپ كەتكىنىڭىزنى، كىچىك ماشىنىدا ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟

ئۇ كۈلۈمسىرەپ قولىنى مۈرەمگە قويدى.

— سەن بىلمەيسەن، — دېدى ئۇ، — 1937 ـ يىلى ئوقۇيمەن، دەپ ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا بۇ يولنى بىر ئايدا باسقان،

ھازىر ئۈچ كۈندىلا بارغىلى بولىدۇ، نېمىدېگەن راھەت دېگىنە.

مەن مۇنداقمۇ باشلىقلار بولىدىكەن ـ ھە، جاپادىن قىلچىمۇ زارلانمايدىغان، دەپ ھەيران قالدىم.

ئۇ بىزدىن نېرىراقتا تۇرغان ئاق ـ سېرىق يۈزلۈك، كۆزى كۆك چوكاننى ئىشكى بىلەن ئىما قىلىپ:

— ئاۋۇ چوكاننىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىغىنە، — دېدى.

مەن ئۇلار بىلەن بىر ماشىنىدا كەلگەن چوكانغا قارىدىم ـ دە، ئانچە ئويلانمايلا:

— كۈلگۈنچەك ئايالدەك قىلىدۇ، — دېدىم.

— كۆزى كۈلۈپ تۇرغان بىلەن، — دېدى ئۇ بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ، — ھېسسىياتىغىچە تازا دىققەت قىلىپ قارىساڭ، چىرايىدا بىر ئىغىر ھەسرەت ـ ئەلەمنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى بايقىيالايسەن، قارا، زەن سال.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىنى يېشىپ بەردى:

— ئۇ ئايال ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەلدى. ئەر ـ ئايال ئىككىسى ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشكەنىكەن، بىر بالىسىمۇ بار ئىكەن، لېكىن ئېرى ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەلگە دۇچار بولۇپ قاپتۇ. دوختۇر ئىككىسىنىڭ ئاجراشمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نېمە ئىلاج، ئىككىسى ئاجرىشىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىز ماشىنىغا چۈشۈپ ماڭىدىغان چاغدا، چىرايى تېگى ـ تېگىدىن سېرىق، رەزگى، قورايدەك قۇرۇپ قالغان ئېرى ئۇنى ئۇزىتىپ كەلدى ۋە مەيۈس ئاۋازدا: يولدا يۈزىڭىزنى ئېيتارسىز، دەپ بىر لۆڭگىنى سۇندى، ئايال تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى، مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم ... ھەي، ھەي، چېخوف بولغان بولسا، يەنە بىر «ھەسرەت»[1]نى يازغان بولاتتى ـ دە.

ئىككىمىز خۇددى ماتەمدار كىشىدەك باشلىرىمىزنى تۆۋەن

---

① رۇسىيە يازغۇچىسى ئا. پ. چېخوفنىڭ «ھەسرەت» ناملىق ھېكايىسى بار.

سېلىپ ئاشخانىغا كىردۇق، تاكى تاماق يەپ كوچىغا چىققۇچە، بۇ ئېغىر جۇدالىقنىڭ بېسىمى بىلەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق. بىر چاغدا شىخۇنىڭ تازا ئاۋات بازىرىغا كېلىپ قاپتىمىز. بازاردا ئادەملەر كۆپ ئىدى. ئات ـ ئېشەك هارۋىلار، پىيادىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشەتتى، چاڭ ـ توزانلار ئۇزۇكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. هەر خىل ئوقەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىراشلىرى قۇلاقنى ياراتتى ... بىز يولنىڭ چېتىدە بۇ قايناق بازارغا قاراپ تۇراتتۇق.

— ئاۋۇ ئىككى ئادەمنى كۆردۇڭمۇ؟ — دېدى زۇنۇن قادىر تۇيۇقسىز. مەن ئۇ كۆرسەتكەن، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۇياقتا ـ بىر بۇياقتا قارىشىپ تۇرغان بىرى قېرىراق، بىرى ياشراق ئىككى ئادەمنى كۆردۈم.

— ئاۋۇ قېرىراقى — ئات يۈزلۈكلۈكى قەشقەردىن، — دېدى ئۇ ئىشەنچلىك هالدا، — ياشراقى — يۈزى دۈگىلەك، ياڭىقى چىقىپ تۇرغىنى كۇچاردىن.

مەن بۇ ئىككىسىنى زۇنۇن قادىر تونۇسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:

— ئۇلار بىلەن كونا تونۇش ئوخشىمامسىز؟ — دېدىم.

— ياق، تونۇمايمەن، چىرايىغا قارىماسەن، مانا مەن، دەپ تۇرمامدۇ، — دېدى ئۇ، — جۈرۈ، سوراپ باقايلىمۇ؟

ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدۇق، ئىككىسى سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قەشقەردىن قاچان چىققان؟ — دېدى زۇنۇن قادىر قېرىراقىغا قاراپ.

— بۇلتۇر چىققان.

— ئەمدى قايتتىڭمۇ؟

— هەئە.

— خوتۇن ـ بالىلىرىڭغا نېمە ئالدىڭ؟

— كۆڭلەكلىك، ئانچە ـ مۇنچە نەرسىلەر.

— هە، سەن كۇچاردىن قاچان چىققان ياش خوتۇننى تاشلاپ؟ — دېدى زۇنۇن قادىر ياشراقىغا قاراپ.

— مەنمۇ بۇلتۇر چىققان.
— خوش، خوتۇنۇڭغا نېمە ئالدىڭ؟
— ئىشلەپ ئازراق پۇل تاپقان، پۇلۇمغا تۇشلۇق كىيىم - كېچەك ئالدىم.
— ياش خوتۇننى تاشلاپ چىقمىغۇلۇق، بۇ ياقنىڭ ئېتىكى كەڭ، بۇدا چىققاندا خوتۇنۇڭنى ئالغاچ چىق، سىڭىپ كېتىسەن.
مەن بۇ پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، ئادەملەرنى كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ھەيران قالدىم. بىر ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىگە قىلغان ھۆكمىنىڭ توغرىلىقىدىن قايىل بولدۇم. تۇرمۇشنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندىلا، ھايات تەجرىبىسىگە باي بولغاندىلا «ماغدۇر كەتكەندە»، «چېنىقىش»، «غۇنچەم»گە ئوخشاش ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدىكەن - دە. زۇنۇن قادىر تۇرمۇش ئۆگىنىشنى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن يازغۇچى ئىدى. رۇس ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلىدىغان خەمىت خۇسەيىن ئۇنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىنى ئوقۇپ چىقىپ ئۇنى رۇسچە: ناستا ياشنى پېساتىل (ھەقىقىي يازغۇچى) دېگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.
شۇ قېتىملىق دىدارلىششتىن كېيىن ئۇنى ئۇزاق مەزگىلگىچە كۆرەلمىدىم. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ كەلگەن سول ھەرىكەتلەر ئۇنى بىزدىن يىراققا ئەكەتكەنىدى. ئاقسۇنىڭ بىر يېزىسىغا چۈشۈرۈلۈپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۈرۈمچىدە كۆرۈپ قالدىم.
بىر كۈنى (مەن ئۈرۈمچىگە ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا بارغاندىم) قېيۇم تۇردى ئىككىمىز تېيىپجان ئېلىيېفنى يوقلاپ ئۆيىگە كىرگەنىدۇق. بىرئازدىن كېيىن زۇنۇن قادىرمۇ كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ رەڭگىرويىغا قاراپلا قاپتىمەن: مەن كۆرگەن چاغلاردىكى يۇپيۇمىلاق، ئاق يۈزلۈك، گەۋدىلىك، جۇشقۇن زۇنۇن

قادىر چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ شالاڭلاپ كەتكەن، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك جۈدىگەن، يۈزىگە يول ـ يول قورۇقلار چۈشكەن، ۋىجىك زۇنۇن قادىرغا ئايلىنىپ قاپتۇ. بېشىغا پۈرلىشىپ كەتكەن سېرىق شاپاق شەپكە كىيىۋاپتۇ.
— ئابدۇراخماننى تونۇدۇڭمۇ؟ غۇلجىدىن كەلدى، — دېدى تېيىپجان ئېلىيېف مېنى تونۇشتۇرۇپ.
— نېمىشقا تونۇمايمەن؟ تۇرسۇن قاھارنىڭ ئىنىسى تۇرسا بۇ، بىز كونا تونۇش، — دېدى ئۇ. ئاندىن ئۈستەل ئۈستىدىكى رومكىلارغا قاراپ دېدى، — ماڭا هاراق قۇياي دېمەيسەنغۇ؟
— نەچچە رومكا ئىچىسەن؟
— ئىككىنى ئىچسەم بولدى.
— ئۆيدە سۈيۈقئاش ئېتىۋاتىدۇ، — دېدى تېيىپجان ئېلىيېف كۈلۈمسىرەپ، — بىر ئاپقۇرنى تۈگىتىپ ئىچىۋەتسەڭ، ئىككىنى ئەمەس، ئۈچ رومكا قۇيۇپ بېرەي.
— بولدى، قۇيە، سۈيۈقئېشىڭدىن ئىككى ئاپقۇر ئىچىۋېتىمەن.
— بۇدۇ بىرنى قۇيمىساڭ، ئېشىڭنى ئىچمەيمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى ئۇ. تېيىپجان ئېلىيېف:
— مۇنداق ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان تولۇق ـ دە بۇ، — دېدى ـ دە، تۆتىنچى رومكىنى قۇيۇپ بەردى. ئۇ سۈيۈقئاشتىن بىر ئاپقۇر ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، قېيۇمنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.
— سەن قارلىغاچ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىرىنچى بولۇپ رومانچىلىقنى ئېلىپ كىرگەن قارلىغاچسەن.
شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومانچىلىقنىڭ خېلى بۇرۇنلا باشلانغانلىقىنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەمدىلا باشلىنىۋاتقانلىقىنى سۆزلىدى.
يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە بارغاندا، ئۇنى يوقلاپ ئۆيىگە بارغىنىدىم، ئورۇندۇقتا ئەمدىلا ئولتۇرۇشۇمغا:

— تېپىپ‌نىڭ ئۈستىدىن يېزىلغان ھېلىقى دازىباۋنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ — دېدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئېچىنىش ۋە غەزەپ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەن دەرھال «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «شېئىرىيەتتىكى ھەييارلىق» ناملىق ماقالىنى دەۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ـ دە:

— ھەئە، ئوقۇدۇم، — دېدىم.

— تېپىپ‌نىڭمۇ بەزى سەۋەنلىكلىرى بار، ئەمما ئۇ ماقالە ئەمەس، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا چىققان دازىباۋلاردىنمۇ يامانراق دازىباۋ. تېپىپنى ھىمايە قىلىڭلار، ئۇ بالا چېغىدىن تارتىپ شېئىرىيەتكە بېرىلگەن، بېشىغا ھەرقانداق بالا ـ قازا كەلسىمۇ، شېئىر يازغىنىغا شۇنچە تاياق يېسىمۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىگەن. ھەقىقىي شائىرلار مۇشۇنداق بولىدۇ. تېپىپ ھەقىقىي تالانتلىق شائىر، ئەدىب، تىل ئۇستىسى، ئۇنى ھىمايە قىلىڭلار ... تېخى ئۇنىڭ شائىرلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلماپتۇ، ئەدەبىي تەنقىد شۇنداق بولامدۇ، ئۇ قەستەن قىلىنغان ھاقارەت، — دېدى.

يەنە بىر قېتىم ئۇنى قەيەردىدۇر بىر يەردە ئۇچرىتىپ قالدىم:

— زوردۇننىڭ «قوشنىلار» ھېكايىسىنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ھەئە. ئوقۇدۇم.

— ھە، ئۇ يازغۇچى بولۇپ بوپتۇ.

مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا، بىر كۆزىنىڭ كۆرمەس، يەنە بىر كۆزىنىڭمۇ خىرەلىشىپ قالغىنىغا قارىماي، يەنە شۇنچە كۆپ ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئۈلگۈرگەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئۆز باھاسىنى بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالدىم. ئۇ ھەقىقەتەن ھەقىقىي يازغۇچى ئىدى، ھەقىقىي يازغۇچىلاردىلا مۇشۇنداق روھ بولىدۇ. ئۇ ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنلىرىدا رېئاللىقا سادىق بولۇش، رېئاللىقنى ھۆرمەت قىلىش، خەلق

تىلىنى ئۆگىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ سۆزلەيتتى.

1985 ـ يىلى زۇنۇن قادىر بىلەن خوتەندە ئېچىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدا بىللە بولۇپ قالدىم. خەلق سۆيگەن، خەلققە ياققان يازغۇچىنى خەلقنىڭ قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقىنى، ھۆرمەتلەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغانلىقىنى شۇ يەردە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىز سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقانلار ئارىمىزدا زۇنۇن قادىرنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئىپتىخارلانساق، يەرلىك ئاما زۇنۇن قادىرنىڭ خوتەنگە كەلگەنلىكى بىلەن پەخىرلەندى. بۇ ھالەت ئىلچىدا، لوپتا، قاراقاشتا، چىرا، كېرىيەلەردە ئالاھىدە ئىپادىلەندى. كەڭ ئاما، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى، ئارتىسلاردىن تارتىپ، خوتەننىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى نۇرمۇھەممەت خۇدا بەردى ۋە ھەربىر ناھىيەنىڭ ھاكىملىرىغىچە ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلدى. ئۇ ماشىنىغا چىقسا، چۈشسە، قولتۇقىدىن يۆلەيتتى، تەبىئىي ھالدا كۆيۈمچانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. قەيەرگە بارايلى، بىزنى قارشى ئالغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنىڭ زۇنۇن قادىرغا ھۆرمەت ۋە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلگەنلىكىنى بايقىغانىدىم.

قاراقاشقا بارغىنىمىزدا بىزنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن كەچكى كۆڭۈل ئېچىش، شېئىر ئوقۇش، ئويۇن كۆرسىتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: قاراقاش ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ياش ئارتىسكىسى: (ئىسمى ئېسىمدىن چىقىپتۇ.) مەن ھازىر ئاتاقلىق دراماتورگىمىز زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» درامىسىدىن غۇنچەمنىڭ «ئالمىلار پىشاي دەپتۇ» دېگەن ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى ـ دە، ناخشىسىنى باشلىدى:

ئالمىلار پىشاي دەپتۇ،
شاخ ـ شېخىدا مەي بولۇپ.
.......................

ئۇ ناخشا ئېيتقاچ ئۇستەل ئۈستىدىكى ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ زۇنۇن قادىرغا تۇتتى. زۇنۇن قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ «ھەشقاللا» دەپ ئىككى قوللاپ ئالدى ـ دە، ھاياجىنىنى باسالماي تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. بىز بۇ ھۆرمەتنى گۈلدۈراس چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلىدۇق ۋە كۆز ياشلىرىمىزنى تۇتۇۋالالماي قالدۇق.

ئارتىسكا ناخشىسىنى پۈتۈنلەي ئىلى شېۋىسىدە ئېيتتى. ئىنتايىن يېقىملىق ئۈن بىلەن قاقشاپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئارىلىقتا سىرتقا چىققاندا، مۇھەممەتجان راشىدىن ئىككىمىز ئۇ قىزغا تەسىراتىمىزنى ئىزھار قىلدۇق:

— ناھايىتى ياخشى ئېيتتىڭىز، ئاپتورنىمۇ، بىزنىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتتىڭىز، رەھمەت سىزگە.

— بىز بۇ يەردە «غۇنچەم» دىرامىسىنى كۆپ قېتىم ئوينىغان، مەن غۇنچەمنىڭ رولىنى ئالغان، زۇنۇن قادىر ئاكىنى بىر كۆرۈشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. بۈگۈن ئارزۇلىغان ئادەمنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى، ھېسسىياتىمنى باسالماي قالدىم. ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ ئاپتورغا ئالما سۇنۇش بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان، — دېدى ئۇ. خەلق سۆيگەن يازغۇچى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مۇكاپات بارمۇ؟!

«غۇنچەم» دىرامىسىنى ئوينىمىغان بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر چېتىدىكى قاراقاش ناھىيەسىمۇ قالمىغانىكەن. ئۆز ۋاقتىدا ناھىيەلەردە سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلمىغان چاغلاردا «غۇنچەم» يېزا ـ مەھەللىلەردە، مەكتەپلەردىكى سەنئەت كۇرۇژۇكلىرىدا، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇلمەي ئوينىلىپ كەلگەنىدى. بىر ـ ئىككى قېتىم ئوينىلىپ، يېنىپ سەھنىگە چىقالمىغان دىرامىلارمۇ بارغۇ؟!

«غۇنچەم» دىرامىسى 1942 ـ يىلى يېزىلغان، ھازىرغىچە سەھنىدىن چۈشكىنى يوق. شىنجاڭدا ئۇنى ئوينىمىغان جايلار ئىنتايىن ئاز دېسەك ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ھەتتا ئۇ چەت ئەللەردىمۇ كۆپ قېتىم ئوينالغان. بىر سورۇندا مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيۇفنىڭ: «زۇنۇنكام، بىر دىرامىسى، ئىككى ھېكايىسى بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز تەرىپىدىن ئۇلۇغ سەنئەتكار، كىلاسسىك سەنئەتكار، دەپ ئاتىلىشى مۇمكىن، بىز ھازىر يېتەرلىك باھا بېرەلمەيۋاتىمىز» دېگىنى ھەرگىز تاسادىپىي ئېيتىلغان ئەمەس.

خوتەندە يىگىرمە كۈن تۇردۇق. بىر كۈنى بىزنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كېچىلىكىدە مۇھەممەتجان راشىدىن ئۆزىنىڭ «چەك» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇۋىدى، كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ ئۇنى قايتا ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. زۇنۇن قادىر يېنىدا ئولتۇرغان مۇھەممەتجانغا:

— سېنى ھېلىقى ۋاقىتتا ئېتىۋەتمىگىنى ياخشى بوپتىكەن جۇمۇ، — دېۋىدى، ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق.

لاسكۈي دېگەن يەردە تۇرۇۋاتقان چېغىمىز ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مەندىن:

— ئەمدى نېمە يازاي دەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— تارىخىي تېمىدا بىر رومان يېزىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، يىغقان ماتېرىياللىرىمۇ خېلى بار، — دېدىم مەن ۋە نېمىنى، قايسى دەۋرنى يازماقچى بولغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— ياخشى تېمىنى تۇتۇپسەن. بۇ توغرۇلۇق ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭمۇ يىغقان ماتېرىياللىرىم بار ئىدى، يوقىتىپ قويدۇم. ئېسىمدە قالغانلىرى بار، ساڭا بېرەي، — دېدى ئۇ، — ئالدىرىماي ياز، ماتېرىيالنى كۆپ يىغ، تارىخىي تېما كۆپ ماتېرىيال بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ماتېرىيالغا قانچە باي بولساڭ، شۇنچە ئەركىن، بەھۇزۇر يازالايسەن. بەزىلەر ئازراقلا

ماتېرىيال ئۇچراپ قالسا، رومان يېزىشنى ئويلايدۇ، بۇ ئۇسال ئادەت، ئۇنداق ئادەمدىن ياخشى يازغۇچى چىقمايدۇ. مۇختەر ئەۋەزوۋ ئابايىنى يازماقچى بولۇپ، ئون تومغا سىغقۇدەك ماتېرىيال يىغقان، ئۇلۇغ سەنئەتكار ئۇنىڭدىن پەقەت تۆت توملۇق كىتاب يازغان.

زۇنۇن قادىر ئىلىم ـ پەن ئەھلىلىرىنى، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلاتتى، ھىمايە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىدىن مەمنۇن بولاتتى ھەم ئۇلارغا توغرا باھا بېرەتتى.

1986 ـ يىلى غۇلجىدا شىنجاڭ بويىچە ئىسلاھات تېمىسىدىكى ئەسەرلەر مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا زۇنۇن قادىر بىلەن يەنە بىللە بولۇپ قالدىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوبزورچى ئابدۇۋەلى كېرىم زۇنۇنكام باشلىق بىرنەچچىمىزنى ئۆيىگە چاقىردى. سورۇن باشلىنىپ، ئىككى ـ ئۈچ رومكىدىن ئىچىشكەندىن كېيىن، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى ئابدۇشۇكۇر تۇردى دۇتار چالدى. بىز شۇ چاغدا يەتمىش ئالتە ـ يەتمىش يەتتە ياشلارغا كىرىپ قالغان مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدۇق. لېكىن جارۇللايوف ساقلىقىم ياخشى ئەمەس، دەپ ئۇنىمىدى. ئاخىر ناخشىنى مەن باشلىدىم. بۇ سورۇندا زۇنۇن قادىر بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئىچمىگەنىدى. ناخشا باشلىنىش بىلەن زۇنۇنكام ئىككى رومكا ھاراق قۇيۇپ، بىرنى ئۆزى ئالدى، بىرنى جارۇللايوفقا سۇندى. جارۇللايوف ئۇنى ئىچىۋەتتى ـ دە، ناخشىغا قوشۇلدى ۋە باشلاپ ماڭدى. مەن ناخشا ئېيتىۋاتسامۇ، كۆزۈم ئۇلاردا ئىدى. زۇنۇنكام بۇ پېشقەدەم ناخشىچى بىلەن بىللە بولغان 1930 ـ، 1940 ـ، 1950 ـ يىللارنى ئەسلەپ قالدىمۇ ياكى ناخشا مۇڭى بىلەن ئىزلىرى قالغان غۇلجىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئەگرى ـ بۈگرى، ئەمما مېھرى ئىسسىق كوچىلىرىنى، ئالمىلىق باغلىرىنى، دەريا ياقىسى، ئاق ئۆستەڭ بويلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردىمۇ، ئەيتاۋۇر قانداقتۇر بىر مۇڭ بىلەن جىمىپ، كۆزىنى

بىر نۇقتىدىن ئالماي ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن: شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ، نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپمۇ، يەنە ئىچىشىپ، ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرغان بۇ پېشقەدەملەرگە قاراپ، بۇلار ئاجايىپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشىغانىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدىم.

ئارىلىقتا تەنەپپۇس قىلىپ هويلىغا چىققانىدۇق، ئۇ ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، مەمنۇنلۇق بىلەن:

— خېلى چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن جۇمۇ سەن، يارايسەن ... سەن بىر مېۋىلىك دەرەخ، ئەمما مېۋىلىك دەرەخكە تاش ئاتىدىغانلار كۆپ بولىدۇ، قورقما، ئۇنى تىرەك قويۇپ يۆلىۋالىدىغانلارمۇ چىقىدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ قويۇق قورۇق كىرىپ كەتكەن يۈزىدىن شادلىق، مېهرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى.

زۇنۇن قادىرنىڭ «خاتىرىلەر» ناملىق ئەسلىمىسى نەشر قىلىنغاندا، قايتا ـ قايتا ئوقۇدۇم. ئۇ ئادەتتىكى تۇرمۇش ئەسلەنگەن ئەسلىمە بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر خىل ئۇسلۇبى — تۇرمۇشتىكى ئۇششاق، كىچىك ۋەقەلەر ئارقىلىق زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىش ئالاهىدىلىكى ئېپادىلىنىپ تۇراتتى. «ئەگەر ئاپتورنىڭ بۇرۇنقى ساغلام، جۇشقۇن هالىتى هازىر بولغان بولسا، ـ دە، ئويلىدىم ئېچىنىش بىلەن، — مۇشۇ ئەسلىمىلەرنىڭ هەربىرىنى بىردىن نادىر پوۋېست، هېكايە قىلىپ يازغان بولار ئىدى.» ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ياغاچ ئاستىدىكى يىگىت» ئەسلىمىسى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. هاياجانلىنىپ چوڭقۇر ئويلارغا چۆكتۈم. خىيالىم 1920 ـ يىللارغا ۋە ئاشۇ يىللاردا مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ساپ مۇهەببەت ئىگىلىرى — چوغلۇق ـ ئىبدىمىنلارغا كەتتى. ئۇلارغا قاتتىق ئېچىندىم ـ دە، شۇ ئەسلىمىنى ئاساس قىلىپ بىر پوۋېست يازغۇم كەلدى. ۋەقە يۈز بەرگەن جاي — سۇلتان ئۇۋەيس مازار يېزىسىغا چىقتىم. ئەينى ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ئەهۋاللارنى سۈرۈشتۈردۈم، كىشىلەر بىلەن سۆهبەتلەشتىم، چوغلۇق بىلەن ئىبدىمىن ياشىغان يەرلەرنى

ئاربلاپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن زۇنۇن قادىرنىڭ ئاشۇ ئەسلىمىسى — «ياغاچ ئاستىدىكى يىگىت» ئاتا قىلغان ئىلھامدىن «چوغلۇق - تۇغلۇق» پوۋېستىم دۇنياغا كەلدى.

1989 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچىگە بارغانىدىم. ئۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ دوختۇرخانىغا باردىم. مەن ئۇنىڭغا «چوغلۇق - تۇغلۇق» پوۋېستىمنى ئوقۇپ بەرمەكچى، پىكىر ئالماقچىدىم. ئەپسۇسكى، ئاغرىقى ئېغىر بولۇپ، سۆزلىيەلمەس، كىشىنى بىردەم تونۇپ، بىردەم تونۇيالماس بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭغا قاراۋاتقان ئوغلى ئۈمىد مېنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىمنى ئۇنلۇكرەك ئاۋازدا: تۇرسۇن قاھاركامنىڭ ئىنىسى كەلدى، دېۋىدى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى ۋە تاراملاپ مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي سىرتقا چىقىپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ پوۋېستىمنى ئوقۇپ بېرەلمىدىم. ئاڭلىغان بولسا، بەلكىم خۇشال بولار ئىدى، دېگەن ئوي بىلەن مەيۈسلىنىپ ياندىم.

كىمدۇر بىرى: «بۇ دۇنيا ئارمانلىق دۇنيا» دېگەنىكەن، ھەقىقەتەن راست گەپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىلغان پوۋېستىمغا ۋە يېزىۋاتقان رومانىمغا (ئۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن ماڭا خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى بەرگەنىدى) پىكىر مەسلىھەت ئالماقچىدىم. نېمە ئىلاج، ئارمىنىم يۈرىكىمدە ئارمان بولۇپلا قالدى. ئۇ بىزدىن ئايرىلدى. ئەمما، توپلىنىپ كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى، دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلگەن ھېكايە، مەسەللىرى، تېخىچە سەھنىلەردە ئۆزۈلمەي ئوينىلىۋاتقان دىراملىرى بىلەن خۇددى ئارىمىزدا باردەك مەڭگۇ - مەڭگۈگە ياشايدۇ!

1990 - يىلى يانۋار، غۇلجا

# شۇنداق شائىر ئۆلمەيدۇ

(ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېفنى ئەسلەيمەن)

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

ت. ئېلىيېف

بىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېفتىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزغا بىر يىل بولۇپ قالدى، سۇلار ئاقىدۇ، يىللار ئۆتىدۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان شائىرلارمۇ چىقىدۇ، تېيىپجان ئېلىيېفتەك تالانتلىق، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكۇدەك شائىرلارنىڭ چىقىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن شائىرلىق تالانتى بىلەن بىللە، ئۇنىڭدەك خۇش چاقچاق، ھەزىلچى، كىچىك پېئىل، سورۇنلۇقى بار، بىرلا كۆرگەن كىشىدە ياخشى تەسىر قالدۇرىدىغان شائىرنىڭ چىقىشى ناتايىن. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە يازغىنى بىلەن قىلىقى ئوخشىمايدىغان، يازغىنى تەسىرلىك، قىلغىنى يىرگىنچلىك ئەدىبلەرنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ قالىمىز، تېيىپجان ئېلىيېف ئۆمۈر بويى ئۆزىنىڭ يازغىنى بىلەن قىلغىنىنى بىرلەشتۈرگەن، ئۆمۈر بويى يۇقىرىقى رۇبائىيسىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە، خەلقتە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان شائىر ئىدى.

يېقىندا كەرىم دېگەن ئاغىنەم (خۇيزۇ) ئۇچرىشىپ قېلىپ:

— شائىر بولساڭلار، تېيىپجان ئېلىيېفتەك بولۇڭلار، ئۇ قالتىس بىر رۇبائىي يېزىپتىكەن، ئىدارە كادىرلىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىل مىزانى قىلىش ئۈچۈن بۆلۈملىرىگە چاپلىۋالسا بولىدىكەن، — دېدى.

— قايسى رۇبائىيسى ئىكەن؟ — دەپ سورىدىم مەن، ئۇ يۇقىرىقى رۇبائىينى ئوقۇدى ۋە:

— مەن، — دېدى ھاياجانلىنىپ، — يېقىندا بىرسىنى ئىزدەپ ئىدارىسىگە بارسام، ئۇ مۇشۇ رۇبائىينى چىرايلىق قىلىپ يېزىپ، ئىش ئۈستىلىدىكى ئەينەكنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ قويۇپتۇ، ھەر كۈنى نەچچە قېتىم كۆرۈپ تۇرىمەن دەيدۇ، مەنمۇ شۇنىڭدىن كۆرۈۋالدىم. يوغان قىلىپ يېزىپ ئۆيۈمگە چاپلاپ قويىمەن.

دەرۋەقە، مەنمۇ ئاشۇ رۇبائىينىڭ چوڭ تاختا قەغەزلەرگە يېزىلىپ مەكتەپ - سىنىپلارغا چاپلانغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بىر يىلدىن بېرى نۇرغۇن سورۇنلاردا بولدۇم، ئاشۇ سورۇنلارنىڭ كۆپلىرىدە تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ گېپى بولدى، شېئىرلىرى ئوقۇلدى، ھەتتا «ۋالاقتەگكۇرنىڭ ئۆلۈمى» «ساڭ مۇدىرنىڭ زىياندىشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» دېگەندەك ئۇزۇن شېئىرلىرىمۇ يادقا ئوقۇلدى. بۇ شېئىرلارنى يادقا ئوقۇغانلار شائىرلار ئەمەس، بەلكى ئاددىي خەلق، بەزىلىرى خېلى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئىدى. مەن بۇلاردىن تېيىپجان ئېلىيېف شېئىرلىرىنىڭ كىشىلەر ئىچىدە ئاجايىپ چوڭقۇر ئومۇملاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم، خەلق سۆيگەن، خەلققە ياققان، خەلقنى تەسىرلەندۇرگەن شېئىرلار ئەنە شۇنداق ئومۇملىشىپ كېتىدىكەن.

خەلق بەرگەن ھوقۇقتىن ياكى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەجرى - تەرى بىلەن قازانغان ئۇتۇقى ۋە تاپقان ئابرۇيىدىن ئۆزىدە كىبىر پەيدا قىلىۋالىدىغان ئادەملەر تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدۇ. تېيىپجان

ئۇنداق ئىللەتلەردىن تامامەن خالىي شائىر ئىدى. ئۇ شائىرلىقىغا تەمەننا قويۇپ ھەرگىزمۇ غادايغان ئەمەس، خەلقىنىڭ ئۇنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن يادلاۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ ئۇنىڭدا شۇنداق خىسلەتلەرنىڭ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كۈنلەرنى، ئۇ ھەقتە ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىمنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن.

※ ※ ※

1973 - يىلى تېيىپجان ئېلىيېف بىرنەچچە كىشى بىلەن غۇلجىغا كەلدى، ئۇلار بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە بولدۇق.

مەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تېما قىلىنغان بىر پوۋېستنى باشلىغانىدىم. ئۇنىڭ ئالتە بابى يېزىلىپ بولغاندا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ كېتىپ، يازغانلىرىم كۆيدۈرۈۋېتىلدى. مەن ئۇنى قايتا باشلاي دەپ تۇراتتىم، بىراق بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ، ئۇنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغانىدىم. ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي تەرىپىنىلا (ئارتۇقچىلىقىنىلا) يازايمۇ، ئاساسىي بولمىغان تەرىپىنىمۇ (كەمچىلىكىنىمۇ) يازايمۇ؟ يازغاندا ئۇنى قانداقراق ئىپادە قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت ئىدى. مەن بۇ گەپنى نەچچە كىشىگە ئېيتىپ، ئۇلاردىن پىكىرمۇ سورىغانىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «بۇ تېمىنى تۇتما، ئېھتىيات قىل» دېدى. يەنە بەزىلىرى: «ھازىر يازساڭ بەربىر چىقمايدۇ، كېيىنرەك يازساڭ بولارمىكىن» دېيىشتى. لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە قارىماي، ئۆزۈم ھەل قىلالمايۋاتقان مەسىلەرنى تېيىپجان ئېلىيېفقا ئېيتتىم.

— يېزىلىپ بولغان ئەسەرگە كونكرېت پىكىر بەرگىلى بولىدۇ، تېخى يېزىلمىغان، يازماقچى بولغان ئەسەرگە پىكىر بەرمەك تەس، — دېدى ئۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، —

ھازىرقى شارائىتتا كىشىلەردىن پىكىر سورىساڭ، سوغۇق سۇ سېپىدىغانلار كۆپ چىقىدۇ. قىزغىنلىقىڭغا تەسىر يېتىدۇ، ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ ئارىسالدى بولساڭ، ھەش - پەش دېگۈچە بىرنەچچە يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېزىلغانىكەن، ئوتتۇرىغا بىر مەسىلە چىقتى، بىر سوئال تاشلاندى، دېگەن سۆز. ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە كىشىلەرمۇ، نەشرىياتمۇ پىكىر قىلىدۇ، جاۋاب بېرىدۇ، قانداق يازسا بولىدىغانلىقىغا كۆپچىلىك بىرنېمە دەيدۇ، يول چىقىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ياز، كېچىكتۈرمەي ياز. ھازىرچە بىر پىكىر بېرىپ قوياي: يازغاندا چىنلىققىمۇ، سەنئەتكىمۇ سادىق بولۇپ، خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇپ ياز.

ئاخىر مەن تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ پىكرى بويىچە، ماتېرىياللىرىمنى رەتلەپ، ئۆزۈمنىڭ ھەل قىلىشچە 1974 - يىلى كۈزدىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشتىم. ئەسەر پۈتتى، تېيىپجان ئېلىيېف ئېيتقاندەك، ئۇ بىر سوئال بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ ئۇنى دېدى، بۇ بۇنى دېدى. ئارىدا ئالتە - يەتتە يىل تاسقىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى 1982 - يىلى «ئىلى دولقۇنلىرى» نىڭ بىرىنچى كىتابى دۇنياغا كەلدى. تېيىپجاننىڭ مەسلىھەتى، مەدەت - ئىلھامى تۈنجى يىرىك ئەسىرىمنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىغا ئەنە شۇنداق سەۋەبچى بولۇپ قالغانىدى، ھازىر بۇ كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ قالسام ياكى باشقىلار بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ قالسا، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ شۇ چاغدىكى: ياز، قورقماي ياز، قورقۇپ كەتكەن كىشىلەر ساڭا يازىۋەر دەمدۇ ... دەپ قولىنى شىلتىپ سۆزلىگەن قىياپىتى ھامان كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

※ ※ ※

تېيىپجان ھەممە ئېتىراپ قىلغان، ئۆز ئەجرى بىلەن شۆھرەت تاپقان تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى خەلقتىن ئۈستۈن قويغان، باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرگەن

ئەمەس، شۇنداقلا ئۆز شۆھرىتىنى، ئابرۇيىنى دەسمىي قىلىۋېلىپ، ئېگىز دە تۇرۇۋېلىپ، باشقىلارغا بۇرنىنىڭ ئۇچىدا قارىغانمۇ ئەمەس. مەيلى رەھبىرىي كادىرلار بولامدۇ، مەيلى ئادەتتىكى كادىرلار بولامدۇ، ئومۇمەن، ئۇ قاتناشقان سورۇن باشقىچىلا قىزىپ كېتەتتى. ئۇ ھەرقاچان ماڭا بىرەر ئولتۇرۇش ـ سورۇننى قىزىتىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: 1978 ـ يىلى قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشۇپ قالدۇق. يىغىلغانلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئادەتتىكى كادىرلار ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان، قىزىقىپ يادلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆرمىگەن. كۆرگەنلەر بولسىمۇ، بىللە بولمىغانلار ئىدى. شۇڭا ئۇلاردا قانداقتۇر بىر خىل تارتىنىش ـ قورۇنۇش ئېپادىلىنىپ تۇراتتى، چاقىرغان سازەندىمىز نېمىشقىدۇر كەلمىدى. ساز ـ ناخشىسىز ئولتۇرۇش — گۆشى يوق لەڭمەندەك تېتىمايدۇ ـ دە. بۇ ھالنى دەررۇ سەزگەن تېيىپجان ماڭا:

— سازەندە دېگەن مەن، ناخشىچى دېگەن سەن، ئەكەل دۇتارىڭنى، ئولتۇرۇشىمىزدىن ئوت چىقىرىۋېتىمىز، — دېدى ـ دە، دۇتارنى قولىغا ئېلىپ «پەنجىگاھ» مۇقامىنى باشلىۋەتتى. مەن داستانلىرىغا قوشۇلدۇم، ئۇ مەرغۇللىرىنىمۇ قالدۇرماي چالدى. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇشىمىز جانلىنىپ كەتتى، ئولتۇرۇش ئەھلى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىنلىشىپ، يۇقۇشۇپ كەتتىكى، ئۇ باشلىغان بىر يۈرۈش «ھال لەيلى» (خان لەيلۇن) ناخشىلىرىغا ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قوشۇلدى. ناخشىدىن كېيىن ئۇ نۇرغۇن قىزىق، كۈلكىلىك لەتىپىلەرنى ئېيتىپ بەردى. ھۇسەنجان، ۋارىسجان، پەتتەرجانلارغا يازغان شېئىرىي چاقچاقلىرىنى يادقا ئوقۇپ بەردى. ھەربىر چاقچاق، لەتىپە ئارىلىقلىرىدا كۈلكە ـ شادلىق

سادالىرى ئۇزۇكسىز كۆتۈرۈلۈپ، شۇ كۈنكى ئولتۇرۇش داغلىق سازەندىلەر، ھېسامىدەك مەشھۇر قىزىقچىلار باردىكىدەك ئالايىتەنلا قىزىپ كەتتى، ئەتىسى شۇ سورۇندا بولغان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئېسىمدە: «تېيىپجان ئېلىيېۋ دېسە قانداقتۇر خىيالپەرەس، سۇرلۇك، پەلسەپىلىك گەپلەرنى قىلىپ غادىيىپ ئولتۇرىدىغان بىر شائىرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپتىمەن. لېكىن، ئۇ ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، ئاجايىپ سورۇنلۇقى بار، شۇنداق كىچىك پېئىل، ئادەمگە يۇقۇشلۇق، خۇددى بىزدەكلا ئاددىي ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئادەمگە نېمانچە يېقىشلىقتۇ دەپ ئويلايتتىم. ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم.» دەرۋەقە، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ خىيالىدىكىدەك دىمىقى ئۈستۈن، غادىيىۋالىدىغان شائىرلارمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

※ ※ ※

شائىرلىق — قورقۇمسىزلىقنى، ھەيۋىلەر ئالدىدا تىز پۈكمەسلىكنى، ئادەملەردىكى (مەيلى ئۇ قانچىلىك ئادەم بولۇشتىن قەتئىينەزەر) ئەسكى ئىللەتلەرنى ئايانماي سۆكۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىرەر ئەسەر ئېلان قىلىنسا، ئۇ باشقىلارغا تەسىر قىلمىسا، تېيىپجان ئېيتقاندەك يا ئېچىشتۇرمىسا، يا قىچىشتۇرمىسا شائىرمەن دەپ شېئىر يېزىپ يۈرگۈچە، يازمىغان ياخشى. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ رەزىل ئىللەت، چاكىنا قىلىقلارنى، سىياسەت، بەلگىلىمە، يۆنىلىشلەرنى ئۆز ھېسسىياتى بويىچە ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىدىغان كادىرلارنىڭ ئىللەتلىرىنى ئايانماي سۆكەتتى، پاش قىلاتتى، يازغىنىم ئۇنىڭغا تېگىپ كېتەرمۇ، بۇنىڭغا تېگىپ كېتەرمۇ دەپ ئېھتىيات قىلىپ يۈرمەيتتى، «بىر يازغۇچى، — دەيدۇ ئۇ، — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رەزىل ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ يازالمىسا، ئۇنى قانداقمۇ دەۋرىنىڭ ۋىجدانى دېگىلى بولسۇن؟!» ئۇنىڭ يازغان

شېئىر، رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپى جەمئىيەتتە، جامائەتچىلىك ئىچىدە تەسىر قوزغاپ تۇراتتى، غۇلغۇلىلارنى پەيدا قىلاتتى.

ھازىرقىدەك ئېسىمدە: 1978 ـ يىلى «سول» چىلىق تۇزىتىلىۋاتقان چاغ ئىدى. مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرى غۇلجىغا كېلىپ بىر يىغىندا مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئېيتقان «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىسىنى ياخشى كۆرىمەن، دەپتۇ، (ئېنىقكى ئۇ بۇ سۆزنى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا بەند قىلىنىپ كەتكەن خەلق ناخشىلىرىنى ئازاد قىلىش مەقسىتىدە ئېيتقان.) شۇنىڭ بىلەن كونسېرت كېچىلىكىدە شۇ چاغدا يېشى يەتمىشكە بېرىپ قالغان بۇ مەشھۇر ناخشىچى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ سەھنىدە پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ خەلق ناخشىلىرىنى تازىمۇ سېغىنىپ كەتكەن خەلق ئۇزاققىچە توختىماي گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپتۇ. بىراق، بىر ئەرباب «بۇ داشقال يەنە ناخشا ئېيتىماقچىمۇ، كىم سەھنىگە چىقاردى بۇنى؟ !»دەپ غەزەپلىنىپ كوتۇلداپتۇ ... بۇ ئەھۋاللارنى ئابلىز ئەيسا ئۆز ئۆيىدە تېيىپجان ئېلىيېفقا سۆزلەپ بەردى. تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ بىردىنلا قوشۇمىسى تۇرۇلدى، خەلق كۈلسە، خۇشال بولسا، خاپا بولۇپ جۇدۇنى ئۆرلەيدىغان، خەلق قاقشىسا، قايغۇرسا، خۇشال بولىدىغان رەزىل قىياپەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى ئەتىمالىم، ماڭا: «قەغىزىڭ بارمۇ؟ ئاددىي بولسىمۇ، ھازىرچە مۇنۇ ئىككى مىسرانى يېزىپ قويغىنا» دېدى.

كىم سەھنىگە چىقاردى بۇنى،
ئاشۇ چاۋاك چىقاردى ئۇنى.

ئەتىسىلا «چاۋاب چاۋاك» شېئىرىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى كۆردۇم: سۆكۈشلەرگە جۈرئەتلىك شائىرلا خەلق كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قورقماي قىلالايدۇ، ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيدۇ.

※ ※ ※

بەزى سەنئەتكارلار، ئەدىبلەر تۈرلۈك سورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق گەپ ئېچىشىنى، ئۆزىنى ماختىشىنى، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ مەدھىيەلىنىشىنى شۇنچىلىك كۈتىدۇ. ئەگەر ئۆزى توغرۇلۇق گەپ ئېچىلماي قالسا بىر ئىلاج قىلىپ ئەدەبىيات ھەققىدە گەپ ئاتىدۇ ـ دە، گەپنى ئۆز ئەسىرىگە بۇرايدۇ، مۇنداق ئادەملەرگە سەن ھۆل خىشتىن ئىككىنى قويۇپ بەرسەڭ، قالغىنىنى ئۆزى قويۇپ ھەرقانداق ئېگىزلىككە چىقىپ كېتەلەيدۇ، تېيىپجان ئېلىيېف مۇنداق ئىللەتلەردىن تېخىمۇ خالىي شائىر ئىدى، ئۇنىڭ ئايىغىغا ھۆل خىش ئەمەس، پىششىق خىش قويۇپ بەرسەڭمۇ ھەرگىز دەسسىمەس ئىدى. 1980 ـ يىلى بولسا كېرەك، قىش مەزگىلى ئىدى. تېيىپجان ئېلىيېف بىلەن نىلقا ناھىيەسىگە چىقتىم. چۈش بولۇپ قالغاچقا، ئاشپۇزۇلغا كىردۇق، شۇ يەردە مەن بىر تونۇشۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ مېنىڭدىن:

— بۇ كىشىنى تونۇيالمىدۇققۇ، كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى، مەن ئېيتىپ بەردىم.

— ھە! ... شۇنداقمۇ ... — ئۇ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. نېرىدىكى ئۈستەلدە ھاراق ئېچىشىپ ئولتۇرغان بىرقانچە ئۇلپەتلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئاغىنىلەر، ناھىيەمىزگە تېيىپجان ئېلىيېف چىقىپ قاپتۇ، ئەنە! — دېدى، شۇنىڭ بىلەن بالاغا قالدۇق، ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيۇپ، ھېلى ئۇ كەلسە، ھېلى بۇ كېلىدۇ، بىرسى: «سىزنى كۆرۈشنى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، خۇدا تىلىكىمىزگە بۈگۈن يەتكۈزۈپتۇ، بەختلىك ئىكەنمىز ... قېنى، مېنىڭ كۆڭلۈم ئىچىۋەتسىڭىز» دېسە، يەنە بىرسى: «يائاللا، سىزنىمۇ

كۆرىدىكەنمىز ... بىلەمسىز .... نېمە دېسەم بولار .... قولۇمنى ياندۇرماي ...» دەيتتى.

ئاڭغىچە بىز ئولتۇرغان ئۇستەلگە ئون نەچچە ئادەم يىغىلدى، ئۇلار قايتىدىن سورۇن تۈزمەكچى، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ شەنىگە، نىلقىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا بىرەر ئۆيدە يېڭىدىن ئولتۇرۇش باشلىماقچى بولۇشاتتى، ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچى ئۇنىڭ شەنىگە ئېيتىلغان مەدھىيە سۆزلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى، ئۇلار گەپ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تېيىپجان ئىنتايىن ئوڭايسىزلىنىپ، تەڭقىسلىقتا قالدى، مەنمۇ راست گەپنى قىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى ئېيتىپ قويغىنىمغا شۇنداق خىجالەت بولۇپ كەتتىم. ئاخىر تېيىپجان ئېلىيېف:

— بىز بىر ئاقساقال بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق، ئاغزىمىزدىن هاراق گۈپۈلدەپ تۇرسا ئۇيات بولار، بىز يەنە ئۇچرىشايلى، هازىر شۇ يەرگە بېرىپلا كېلەيلى، — دېدى - دە، قوزغالدى. تامىقىمىز تاماقلىقتا قالدى، ئۇلاردىن ئاران قۇتۇلدۇق، كوچىغا چىققاندىن كېيىن:

— هە، تونۇشتۇرغىنىڭغا تويدۇڭمۇ؟ — دېدى ماڭا كۈلۈپ، — يالغان ئېيتمىساق، قۇتۇلالمايتتۇق، شەيخ سەئدىنىڭ: ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدىغان راست گەپتىن، كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان يالغان گەپ ئەۋزەل، دېگەن شېئىرى بولىدىغان، نۆۋەتتە كەلسە يالغانچىلىقنىڭمۇ رولى بولىدۇ. تېز ماڭ ...

ئەتىسى كەچتە بىر ئۆيدە مېهمان بولدۇق، بىز بارساق ناهىيە كادىرلىرىدىن ئۈچ - تۆت كىشى ئولتۇرۇشقانىكەن. يەنە بىر نەچچەيلەن كىرىپ كېلىشتى، چاي تارتىلدى. ئاز - ئازدىن هاراق ئىچىشىپ گەپ بىلەن ئولتۇرۇشتۇق، دەسلەپتە تارتىنىپراق ئولتۇرغانىدۇق، كېيىن ئەركىن - بەهۇزۇر هالدا چاقچاقلار، قىزىقچىلىقلار قىزغىنلى تۇردى، ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندۇ بەلكىم، ئولتۇرۇش ئەهلى قىزىپ قالدىمۇ، بىر قىسىم ئادەملەر

تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ شەنگە مەدھىيە سۆزلىرىنى ياغدۇرغىلى تۇردى:

تېيىپجان ئېلىيېف تاقەت قىلالمىدى:

— خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك، دېگەن گەپ بار، ئاغىنىلەر بۇ گېپىڭلار بولمىدى ... ئويلىماي مۇنداق گەپلەرنى قىلىشۋەرسەڭلار، مەن بۇ يەردە ئولتۇرالمىغۇدەكمەن ... باشقا گېپىڭلار بولسا قىلىڭلار، بولمىسا بىز كېتەيلى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرئاز سەگەكلىشىپ قالدى، ئەمما شۇنداق مەدھىيەلەر، ماختاش - ئۇچۇرۇشلار ئالدىدا خۇشال بولۇپ، مەست بولۇپ كېتىدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس.

※ ※ ※

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتكەن ۋاقىتلارمىكىن، شائىر مۇھەممەتجان سادىق ئىككىمىز ئۇرۇمچىگە بىر يىغىنغا باردۇق. بۇ چاغدا كىملەرنىڭدۇر قۇترىتىشى بىلەن تېيىپجان ئېلىيېفقا قارشى بىر تەتۈر قۇيۇن قوزغالغانىكەن. شۇ دولقۇننى چىقارغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى: تېيىپجان قاچانغىچە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى بولىدىكەن، ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭ، دېسە، بەزىلىرى: تېيىپجاننىڭ ئون تۆت پارچە شېئىرىنىلا شېئىر دېگىلى بولىدۇ، قالغانلىرى بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ ... دەپ تېيىپجاننىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ، يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ تېخى يېرىم - يارتا ئەدەب ئىكەنلىكىگە قارىماي، باشقىلارنىڭ نامى چىقىپ كەتكەنلىكىگە، شۆھرەت قازانغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرى - تالانتى بىلەن تىكلەنگەن ئابرۇيىغا ئىچى كۆيۈپ، ئۆزىنىڭ نەزەرگە ئېلىنمايۋاتقانلىقىدىن، نامى چىقمايۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ، تېيىپجانغا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ: بۇ نېمىگىمىز شېئىر ئەمەس، شېئىر مۇنداق بولمايدۇ،

قاچانغىچە گەپ سىزنىڭ بولىدۇ، بىزنىڭمۇ گەپ قىلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى، ئەمدى سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، دەپتۇ. بىز بۇ گەپلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق، بەزىلىرىنى تېيىپجان ئۆزى دەپ بەردى، بەزىلىرىنى باشقىلار ئېيتىپ بەردى. قوشۇنىمىزغا بۆلگۈنچىلىك، زىددىيەت سالىدىغان، قاراپ تۇرۇپ تۆھمەت قىلىدىغان بۇ ئىشلارغا غەزىپىمىز كەلدى. شۇڭا مۇھەممەتجان سادىق ئۇنىڭغا:

— بەزىلەر سىزنى سېسىتىمىز دەپ ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ، پىتنە - پاسات ئۆسەكلەرنى تېرىۋېتىپتۇ، شۇلارغا رەددىيە بېرىپ ماقالە يازسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى.

— ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە، — ئۆسەك تېرىغانلار تېرىۋەرسۇن، خەلق ئادىل، ئەسكى ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلار ھامان ئۆزىنى ئۆزى سېسىتىدۇ !

ئەتىسى زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان كۈنىمىز ئۇ كېسىۋېلىنغان موخۇركا قەغىزىگە يېزىلغان مۇنۇ رۇبائىينى ئىككىمىزگە كۆرسەتتى:

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

شۇ چاغدىكى سەتلىشىشلەرنى ئۇ ماھىرلىق بىلەن ئەنە شۇنداق ئەكس ئەتكۈزگەنىدى، ئۇنىڭغا قارشى قويۇن چىقارغۇچىلار ھېچكىمنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەي ئوسال ھالغا چۈشۈپ، ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتتى، خۇددى شائىرنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك، ئۆز - ئۆزىنى سېسىتىپ تۈگەشتى.

مەن بۇ رۇبائىينى شۇ يەردىلا يادلىۋالغانىدىم، تېخى ئېلان

قىلىنماي تۇرۇپلا بىرنەچچە سورۇنلاردا، مەكتەپلەردىكى دېكلاماتسىيە كېچىلىكلىرىدە ئوقۇپ بەردىم. ئۇ كىشىلەرگە ئىنتايىن ياقتى، بەزىلەر مەندىن كۆچۈرۈۋالدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇ ئېلان قىلىنماي تۇرۇپ مەكتەپ ـ سىنىپلارغا چاپلىنىپ كېتىپتۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق ئېچىنىپ، ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلەۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ ئۇ مۇشۇ رۇبائىيسىدا ئالغا سۈرۈۋاتقان پىكرىنى ئۆزىدە تەبىئىي ھالدا گەۋدىلەندۈرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

بىز بىر ئېسىل ئادەمدىن ئايرىلىپ قالدۇق، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ بىر ئاساسچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، كىشىلەر ھازىرغىچە تۈرلۈك سورۇنلاردا ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشماقتا ۋە ئۇنى ياد ئەتمەكتە، ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىشلىق شېئىرلىرى بىلەن كىشىلەردە قانداق تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان بولسا، مىجەز ـ خۇلقى، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەنمۇ شۇنداق تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان شائىر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى، خۇش چاقچاقلىرى، قىزىق لەتىپىلىرى، ئۆزگە خاس يۇمۇرلۇق گەپلىرى، شېئىرلىرىغا ئوخشاشلا كىشىلەر ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە، ئىسىت، ئەجەل، ئۆلۈمگە ئامال يوق ئىكەن، ئۇ ئارىمىزدىن كەتتى. ئەمما، ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىزكى، ئۇ ئۆلمىدى، ئۆلمەيدۇ، مۇنداق شائىر مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!

# ۋاپا

( ھېكايىلەر توپلىمى )

ئاپتورى: ئابدۇراخمان قاھار
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: سەنەۋەر ئىبراھىم، ئادالەت مەخسۇت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: مۇنەۋۋەر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى: ئابدۇراخمان ئابلىز
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.5
نەشرى: 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 14245 - 3
باھاسى: 38.00 يۈەن